# دۇنيانىڭ بەش مىڭ يىلى



شنجاڭ ياشلار نەشرياتي

# دۇنيانىڭ بەش مىڭ يىلى

(2)

تۈزگۈچى: دۈەن ۋەنخەن
تەرجىمە قىلغۇچى: ئىسلامجان شېرىپ
مەسئۇل مۇھەررىرى: نىساخان ھەسەن

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى

بۇ كىتاب ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 - يىلى 8 - ئايدا نەشر قىلىنغان 1 - نەشرى، 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى.

本书根据少年儿童出版社一九八二年八月第一版第一次印刷本翻译。

# دۇنيانىڭ بەش مىڭ يىلى

## (2)

*

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 - قورا)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092×787 مم، 32 كەسلەم. باسما تاۋىقى: 13.625
1985 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
1985 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M11124·8
سانى: 1 — 10,300
باھاسى: 1يۈەن5پۇڭ

## مۇندەرىجە


بىلىشىڭىزگە تېگىشلىك ھېكايىلەر
— سۆز بېشى ........................ 1

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىنىشى........................ 1
ھون چەۋەندازلىرىنىڭ ياۋروپاغا باستۇرۇپ كىرىشى........ 6
قانغا بويالغان بېگە مەيدانى........................ 12
يىپەك ئۇرۇقى ........................ 21
ئايەسوفىيە ئىبادەتخانىسى........................ 28
بۈيۈك چارلىس ........................ 31
كارولىن مەدەنىيىتى........................ 41
كىيېۋروسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە غۇلىشى ........................ 49

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام........................ 56
ئەرەب ئىمپېرىيىسى........................ 63
مەككىگە ھەج قىلىش........................ 72
ئىسلامىيەتنىڭ ھىجرىيىسى........................ 80
ھەكىملەر پادىشاسى........................ 84
مىڭ بىر كېچە........................ 89

ھارشاۋاردھانا پادىشا........................ 103
شۈەن جۇاڭنىڭ غەربكە سەپەر قىلىشى........................ 109
ھىندىستاننىڭ مۇقەددەس مۇراسىم ئادەتلىرى........................ 120
كالىداسا........................ 125

داخۇا ئىسلاھاتى........................ 130

تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ........................ 137
جيەن جېننىڭ شەرققە ئۆتۈشى ........................ 146
بالا پايلاقچىلار ........................ 159

ئامېرىكا قىتئەسىدىكى قىزىقارلىق ئىشلار ........................ 167
ئالتۇن پادىشالىقى ........................ 176
مالى پادىشالىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ........................ 186
پادىشا دېگەن سۆزنىڭ ھەرخىل ئاتىلىشى ........................ 193

كارنوساغا سەپەر ........................ 198
ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي ياۋروپا شەھەرلىرى ........................ 208
ئېپىسكوپ كوتىرىنىڭ ئۆلۈمى ........................ 216
پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى ........................ 225
روگېر بېكون ........................ 232

مۇقەددەس جاينى «قۇتقۇزايلى» ........................ 240
ئۆز يولىنى ئۆزگەرتكەن مۇقەددەس جەڭ ........................ 252
بالىلار ئەھلى سەلىپى ........................ 264
ئەھلى سەلىپىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەغلۇبىيىتى ........................ 271

دانتې ۋە «تەڭرى كويلىرى» ........................ 280
بوكاچچو ........................ 289
ئوق - يا جېڭى ........................ 300
«جاكورېي» قوزغىلىڭى ........................ 307
لوندون مۇنارىسىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى ........................ 315
جېنناد يارکنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى كۈرىشى ........................ 329

ماركو پولو ........................ 339
ئانگكور مەدەنىيىتى ........................ 352
جېڭ خېنىڭ غەربىي ئوكياندا سەپەر قىلىشى ........................ 359

ئوتتا كۆيدۈرۈش جازاسى بېرىلگەن پىروفېسسور.................. 367
ھوس جېڭى.............................................. 377
موڭغۇل خانلىقى.......................................... 388
روسىيىنىڭ بىرلىككە كېلىشى.............................. 395
سېمىزلەر، ئورۇقلار ۋە جۇل-جۇل كىيىملىكلەر.................. 406
كونستانتىنوپولنىڭ قولدىن كېتىشى......................... 414

# بىلىۋېلىشىڭىزغا تېگىشلىك ھېكايىلەر

## — سۆز بېشى

ئۆسمۈر دوستلار!

مىسىردىكى دۇنياغا مەشھۇر ئەھرامىلارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى بىلەمسىزلەر؟

بابىلوندىكى كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان مۇئەللەق باغچىنىڭ قانداق ياسالغانلىقىنى بىلەمسىزلەر؟

ئەسىرلەر بويى تارقىلىپ كېلىۋاتقان گومېر داستانىدا نىمىلەرنىڭ تەسۋىرلەنگەنلىكىنى بىلەمسىزلەر؟

غايەت ھەيۋەتلىك سپارتاك قوزغىلىڭىنىڭ قانداق مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بىلەمسىزلەر؟

يۇقۇرقىلاردىن باشقا يەنە، ياۋروپا ۋە ئاسىيا قىتئەلىرىدە زىلزىلە پەيدا قىلغان ئەھلى سەلىپنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى، ئىتالىيىدىكى تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ھەركىتى، پۈتكۈل يەر شارىغا تونۇتۇشقان ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى... قاتارلىقلارنىڭ ئۆتمۈش ئەھۋالىنى بىلەمسىزلەر؟

ئىنسانىيەت تارىخى يارىتىلغاندىن كېيىن، نىل دەرياسى بويىدا تۇنجى قەدىمىي پادىشالىق قۇرۇلغاندىن تارتىپ، تاكى زامانىمىزدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشىگىچە بولغان بەش مىڭ يىل داۋامىدا قانچە - قانچىلىغان ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن. قانچە - قانچىلىغان ھەيۋەتلىك تاغلارنى لەرزىگە كەلتۈرگۈدەك ئەرباپلار مەيدانغا كەلگەن، قانچىلىغان ئاجايىپ يېڭى ۋە قىزىقارلىق ھېكايىلەر تارقالغان، ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان مەشھۇر تارىخىي ئاسارە - ئەتىقىلەر، مەدەنى

يادىكارلىقلار ۋە قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇملىرى قانچىلىك! سىلەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىۋېلىشقا تەشنا، دەرۋەقە بۇلارنى بىلىۋېلىشىڭلار لازىم.

ئۆسمۈر دوستلار!

تارىخ — ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە كۈرەشلىرىنىڭ خاتىرىسى. تارىخ ئۆگىنىش بىزنى نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىش، كۆزىمىزنى ئېچىش، ئالدىنقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. مول تارىخىي بىلىمى بار بىر ئادەم، قەدىمقى ۋە ھازىرقى زاماننى تەڭلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىدىيىسىنى ئازات قىلالايدۇ. ئۇرغۇنلىغان مەشھۇر سىياسىئونلار، ئالىملار ۋە ئەدىپلەرمۇ مول تارىخىي بىلىمى بار كىشىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر كەلگۈسىدە مەيلى قايسى خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىڭلار، ئوخشاشلا ئاز - تولا تارىخ بىلىشىڭلار كېرەك. تارىخنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئورتاق ياراتقان. شۇڭا جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، دۇنيا تارىخىنىمۇ ئۆگىنىش كېرەك. خەلقارا باردى - كەلدىنىڭ كۈنسايىن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، دۇنيا تارىخىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىغى بارغانسېرى روشەنلەشمەكتە. دۇنيانىڭ تۈنۈگۈنىنى بىلگەندىلا، دۇنيانىڭ بۈگۈننى بىلگىلى ھەمدە دۇنيانىڭ ئەتىسىگە نەزەر تاشلىغىلى بولىدۇ.

تارىخ — پۈتمەس - تۈگىمەس بىلىم غەزنىسى. ئەگەر سىلەردە ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقۇدەك قەتئىيەت ۋە جۈرئەت بولىدىغانلا بولسا، ئىنسانىيەت نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان توپلىغان مول بىلىم ۋە تەجرىبىلەر سىلەرگە قۇچاق ئاچىدۇ ۋە سىلەرنى رىغبەتلەندۈرىدۇ، ئىلھاملاندۇرىدۇ. بىز «دۇنيانىڭ بەش مىڭ يىلى» دېگەن بۇ ھېكايىلەر مەجمۇئەسىنىڭ سىلەرنىڭ دۇنيا تارىخىنى ئۆگىنىش ھەۋەسىڭلارنى ئۇستۇرۇشكە، دۇنيا تارىخى ھەققىدىكى بىلىمىڭلارنى ئۆلغايتىشقا ئاز - تولا ياردىمى بولۇپ قېلىشىنى سەمىمى ئۈمىت قىلىمىز.

بۇ ھېكايىلەر مەجمۇئەسى جەمئى ئالتە قىسىم بويىچە ئارقا -

ئارقىدىن نەشر قىلىندى. 1 - قىسىمدا دۇنيادا قۇللۇق جەمىيىتىگە
ئەڭ ئاۋال كىرگەن بىرنەچچە قەدىمقى مەدەنىي دۆلەتنىڭ تارىخى
(مىلادىدىن ئىلگىرىكى 30 - ئەسىردىن مىلادى 5 - ئەسىرگىچە)
تونۇشتۇرۇلىدۇ؛ 2 -، 3 - قىسىملىرىدا، دۇنيانىڭ ئوتتۇرا
ئەسىرى، يەنى فېئوداللىق جەمىيەتنىڭ تارىخى (مىلادى 5 - ئەسىر-
دىن 17 - ئەسىرگىچە) تونۇشتۇرۇلىدۇ؛ 4 -، 5 - قىسىملىرىدا،
دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخى (كاپىتالىزىم جەمىيىتىنىڭ تارىخى)
(مىلادى 17 - ئەسىردىن 1 - دۇنيا ئۇرۇشىغىچە) تونۇشتۇرۇلىدۇ؛
6 - قىسىمدا، دۇنيانىڭ ھازىرقى زامان تارىخى (1917 - يىلى-
دىكى روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن 2 - دۇنيا ئۇرۇشىغىچە)
تونۇشتۇرۇلىدۇ.

بۇ قىسىمغا كىرگۈزۈلگەن 50 پارچە ھېكايىدە ئوتتۇرا
ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىكى دۇنيا ئەللىرىنىڭ
فېئوداليزىم جەمىيىتى تارىخى (دۇنيا مىقياسىدا فېئوداللىق تۈزۈم-
نىڭ شەكىللىنىش، تۇرغۇزۇلۇش ۋە تولۇق تەرەققىي قىلىش دەۋرى-
دىكى تارىخى) ئۇقتىملىق ھالدا تونۇشتۇرۇلىدۇ. فېئوداليزىم جەمى-
يىتى — فېئوداللار، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان
ۋە ئەزگەن تەڭسىز جەمىيەت. ئەمما ئۇ قۇللۇق جەمىيەتكە
قارىغاندا ئىلغار بولۇپ، ئۇنىڭدا ماددى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىلا
ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەش بولۇپ قالماستىن، بەلكى
مول ۋە يارقىن مەدەنىيەت يارىتىلغان. بۇ قىسىمدىكى ھېكايىلەردە
ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى دەل مۇشۇ دەۋرنىڭ تارىخى. بۇ ھېكايىلەردە
شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى، فرانك پادىشاھلىقى، ئەرەپ ئىمپېرىيىسى،
ياپونىيە بارگاھلىرى قاتارلىقلارنىڭ قۇرۇلۇشى بايان قىلىنغان؛
ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا شەھەرلىرى، ئاسىيادىكى ئاڭكور شەھىرى،
ئافرىقىدىكى ئالتۇن ئېلى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان؛ ئەھلى
سەلىپنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىشى، ئەنگلىيە، فرانسىيەلەردىكى 100
يىللىق ئۇرۇش، ھوس ئۇرۇشى، كونستانتىنوپولنىڭ قولدىن كېتىشى
قاتارلىقلارنىڭ ئۆتمۈشى بايان قىلىنغان؛ بۈيۈك چارلېس، مۇھەممەت
ئەلەيھىسسالام، ھارشاۋاردھانا، جېنادىيارك قاتارلىق داڭلىق ئەرباپ-
لارنىڭ پائالىيىتى تونۇشتۇرۇلغان؛ ئايەسوفىيە چېركاۋى، پارىژ

# ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىنىشى

بىرىنچى كىتاۋىمىزنىڭ خاتىمىسىدە مىلادى 476 - يىلى غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇللارنىڭ قوزغىلاڭلىرى ۋە يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى نەتىجىسىدە هالاك بولغانلىغىنى، شۇنىڭدىن باشلاپ ياۋروپا تارىخىنىڭ فېئودالىلىق تۈزۈمىدىكى ئوتتۇرا قەدىمقى زامان دەۋرىگە قەدەم قويغانلىغىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق.

ئۇنداق بولسا، بۇ يات مىللەتلەر ئاساسلىغى كىملەر ئىدى؟ غەربىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي تەرەپلىرىدە يەنى ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسمىلىرىدا تارىختىن بۇيان ئولتۇراقلاشقان مۇستەقىل قەبىلىلەر ياشاپ كەلگەن ئىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ قەبىلىلەردىن بىرى، گېرمان قەبىلىسى ئىدى. ئۇ چاغدا، رىملىقلار ئۆزلىرىدىن باشقا بارلىق مىللەتلەرنى «ۋارۋارلار» («بەدۆي مىللەتلەر») دەپ ئاتايتتى. هالبۇكى، دەل مۇشۇ ۋارۋارلار، ياۋروپا تارىخىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى.

ۋارۋارلار سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي جەهەتلەردە قالاق بولسىمۇ، هەربىي كۈچ جەهەتتە ناهايىتى قۇدرەتلىك ئىدى. قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ هەممىسى جەڭچى بولاتتى،

پورتىنىڭ رولىنى بىلمىگەچكە، ئىمپېرىيىنىڭ جاي ـ جايلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئىسىل يوللارنى ۋەيران قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋارۋارلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان جايلاردا سودا ـ سېتىق ئىشلىرى توختاپ قالدى. ئاۋات يۇرتلار، پىرىستانلار ئاستا ـ ئاستا بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قاقاس قىشلاقلارغا ئايلىنىپ كەتتى؛ مەكتەپلەرمۇ ۋەيران قىلىنىپ، خەت ساۋادى بارلار بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى. مىلادى 6 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، لاتىن تىلىدا تۈزۈككىنە خەت يازالايدىغانلارنى ئىزلەپ تېپىش ناھايىتى قىيىن ئىش بولۇپ قالدى...

ئاشۇ تەرىقىدە ئوتتۇرا ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، غەربىي ياۋروپا بىرنەچچە ئەسىرلەپ نادانلىق ھالىتىدە قالدى. بۇ چاغدا ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەرنىڭ خارابىلىرى ۋە رىم ۋاداپرووۋدىنىڭ قالدۇقلىرىلا كىشىلەرگە كىلاسسىك مەدىنىيەتنىڭ شەۋكىتىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى.

12 ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا، بىر خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىسى ئاشۇ خارابى شەھەر — رىمنى زىيارەت قىلدى ۋە ھەسرەت بىلەن: «ئەي رىم! سەن پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىنغان بولساڭمۇ، يەنىلا سېنىڭ تەڭدىشىڭ يوق. سېنىڭ خارابەڭ سېنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرلەردە نەقەدەر ئۇلۇغ ئۆتكەنلىكىڭنى نامايەن قىلىپ تۇرۇپتۇ! ئۇزۇن يىللار سېنىڭ ھۆسنى ـ جامالىڭنى ۋەيران قىلدى، كايزا قەلئەسى بىلەن ئاسمان خۇداسىغا سېغىنىش ئىبادەتخانىسى ئەنە بىر سازلىقتا تۇرۇپتۇ. ئەمما ئوت يالقۇنلىرى، قىلىچ ـ خەنجەرلەرنى

ئۇنۇۋېرسىتېتى، «مىڭ بىر كېچە»، ئىسلامىيەت كالىندارى قاتارلىق ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدەنىيەت، سەنئەت، مائارىپ، پەن ئىجادىيەتلىرى ھەققىدىكى قىزىقارلىق خەۋەرلەر بېرىلگەن؛ شۇنداقلا شۈەنجۇاڭ سەنزاڭ پىرىمنىڭ ھىندىستاندىن بۇددىزىمنى ئېلىپ كىرىشى، چيەن جىن شەيخىنىڭ شەرققە ئۆتۈشى، جېڭ خېنىڭ غەربىي ئوكيانغا سەپەر قىلىشى، ماركو پولونىڭ شەرققە ساياھىتى قاتارلىق جۇڭگو بىلەن ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىلار ئوتتۇرىسىدىكى باردى - كەلدىلەر تونۇشتۇرۇلغان.

بۇ ھېكايىلەر مەجمۇئەسىنى تۈزۈشتە ماتېرىياللارنى تارىخىي پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىپ تاللىدۇق، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئاممىباپ، چۈشىنىشلىك تىل ئىشلەتتۇق، مەزمۇننىڭ جانلىق، قىزىقارلىق بولۇشىغا تىرىشتۇق، شۇنداقلا ئوبرازلىق ۋە چىنلىق تۇيغۇسىنى قوزغاش ئۈچۈن، تارىخىي رەسىملەرنى قىستۇردۇق. دۇنيانىڭ بەش مىڭ يىلدىن كۆپرەك تارىخىنى قانداق قىلىپ ئۆسمۈر دوستلار قىزىقىدىغان ھېكايىلەردىن قىلىپ يېزىپ چىقىشتا، تەجرىبىمىز كەمچىل بولغاچقا، كىتاۋىمىزدا كەمچىلىك، خاتالىقلار جەزمەن ئاز ئەمەس، كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەنقىت ۋە تەكلىپلەرنى بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىت قىلىمىز.



ۋارۋارلاردا قەبىلىلەر كېڭىشى

قەبىلىلەر كېڭىشىدە مەلۇم بىر تۇرلۇك ئىشقا قوشۇلدىغانلى
غىنى، قورالىلىرىنى جاراقلىتىش بىلەن، قوشۇلمايدىغانلىغىنى،
قالايمىقان چۇقان كۆتىرىش بىلەن ئىپادىلەيتتى. ئۇلار
ئېتىزلارنى ئوغۇتلاشنى بىلمەيتتى. هوسۇلنى يىغىۋېلىپ
بولۇپلا بۇ يەرنى تاشلىۋېتىپ يەنە باشقا جايلاردىكى يېڭى
يەرلەرنى ئېچىپ تېرىپ دىخانچىلىق قىلاتتى، شۇڭا، ئۇزلۇك-
سىز تۇردە يەر بۇلايتتى. جەڭگە چىققاندا، قاچقۇنلارنى
دارغا ئاساتتى، قورقۇنچاقلارنى دەرياغا تاشلاپ غەرق قىلىۋې-
تەتتى، شۇڭا، هەممەيلەن غايەت باتۇرلۇق بىلەن جەڭ
قىلاتتى.

ۋارۋارلار شەهەرلەرنى كېرەك قىلمايتتى، شۇڭا، ئۇلار
غەربىي رىمنىڭ شەهەرلىرىگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن،
چېركاۋلارنى، ئوردا سارايلار ۋە تىياتىرخانىلارنى بۇزۇپ-
چېقىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ تاشلىرىدىن ئۆزلىرىگە ئىمارەت ۋە
مۇداپىئە ئىستىهكاملىرىنى ياسىدى. ئۇلار قاتناش - تىرانسى

ھەمرا قىلغان يورغا يىللارمۇ سىنىڭ شان ـ شەرىپىڭنى قىلچە بۇلغىيالماپتۇ» — دەپ نادامەت قىلغان ئىدى.

ئەمما، قالاق ۋارۋارلار، غەربىي ياۋروپانىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمىنى ئۆزگەرتتى. ياۋروپانى قۇللۇق ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، تەدرىجى ھالدا فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتكۈزدى.

بۇنىڭ سەۋەبى زادى نىمە؟



رىمدىكى مەيدانىڭ خارابىسى

ئەسلىدە، ۋارۋار جەڭچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى قوراللاندۇراتتى، ئۇلارنىڭ دۆلىتىدە تەمىناتلىق ئارمىيە قۇرۇش ھاجەت ئەمەس ئىدى. ۋارۋارلارنىڭ دۆلىتىدە دۆلەت غەزنىسى تەرىپىدىن بېقىلىدىغان ئەمەلدارلار، ھەتتا كۆپلەپ دەپى ـ دۇنيالارنى سەرپ قىلىدىغان ئوردا ـ سارايلارمۇ يوق ئىدى. ئاقسۆڭەكلەر بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا قىشلاق ئادىتى بويىچە ئاددى ياشاپ، رىم بايلىرىدەك ئەيشى-

ئىشرەت، كەيىپ - ساپا ئىشلارغا زادىلا بېرىلمەيتتى. ئۇلارغا كۆپلەپ باج - سېلىق يىغىۋېلىش ھاجەت بولمايتتى. شۇڭا، ۋارۋارلار، رىم پادىشاسى ۋە قۇلدارلىرىنىڭ يەر - مۈلۈكلىرىنى ئىگەللىۋالغاندىن كېيىنلا دۆلەت پۇقرالىرىغا تەقسىملەپ بەردى. ئادەتتىكى جەڭچىلەر بالا - چاقىلىرىنى باققۇدەك زېمىنغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئەسلىدىكى قۇللار ۋە كانالارغىمۇ خوجايىنلىرى يەر تەقسىم قىلىپ بېرەتتى. بۇنىڭ بىلەن بۇلار يەنىلا قۇل بولۇۋەرمەستىن، يەر ۋە دىخانچىلىق سايمانلىرىغا ئىگە يانچىلارغا ئايلاندى. بۇ — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ كاتتا ئازاتلىقى ئىدى. غەربىي ياۋروپا فېئوداللىق تۈزۈمى مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا دۇنياغا كەلدى.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىنىشى مۇقەددەم ھەم پارلاق رىم مەدەنىيىتىنى يىمىرىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ، ئىنسانىيەت تارىخىدا زور بىر قەدەم ئىلگىرىلەش بولدى.

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، تارىخ سەھنىسىدە يېڭى بىر پەردە ئېچىلدى ۋە ئارقا - ئارقىدىن دەبدەبىلىك يېڭى كۆرۈنۈشلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئەمدى سىلەرگە ھون چەۋەندازلىرى ياۋروپاغا باستۇرۇپ كىرگەن زور تارىخىي ۋەقەنى مۇقەددىمە قىلغان ھالدا، ئوتتۇرا ئەسىردە بارلىققا كەلگەن خىلمۇ خىل قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىمىز.

## هون چەۋەندازلىرىنىڭ ياۋروپاغا باستۇرۇپ كىرىشى

مىلادى 3 - ئەسىردە بىر قىسىم گېرمانلار، ياۋروپانىڭ شەرقىي، جەنۇبىي قىسمىغا كېلىپ، ئىككى دۆلەت قۇردى. بىرى، شەرقىي گوتلار بولۇپ، هازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوكرا-ئىن ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ، بىرى، غەربىي گوتلار بولۇپ، هازىرقى رۇمىنىيە ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

374 - يىلى، قۇدرەتلىك بىر چەۋەندازلار قوشۇنى شەرقىي گوتلار دۆلىتىنىڭ زېمىنىگە ئۇشتۇمتۇت تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ئۇلار دوغىلاق، پاكار، يۇمۇلاق يۈزلۈك، قاڭشالىق، شالاڭ ساقاللىق، جەڭگە ماهىر پالۋانلار بولۇپ، بويى زىلۋا ئۇزۇن، سوقا يۈزلۈك، قاڭشالىق، قويۇق ساقاللىق ياۋروپالىقلارغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇلارنىڭ جەڭ قىلىش تاكتىكىسى — يىراقتىن ئوق - يا بىلەن ئېتىش، ئۇچراشقاندا قىلىچۋازلىق قىلىش، يۈگۈرۈك تۇلپارلارغا مىنىۋېلىپ گاه يىغىلىپ، گاه تارقىلىپ، گاه بىرلىشىپ، گاه يەككە جەڭ قىلىش، بىلىندۈرمەي بېسىپ كېلىپ، ئىز - دېرەكسىز يوقىلىش ئىدى، بۇ تاكتىكا، ياۋروپالىقلارنىڭ جەڭ قىلغاندا يىراقتىن نەيزە ئېتىش، ئۇچراشقاندا خەنجەر تىقىپ ئۆلتۈرۈش، هارۋىلىق قىسىملار بىلەن پىيادە قىسىملار بىرلىكتە سەپ.



ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى جەڭچى

تۆزۈپ مۇداپىئەلىنىش ئۇسۇلى بىلەنمۇ زادىلا ئوخشاشمايتتى.

دىمەك، بۇ قۇدرەتلىك چەۋەندازلار قوشۇنى خۇددى ئەينى چاغدىكى بىر رىم تارىخچىسىنىڭ تەسۋىرلىگىنىدەك: «ئۇلار بۇ يەردىكىلەر بىلمەيدىغان بىر خىل كىشىلەر بولۇپ، گويا ئۇچار سەركەردىلەر ئاسماندىن چۈشكەندەك توساتتىن پەيدا بولۇپ.دەھشەتلىك چىققان قۇيۇندەك ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرنى قويماي بىتچىت قىلاتتى.»

شەرقىي گوتلار دۆلىتىنىڭ ياشىنىپ قالغان پادىشاسى بۇ قۇدرەتلىك قوشۇننىڭ قاياقتىن كەلگەنلىكىنى بايقىيالماي، ئالاقزادىلىك بىلەن ھەربى قىسىم تەشكىللەپ تاقابىل تۇردى. ئەمما، پىيادە ئەسكەرلەر بىلەن سەپ تۈزۈپ مۇداپىئەلىنىشنى ئاساس قىلغان گوتلار، چەۋەنداز قىسىملارنىڭ جانلىق ھەم كۈچلۈك ھۇجۇمىغا قانداقمۇ تاقابىل تۇرالىسۇن؟ ئۇرۇش نەتىجىسىدە شەرقىي گوت قىسىملىرى ئۈزۈل - كېسىل، پاجىئەلىك مەغلۇپ بولدى، ياشانغان پادىشا ئۈمىتسىزلىكتە ئۆزىنى، ئۆلتۈرۈۋالدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆت-

مەيلا شەرقىي گوتلار تەسلىم بولغانلىغىنى جاكالىدى.
بۇ قۇدرەتلىك چەۋەندازلار كىملەر ئىدى؟
ئۇلار ئۆزلىرىنى «هون» دەپ ئاتايتتى.
هونلارنىڭ يېزىغى بولمىغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى يازما هۆججەتلەر بىلەن ئىسپاتلىيالمايتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ داهىسى، هونلار دۆلىتىنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى بارلىغىنى پەخىرلىنىپ تىلغا ئالاتتى. ئۇلاردا ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ نۇرغۇنلىغان دانا هەم باتۇر «تەڭرىقۇت» لار ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ باشچىلىغىدا هونلار تەرەپ ـ تەرەپلەردە جەڭ قىلغان. ئۇلارنى جۇڭگو تارىخىي مەنبەلىرىدىكى خاتىرىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، هون دىگەنلەرنىڭ ئەملىيەتتە هونلار ئىكەنلىگى مەلۇم بولدى.
ئەسلىدە مىلادى 1 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا (جۇڭگونىڭ شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە)، هونلار سيانبىلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان ئىدى. جەنۇبىي هونلار سەددىچىندىن بېسىپ كىرىپ، خەنزۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئىدى؛ شىمالىي هونلار ئۇزاق ـ ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ئورال تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ياۋروپاغا كىرگەن. هونلار ياۋروپادىن غەرپكە يۈرۈش قىلغان بىرىنچى جەڭدە شەرقىي گوتلارنى يوقاتقان ئىدى.
شەرقىي گوتلار يوقىتىلغاندىن كېيىن، غەربىي گوتلار خۇددى ئوق ـ يادىن ئۈركۈپ كەتكەن قۇشلاردەك ئارقا ـ ئارقىدىن چەتكە قاچتى. 376 ـ يىلى ئۇلار غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىگە پانالىنىشنى ئىلتىماس قىلىپ ئەلچى ئەۋەت

تى. غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاسى ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، غەربىي گوتلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىغە چىقىپ كېتىپ، دوناي دەريا ۋادىلىرىنى هونلارغا تاشلاپ بەردى.

هونلار، دوناي دەريا ۋادىلىرىنى ئىشغالىيتىگە ئالغاندىن كېيىنلا، تىغنى جەنۇپقا قارىتىپ، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە يۈرۈش قىلدى ۋە تاكى كونىستانتىنىپولغىچە بېسىپ باردى. سۆھبەت ئۆتكۈزۈش نەتىجىسىدە شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى هونلارغا هەرىيىلى 2100 قاداق ئالتۇن خىراج تۆلەيدىغان بولدى هەمدە بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ كۆپ قىسمىنى هونلارغا بۆلۈپ بەردى.

444 - يىلى، هون ئىمپېرىيىسى دوناي دەرياسى بويىدا رەسمىي قۇرۇلدى. ئۇنىڭ زېمىن تەۋەلىگى ياۋروپا ۋە ئاسىيادىن ئىبارەت ئىككى قىتئەگە هالقىدى ۋە شەرق تەرەپتە كاسپى دېڭىزىدىن باشلىنىپ، غەرپ تەرەپتە رېيىن دەرياسىغىچە، جەنۇپ تەرەپتە بالقان ئارىلىغىچە، شىمال تەرەپتە ئادرىياتىك دېڭىزىغىچە يېتىپ باردى. ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ پادىشالىرى ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئاتامانلىرى هون ئىمپېرىيىسىگە بېقىندى بولۇپ خىراج تۆلىدى.

450 - يىلى، هون ئىمپېرىيىسىنىڭ خاقانى ئاتىللا، لەشكەر تارتىپ غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىگە هۇجۇم قىلدى. ئۇ غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىگە «تېچلىق نىكا» تەلىۋىنى قويدى (غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ سىڭلىسىنى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى تەلەپ قىلىپ، شۇ ئارقىلىق غەربىي رىم ئىمپېرىيە

سىنىڭ زىمىنىنى تەڭ بۆلۈشۈۋېلىش مەقسىدىگە يەتمەكچى بولدى)، ئۇنىڭ بۇ تەلىۋى رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ھونلار خاقانى 451 - يىلى لەشكەر تارتىپ غەربىي ياۋروپاغا ھۇجۇم قىلىپ، تاكى پارىژ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئورلېئانغىچە باستۇرۇپ باردى ۋە غەربىي گوتلارنىڭ پادىشاسىنىمۇ ئۆلتۈردى. غەربىي گوتلىقلار پادىشا ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا قەسەم ئىچىپ، جاسارەت بىلەن مۇشكۈل جەڭلەرنى قىلىپ، ئاخىرى ھونلارنىڭ غەرپكە يۈرۈش قىلىشىنى مەغلۇپ قىلدى.

452 - يىلى، ھونلار ئالپىسىر تېغىدىن ئۆتۈپ ئىتالىيىگە يۈرۈش قىلدى، قەدىمىي شەھەر رىم خەۋپ ئاستىدا قالدى. رىم پاپىسى ئۆزى بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ كەچۈرۈم سوراپ، ھون خاقانىدىن قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈشنى ئۆتۈندى. ئىككىنچى يىلى، ھون خاقانى ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەنلا ھون ئىمپېرىيىسى پارچىلىنىپ كەتتى، ھونلار دوناي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىملىرىغا (ھازىرقى ۋېنگرىيە تەراپلىرىدا) ماكانلاشتى.

ھون چەۋەندازلىرى ياۋروپا قورۇقلۇغىدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ توپ - توغرا 80 يىل ئۇدۇل كەلگەن يەرگە بېسىپ كىرىپ يۈردى.

مۇشۇ 80 يىل داۋامىدا، ھون چەۋەندازلىرىنىڭ زەربىسى بىلەن غەربىي گوتلار دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئىتالىيەگە بېرىشقا مەجبۇر بولدى، ئەڭ ئاخىرىدا غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنى ھالاك قىلدى؛ شۇندىن كېيىن يەنە گاللىيە (ھازىرقى فرانسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمى) دىن

ئۆتۈپ، ئىسپانىيىگە كىرىپ غەربىي گوتلار پادىشالىغىنى قۇردى. ھالبۇكى، ئەۋىلىسىدە ئىسپانىيىدە ياشايدىغان ۋاندار- لار نائىلاجلىقتىن ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئۆتۈپ، شىمالىي ئافرى- قىغا كىردى ۋە ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتى — ۋاندارلار پادىشالىغى- نى قۇردى. دېمەك، بۇ 80 يىل ياۋروپا مىللەتلىرى زور تۈركۈملەپ كۆچكەن، زور دەرىجىدە بىر بىرىگە سىڭى- شىپ كەتكەن 80 يىل بولدى. شۇنداقلا ياۋروپانىڭ سىيا- سىي ۋەزىيىتىدە چوڭ تەۋرىنىش بولغان 80 يىل بولدى.

بۇ چوڭ تەۋرىنىش يىللىرىدا تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ئاخىرى ھالاك قىلىندى، چىرىك ھەم زاۋاللىققا يۈزلەنگەن قۇللۇق تۈزۈم ئۈزۈل - كې- سىل ئاغدۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ياۋروپا تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى.

## قانغا بويالغان بەيگە مەيدانى

غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ۋارۋارلار تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغاندا، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى ئۆز پېتىچە قالغان بولۇپ، خېلىلا باي ـ باياشات ھەم قۇدرەتلىك ئىدى.

شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى كونىستانتىنپول ئىدى. ئۇ يەرنىڭ بۇرۇنقى نامى «ۋىزانتىيە» بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇن 330 ـ يىلى رىم پادىشاسى يۇستىنىيان پايتەختنى بۇ يەرگە يۆتكەپ كەلگەندىن كېيىن، كونىستانتىنپول دىگەن نامغا ئۆزگەرتكەن. شۇڭا، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى تارىختا يەنە «ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

كونىستانتىنپول ياۋروپا ـ ئاسىيا قىتئەلىرىنىڭ تۇتىشىدىغان يېرىگە جايلاشقان بولۇپ، قارا دېڭىز بوغىزىنى ئوراپ تۇرغاچقا، دېڭىز سودىسى جەھەتتە ناھايىتى تەرەققى قىلغان ئىدى. غەربىي ياۋروپا نادانلىق ھالىتىدە، غەپلەتتە تۇرغاندا، بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى بارغانسېرى كۆپەيگەن، ئىمارەتلەر بارغانسىرى گۈزەل ھەم ھەشەمەتلىك ياسالغان، بۇ يەردىكى يۇرتلارغا ھەرقايسى دۆلەتلەردىن سان ـ ساناقسىز كېمىلەر كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان... قىسقىسى، بۇ يەر غەربىي ياۋروپادىنمۇ بايراق، مەدىنىيەتلىكرەك بولغان.

پادىشا سودا بېجى ئارقىلىق ناھايىتى كۆپ كىرىم قىلاتتى.

پۇل بولسىلا قوشۇن تۇپلاپ دۆلەت چېگرىسىنى قوغدىغىلى، تېرىتورىيىسىنى كېڭەيتكىلى ۋە قۇللار قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرغىلى بولاتتى. سودىگەرلەرمۇ پادىشانى سۆيۈنۈپ قوللايتتى. چۈنكى، ئۇلارمۇ قۇدرەتلىك بىر دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆز ئوقەتلىرىنى قوغداپ بېرىشىگە مۇھتاج ئىدى. شۇڭا، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى ئۇزاق مۇددەت چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەم تۇتۇپ، ۋارۋارلارنىڭ تاجاۋۇزلىرىنى چېكىندۈرۈپ، ئىمپېرىيىنىڭ ئىچكى مۇقىملىقىنى ساقلاپ تۇرالىدى. بولۇپمۇ 6 - ئەسىردە يۇستىنان پادىشا بولغان مەزگىلدە، بۇ دۆلەت تېخىمۇ قۇدرەت تاپتى.

ئەمما، شەرقىي رىمدىكى قۇللار ۋە كالانلارنىڭ تۇرمۇشى غەربىي ياۋروپادىكى ۋارۋارلار پادىشالىقىدىكى يانچىلار ۋە دېخانلارنىڭ تۇرمۇشىدىن نۇرغۇن دەرىجىدە ناچار ئىدى. ئۇلاردا ئاۋالقىدەكلا جىسمانى ئەركىنلىك يوق ئىدى، قۇلدارلارنىڭ شەپقەتسىز ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە ئېزىشىگە ئۇچرايتتى؛ شەھەر ئاھالىلىرىمۇ ئېغىر باج - سېلىقلارغا بوغۇلاتتى. يۇستىنان تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، پايتەختتە چوڭ بىر ۋەقە يۈز بەردى...

ئۇ چاغدا، كونىستانتىنپولدا بىر خىل ئات ھارۋا بەيگىسى ئەۋج ئالغان ئىدى. ھەر قېتىم بەيگە بولغاندا، ساناتور ئاقسۆڭەكلەر، زېمىندارلار، سودىگەرلەردىن تارتىپ ئاۋام پۇقرالارغىچە بەيگە مەيدانىغا تاماشا كۆرگىلى كېلەتتى؛ ھەتتا پادىشامۇ ئۇ يەرگە تەختىراۋاق ئورناتقان ئىدى. بەيگە تاماشىسىنى كۆرگۈچىلەر ھەمىشە نەچچە تۈمەن كىشىدىن كەم بولمايتتى. شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىدە پادىشا

مۇقەددەس، دەخلى - تەرۇزسىز ئىدى. كىشىلەر ئۇنى كۆرگەن ھامان تىزلىنىپ باش ئۇرۇشى، ئۇنىڭ پۇتىغا سۆيۈشى شەرت ئىدى. پەقەت ئۇنى بەيگە مەيدانىدا كۆرگەندىلا، جامائەت ئۈنلۈك ۋاقىرىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان نارازىلىغىنى بىلدۈرەلەيتتى.

بەيگە، ئەترەتلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلەتتى، بەزىدە بىر ھارۋىغا تۆت ئات قوشۇلاتتى. ھارۋىكەشلەرنىڭ كىيىملىرى كۆك، يېشىل، قىزىل ۋە باشقا رەڭلەردە بولغاچقا، شۇ كىيىملەرنىڭ رەڭگى بويىچە ئەترەتلەرگە بۆلۈنەتتى، تاماشىبىنلارمۇ بەيگىدىكىلەرنى كىيىملەرنىڭ رەڭگى بويىچە گۇرۇھلارغا ئايرىپ قارايتتى. كېيىنچە بۇ گۇرۇھلار تەدرىجى ھالدا سىياسى پىرقىلەرگە ئايلاندى، بەيگە مەيدانىمۇ سىياسى كۈرەش مەيدانىغا ئايلاندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆك پىرقە بىلەن يېشىل پىرقە ئەڭ كۈچلۈك ئىدى. كۆك پىرقىنىڭ يۇقۇرى قاتلىمى ساناتور مۆتىۋەرلەر ۋە چوڭ زېمىندارلاردىن ئىبارەت ئىدى. يېشىل پەرقىدىكىلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى باي سودىگەرلەر ۋە جازانىخورلار ئىدى. بۇلار ئىككى تەرەپ بولۇپ ھەمىشە كۈرەش قىلىپ تۇراتتى. ھەر ئىككى پىرقىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكىلەر قول سانائەتچىلەر ۋە شەھەرگە يېقىن جايلاردىكى دېخانلار ئىدى. ئۇلار ئارىسىدىمۇ ھەمىشە ماجرالار بولۇپ تۇراتتى.

بۇنداق كۈرەش ۋە ماجرالار بارغانسېرى يامانلىشىپ بارغاچقا، يۇستىنان ئۇلارنىڭ چوڭ ۋەقە پەيدا قىلىپ، ئىمپېرىيىنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرنەچچەيلەنگە ئۆلۈم جازاسى بەردى.

ئۆلۈم جازاسى بېرىش توساتتىن بىر چوڭ دولقۇن پەيدا قىلدى. ئىككى پىرقىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئامما بىرلىشىپ گېپىنى بىر قىلىۋېلىشتى ۋە تۈرمىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلار ۋە باشقا بارلىق جىنايەتچىلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭ باشلىنىپ كەتتى. بۇ — مىلادى 532 - يىلى 11 - يانۋار كۈنى ئىدى.

ئارقىدىنلا شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىگە ئوت قويۇلدى. مەشھۇر ئايەسوفىيە ئىبادەتخانىسى، يوكسىپۇ مونچىسى، شەھەر مەيدانىغا بارىدىغان كاتتا رەستە ۋە بىر قىسىم سارايلار لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت دېڭىزىدا كۈل بولدى. قوزغىلاڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ مەخپىي بەلگىسى بويىچە بىر بىرىگە «نىكار»① دەپ توۋلاپ بەلگە بەرگەچكە، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ «نىكار» قوزغىلىڭى دەپ ئاتالدى. شەھەرنىڭ ھەممىلا يەرلىرىدىن كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان «جوھاننى ئۆلتۈرەيلى!» «تىروبىنىئانى دارغا ئاسايلى!» دېگەن چۇقانلار كۆتۈرۈلدى.

جوھان ۋە تىروبىنىئانلار پادىشا يۇستىنىاننىڭ ئىشەنچلىك ۋەزىرلىرى ئىدى. جوھان، پايتەختنىڭ باش ئەمىرى بولۇپ، پادىشادىن قالسا ئۇنىڭ ھوقۇقى چوڭ ئىدى. ئۇ قانۇننى سۇيىئىستىمال قىلىپ، پارا ئېلىپ، كۆپلەپ مال - دۇنياغا ئىگە بولۇۋالغاچقا، كۈن بويى كېكىرتىكىدىن يېنىپ كەتكۈدەك يەپ - ئىچىپ يۈرەتتى. ئۇ دائىم شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مال - دۇنياسىنى بۇلاشنىڭ كويىدىلا يۈرەتتى ھەمدە ھەددىدىن زىيادە بەتخەجلىك قىلاتتى. تىروبىنىئان، پادىشانىڭ مۇشاۋىر ۋەزىرى

① نىكار — غەلىبە.



پادىشا يۇستىنان ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى

بولۇپ، ئۇنىڭ قابىلىيىتى ۋە بىلىمى ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ ھېچقايسىسىدىن قېلىشمايتتى. گەرچە ئۇ ئىمپېرىيىنىڭ قانۇنلىرىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلسىمۇ، ئەمما ئىنتايىن نەپسانىيەتچى بولغاچقا، ئەدلىيە ئىشلىرىدا سودىلىشاتتى، ئىلتىجاچىلارنىڭ تەلىۋى بويىچە كۆڭلىگە قانۇننىڭ مەلۇم بىر ماددىسىنى ئېلىپ تاشلاش ياكى يېڭىدىن قانۇن تۈزۈش ئارقىلىق مال - دۇنيا تاپاتتى. قوزغىلاڭ باشلانغاندىن كېيىن، پادىشا ۋە ئۇنىڭ خانىشى بىرنەچچە سانىتۇرلار بىلەن بىرلىكتە ئوردىغا قامىلىپ قالغاچقا، نائىلاجلىقتىن بۇ ئىككى ئەبلەخنى ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاشقا پەرمان بەردى.

قوزغىلاڭنىڭ 5 - كۈنى كەچلىكى، يۇستىنان ئۆلۈپ كەتكەن پادىشانىڭ ئىككى نەۋرىسىنى ئېلىپ تۇيدۇرماستىن باشقا بىر ئورۇنغا كۆچۈپ كەتتى. ئۇ بۇ ئىككى بالىنىڭ

ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشىدىن ھەم قوزغىلاڭ پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ پادىشالىق تەختىنى تارتىۋېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇلارنى ئوردىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئىدى.

يېڭى تۇرار جايغا بارغاندىن كېيىنمۇ يۇستىنانىنىڭ ئاۋالقىدەكلا كۆڭلى تىنمىدى، نەۋكەرلىرىنى ئۇ ئىككىيلەنگە ھەر دائىم ئاگاھ بولۇپ قاراشقا بۇيرۇدى. ئۆلۈپ كەتكەن پادىشانىڭ خىببوت ئىسىملىك نەۋرە ئوغلى يۇستىنانغا ياخشىچاقلىق قىلىپ:

— پادىشاھى ئالەم، مۇنداق خەتەرلىك پەيتلەردە مەن جانابىلىرىدىن ئايرىلماسلىقىم كېرەك، — دېدى.

كىم بىلسۇن، بۇ سۆز پادىشانى تېخىمۇ شۈبھىلەندۈردى، پادىشا ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئەھۋال تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى.

2 - كۈنى تاڭ سەھەردە، خىببوت، كىشىلەرنىڭ ھىمايىسى بىلەن مەيدانغا چىقىپ، دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى ۋە ئۆزىنى پادىشا دەپ جاكالىدى. ئۇ يەرگە بارغاندا، پادىشالىق تاجىسى ۋە مۇراسىم كىيىملىرى بولمىغاچقا، بىر ئالتۇن مېدالىيوننى بېشىغا كىيىۋالدى، شۇنداق قىلىپ، خىببوت ھايىت - ھۇيت دېگىچە ئوڭى بىلەن چۈشىنى بىلمىگەن ھالدا پادىشا بولۇپ قالدى.

شۇئان ئوردا سىرتىدىكى مۆتىۋەرلەر جىددىي مەجلىس چاقىردى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى دەرھال ئوردىغا قوراللىق ھۇجۇم قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، بەزىلىرى تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ ھۇجۇم قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، يەنە بەزىلىرى پادىشا يۇستىنانىنى قاچۇرۇۋېتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا

يېڭى پادىشا خىببوتنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، دەرھال ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن خىببوت قوشۇنلارغا بەيگە مەيدانىغا يىغىلىشقا بۇيرۇق بەردى.

پادىشا يۇستىنان تەرەپتىمۇ جىددى مەجلىس چاقىرىلدى. مەجلىستە شەھەردە تۇرۇپ كۆچ تەشكىللەپ باستۇرامدۇق ياكى كېمىگە چۈشۈپ قاچامدۇق؟ دىگەن مەسىلە مۇزاكىرە قىلىندى. ئەڭ ئاخىرىدا خانىش سۆز ئالدى:

— بۈگۈن كىمدە-كىم يەنىلا ئاياللار، ئەرلەر ئالدىدا چوڭ گەپ قىلماسلىقى كېرەك، دىگەن سەپسەتىنى ساتسا، پۈتۈنلەي ئورۇنسىزلىق بولىدۇ، چۈنكى بۈگۈن سىلەر — ئەرلەر ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ دىگەن ھالەتتە تۇرۇۋاتىسلەر، مېنىڭچە قېچىپ كېتىش ئەڭ بولمىغۇر ناچار تەدبىر. كىشى ھامان ئۆلىدۇ، ئەمما ھۆكۈمراندىن سەرگەردانغا ئايلىنىشقا چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ. مەن خۇدادىن، ئۇچامدىكى لىباسىمدىن ئايرىماسلىقنى، دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ مېنى ئاخىرقى ئۆمرىمگىچە خانىش دەپ قارشى ئېلىشىنى تىلەيمەن، — ئۇ سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە شۇنداق ھاياجانلاندىكى، ھەتتا ئاۋازلىرى تىترەپ كەتتى، — شۇڭا، پادىشاھى ئالەم جاننى ئېلىپ قېچىش تەس ئەمەس! بىزدە سان-ساناقسىز ئالتۇن-كۆمۈش بايلىق بار، دېڭىزدا ئۈزەلەيدىغان كېمىلەر بار! ئەمما، جانابىلىرى قاچقاندىن كېيىن، بېشىمنىڭ ئامانلىقىنى تىلىگىچە، ئۆز ۋاقتىدا ئۆلسەم بوپتىكەن دەپ قالىلا!

خانىشنىڭ بۇ سۆزلىرى كۆپچىلىكنىڭ غەيرىتىگە ئىلھام بەردى. شۇنىڭ بىلەن قانداق قىلغاندا قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ،

ئۆزلىرىنى قوغداپ قالغىلى بولىدىغانلىقى مۇھاكىمە قىلىندى. ۋەزىرلەر ئوردا ئارمىيىسى ۋە باشقا قىسىملارنى پادىشاغا سادىق ئەمەس دەپ ئۇمىتنى ئىككى ئادەمگە باغلاش قارارىغا كېلىشتى. بۇلارنىڭ بىرسى، پىرسىيە ئورۇش فورونتىدىن قايتىپ كەلگەن بىلىسەرۇ سەركەردە ئىدى. چۈنكى ئۇ كۆچ-لۈك بىر ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلاتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك جەڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن بىرەمۇنچە نەيزىۋاز دۇيلىرى ۋە قوغدىنىش دۇيلىرى بار ئىدى. يەنە بىرسى، موندى سەركەردە بولۇپ، ئۇ شۇ تاپتا بۇيرۇق بويىچە پايتەختكە قايتىپ كېلىۋاتاتتى، شۇنداقلا پادىشاغىمۇ ناھايىتى سادىق ئىدى.

پادىشا جىددى مەجلىس ئېچىۋاتقاندا، خىببوت ۋە نەچچە تۈمەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى بەيگە مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. خىببوت، شاھ يۇستىنان ھەمىشە بەيگە تاماشىسىنى كۆرىدىغان تەختىراۋاقتا ئولتۇردى. بۇي-رۇققا بىنائەن قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا كەلگەن بىلىسەرۇ سەر-كەردە قوشۇننى باشلاپ بەيگە مەيدانىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، قوزغىلاڭچىلارنىڭ قاراۋۇللىرى تەرىپىدىن توسۇۋېلىندى؛ شۇڭا ئۇ قوشۇنلىرىغا يۇرۇش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، كۆي-دۈرۈلگەن رەستە خارابىسى ئارقىلىق بەيگە مەيدانىغا كىرىش-كە بۇيرۇق بەردى. قوشۇنى مەيدانغا يېتىپ كەلگەن ھامان ئۇ قىلىچىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ، ئەسكەرلىرىگە مەيداندىكى جامائەتكە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. مەخسۇس تەربىيە-لەنگەن، ئۇرۇش تەجرىبىلىرىگە ئىگە بۇ ئەسكەرلەر خەنجەر ھەم نەيزىلىرىنى تەڭلىگەن ھالدا كىشىلەر توپىغا ئېتىلىپ

كىرىپ ئۇر - چاپ قىلدى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە قانلار شاقىراپ ئېقىپ، ئۇر - چاپ چۇقانلىرىغا ئېچىنىشلىق ۋاي - داتلار، ئىڭراشلار قوشۇلۇپ كەتتى.

مەيداننىڭ سىرتىغا قاراپ ئېقىۋاتقان كىشىلەر توپى موندى سەركەردە ئارمىيىسىنىڭ توساپ قىرغىن قىلىشىغا ئۇچرىدى. ھەش - پەش دىگىچە تۆت تۈمەنگە يېقىن ئادەم يەرگە يىقىلدى، پۈتۈن بەيگە مەيدانى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قىزىل قېنىغا بويالدى. «نىكار» قوزغىلىڭى ئەنە شۇنداق مەغلۇپ بولدى.

پادىشالىق كابىنىتىدا ئولتۇرغان خىببوت، قانغا بويالغان مەيدان مەنزىرىسىنى كۆرۈپ ھوشىنى يوقاتتى. ئۇ تەخت راۋاقتىن تارتىپ چۈشۈرۈلدى ۋە قاتتىق تەقىپ ئاستىدىكى زىندانغا تاشلىنىپ، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆلتۈرۈلدى ۋە جەسىدى دېڭىزغا تاشلىۋېتىلدى.

# يىپەك ئۇرۇشى

يۇستىنان «نىكار» قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن، كونستانتىنپولنىڭ ۋەزىيىتى ۋاقىتلىق مۇقىملاشتى. يۇستىنان ئۆز ھۆكۈمرانلىغىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، زور تۈركۈملەپ ياللانما ئارمىيە تەشكىللىدى؛ كاتتا ئارمىيىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن كۆپلەپ خىراجەت كەتكەچكە، ئۇ يىپەك سودىسى جەھەتتە ئويلاندى.

يىپەك — تاۋار - دۇردۇن توقۇيدىغان مۇھىم ماتىريال. ئەينى زاماندا ئاسىيالىق سودىگەرلەر شەرقىي رىم ئىمپىرىيەسى ئارقىلىق بۇ تاۋار - دۇردۇن بۇيۇملىرىنى ياۋروپانىڭ يۇقۇرى تەبىقىسىدىكىلەرگە سېتىپ باي بولغان، يۇستىنانمۇ يىپەكتىن ئېلىنىدىغان باج بىلەن غەزىنىسىنى تولدۇرغان ئىدى. يىپەك، مىلادىدىن ئىلگىرى جۇڭگودىن ياۋروپاغا كىرگەن ئىدى. يۇستىناندىن ئىلگىرى پەقەت جۇڭگولۇقلارلا پىلە بېقىپ يىپەك چىقىرالايتتى. يىپەكچىلىك سودىسىنىڭ پايدىسىنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى يىپەك ۋە تاۋار - دۇردۇنلارنىلا ئېلىپ چىقىپ سېتىشقا رۇخسەت قىلىپ، پىلە قۇرۇتىنى ئېلىپ چىقىشنى قاتتىق مەنئى قىلغان، يوللار يىراق، يۈك يۆتكەش مۈشكۈل بولغاچقا، ياۋروپاغا ئېلىپ بېرىلغان

يىپەك ۋە شايىلارنىڭ بازار باھاسى ئومۇمەن ئالتۇن بىلەن تەڭلىشىپ قالاتتى. جۇڭگودىن يىپەكنى ئېلىپ «يىپەك يولى» ئارقىلىق ياۋروپاغا ئېلىپ بارىدىغانلار ئاساسلىغى پارسلار ئىدى. ئۇلارنىڭ يىپەكتىن كۆپ مىقدادا پايدا ئېلىشى، يۇستىنياننىڭ شۆلگەيلىرىنى ئېقىتتى.

يۇستىنيان قۇدرەتلىك ئەسكىرىي كۈچىگە ئىشىنىپ، پىرسىيىنى قورال كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىلكىگە ئېلىپ، ئالغان پايدىنى بۆلۈشمەكچى بولدى. كىم بىلسۇن، پىرسىيە سەپ تارتىپ تەييار تۇرۇپ، شەرقىي رىم ئىمپىرىيىسىنىڭ قوراللىق تەھدىتىگە پىسەنت قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن يۇستىنيان شىمالىي ئافرىقىدىكى ئېفىئوپىيە پادىشالىغى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇلارنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق شەرق بىلەن يىپەك سودىسى قىلماقچى بولدى. ئەمما پىرسىيىنىڭ شەرق بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى ناھايىتى مۇستەھكەم بولغاچقا، ئېفىئوپىيە ئارىغا قىستۇرۇلالمىدى. يۇستىنيان نومۇسقا چىداپ تۇرالماي دەرغەزەپكە كەلدى ـ دە، مىلادىنىڭ 540 - يىلى پىرسىيىگە قارشى ئۇرۇش قوزغىدى.

يۇستىنيان ئۇرۇش قوزغاش بىلەن بىر چاغدا، بىر تەرەپتىن، پىرسىيىدىن كىرىدىغان ماللاردىن ئالىدىغان چېگرا باجىنى ئۆستۈرۈپ، يىپەكنىڭ كىرىشىنى توسسا، يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلەت ئىچىدە يىپەككە يېڭى باھا چىقىرىپ، يىپەك باھاسى ئۆرلەپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالدى.

شەرقىي رىم ئىمپىرىيىسىنىڭ ياللانما ئەسكەرلىرى

ناھايىتى ياخشى قورال - جابدۇق بىلەن قوراللانغان ئىدى. ئۇلار ئۇچىسىغا بەدەننى مۇھاپىزەت قىلىدىغان تۆمۈر ساۋۇتلارنى، باشلىرىغا ئۇچلۇق قالپاقلارنى كىيىپ، قوللىرىغا ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان يوغان قالقانلار ۋە خەنجەر، نەيزە ياكى ئىككى بىسلىق پالتىلارنى ئالغان ھالدا يۈرۈش قىلاتتى. مەيلى پىيادىلىرى ياكى چەۋەندازلىرى بولسۇن، ھەممىسى دىگۈدەك ئاتقان ئوقنى دەل تەككۈزىدىغان ئۇستا مەرگەنلەردىن ئىدى. لېكىن بۇ قوشۇنلارنىڭ ھەممىسى تەنگە ۋە ئولجا ئۈچۈن جەڭ قىلغاچقا ئىشەنچسىز ئىدى. شۇڭا ئۇرۇش بىرنەچچە ئاي داۋام قىلىپ، ھەر ئىككى تەرەپتە يېڭىش - يېڭىلىش بولغان بولسىمۇ شەرقىي رىم ئىمپىرىيىسى پىرسىيىنى بېسىۋالالمىدى.

بىر كۈنى، يۇستىنان ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، تاقابىل تۇرۇش چارىلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىشۋاتاتتى. بىر ۋەزىر ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزۈپ:

— پادىشاھى ئالەم! بازاردا زادىلا يىپەك قالماپتۇ. ئۈچ - تۆت ھەسسە قىممەت سېتىۋالغان تەقدىردىمۇ يەنىلا كەم تېپىلىدىكەن، ئەمدى پىرسىيىدىن كىرگۈزسەك بولامدىكىن! — دىدى.

— ياق! ھازىر بىز پىرسىيە بىلەن جەڭ قىلىشۋاتىمىز! — دىدى يۇستىنان كەسكىنلىك بىلەن.

— پادىشاھى ئالەم! تىر ۋە بېيروت (ھازىرقى سۈرىيە تەۋەسى) لاردىكى يىپەكچىلەر ئىشسىز قالغىلى بىرنەچچە ئاي بولۇپ قالدى. ئۇلار ئاچ - يالىڭاچلىقتا كۈننى

ئالالمايۋاتىدۇ. پەرسىيىدىن يىپەك كىرگۈزۈشنى ئويلىنىپ كۆرسىلە ئىكەن. جانابى پادىشاھىم! — دېدى يەنە بىر ۋەزىر ئېھتىياتچانلىق بىلەن.

— يۇقىرىقى تۇرمۇشنى ئۆزلىرى ھەل قىلسۇن، مېنىڭ كارىم يوق! — دېدى يۇستىنيان پەسەنت قىلمىغان ھالدا.

— پادىشاھى ئالەم! شۇنچە كۆپ ئادەم ئىشسىز قالدى. ئىسيان كۆتەرسە ئىش چاتاق بولىدۇ! يىپەك، ئىمپېرىيىمىزنىڭ چوڭ كىرىمى، چۈنكى پۇل يوق جەڭ قىلىمىز دېسەك، كۈنىمىزنى ئالمىغىمىز تەس بولارمىكىن! — دېدى ئۈچىنچى بىر ۋەزىر سەمىمىلىك بىلەن.

يۇستىنيان ئولتۇرالمىدى. ۋەزىرلەرنىڭ تەلىۋى ئۇنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشكە مەجبۇرلىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، مەجلىسخانىدا ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ، ئىككىنچى قەدەمدىكى پىلانلىرىنى ئويلاشقا باشلىدى.

چۈنكى، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تەۋەلىكىدىكى تىر، بېيروت دېگەن ئىككى شەھەر يىپەك سانائىتىنىڭ مۇھىم مەركىزى ئىدى، ئۇ يەردىكى كارخانىلاردا مەخسۇس جۇڭگونىڭ يىپەكلىرى پىششىقلاپ ئىشلىنەتتى: پەرسىيىدىن كىرگۈزۈلىدىغان جۇڭگونىڭ تاۋار-دۇردۇنلىرىنى تىتىپ ئىنچىكە يىپلارغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، كەندىر تالالىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ، شايى توقۇيتتى، ئاندىن ئۇ شايىلارنى بوياپ، ئۇنىڭغا كەشتە تىكىپ، ياۋروپا بازارلىرىدا قىممەت باھادا ساتاتتى. بەزىدە پەرسىيىدىن كىرگۈزۈلگەن ئاق ياغلىقلارنى ئۆزگەرتمەستىنلا بوياپ ۋە ئۇلارغا زەر-كەشتە تىكىپ ياۋروپا، شىمالىي ئافرىقىنىڭ جاي-جايلىرىدا ئىنتايىن يۇقىرى باھادا ساتات-

تى. شۇڭا يىپەكنى پىششىقلاپ ئىشلەش، شەرقىي رىم ئىمپېرى-يىسىنىڭ مۇھىم كىرىمى ئىدى.

يۇستىنان پايدا-زىيان مۇناسىۋىتىنى دەڭسەپ كۆرگەن-دىن كېيىن، يەنىلا يىپەكنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق پۇل تېپىش ئۇستىدە باش قاتۇردى. ئۇ تازا بىر خۇرسىنىپ قويۇپ:

— بوپتۇ، پىرسىيە بىلەن سۇلھى قىلىشاق قىلايلى، — دېدى.

سۆھبەت ئۆتكۈزۈش نەتىجىسىدە، پىرسىيە سۇلھى قىلىشقا قوشۇلدى، ئەمما ناھايىتى ئېغىر شەرت قويدى: شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىدىن پىرسىيە كىرگۈزىدىغان ماللارغا چەك قويۇشتىن ۋاز كېچىشى ھەمدە ھەر يىلى پىرسىيىگە 11 مىڭ قاداق ئالتۇن خىراج تۆلەشنى تەلەپ قىلدى. يۇستىنان غەزەپتىن ئۆرتەندى، ئەمما ئامال قىلالمىدى. دەل مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە، توساتتىن ئىككى راھىپ يۇستىنان بىلەن كۆرۈ-شۇشنى تەلەپ قىلدى.

— كۆرۈشمەيمەن! — دېدى يۇستىنان تاقەتسىزلىك بىلەن ياساۋۇلغا.

— ئۇلار يىپەك ئىشلەشنى بىلىدىغان ئادەملەر ئىكەن! — دېدى ياساۋۇل.

— ھە! نېمىشكە بۇرۇنراق شۇنداق دېمەيسەن؟ تېز چاقىرىپ كىر!

ئىككى راھىپ كىرىپ سالام بەردى. سالامدىن كېيىن:

— قەيەردىن كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى يۇستىنان.

— پېقىرلەر ھىندىستاندىن كەلدۇق.

— قانداق قىلىپ يىپەك ئىشلەشنى بىلىۋالدىڭلار؟

— جۇڭگوغا بارغان ئىدۇق.

— قانداق بولۇپ جۇڭگوغا بېرىپ قالدىڭلار؟

— جۇڭگو لياڭ پادىشالىغىنىڭ پادىشاسى، بۇددا دىنىنىڭ تەقۋادار مۇرىدى ئىكەن، بۇددا دىنى ئۇ يەرگە ھىندىستاندىن تارقالغاچقا، جۇڭگوغا بېرىشقا مۇيەسسەر بولغان ئىدۇق.

— يىپەك، دەرەختە ئۆسەمدىكەن؟

— يوقسۇ پادىشاھى ئالەم، پىلە قۇرۇتى قۇسىدىكەن.

— نىمە، پىلە؟

— شۇنداق، پىلە بىر خىل كىچىك قۇرۇت ئىكەن، ئۇ ئۈجمە غازىڭىنىلا يەيدىكەن.

— ھە، يۇرتىمىزدا ئۈجمە دەرىخى دىگەن تولا گەپ، بىرلىكتە بېرىپ كۆپرەك پىلە تېپىپ كەلسەڭلار، سىلەرگە چەزمەن ئىنئام بېرىمەن.

— پىلىنىڭ ئۆمرى بەكمۇ قىسقا بولۇپلا قالماي، بېقىشمۇ ناھايىتى قىيىن بولغاچقا، ئېلىپ كەلگىلى بولمايدۇ.

— ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟

— جانابىلىرى كاتتا ئىنئام بېرىشكە ماقۇل بولسىلا بىر ئامال قىلىمىز.

— سىلەرگە جەزمەن كاتتا ئىنئام بېرىمەن!

كۆرۈشۈش ئاياقلاشتى. ئىككى راھىپ پىرسىيە ئارقىلىق جۇڭگوغا كېلىپ، جۇڭگولۇقلاردىن پىلە بېقىش ۋە يىپەك چىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئوغرىلىغان پىلە قۇرۇتلىرىنى قومۇش نەيچىگە سېلىپ، يەنە بىر قېتىم مۈشكۈل سەپەرلەرنى بېسىپ ئارقىلىق كونستانتىنپولغا قايتىپ كەلدى.

پىلە قۇرۇتى كونستانتىنپولغا ئېلىپ كېلىنگەن ۋاقىت،

مىلادى 552 - يىلى ئىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ رىملىقلار پىلە بېقىپ يىپەك چىقىرىشنى ئۆگىنىۋالدى - دە، پېرسىيىلىكلەرنىڭ سودا مونوپولىيىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

مىلادى 12 - ئەسىردە « ئەھلى سەلىپ » 2 - قېتىم شەرققە يۈرۈش قىلغان دەۋرگە كەلگەندە، ئىتالىيىنىڭ پادىشاسى روچار II كونىستانتىنپولدا 2000 دىن ئارتۇق يىپەكچىلىك ئىشچىلىرىنى ئەسىرگە ئېلىۋالدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىتالىيىگە ئېلىپ بېرىپ، پىلە بېقىپ يىپەك چىقىرىشقا سالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىتالىيە، ياۋروپا بويىچە يىپەكچىلىك سانائىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى.

## ئايە سوفىيە ئىبادەتخانىسى

ھازىرقى تۈركىيىنىڭ ئەڭ چوڭ شەھىرى ئىستامبۇلدا 1400 يىلدىن كۆپرەك تارىختا ئىگە بىر قەدىمقى ئىمارەت — ئايە سوفىيە ئىبادەتخانىسى قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ. ئۇ شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شانلىق ئۆلگىسى، شۇنداقلا پادىشا يۇستىنىئاننىڭ ئۆمۈرلۈك «تۆھپىسى» سۈپىتىدە قېپقالغان بىردىن بىر نامايەندە.

مىلادى 532 - يىلى، يۇستىنىئان «نىكا» قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، زور تۈركۈملەپ ئارمىيە تەشكىللەپ «ئەلەم بىلەن ئىدارە قىلىش» قا تايىنىپ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەپ، زېمىن تەۋەلىكىنى كېڭەيتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، «قەلەم بىلەن ئىدارە قىلىش» نى، يەنى دىنىي تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، بارلىق پۇقرالارنى «مۆمىن بەندىلەر»گە ئايلاندۇرۇشنى يولغا قويدى. ئايە سوفىيە ئىبادەتخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى — ئۇنىڭ «قەلەم بىلەن ئىدارە قىلىش»نى يولغا قويۇشتىكى مۇھىم تەدبىرلىرىدىن بىرى ئىدى.

ئىستامبۇل ئۇ چاغدا كونىستانتىنپول دەپ ئاتىلاتتى، ئەسلىدە ئۇ يەردە بىر كونا ئىبادەتخانا بار ئىدى، ئۇزۇن يىللار رېمونت قىلىنمىغانلىقى ھەمدە ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدە

قالغانلىغى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەبجىغى چىقىپ كەتكەن ئىدى. يۇستىنان ئاشۇ ئىبادەتخانىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقىپ، خىرىستىيان دىنىنىڭ شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىدىكى ئوردا ئىبادەتخانىسىغا ئايلاندۇرۇشنى قارار قىلدى.

يۇستىنان ئىككى بىناكارلىق ئۇستىسىنى تەكلىپ قىلدى، بۇلارنىڭ بىرى ئانتىمىس، بىرى ئىسدوراس بولۇپ، ئىككىلىسى كىچىك ئاسىيالىق ئىدى. ئۇلار لايىھىلىگەن بۇ كاتتا ئىبادەتخانا شەرق بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى ئىدى.

بۇ ئىبادەتخانىنىڭ كۆرۈنۈشى چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئېگىز، كۆركەم، ھەيۋەتلىك ئىدى. قاق ئوتتۇرىسىغا چىقىرىلغان گۈمبەز دىئامېتىرى 33 مېتىر كېلىدىغان بىر يۇمۇلاق ۋە ئىككى يېرىم يۇمۇلاق ئەگمىلەردىن تەركىپ تاپقان، بۇ گۈمبەز تۆت ئەگمە پەشتاقتا بېكىتىلگەن ئەگمە دەرۋازىلار ئۈستىدە قەد كۆتىرىپ تۇراتتى. ئىچىدىن قارىغاندا، بۇ ئىبادەتخانا خۇددى «مەجلىس زالى»غا ئوخشايتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىنى تۈۋرۈكلۈك ئايلانما كارىدور ئوراپ تۇراتتى. بۇ قەدىمقى رىم ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ئىدى؛ سىرتتىن قارىغاندا، ھەيۋەتلىك گۈمبەز ئۈستىگە چىقىرىلغان ھەشەمەتلىك بىزەكلەردىن شەرقنىڭ سەنئەت ئۆزگىچىلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

گۈمبەزنىڭ يەردىن ئېگىزلىكى 60 مېتىر كېلەتتى. ئۇ ئەگمىلەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئېچىلغان دەرىزىلەردىن كىرگەن نۇر بىلەن يورۇتۇلۇپ تۇراتتى. ئىبادەتخانىنىڭ ئىچ تاملىرى گۈللۈك سىڭگىر تاشلار بىلەن ئىشلەنگەن ئىدى ھەمدە ئۇ تاملارغا رەڭدار سۈنئىي ياقۇتلارنى زاماسكىلاش

ئارقىلىق نەقىشلەر چىقىرىلغان ئىدى، نەقىشلەر ئۈستىگە قەدىمقى ھېكايە ۋە رىۋايەتلەر، قەھرىمانلىق ئوبرازلىرى شۇنداق جانلىق يېزىلغان ئىدى.

ئايە سوفىيە ئىبادەتخانىسىنى يۇستىنىيان بىر تۈمەن مەدىكار ئىشلىتىپ بەش يىلدا، يەنى 537 - يىلى پۈتتۈرگەن ئىدى. ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى بولۇۋاتقاندا، يۇستىنىياننىڭ «ئەلەم بىلەن ئىدارە قىلىشى» مۇ غايەت زور دەرىجىدە تەرەققى قىلدى. ئۇ، شىمالىي ئافرىقىدىكى ۋاندار پادىشالىقىنى ئىستىلا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، يەنە ئەسكەر چىقىرىپ ئىتالىيە يېرىم ئارىلىدىكى شەرقىي گوت پادىشالىقىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ كاتتا ئىبادەتخانىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ھەمىشە ئۇ يەرگە بېرىپ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى تىلەپ دۇئا قىلدى.

بۇ ئىبادەتخانا خىرىستىيان دىنىنىڭ ئوردا ئىبادەتخانىسى سۈپىتىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ توپ - توغرا توققۇز ئەسىر تۇردى. 1453- يىلى تۈركىيە ئارمىيىسى كونستانتىنىپولغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئىسلام دىنىنىڭ مەسچىتىگە ئۆزگەرتتى ھەمدە ئۇنىڭ ئەتراپىغا يېڭىچە ئىمارەتلەرنى بىنا قىلدى. ھازىر ئىستامبۇلدا قەد كۆتىرىپ تۇرۇۋاتقان رەت - رەت ئاسمان- پەلەك مۇنارلار ئاشۇ چاغدا يېڭىدىن قوشۇلغان ئىدى.

بۇ كاتتا ئىبادەتخانىنىڭ ئىمارەتلىرى ئادەتتىن تاشقىرى پۇختا بولغاچقا، كۆپ قېتىملىق يەر تەۋرەشلەردىمۇ ھېچنېمە بولماي، تا ھازىرغىچە مۇكەممەل ساقلىنىپ كەلدى. بۇ قەدىمىي، ھەيۋەتلىك ئىمارەتنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ئېكىسكۇرسىيە قىلىشى ئۈچۈن، 1935 - يىلى تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۇنى مۇزېيخانىغا ئۆزگەرتتى.

# بۈيۈك چارلىس

مىلادى 774 - يىلىنىڭ بىر كۈنى، فرانكلارنىڭ كاتتا بىر قوشۇنى ئالپس تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ئىتالىيىنىڭ شىمالىدىكى لومباردىيە پادىشالىغىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى.

ئالپس تاغلىرى ياۋروپا بويىچە ئەڭ چوڭ تاغ تىزمىـ سى بولۇپ، ھەيۋەت بىلەن ئاسمان - پەلەك قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ يىل بويى قار ئېرىمەيدىغان ئاق باش چوققىلىرى بار، غارلىرى پۈتۈنلەي مۇزلۇقلاردىن ئىبارەت. قوشۇن ئەلمىساقتىن بۇيان ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن چۆللۈكـ لەر، چوققىلىرى بۇلۇتقا تۇتاشقان قىيا تاغلاردىن ئۆتۈش كېـ رەك بولۇپ، سەپەر ھەقىقەتەن ناھايىتى مۇشەققەتلىك ئىدى.

لېكىن، بۇ كاتتا قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان فرانك پادىشالىغىنىڭ پادىشاسى چارلېسقا بۇ مۇشەققەتلەر ھېچقانچە بىلىنمىدى. ئۇ ئەمدىلا 32 ياشقا كىرگەن، كۆزلىـ رى ئۆتكۈر، ساغلام، قۇۋۋەتلىك ئادەم بولغاچقا، ئالپس تاغلىـ رىنىڭ شىۋىرغانلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيتتى. ئۇ بېشىغا تۆمۈر دوبۇلغا، قوللىرىغا تۆمۈر قولقاپ، كۆكرەك، گەجگە ۋە يوتىلىرىغا تۆمۈر ساۋۇت كىيىۋالغان بولۇپ، پۈتۈن بەدىنىـ نى تۆمۈر بىلەن ئورىۋالغان ئىدى. ئۇ سول قولىدا تۆمۈر نەيزە تۇتۇپ، ئوڭ قولىدا يېنىغا ئېسىۋالغان خەنجىرىنىڭ

سېپىنى تۇتۇپ ماڭاتتى. تەبىئىكى، ئۇ مىنىۋالغان تۇلپارنىڭ رەڭگىمۇ قارا ئىدى. پۈتكۈل قوشۇندىكىلەرنىڭ جابدۇنۇشى چارلىسنى ئۈلگە قىلغان ئىدى، قوشۇن تاغلىقتا كېتىۋاتقاندا تۆمۈر قوراللاردىن چاقنىغان نۇرلار ئەتراپتا يالتىرايتتى.


بۈيۈك چارلىس

فرانك پادىشالىغى غەربىي ياۋروپادىكى ۋارۋارلار پادىشالىقلىرى ئارىسىدا ئەڭ قۇدرەتلىكى ئىدى. 5 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، فرانكلار غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ گاللىيىدىكى ئەڭ ئاخىرقى زېمىنىنى ئىشغال قىلدى. مىلادى 751 - يىلى چارلىسنىڭ دادىسى فرانكنىڭ پادىشالىق تەختىگە چىقتى. 768 - يىلى چارلىس تەختكە چىققاندىن كېيىن، فرانك پادىشالىغىنىڭ دۆلەت كۈچى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە قۇدرەت تاپتى. بۇ قېتىمقى لومباردىيىگە يۈرۈش قىلىش، چارلىسنىڭ فرانك پادىشالىغىغا پادىشا بولغاندىن كېيىنكى بىرىنچى قېتىملىق بىۋاستە يۈرۈش قىلىشى ئىدى.

لومباردىيىنىڭ پادىشاسى، چارلىسنىڭ قېيناتىسى ئىدى. بۇنداق تۇرسا، چارلىس نېمىشكە قېيناتىسىنىڭ

دۆلەت زىمىنىغا ھۇجۇم قىلىدۇ؟

ئەسلىدە، لومباردىيلىكلەر رىمغا كۆپ قېتىملاپ ھۇجۇم قىلغان، چارلېس رىم پاپىسىنىڭ تەلىۋى بويىچە لومباردىيىگە ھۇجۇم قىلغان. لومباردىيلىكلەر ئۇرۇشتا يېڭىلگەن. چارلېس، لومباردىيە پادىشاسىنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالغان. تەبىئىكى، مەلىكە، چارلېسنىڭ ۋاپادارلىقىغا ئېرىشەلمىگەن. لومباردىيە پادىشاسى ناھايىتى خاپا بولۇپ، چارلېس بىلەن قارشىلىشىشقا قەسەم ئىچكەن. چارلېس پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، لومباردىيە پادىشالىقىنى بوي سۇندۇرۇپ، ئىتالىيىنىڭ شىمالىي قىسمىنى فرانك تەۋەلىكىگە قوشۇۋېلىش قارارىغا كەلگەن.

فرانك ئارمىيىسى ئالپس تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ئىزچىل تېزلىك بىلەن شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، ئىنتايىن تېزلىكتە لومباردىيىنىڭ پايتەختى پاۋىيىگە قىستاپ كەلدى.

لومباردىيە پادىشاسى ئۆزىنىڭ كۈيوغلى چارلېسنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭ ئارمىيىسىنىڭ پايتەختكە قىستاپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شەخسەن ئۆزى ئىگىز بىر مۇنارىغا چىقىپ نەزەر سالدى. بىر فرانك ئاقسۆڭەكمۇ پادىشاغا ھەمرا بولۇپ مۇنارىغا چىقتى. ئۇ بۇرۇن چارلېسنىڭ چېشىغا تېگىپ قويغانلىقتىن، لومباردىيىگە قېچىپ كېلىۋالغان ئىدى.

فرانك ئارمىيىسى يىراقتىن كۆرۈندى.

— ئاشۇلار ئىچىدە چارلېسمۇ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى پادىشا، ئاقسۆڭەكتىن.

— يوقسۇ، — دىدى ئاقسۆڭەك بېشىنى چايقاپ، —

ئۇلار چارلىسنىڭ يۈك هارۋىلىرى.

— نىمە دىگەن كۆپ - ھە! — دەپ چۆچۈدى پادىشا. ئارقىدىنلا چەۋەندازلارنىڭ كاتتا قوشۇنى كۆرۈندى-دە، — چارلىس جەزمەن ئاشۇ قوشۇندا بار، — دەپ جەزىم قىلدى.

— يوقسۇ، پادىشاھى ئالەم، ئۇنىڭدىمۇ يوق.

— ھە، — دىدى پادىشا ئىنتايىن ئالاقزادە بولۇپ، — ئەجەبا ئۇنىڭ تېخى بۇنىڭدىنمۇ زور قوشۇنى بارمۇ؟ ئۇ زادى قەيەردە؟ بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

— ئۇ يىتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى كۆرىلا، پادىشاھى ئالەم. قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى مەنمۇ بىر نىمە دىيەلمەيمەن.

ئۇلار سۆزلىشىۋاتقاندا، چارلىسنىڭ ئەتراپىدا يۈرىدىغانلار ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈندى. پادىشا زىچ ھەم رەتلىك ھالدا كېلىۋاتقان قوشۇننى كۆرۈپ:

— ئەزىبىراھى خۇدا، چارلىس كەلدى! — دەپ ئالاقزادىلىك بىلەن توۋلىۋەتتى.

ئەمما ھىلىقى ئاقسۆڭەك ئاۋالقىدەكلا ئىنكار قىلدى:

— يوقسۇ، ئۇلارمۇ ئەمەس، ئۇلار چارلىسنىڭ ئېپىسكوپ، مۇناستىر باشلىقلىرى، ئۇردا ئۇستازلىرىدىن تەركىپ تاپقان قوشۇنى پادىشاھى ئالەم، ئېكىنزارلىقتا قوييۇق ئۆسكەن زىرائەتلەردەك تۆمۈرلەر پەيدا بولۇپ، تۆمۈرلەردىن ئەكس ئەتكەن نۇر بىلەن دەريا قاراڭغۇ كۆرۈنگەندە چارلىس كەلدى دەپ بىلگەيلا!

ئاقسۆڭەكنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە، غەرپ تەرەپتىن بىر پارچە قارا بۇلۇت ئەگىپ كەلدى. سۈزۈك هاۋالىق كۈندۈز دەرمەھەلدىلا قورقۇنچلۇق زۇلمەت قاراڭغۇلۇغىغا چۆمدى؛ چارلىس ئارمىيىسىنىڭ يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن جەڭچىلەردىكى شەمشەرلەردىن ئەكس ئەتكەن نۇرلار زۇلمەت قاراڭغۇلۇقنى يوپ - يورۇق كۈندۈزگە ئايلاندۇردى. ئەمما بۇ يورۇقلۇق لومباردىيىنىڭ پادىشاسى ۋە ئۇنىڭ مۇداپىئە ئارمىيىسىگە قاراڭغۇ كېچىدىنمۇ بەكرەك زۇلمەتلىك بولۇپ كۆرۈندى.



فرانك ياساۋۇللار

— ئەنە، جاناپلىرى كۈتكەن چارلىس ئەنە ئاشۇ يەردە! — ئاقسۆڭەك سۆزىنى تۈگىتىپلا، داڭقىتىپ قالغان پادىشانى يېتىلەپ تېزلىكتە مۇناردىن پەسكە چۈشتى. پادىشا ئالاقزادىلىك ئىچىدە قول ئاستىدىكىلەرگە:

— شەھەر دەرۋازىسىنى مەھكەم تاقاڭلار! مەھكەم تاقاڭلار! — دەپ تەكرار جېكىلىدى.

چارلىس، پاۋىيە شەھىرىنىڭ دەرۋازىسى مەھكەم تاقالغانلىقىنى كۆرۈپ كۈلدى - دە، ئادەملىرىگە:

— بولۇپتۇ ئەمىسە، شەھەرگە بۆگۈنچە كىرمەيلى. بى-

راق، خەقنىڭ بىزنى مۇشۇ بىر كۈننى يالقاۋلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتى دەپ ئەيىپلىمەسلىكى ئۈچۈن، سىلەردىن دەرھال ئۆزلىرىڭلارغا بىر كىچىك ئىبادەتخانا ياساپ چىقىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن؛ ئەگەر ئۇلار دەرۋازىنى تېزرەك ئېچىپ بەرمىسە بىز بۇ يەردە تەقۋادارلىق بىلەن ئاللاغا چوقۇنىمىز! — دېدى.

چارلېسنىڭ سۆزى بىلەن تەڭلا، قول ئاستىدىكىلەر تەرەپ - تەرەپكە چاپتى. تاش، ئاھاك، ياغاچ ۋە سىر - بوياقلارنى تېپىپ كېلىپ، ھەرقاچان چارلېسقا ئەگىشىپ يۈرىدىغان ماھىر ئۇستىلارغا تاپشۇردى. ئۇلار بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا تام - تورۇسلىرى راۋۇرۇس ھەممە كۆڭگۈرلۈق شىپ ۋە تام رەسىملىرى بىلەن بىزەلگەن بىر ئىبادەتخانا ياساپ چىقتى.

2 - كۈنى تاڭ سەھەردە، لومباردىيە پادىشاسى شەھەر دەرۋازىسى ئۈستىگە چىقتى - دە، ھەيرانلىق ئىچىدە بىر كېچىدىلا ئۆز شەھىرى ئالدىغا ئەپسانىلەردىكى تىلسىماتقا ئوخشاش ھەيۋەتلىك بىر ئىبادەتخانا پەيدا بولۇپ قالغانلىغىنى كۆردى. ئۇنىڭ مۆلچىرىچە، مۇنداق ئىبادەتخانىنى كەم دېگەندىمۇ بىر يىلدا ياساپ چىققىلى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نائىلاج بولدى - دە، كۈيوغلى چارلېس پادىشاغا تەسلىم بولدى ھەمدە ئۆزىنى ئۆمۈرلۈك سۈرگۈن قىلىش شەرتىنى قوبۇل قىلىپ، چارلېسنىڭ ئوغلىنى لومباردىيە پادىشالىغىنىڭ ئەمىرلىكىگە تۇرغۇزدى. شۇنداق قىلىپ، ئىتالىيىنىڭ شىمالىي قىسمى، فرانك پادىشالىغىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى.

ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، چارلېس يەنە جەنۇپ

تەرەپتىكى ئىسپانىيىگە ھۇجۇم قىلدى. فرانك پادىشالىغى بىلەن ئىسپانىيە ئوتتۇرىسىدا تىك ھەم ئۇزۇن سوزۇلغان پىرىنېي تاغ تىزمىسى بار ئىدى. 778 - يىلى چارلىس، ئارمىيىنى باشلاپ بۇ تاغ تىزمىسىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، غەربىي جەنۇپقا قاراپ ئاتلاندى، ئەمما شۇ ھامانلا ئىسپانلارنىڭ شىددەتلىك قارشىلىقىغا ئۇچراپ، نائىلاج ئارقىغا چېكىندى. چېكىنىپ قايتىش سەپىرىدە، ئۇنىڭ ئارقا سەپ قوشۇنى پىرىنېي تېغىنىڭ لانسېۋال جىلغىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، يەرلىكلەرنىڭ تويۇقسىز زەربىسىگە ئۇچرىدى. بۇ يەرلەر ناھايىتى كەڭ ھەم قويۇق ئورمانزارلىقلار بىلەن ئورالغاچقا، يوشۇرۇنۇشقا ئىنتايىن باپ كېلەتتى. ئارقا سەپ قوشۇنى ئۇزۇن قاتار بولۇپ تار جىلغىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا كەچ كىرىپ قالغان ئىدى. يەرلىكلەر قاراڭغۇدا باتۇرلۇق بىلەن جىلغىغا بېسىپ چۈشۈپ، ئارقا سەپ قوشۇنىنىڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلىرىدىن بىرىنىمۇ قويماي دىگۈدەك يوقاتتى؛ ئاخىرىدا يۈك ھارۋىلىرىنىمۇ تارتىۋېلىپ، جەڭ مەيدانىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى تويۇقسىز زەربىدە چارلىسنىڭ قول ئاستىدىكى بىر سەركەردە جەڭ قىلىپ ئۆلدى. بۇ جەڭنى كېيىنكى كۆنلەردىكى ئەدىپلەر تىپىكلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ مەشھۇر بىر داستان، يەنى فرانسىيىنىڭ ئەڭ مۇقەددەم مىللى داستانى «رولەند قوشىغى» قىلىپ يېزىپ چىققان ئىدى.

23 يىلدىن كېيىن، زىمىن كېڭەيتمىچىلىگىنىڭ مەستانىسى چارلىس شاھ، پىرىنېي تېغىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتۈپ، ئىسپانىيىگە يۈرۈش قىلدى ۋە ئاقىۋەت بۇ تاغنىڭ

جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىنلارنى كاپ ئېتىۋەتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ يەنە بىر ئوغلىنى بۇ يەرنىڭ ئەمىرلىكىگە بەلگىلىدى.

چارلىسنىڭ ئۆمۈر بويى قوزغىغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرى ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغىنى — ئۇنىڭ شىمالدىكى ساكسونلارنى بوي سۇندۇرۇش يولىدىكى ئۇرۇشى بولدى. ئۇ خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىشنى بانا قىلىپ، 772-يىلىدىن باشلاپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ سەككىز قېتىم ھۇجۇم قىلدى، بۇ ئۇرۇش 33 يىل داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا، ساكسونلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، فرانكلارنىڭ نۇرغۇن سەركەردىلىرى، بارونلىرى ۋە خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. چارلىس ئىنتايىن ۋەھشى ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، گۆرۈگە تۇتۇلغان 4500 ساكسوننى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى. ئۇ يەنە قول ئاستىدىكىلەرگە بارلىق ساكسون ئۆسمۈرلىرىنى قىلىچ بىلەن ئۆلچەپ بېقىپ، بويى قىلىچتىن ئېشىپ كەتكەنلىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى. 804-يىلى ساكسونلار ئاخىرى بوي سۇندۇرۇلۇپ، فرانك پادىشالىغىنىڭ پۇقراسىغا ئايلاندى.

فرانك پادىشالىغى زېمىنىنىڭ كۈندىن كۈنگە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، چارلىس پادىشا دېگەن ئاتاققا قانائەت قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. 799-يىلى رىم ئاقسۆڭەكلىرى پاپا لېۋ III كە قارشى تۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆزىنى جاراھەتلەندۈردى. لېۋ، چارلىستىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئۆتۈندى. چارلىس شۇ ھامان رىمغا لەشكەر باشلاپ كەلدى. رىم ئاقسۆڭەكلىرى چارلىسلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا تىكىۋەتتى؛ ئەمما ئۇلار ئىنتايىن تېزلىكتە چارلىسلار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىندى.

چارلېس بۇ ئاقسۆڭەكلەرگە پاپىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، ئۆلۈم جازاسى بەردى ياكى ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسى بەردى.

800 - يىلى روژدېستۋو بايرىمى كۈنى، سانپېتىر چېركاۋىسى پۈتۈنلەي يېڭىچە بېزەلگەن بولۇپ، چىراقلار چاقناپ تۇراتتى. پاپا، چارلېسنىڭ ھىممىتىگە جاۋاۋەن بۇ يەردە ئۇنىڭغا تاج كىيدۈرۈپ ئۇنى «رىملىقلارنىڭ پادىشاھى» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن فرانك پادىشالىغى «چارلېس ئىمپېرىيىسى» دەپ ئاتالدى، پادىشا چارلېس «ئىمپېراتور چارلېس» دەپ ئاتالدى.

چارلېس، فرانكقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 47 يىل ئىچىدە، قورال كۈچى بىلەن دۆلەت زېمىنىنى بىر ھەسسە كېڭەيتتى. ھازىرقى فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، يۇگوسلاۋىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بىرمۇنچە جايلىرى ئەينى زاماندا ئىمپېراتور چارلېسنىڭ ئىمپېرىيىسىگە قاراشلىق ئىدى. بىراق، بۇ ئىمپېرىيىدە بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي بازىس يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر يىلى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان ئۇرۇشلار تۈپەيلى دېخانلارنىڭ سېلىقى ناھايىتى ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئىدى، شۇڭا جايلاردا ئارقا - ئارقىدىن ئىسيانلار كۆتۈرۈلدى، فېئودال قورۇق ئىگىلىرى پادىشانىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئىتائەت قىلمىدى. چارلېسنىڭ 3 - ئەۋلادى بولغان ئۈچ نەۋرىسى ئوتتۇرىسىدا ئىچكى ئۇرۇش بولغان چاققا كەلگەندە، ئىمپېرىيە تېخىمۇ پارچىلىنىشقا يۈزلەندى. 843 - يىلىغا كەلگەندە، پادىشالىقنى تالاشقان ئۈچ تەرەپ ۋېردېندا توختام تۈزۈپ، ئىمپېرىيىنى ئۈچ بۆلەككە

بۆلدى. كېيىنكى كۈنلەردە، بۇ ئۈچ بۆلەكنىڭ زېمىن تەۋە-
لىكلىرىدىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى. 9 - ئەسىرنىڭ
ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، چارلېس ئىمپېراتورلۇغىنىڭ بۇرۇنقى
زېمىنىدا: غەربىي فرانك، يەنى غەربىي فرانسىيە پادىشالىغى؛
شەرقىي فرانك، يەنى نېمىس پادىشالىغى؛ ئىتالىيە پادىشالىغى
قاتارلىق ئۈچ پادىشالىق بارلىققا كەلدى. زامانىمىزدا غەربىي
ياۋروپادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئاساسلىق ئۈچ دۆلەت —
فرانسىيە. گېرمانىيە. ئىتالىيەلەرنىڭ زېمىن تەۋەلىگى ئەنە
شۇ چاغدا شەكىللەنگەن ئىدى.

# كارولىن مەدىنىيىتى

— ئەي خالايىق، قايىسىڭلارغا بىلىم كېرەك بولسا مېنىڭ سېخى قولۇمدىن ئېلىڭلار!

— ئەي يۇرتداشلار، مال - دۇنياغىلا نەزەر سالماي، ئاز - تولا بىلىمۇ ئېلىڭلار!

فرانىك پادىشالىغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى دېڭىز ياقىسىغا جايلاشقان بىر بازاردا شوتلاندىيىلىك ئىككى ئادەم توختىماستىن ئاشۇنداق دەپ سۈرەن سېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ شۇنچە ئىخلاسمەنلىك بىلەن توۋلاۋاتقانلىغىنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇلارنى چۆرىدەشتى.

بىر بوۋاي ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ھېچنېمە يوقلۇغىنى كۆرۈپ شۈبھىلەندى - دە:

— بىلىم قەيەردە؟ قانداق نېمە ئۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىلىم مېنىڭ قەلبىمدە، ئۇنى كۆرگىلى ياكى تۇتقىلى بولمايدۇ، ئەمما ئۇنى بىلىۋالسىڭىز مال - دۇنيادىن ئوبدانراق ئەسقاتىدۇ، — شوتلاندىيىلىك جىددىلىك بىلەن جاۋاپ بەردى.

— ھە! — دېدى بوۋاي كۈلۈپ قويۇپ، — شۇنداق

گەپمىدى، ماڭا ئۇنىڭ كېرىگى يوق!

مىلادى 8 - ئەسىردە قەدىمقى يۇنان، رىملارنىڭ مەدىنىيەت ئەنئەنىلىرى نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ چۆشكۈنلىشىشىگە ئەگىشىپ ۋەيران بولغان ئىدى. رىم دەۋرىدە، جامائەت ۋە خۇسۇسىلارنىڭ ساقلىغان كىتابلىرى، 5 -، 6 - ئەسىردىن كېيىن، بىر ۋارىغى بۇزۇلۇپ - چېچىلىپ كەتكەچكە، فرانىك پادىشالىغىدىكى پۇقرالار ساۋاتسىز بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئىمپىراتور چارلىسنىڭ سارىيىدىكى نۇرغۇن ۋەزىر - ۋۇزرالارمۇ ئىلىپبەنىڭ سۇنۇغىنى بىلمەيتتى. شۇڭا كىشىلەر «بىلىم» دىگەن سۆزنىمۇ چۈشەنمەيدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدى. جامائەت شوتلاندىيىلىك ئىككى كىشىنىڭ ئالدىدا بىر پەس پاراقلىشىپ كۈلۈشتى - دە، تارقىلىپ كېتىشتى.

بىراق بۇ گەپ چارلىسنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ باردى. شۇ ھامانلا شوتلاندىيىلىك ئىككى كىشىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇلارنى قوبۇل قىلدى.

— ئاڭلىشىمچە، ئىككىڭلار بىلىم ئېلىپ كەپسىلەر، شۇنداقمۇ؟ — چارلىس مۇلايىملىق بىلەن سورىدى.

— شۇنداق، پادىشاھى ئالەم، ئىككىمىزدە بىلىم بار، بىز ئاللا يولىدا بۇ بىلىمنى ئۇنى ئۆگىنىشكە مۇناسىپ كېلىدىغان كىشىلەرگە ئۆگىتىپ قويۇشقا خۇشتارمىز، — شوتلاندىيىلىكلەر ئىززەت - ئىكرام بىلەن جاۋاپ بەردى.

— سىلەرگە قانداق بەدەل تۆلەيمىز؟

— يوقسۇ، پادىشاھى ئالەم، بىزگە ھېچقانداق بەدەل كېرەك ئەمەس، ئىلىم سۆزلىگۈدەك مۇۋاپىق بىر جاي بېرىلسە ھەمدە ئەقىللىقراق ئادەملەر ئۆگەنسىلا بولىدۇ!

شوتلاندىيىلىكنىڭ جاۋاۋىدىن پادىشا ئىنتايىن مەمنۇن
بولدى. چارلېس پادىشا بولغاندىن كېيىن، ئىمپېرىيىگە خىز-
مەت قىلىدىغان قابىللارنىڭ ناھايىتى ئازلىغىنى چوڭقۇر
ھېس قىلدى، دىنىي جەمىيەت ۋە ئىبادەتخانىلارغا مەكتەپ
قۇرۇشقا پەرمان بەرگەن ھەمدە ئوردىدا ئىنستىتوت قۇرۇپ،
راھىپ ۋە ئۆلىمالارنى كەڭ تۈردە دەرس سۆزلەشكە تەك-
لىپ قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ قۇرامىغا يەتكەندىن
كېيىن مەدىنىيەت ئۆگەنگەن ئىدى. مىلادى 774 - يىلى
ئىتالىيىگە يۈرۈش قىلغاندا، ئۇ شۇ يەرلىك مەشھۇر ئالىم
پېتىر ۋە باشقا بىلىملىك دىن تارقاتقۇچىلارنى ئېلىپ كې-
لىپ، مەكتەپ باشقۇرتقۇزدى ھەمدە پېتىردىن گىراماما-
تىكا ئۆگەندى. گىرېكچە ھەم لاتىنچىنى ئىگەللىدى. كېيىنچە
يەنە ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئالىم ئالكۇندىن ئىستىلىستىكا،
مۇنازىرە مېتودى ۋە ئاسترونومىيە ئۆگەندى ھەمدە پىلانىت-
لارنىڭ ھەركىتىنى ئىنتايىن ئىنچىكىلەپ كۆزەتتى. ئۇ بەزى-
لەرنىڭ ئىختىيارىي ماتارىپىنى يولغا قويغانلىغىنى كۆرۈپ،
ئىچ - ئىچىدىن خوشاللاندى. ئىسىلزادىلەر، ئوتتۇرا تەبىقە-
دىكىلەر ۋە يوقسۇللاردىن كېلىپ چىققان ئوغۇللاردىن بىر
تۈركۈمنى تاللاپ چىقىشقا پەرمان بېرىپ، ئۇلارغا ئۆي -
جاي ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ھەل قىلىپ بېرىپ بىر مەكتەپ
قۇردى، ئۆزى يەنە ئۇرۇشقا ئاتلاندى.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، چارلېس
ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىپ، بۇ مەكتەپتىكى ئوغۇللارنىڭ سا-
ۋادىنى شەخسەن ئۆزى تەكشۈردى. نەتىجىدە، ئوتتۇرا ۋە
تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بالىلارنىڭ ساۋادىنىڭ ناھا-

يېتى ياخشى ئىكەنلىكى، ئىسىلزادىلەر تەبىقىسىدىن كېلىپ چىققان باللارنىڭ ساۋادىنىڭ ناھايىتى ناچارلىقى مەلۇم بولدى. تەكشۈرۈش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، چارلىس ساۋادى ياخشى چىققان باللارنى ئۆز ئەتراپىغا يىغدى ۋە ئۇلارغا مېھرىۋانلىق بىلەن:

— باللىرىم، سىلەر پۈتۈن كۈچۈڭلار بىلەن بۇيرۇغۇمنى ئىجرا قىلىپ، مېنى ئىنتايىن خوشال قىلدىڭلار، ئۆزەڭلارمۇ بىلىم ئالدىڭلار. سىلەر داۋاملىق مۇشۇنداق تىرىشىپ ئۆگىنىڭلار، مەن سىلەرگە ئېپىسكوپلارنىڭ باشقۇرۇش رايونلىرىنى ۋە ھەشەمەتلىك مۇناستىرلارنى ئاتا قىلىمەن. سىلەر مەڭگۈ شان - شۆھرەتلىك بولىسىلەر، — دېدى.

ئارقىدىنلا ئۇ، ئۆگىنىشتە ناچار بولغان باللارغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى ۋە گۈلدۈرمامىدەك غەزەپ بىلەن ئۇلارغا ۋاقىرىدى:

— ھەي ئاقسۆڭەك، ئەمەلدارلارنىڭ بەگزادىلىرى، ئەيشى - ئىشرەتتە ئۆسكەن قۇرۇق سۆلەتلەر! سەنلەر نەسىل ۋە مال - مۈلۈكلىرىڭنى مىننەت قىلىپ، مېنىڭ ئالغا بېسىشنى كۆزلەش ھەققىدىكى پەرمانىمنى ئاڭلىماسلىققا سېلىشىپسەن، ئەيشى - ئىشرەت، كەيىپ - ساپاغا بېرىلىپ، بىكار تەلەتلىك بىلەن ھارامتاماقلىق قىلىپ يۈرۈشۈپسەن! — ئۇ ھەيۋەت بىلەن بېشىنى كۆتىرىپ، قاتتىق ۋاقىرىدى، — خۇدا تۇرۇپتۇكى، سەنلەرنىڭ ئىسىلزادە نەسەپ ۋە چىرايلىق كىيىملىرىڭ ماڭا سەت كۆرۈنىدۇ! قەسەم ئىچىمەنكى، سەنلەر جاسارەت بىلەن كىتاپ ئوقۇپ، بۇرۇنقى يالقاۋلىقلىرىڭنى تۈزەتمىگىچە، مەن سىلەرگە مەڭگۈ ھېچقانداق مېھرى -

شەپقەت قىلمايمەن!

چارلىس شۇنداق دېدى ۋە شۇنداق قىلدى. ئەڭ ياخشى ئوقۇغان كەمبەغەل بالىلارنى ئىبادەتخانىلارغا دىن تارقاتقۇچى بولۇشقا ئەۋەتتى. پۇرسەت بولسىلا ئۇلارنى ئۆستۈردى.

بىر قېتىم، بىراۋ ئۇنىڭغا مەلۇم رايوننىڭ ئېپىسكوپى ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا ئۆز روھىنى قۇتقۇلدۇرۇش يولىدا ئىنئام تەقدىم قىلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

خەۋەر يەتكۈزگۈچى: بۇ ئېپىسكوپ ناھايىتى نامرات ئىدى، پەقەت ئىككى قاداق كۈمۈش ئىنئام قىلدى، — دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ چارلىسنىڭ كەيپى ئۇچتى. دەل شۇ چاغدا، ئوردىدىكى ياش دىن تارقاتقۇچى، چارلىسقا ئەرزۇ ھال ئېيتىپ: ئەگەر مەن بۇ ئېپىسكوپنىڭ ئورنىنى باسسام ناھايىتى زور ئىنئام تەقدىم قىلاتتىم، — دېدى. چارلىس بۇ ياش دىن تارقاتقۇچىنىڭ ئەسلىدە ناھايىتى ياخشى ئوقۇغان بىر كەمبەغەل بالا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى.

بىردەمدىن كېيىنلا، ئورغۇنلىغان ئىسىلزادە مۆتىۋەرلەر ئوردىغا كىرىپ كەلدى ۋە چارلىستىن ئېپىسكوپلۇق مەرتىۋىسىنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلىشتى؛ ئارقىدىنلا خانىشمۇ شەخسەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، چارلىستىن ئېپىسكوپلۇق مەرتىۋىسىنى ئۆزىگە ئىنتايىن ساداقەت بولغان بىر دىن تارقاتقۇچىغا بېرىشىنى ئۆتۈندى.

چارلېس قايتا ـ قايتا ئويلانغاندىن كېيىن، ئاخىرى ئىسلزادە مۆتىۋەرلەر ۋە خانىشنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلىپ، ھىلىقى ياش دىن تارقاتقۇچىنى ئېپىسكوپلۇق مەرتىۋىسىگە كۆتەردى، ئەمما ئۇنىڭغا جىددى ھالدا:

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ ۋەدىسىگە جەزمەن ئەمەل قىلىشىڭىز، ماڭا چوڭ تۆھپە قوشۇشىڭىز كېرەك! — دېدى.

شۇنداق قىلىپ ھىلىقى ياش دىن تارقاتقۇچى ئېپىسكوپ بولدى.

چارلېس كىچىكىدىن تارتىپلا دىنىي تۇرمۇش ئىچىدە چوڭ بولغاچقا، خىرىستىيان دىنىغا ئىنتايىن سادىق ۋە تەقۋادار ئىدى. دەسلەپتە ئۇ، مۇقىم پايتەخت بولمىغاچقا، مەملىكەتنىڭ جاي ـ جايلىرىدا كېزىپ يۈرەتتى. ئۇ پادىشا بولغاندىن كېيىن، ئاخېننى پايتەخت قىلدى ھەمدە ئۇ يەردە كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان ئوردا ـ سارايلار ۋە چېركاۋلارنى سالدۇردى. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ نۇرغۇن جايلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر بىلەن بىزەلگەن، دەرۋازا ۋە يان ئىشىكلىرى مىستىن مۇستەھكەم ياسالغاچقا، ناھايىتى ھەشەمەتلىك كۆرۈنەتتى. مەرمەردىن ياسالغان تۈۋرۈكلەرنىڭ ھەممىسى يىراقتىكى رىم قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمقى ئىمارەتلەرنى بۇزۇپ ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى. ئۇ سالامەتلىكى يار بەرسىلا، ئەتىگەن ئاخشاملىرى ۋە كېچىلەردە، شۇنداقلا نەزىر ـ چىراق قىلىنغان چاغلاردا دائىم چېركاۋغا بېرىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلاتتى. ئوردا ـ سارايلار، چېركاۋلارنىڭ سېلىنىشىغا ئەگىشىپ، رەسىمچىلىك، ئويمىچىلىق قاتارلىق سەنئەتلەرمۇ تەرەققى قىلغان ئىدى. ئاخېندىكى

ئوردا ئىبادەتخانىسى تاكى ھازىرغىچە ساقلانماقتا.

... ئىمپېراتور چارلىس ھۆكۈمرانلىق قىلغان 46 يىل جەريانىدا، فرانكىنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرى ئۆتە كەتكى نەچچە ئەسىرگە قارىغاندا گۈللەندى ۋە تەرەققى قىلدى. لېكىن، بۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت، مائارىپنى دىنىي جەمئىيەت مونوپول قىلىۋالغاچقا، دىن تارقاتقۇچى راھىپلار-دىن باشقا، تەربىيە ئالىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. دەرسنىڭ مەقسىدى — دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدى: ئىستىلىستىكا، ئىنجىل تەرىقەتچىلىكىنى يولغا قويىدىغان مۇنازىرەشۇناسلارنى تەربىيەلەشكە قوللىنىلاتتى، لوگىكا، تەقدىرچىلىكنى ئىسپاتلاش ۋە بىدئەتلىكنى رەت قىلىشتىكى فورمال ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش ئۇسۇلى سۈپىتىدە ئوقۇتۇ-لاتتى؛ مۇزىكىنىڭ مەزمۇنى ئىبادەت ناخشىسى ئىدى. ئاسترونومىيە دەرسى دىنىي ئايەملەرنى ھېساپلاش ۋە



ئوتتۇرا ئەسىردىكى خەتتاتلار

مۇنەججىملىك قىلىش ئۈچۈن قولللىنىلاتتى. چارلىس يەنە
ئادەم ئەۋەتىپ، بىرمۇنچە لاتىنچە ۋە گرېكچە قوليازمى-
لارنى يىققان ۋە كۆچۈرۈۋالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ
مەزمۇنىنى پۈتۈنلەي بىلمەيتتى؛ لېكىن بۇ كېيىنكى ئەۋلات-
لارغا كىلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنى
قالدۇرۇش رولىنى ئوينىغان. ئىمپىراتور چارلىس ھۆكۈمرانلى-
قىدىكى سۇلالە كارولىن سۇلالىسى دەپ ئاتالغاچقا، كېيىنكى
تارىخچىلار چارلىس دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنى «كارولىن مەدە-
نىيىتى» دەپ ئاتىدى.

## كىيېۋروسنىڭ گۈللىنىشى ۋە غۇلىشى

هازىرقى ياۋروپانىڭ شەرقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىگە ناھايىتى بۇرۇنلا سلاۋيانلار① ئولتۇراقلاشقان ئىدى. سلاۋيانلارنىڭ بويى ئېگىز بولۇپ، ناھايىتى ئەمگەكچان ئىدى. ئۇلار ئەڭ ئاۋال ئۇرۇقداشلىق ئاساسىدىكى قەبىلىۋى تۇرمۇشتا ياشىغان. مىلادى 8 -، 9 - ئەسىرلەردە شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان بەزى كىنەزلىكلەر بارلىققا كەلدى (ياۋروپانىڭ فېئوداللىق دەۋرىدىكى كىنەزلىك دۆلەتلەردە گېرسوگنى دۆلەت باشلىغى قىلغان)، جەنۇپتىكى كىيېۋ بىلەن شىمالدىكى نوۋگورود ئەڭ چوڭ بەگلىكلەر ئىدى.

9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، نوۋگورود كىنەزلىكىنىڭ كىنەزى ئولېگ لەشكەر تارتىپ جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ، كىيېۋنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، كىيېۋنى مەركەز قىلىپ بىرلىككە كەلگەن بىر دۆلەت-

① سلاۋيانلار ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار ناھايىتى كەڭ دائىرىگە تارقالغانلىقتىن شەرقىي سلاۋيانلار، غەربىي سلاۋيانلار ۋە جەنۇبىي سلاۋيانلار دىگەن ئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى. هازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىگە ئولتۇراقلاشقانلار شەرقىي سلاۋيانلار تارمىقىدۇر.

نى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇ دۆلەت تارىختا «كىيېۋرۇس»①
دەپ ئاتالدى. كىنەز ئولېگمۇ تۇنجى «رۇس كىنەزى» (قە-
دىمقى رۇسلارنىڭ ئەڭ ئالى ئۇلۇغ بېگى) بولدى. ئولېگ،
قورال كۈچىگە تايىنىپ سىرتقا قارىتا ئۆزلۈكسىز كېڭەيمىچى-
لىك قىلىپ، كىيېۋرۇسنى پەيدىن - پەي ياۋروپادىكى مەش-
ھۇر قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندۇردى.

ئولېگ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىگور ئۇنىڭ ۋارى-
سى بولدى. ئىگور دۆلەت زېمىنىنى داۋاملىق كېڭەيتىش ئۈ-
چۈن، ئۆز خەلقى ئۈستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىنى ئۆزلۈكسىز
ئېغىرلاشتۇردى.

945 - يىلى قىشتا، ئىگور بىر تۈركۈم ئوردا ئەسكەر-
لىرىنى باشلاپ، دىلىۋىيانلار ئولتۇرۇشلۇق رايونلارغا «چار-
لاش» قا بېرىپ، ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ، ئاھالىلەردىن «ئول-
يان» ئالدى. «ئوليان»نىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ،
قوي تېرىسى، ھەسەل، سېرىق موم ۋاھاكازالار ئىدى. ئەس-
كەرلەر «ئوليان»لارنى كىملەرگە بېسىپ شەھەرگە قايتماق-
چى بولۇۋاتقاندا، ئىگورنىڭ كەيپىياتىدا توساتتىن نارازىلىق
ئالامەتلىرى پەيدا بولدى - دە:

— ئاران مۇشۇنچىلىكمۇ! بوپتۇ ئەمىسە، سىلەر يۈتكەپ
كەتكەچ تۇرۇڭلار، مەن يەنە بىر قېتىم چارلاش ئېلىپ با-
راي، — دېدى.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ ئاز بىر قىسىم ئوردا ئەسكەرلىرى-

---

① جەنۇپ تەرەپكە ئولتۇراقلاشقان شەرقىي سلاۋيانلار ناھايىتى بۇرۇنلا رۇسلار دەپ ئاتالغان ئىدى. رۇسلار ھازىرقى ئورۇسلارنىڭ ئەجدادى ئىدى.

نى باشلاپ يەنە بىر قېتىم «ئۇليان يىغىش» ئۈچۈن كەنتكە
كىردى.

كەنت ئەھلى، كىنەزنىڭ قايتىلاپ كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ
ئارقا - ئارقىدىن غۇلغۇلا قىلىشتى:

— ئەگەر چىلبۆرىلەر چارۋا پادىسى ئىچىگە كىرسە،
ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتمىگىچە، ئۇ چارۋىلارنى يەپ تۈگىتىش ئادى-
تىنى تاشلىمايدۇ!

— بۆرىنى يوقىتايلى، بۇ ئاچ بۆرىلەرنى ئۆلتۈرەيلى!

كەنت ئەھلى تاش پالتا، كالتەك - چوماقلارنى ئې-
لىپ ئىگورغا قاراپ ئېتىلدى. ئوردا ئەسكەرلىرى ئۇلارنىڭ
دەھشەتلىك ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پىتىراپ قې-
چىشقا باشلىدى. ئىگور ئۆز ئەسكەرلىرىنى تىللاشقىمۇ ئۈلگۈر-
مەي، غەزەپلەنگەن جامائەت تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىندى ۋە
ئۇر - ئۇر بىلەن تەككەن پالتا، كالتەكلەر زەربىسىدىن ھەش-
پەش دېگىچە جان ئۈزدى.

ئىگور ئۆلگەندىن كېيىن، تۇل قالغان خوتۇنى گۆدەك
بالىسى شۋىتىسلاۋنىڭ ئورنىدا مۇۋەققەت ھاكىملىق قىلدى.
ئۇ زور تۈركۈملەپ ئەسكەر چىقىرىپ دىرلىۋىيانلارنى دەھشەت-
لىق باستۇردى، ئۇلار ئارىسىدىكى تېنى ئاجىز، ياشانغانلارنى
پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاپ، كۆچىگە تولغانلارنى قۇل قىلدى.

كىنەز سۋىتىسلاۋ ئۆزى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كې-
يىن، قورال كۈچىگە ئاتىسى ئىگوردىنمۇ بەك چوقۇندى. ئۇ
ئادەتتىكىچە ئاق كۆينەك كىيىپ، بىر قۇلىقىغا ھالقا ئېسىپ،
ئۇزۇن ماڭلاي چېچىدىن باشقا چاچلىرىنى چۈشۈرۈۋەتتى.
ئۇنىڭ ئۆمرى جەڭ بىلەن ئۆتتى، ئۇ يۈرۈش قىلغاندا يۈك

نى باشلاپ يەنە بىر قېتىم «ئۇليان يىغىش» ئۈچۈن كەنتكە
كىردى.

كەنت ئەھلى، كىنەزنىڭ قايتىپ كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ
ئارقا - ئارقىدىن غۇلغۇلا قىلىشتى:

— ئەگەر چىلبۆرىلەر چارۋا پادىسى ئىچىگە كىرسە،
ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگىچە، ئۇ چارۋىلارنى يەپ تۈگىتىش ئادى-
تىنى تاشلىمايدۇ!

— بۆرىنى يوقىتايلى، بۇ ئاچ بۆرىلەرنى ئۆلتۈرەيلى!

كەنت ئەھلى تاش پالتا، كالتەك - چوماقلارنى ئې-
لىپ ئىگورغا قاراپ ئېتىلدى. ئوردا ئەسكەرلىرى ئۇلارنىڭ
دەھشەتلىك ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پىتىراپ قې-
چىشقا باشلىدى. ئىگور ئۆز ئەسكەرلىرىنى تىللاشقىمۇ ئۈلگۈر-
مەي، غەزەپلەنگەن جامائەت تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىندى ۋە
ئۇر - ئۇر بىلەن تەككەن پالتا، كالتەكلەر زەربىسىدىن ھەش-
پەش دېگىچە جان ئۈزدى.

ئىگور ئۆلگەندىن كېيىن، تۇل قالغان خوتۇنى گۆدەك
بالىسى شۋىتىسلاۋنىڭ ئورنىدا مۇۋەققەت ھاكىملىق قىلدى.
ئۇ زور تۈركۈملەپ ئەسكەر چىقىرىپ دىرېۋليانلارنى دەھشەت-
لىك باستۇردى، ئۇلار ئارىسىدىكى تېنى ئاجىز، ياشانغانلارنى
پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاپ، كۈچىگە تولغانلارنى قۇل قىلدى.

كىنەز سۋىتىسلاۋ ئۆزى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كې-
يىن، قورال كۈچىگە ئاتىسى ئىگوردىنمۇ بەك چوقۇندى. ئۇ
ئادەتتىكىچە ئاق كۆينەك كىيىپ، بىر قۇلىقىغا ھالقا ئېسىپ،
ئۇزۇن ماڭلاي چېچىدىن باشقا چاچلىرىنى چۈشۈرۈۋەتتى.
ئۇنىڭ ئۆمرى جەڭ بىلەن ئۆتتى، ئۇ يۈرۈش قىلغاندا يۈك

نى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇ دۆلەت تارىختا «كىيېۋرۇس»① دەپ ئاتالدى. كىنەز ئولېگمۇ تۇنجى «رۇس كىنەزى» (قەدىمقى رۇسلارنىڭ ئەڭ ئالى ئۇلۇغ بېگى) بولدى. ئولېگ، قورال كۈچىگە تايىنىپ سىرتقا قارىتا ئۈزلۈكسىز كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، كىيېۋرۇسنى پەيدىن - پەي ياۋروپادىكى مەشھۇر قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندۇردى.

ئولېگ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىگور ئۇنىڭ ۋارىسى بولدى. ئىگور دۆلەت زېمىنىنى داۋاملىق كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئۆز خەلقى ئۈستىدىكى ئېكسپلاتاتسىيىنى ئۈزلۈكسىز ئېغىرلاشتۇردى.

945 - يىلى قىشتا، ئىگور بىر تۈركۈم ئوردا ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، دىلىۋيانلار ئولتۇرۇشلۇق رايونلارغا «چارلاش»قا بېرىپ، ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ، ئاھالىلەردىن «ئولپان» ئالدى. «ئولپان»نىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، قوي تېرىسى، ھەسەل، سېرىق موم ۋاھاكازالار ئىدى. ئەسكەرلەر «ئولپان»لارنى كېملەرگە بېسىپ شەھەرگە قايتماقچى بولۇۋاتقاندا، ئىگورنىڭ كەيپىياتىدا تۇساتتىن نارازىلىق ئالامەتلىرى پەيدا بولدى - دە:

— ئاران مۇشۇنچىلىكمۇ! بوپتۇ ئەمىسە، سىلەر يۆتكەپ كەتكەچ تۇرۇڭلار، مەن يەنە بىر قېتىم چارلاش ئېلىپ باراي، — دېدى.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ ئاز بىر قىسىم ئوردا ئەسكەرلىرىـ

① جەنۇپ تەرەپكە ئولتۇراقلاشقان شەرقىي سلاۋيانلار ناھايىتى بۇرۇنلا رۇسلار دەپ ئاتالغان ئىدى. رۇسلار ھازىرقى ئورۇسلارنىڭ ئەجدادى ئىدى.

ھارۋىسى بولمىسا، ئىگەرنى تەكى قىلىپ يەردە ئۇخلايتتى، چا-
لا پىشقان ئات گۆشى بىلەن ئوزۇقلىنىشقا ئادەتلەنگەن ئىدى.
967 - يىلى، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈ-
زۈپ، ئەسكەر چىقىرىپ بۇلغارىيىنى مەغلۇپ قىلدى ۋە بۇل-
غارىيىنىڭ پايتەختىگە ئولتۇراقلاشماقچى بولۇپ:

«بۇ يەر مېنىڭ زېمىنىمىنىڭ مەركىزى. بارلىق
ياخشى نەرسىلەر: يۇناننىڭ ئالتۇنلىرى، چېخنىڭ كۈمۈشلىرى،
ۋېنگرىيىنىڭ ئاتلىرى، رۇسلارنىڭ قوي، تېرە ۋە ھەسەللە-
رىگىچە قوشۇلۇپ بۇ يەرگە جۇغلىنىشى كېرەك!» — دەپ
تەلۋىلەرچە جاكا چىقاردى.

لېكىن، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى كىيېۋروسنىڭ كۈچلە-
رى ھەددىدىن زىيادە قۇدرەتلىنىپ كېتىشتىن قورقۇپ، دەر-
ھال قوشۇن چىقىرىپ رۇس ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، بۇ
تەلۋە رۇس كىنەزىنى بۇلغارىيىنىڭ پايتەختىدىن قوغلاپ چى-
قاردى. رۇس ئارمىيىسى چېكىنىپ كېتىۋاتقان يوللىرىدا ئۆل-
گەن ئەسكەرلىرىنىڭ جەسىدىنى كۆلخان سېلىپ كۆيدۈرۈۋەتتى
ھەمدە ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق تەزىيە بىلدۈردى.
شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى يەنە رۇس ئارمىيىسىنىڭ ئۆز ئېلى-
گە قايتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۈركلەرگە خەۋەر قىلدى؛
تۈركلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تەڭ يولدا ئۇلارغا يوشۇرۇن
ھۇجۇم قىلىپ، سىۋتىسلاۋنى ئۆلتۈرۈپ، تۈرك ئاتامانى ئۇ-
نىڭ باش سۆڭىكىدە شاراپ ئىچتى.

كىيېۋروسنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى بىر نەچچە ئەۋلات
كىنەزلىرى چەتكە قارىتا داۋاملىق كېڭەيمىچىلىك قىلدى،
مەملىكەت ئىچىگە قارىتا ئېكسپىلاتاتسىيىنى كۈچەيتتى، شۇ-

نىڭ بىلەن دۆلەت كۈچى يەنە بىر مەھەل قۇدرەت تاپتى. ئەمما 1054 - يىلىغا كەلگەندە، بەگلىكتە ئىچكى ماجرا پەيدا بولۇپ، ئۈچ كىچىك بەگلىككە بۆلۈنۈپ كەتتى: بۇ بەگلىكلەر توختىماستىن بىر بىرسىگە جازا يۈرۈشى ئېلىپ باردى، بۇ يېغىلىقلار 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلدى. بۇ چاغدا، جەنۇپ تەرەپتىكى يايلاقلاردا ياشاۋاتقان تۈرك كۆچمەن قەبىلىلىرىدىن قىپچاقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېسىپ كىرىپ، ئەسىرلەر ۋە چارۋا ماللارنى بۇلاپ كېتىش بىلەن كىيېۋرۇس خەلقىگە ئېغىر ئاپەتلەرنى كەلتۈردى.



قىپچاقلارنىڭ ئەسىرلەر ۋە چارۋا ماللارنى بۇلاپ كېتىشلىرى

1185 - يىلى، كىيېۋرۇستە ئىگورسۋىتسلاۋىچ دېگەن بىر كىنەز بولۇپ، دۆلەتنى يېڭىۋاشتىن قۇدرەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئانچە كۆپ بولمىغان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، قىپچاقلارغا بىر قېتىم جازا يۈرۈش قىلدى. ئىگور

سەپىنىڭ ئالدىدا سەركەر بولۇپ مېڭىپ، باتۇرلۇغى ۋە قەيسەرلىگى بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ قەدىرلىشى ۋە ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا ئازچىلىق كۆپچىلىككە تەڭ كېلەلمەي مەغلۇپ بولدى ۋە ئۆزىمۇ قىپچاقلارغا ئەسىر بولدى.

كېيىنچە، بىر شائىر «ئىگورنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىش خاتىرىسى» ناملىق بىر تارىخىي داستان يېزىپ، ئىگورنىڭ باتۇرلۇغى، جاسارىتى، ئۆلۈمدىن قورقماي ۋەتەن سۆيۈش قىزغىنلىغى ۋە پىداكارانە روھىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى. داستاننىڭ مۇنۇ مىسرالىرىغا قاراڭ:

ئەي جەۋەنداز قېرىنداشلىرىم،
ياۋغا ئەسىر بولغاندىن كۆرە،
جەڭدە مەرتلىك بىلەن ئۆلەيلى،
ئۇچقۇر جەڭ تولپارىغا مىنىپ،
ئاشۇ كۆپ - كۆك دوننى كۆزلەيلى.
ئۈمىدىم شۇ،
قىپچاق يايلاقلىرىدا قىلسام قانلىق جەڭ،
ئۇچقۇر جەڭ تولپارىغا مىنىپ،
رۇسلار بىلەن بىر يولدا تۇرۇپ.
مۇشۇ يولدا جاننى تىكسەم مەن،
يا بولمىسا دون سۈيىدىن ئىچسەم قانغۇدەك.

لېكىن، كىيېۋروسنىڭ ئىچكى قىسمى فېئودال خوجىلىقلارغا بۆلۈنگەنلىكتىن، سىياسى جەھەتتە بىرلىككە كېلەلمىگەن، ھەربى ئىشلاردا بىردەك قەدەم باسالمىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىگوردەك ۋەتەنپەرۋەرلەر جاپالىق

كۆرەش قىلىپمۇ، ئەلنى مەغلۇبىيەت تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى. كېيىنكى كۆنلەردە، قىپچاقلارنىڭ ئۈزلۈكسىز پاراكەندىچىلىك سېلىشى ئارقىسىدا، كىيېۋروس گۈللىنىشتىن زەئىپلىشىشكە، زەئىپلىشىشتىن غۇلاشقا قاراپ يۈزلىنىپ ئاخىرقى ھېساپتا پۈتۈنلەي پارچىلىنىپ كەتتى. 13-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنلىرى موڭغۇللار ئىشغالىيىتىگە ئۆتۈپ كەتتى.

ئەمما، كىيېۋروسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققى قىلىشى شەرقىي سىلاۋيانلارنىڭ تارىخىي مۇساپىسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ — ئورۇسلار، ئۇكرائىنلار، بېلورۇسلاردىن ئىبارەت ئۈچ سىلاۋيان مىللىتىنىڭ مەدىنىيەت بۆشۈكى.

## مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام

مىلادى 630-يىلى غېنىۋارنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىن بىرى ئىدى. باشلىرىغا سەللىلەرنى ئورىغان بىر توپ مۇسۇلمان جەڭچىلەر ئۇچقۇر ئەرەپ ئاتلىرىغا مىنىپ، قوللىرىغا ئۆتكۈر شەمشەرلەرنى ئالغان ھالدا ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مەككىگە بېسىپ كىردى.

مۇسۇلمانلارنىڭ داھىسى قول ئىشارىسى قىلىپ توۋلىدى:

— كەئبىگە قاراپ ئالغا!

جەڭچىلەر ھۇررا كۆتىرىپ كاتتا بىر ئىبادەتخانىغا قاراپ ئېتىلدى.

— بىمەنىلىكلەرنى يوقىتايلى! — داھى يەنە بىر قېتىم توۋلىدى.

جەڭچىلەر ئارقا-ئارقىدىن ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، كاتتا ئىبادەتخانا ئىچىگە بېسىپ كىرىپ، ئىبادەتخانىدىكى 360 بۇتنى پۇتۇنلەي چېقىپ تاشلىدى.

— ھەقىقەت ئەلچىسى كەلدى! بىمەنىلىك يوقىتىلدى! بىمەنىلىك جەزمەن يوقىتىلىشى كېرەك! — داھى ئۈچىنچى قېتىم توۋلىدى. ئارقىدىنلا ئۇ بۇ كاتتا ئىبادەتخانىنىڭ تاش تېمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەجرۇل ئەسۋەت — ساماۋى تاشنى سۆيدى.

جەڭچىلەر تولۇپ تاشقان غالىبىيەت خۇشاللىقى بىلەن قىن - قىنىغا پاتماي ھەجرۇل ئەسۋەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، لەۋلىرىنى تەككۈزگەن ھالدا ئۇنى سۆيۈشتى.

كەئبە ئىبادەتخانىسى مەككىدە ئەڭ ھەيۋەتلىك بىر قەدىمىي ئىبادەتخانا بولۇپ، ئۇ ئەرەپلەرنىڭ قەدىمدىن بۇيان ئېتىقات قىلىپ كېلىۋاتقان كۆپ خۇدالىق دىنىنىڭ مەركىزى ئىدى. ھەجرۇل ئەسۋەت بىر پارچە قارامېتورىت تاش بولۇپ، ئۇ ئەرەپلەرنىڭ ئەنئەنىۋى چوقۇنىدىغان نەرسىسى ئىدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئىسلام ئاچقاندىن كېيىن، ئەرەپلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىپ «مۇسۇلمان» (بۇ ئەرەپچە سۆز بولۇپ، «ئاللاغا ئېتىقات قىلغۇچى» دىگەن مەنىدە ئېيتىلىدۇ ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغۇچىلارغا قارىتىلىدۇ) بولدى. ئىسلام دىنى بىر خۇدالىق دىن بولۇپ، بۇ خۇدانىڭ نامى «ئاللا»دۇر. مۇسۇلمانلار «ئاللا» («خۇدا» دەپمۇ ئاتايدۇ) ئالەمدىكى كۈللى مەۋجۇداتلارنى ياراتقان، دەپ قارايدۇ. بۇ قېتىم كەئبىدىن ئىبارەت قەدىمىي ئىبادەتخانىنىڭ مۇسۇلمانلار قولىغا ئۆتۈشى ئەرەپلەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئېتىقات قىلىپ كېلىۋاتقان كۆپ خۇدالىق دىنىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى، شۇنداقلا يېڭىدىن گۈللەنگەن بىر خۇدالىق دىن — ئىسلام دىنىنىڭ ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا ھەقىقىي تۇرغۇزۇلغانلىقىنى نامايەن قىلدى. ئىسلام دىنىنى ئىجات قىلغۇچى مۇسۇلمان جەڭچىلەرنىڭ داھىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئىدى.

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام، 570 - يىلى مەككىدە بىر سۇنغان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئانىسىنىڭ

قوسىغىدىكى چاغدىلا دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەن، ئالتە ياشقا كىرگەندە ئانىسىدىن يېتىم قالغانلىقى ئۈچۈن، تاغىسى ئەبۇ تالىپنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان. ئون نەچچە ياشقا كىرگەندە، سودا كارۋانلىرى بىلەن بىللە پەلەستىن، سۈرىيە ۋە دۇنيادىكى بىرمۇنچە داڭلىق شەھەرلەرگە بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلىش داۋامىدا، يەھۇدى ۋە خىرىستىيان دىنلىرىدىن ئىبارەت مەنبەسى ئوخشاش بولغان بىر خۇدالىق دىنلارنىڭ ئەقىدىلىرىنى بىلگەن، 25 ياشقا كىرگەندە، مەككىلىك باي بىر تۇل خوتۇن بىلەن توي قىلىپ، بايلىقتا ۋە مەرتىۋىگە ئىگە بولغان ۋە مەككە بويىچە ناھايىتى ئابرويلۇق مۆتىۋەرگە ئايلانغان.

مەككىنىڭ سىرتىدا ھىرات دىگەن بىر تاغ بار ئىدى. بۇ تاغدا ئاران بىر ئادەم سىغقۇدەك بىر كىچىك ئۆڭكۈر بار ئىدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ھەمىشە مۇشۇ كىچىك ئۆڭكۈردە كېچەيۇ - كۈندۈز ئولتۇرۇپ چوڭقۇر ئويلىناتتى. ئۇ رىيالىقتىن گۇمانلىنىپ، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزلىنىپ تىت - تىت بولاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئۆڭكۈردە ئولتۇرغاندا، توساتتىن ئۆزىگە «پۈتۈن كائىناتنى ياراتقان رەببىڭنىڭ نامىنى ئوقۇغىن...» دەپ بۇيرۇق قىلىۋاتقان بىر خىل ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدى.

«ئاھ، خۇدا ماڭا ۋەھى قىلدى!»— مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام شاتلىنىپ سەكرەپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە ئۆزىنى: مەن خۇدانىڭ ئەلچىسى دەپ جاكالىدى. كېيىنچە ئىسلام دىنى بۇ ئاخشامنى «خاسىيەتلىك كېچە» دەپ ئاتىدى.

— خۇدا يېگانە بىردۇر، ھەممىگە قادىردۇر، ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. ئاخىرەتتە سوئال - سوراق بولىدۇ، كىشى ھاياتىدا خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلسا، ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىپ راھەت كۆرىدۇ. خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلمىسا، دوزاققا كىرىپ ئازاپ چېكىدۇ...، — مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام نەگىلا بارسا كىشىلەرگە ئۆزى ئىجات قىلغان يېڭى دىن — ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق قىلدى. ئەرەپلەردىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىدە: ئىمان كەلتۈرۈش — خۇدا بەرھەق، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەلچىسى دەپ بىلىش؛ ناماز ئوقۇش — كەئبە تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ بىر كۈندە بەش ۋاق ناماز ئوقۇش، ھەر ھەپتىنىڭ بەشىنچى كۈنى جۈمە ئوقۇش؛ زاكات بېرىش — ھەر بىر ئادەم مال - مۈلكىنىڭ 40 تىن بىرىنى مۇسۇلمان كەمبەغەللەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىش بەلگىلەنگەن؛ بۇندىن باشقا روزا تۇتۇش — ھەر يىلى ھىجرىيە بويىچە رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش، روزا تۇتقاندا زۇلۇق ۋاقتىدىن تارتىپ ئاسماندا يۇلتۇز كۆرۈنگىچە بىر نەرسە يېيىشنى مەنئى قىلىش؛ چوشقا گۆشى يېمەسلىك، بىر ئەر بىرنەچچە خوتۇن ئېلىشقا رۇخسەت قىلىش بەلگىلەنگەن. شۇنداق ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن.

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيىتى ئەينى چاغدىكى ئەرەپ مۇتەئەسسىپلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، بىر مۇنچىلار ھەتتا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى.

622 - يىلى 7 - ئاينىڭ بىر كېچىسىدە، مۇھەممەت ئەلەيـ
ھىسسالام ساھابىلىرىنى باشلاپ مەككىدىن مەدىنىگە قېچىپ
باردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، مەدىنىنى بازا قىلغان ھالدا قو-
راللىق دىنىي كۈرەشنى قانات يايدۇردى. 8 - ئايدىن كېيىن
قوراللىق كۈچى ئارقىلىق ئاخىرى مەككىگە بېسىپ كىرىپ،
ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ زور قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ،
دىنىي ھاكىمىيەت قۇردى. ھازىر مۇسۇلمانلار ئومۇمىي يۈزلۈك
قوللىنىۋاتقان ھىجرىيە كالىندارى 622 - يىل 7 - ئاينىڭ
16 - كۈنىدىن، يەنى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ھىجرات
قىلىپ مەدىنىگە بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلانغان.

ئون يىلدىن كېيىن، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام كاتتا
بىر ھەج ئۆمىگىنى باشلاپ مەككىگە ھەج تاۋاپ قىلىشقا
كەلدى ۋە مەسچىدىل ھەرەمدە مۇقەددەس جاينى تاۋاپ
قىلىشتا بېجىرىلىدىغان بىر يۈرۈش پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاپ
بولغاندىن كېيىن، كەڭ مەيدانغا چىقىپ ئۇزۇن نۇتۇق
سۆزلىدى:

— خالايىق! سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار ۋە قەلبىڭلاردا
مەھكەم ساقلاڭلار. ھەر بىر مۇسۇلمان بىر بىرى بىلەن
ئۇرۇق - تۇققان، پۈتكۈل مۇسۇلمان جامائەسى قان - قې-
رىنداشتۇر. شۇڭا، ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ھەرقانداق نەرسىسىنى
ئۇنىڭ رازىلىقىسىز ئىگەللىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئاراڭلاردىكى
ھەرقانداق ئادەم شۇنداق قىلسا شەرىئەتتە راۋا ئەمەس...

كەڭ مەيداندىكى مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تەلىمىگە تەق-
ۋادارلىق بىلەن قۇلاق سالدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام
يىتىمچىلىكتە ئۆسكەچكە، ئۇ بەلگىلىگەن شەرىئەتتە يىتىم -

يېسىرلار، قۇللار، ئاجىز ـ غېرىپلار ۋە ئېزىلىشكە ئۇچراۋاتقان ئەمگەكچى خەلق ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇلغان ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنىي داھىيسى ھەم دۆلەت داھىيسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ توپا تاملىق كىچىككىنە ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئۆزى ياماپ بەكمۇ يوقسۇل ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدى. ئۇنىڭ ساھابىلىرى خالىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ زىيارەت قىلالايتتى. جەڭگە چىققان چاغلاردا بولسا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام جەڭچىلەر ئالدىدا سەركە بولۇپ ماڭىدىغان قوماندان، شۇنداقلا ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان جەڭچى ئىدى.

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ھەج تاۋاپ قىلىپ بولۇپ، مەككىدىن مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. مۇسۇلمانلار بۇ قېتىمقى ھەج تاۋاپ قىلىشنى «ۋىدالىق تاۋاپ» دەپ ئاتىدى. دىنىي قائىدىگە ئاساسلانغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدىكى مەسچىدىل ھەرەمگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىشى، ئۆمۈرۋايەتلىك ئەڭ چوڭ بەخت ـ سائادەتتۇر. ھازىرقى كۈندىمۇ پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار يەنىلا مەككىگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىش پەرزىنى ئادا قىلماقتا.

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئۆمرىدە كۆرسەتكەن ئەڭ زور تۆھپىسى شۇكى، ئۇ دىنىي ئېتىقات ئارقىلىق ئەرەپ قەبىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، قۇدرەتلىك بىر مىللەتكە ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ساھابىلىرى رەتلەپ «قۇرئان»غا ئىسلام دىنىنىڭ بىردىن بىر دەستۇرىغا ئايلاندۇردى. «قۇرئان» دىگەن ئەرەپچە سۆز بولۇپ، «قىرائەت» دىگەن

مەندە ئېيتىلىدۇ. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋرىسى مەدىنىدىكى پەيغەمبەرلەر ئىبادەتخانىسىغا تۇرغۇزۇلغانلىقتىن، مەدىنىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىدىغان مەركىزىگە ئايلانغان.



## ئەرەپ ئىمپىرىيىسى

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ۋارىسلىرى (خەلىپە چارىيالار) تۆت ئەتراپقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىدى ۋە بىرىنچى جەڭدە شەرقىي رىم ئىمپىرىيىسىدىن سۈرىيىنى تالىشىپ جەڭ قىلدى.

مىلادى 633 - يىلى كەچ كۈزدە، ئۇلۇغ دېڭىزنىڭ جەنۇبىدىكى ئويمانلىقتا ئەرەپ ئۇزۇنغا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسى بىلەن شەرقىي رىم خانلىق ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدا بىرىنچى قېتىملىق جەڭ پارتلىدى. شەرقىي رىم ئارمىيىسى باتۇر ھەم جەسۇر ئەرەپ چەۋەندازلىرى ئالدىدا پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، پۈتۈن ئارمىيىسى ھالاك بولغىلى تاس قالدى. شەرقىي رىم پادىشاسى ھىراكلىي دەرغەزەپكە كەلدى - دە، ئىنىسىنى كاتتا ياردەم قىسىملىرىغا قوماندان قىلىپ ئەۋەتىپ، پايدىلىق يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ئەرەپ ئارمىيىسىنى ئېغىر چىقىمدار قىلدى.

ئەرەپلەرمۇ «ئاللانىڭ قىلىچى» دەپ ئاتالغان باش سەركە خالىدىنىڭ قوماندانلىقىدا ئۇدۇل شەرقىي رىمغا بۆسۈپ كىرىش ئۈچۈن، ياردەمچى قىسىم ئەۋەتتى، بۇ قېتىمقى ھەربى يۈرۈش يالغۇز ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداش قىسىملىرىنى

قوتۇلدۇرۇۋېلىشىنىلا ئەمەس، بەلكى شەرقىي رىمنىڭ ئەڭ باي ئۆلكىسى بولغان سۈرىيىنى تېزلىكتە قولغا چۈشۈرۈشنى مەقسەت قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خالىد تەۋەككۇل دەپ سەپكە چىقتى ۋە شەخسەن ئۆزى بىر زەربىدار قىسمىنى باشلاپ، چوڭ قۇملۇقنى بېسىپ ئۆتۈپ دەمەشققە بېسىپ كىرىپ، شەرقىي رىم ئارمىيىسىنى ئارقا تەرەپتىن قورشىۋالماقچى بولدى.

قۇملۇقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىراقنىڭ ھىللا شەھىرىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. خالىد، 600 مىڭ تىللالىق سوغا قىلىش ئارقىلىق خىرىستىيان زېمىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋالدى ۋە بىرەر - يېرىم ئەسكەر چىقىم تارتماستىنلا ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، ئىككى دەريا ۋادىسىغا قەدەم قويدى.

634 - يىلى مارتتا خالىد قۇملۇققا يۈرۈش قىلدى. ئۇ تازا پالۋان ئەسكەرلەردىن 800 نى خىللاپ، ئۇلارغا بىرنەچچىلا ئات ئېلىش ۋە ھەر بىر ئاتقا ئىككى تۇلۇمدىن سۇ ئارتىۋېلىپ، ئۆزلىرى پۈتۈنلەي تۆگىگە مىنىپ يولغا چىقىشقا بۇيرۇق بەردى.

— ئەي، سەركەردە، بىز ئاللانىڭ چەۋەندازلىرى ئات مىنىشىمىز كېرەك ئىدى. ھازىر مۇشۇ بىرنەچچە ئات بىلەنلا يولغا چىقساق قانداقمۇ جەڭ قىلالايمىز؟— ئەسكەر بېشىدىن بىرى شۈبھىلەنگەن ھالدا سورىدى.

— بىزنى ئىگەم ساقلايدۇ، تۆگە بىلەنلا قۇملۇقتىن ئۆتكىلى بولىدۇ،— دېدى خالىد ئىشەنچ بىلەن.

— تۆگە تولىمۇ ئاستا ماڭىدۇ. جەڭدە ھەممىدىن مۇھىمى چاققانلىق ئىدىغۇ، سەركەردە!

— ھەممە ئىشنى مىنىڭ بۇيرۇغۇم بويىچە قىلىڭلار! —
دېدى خالىد ۋە يولغا چىقىشقا بۇيرۇق قىلدى.
چەۋەندازلار پىژ - پىژ قىزىق قۇملۇقتا توپ - توغرا
يېرىم كۈن يول يۈردى، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن قىينىلىشقا
باشلىدى، ئەمما قۇملۇقنىڭ يەنە بىر چېتى كۆرۈنمەيتتى.
— توختاپ ئارام ئېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى خالىد. —
تۆگىدىن ئوننى ئۆلتۈرۈپ چۈشلۈك غىزا قىلىڭلار، ئاتلاردى-
كى تۇلۇملاردىن قانغۇدەك سۇ ئىچىڭلار.
— ئەي سەركەردە، — دەپ غۇدۇرىدى ھىلىقى ئەس-
كەربېشى، — بۇ قۇملۇقتا بىر تېمىممۇ سۇ يوق تۇرسا، ئاتلار
نىمە ئىچىدۇ؟
— ئەخمەق، — دېدى خالىد كۈلۈپ قويۇپ، — تۆگى-
نىڭ ئاشقازىنىدا سۇ دېگەن كۆپ ئەمەسمۇ؟
— ھە!؟ — ھىلىقى ئەسكەر بېشى ئەقلىنى تاپتى.
تۆگىنىڭ گۆشى بىلەن چەۋەندازلار ئوزۇقلانسا، تۆگىنىڭ
يوغان ئاشقازىنىدىكى سۇ بىلەن ئاتلارنى سۇغىرىشقا بولات-
تى. راست ئەمەسمۇ، ئەگەر ئاتلارنى كۆپلەپ ئېلىپ ماڭغاندا
سۇنى نەدىن تاپقىلى بولاتتى دەيسلەر؟
سەپەر ئۈچ - تۆت كۈن داۋام قىلدى، نەچچە ئون تۆگە
ئۆلتۈرۈلدى، ئاتقا ئارتىلغان تۇلۇملاردىكى سۇلارمۇ ئىچىپ
بولۇندى. قۇمغا چۈشكەن ئوتتەك قۇياش نۇرىنىڭ ئەكس
تەسىرىدىن كۆزلەر قاماشاتتى. ئىسسىق تەپتىدىن قارا تەرگە
چۆمۈلگەن ئەسكەرلەرنىڭ كالپۇكلىرى ئۇسسۇزلۇق دەردىدىن
قورۇپ يېرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىچىشكە سۇ يوق ئىدى.
شۇڭا ھەممەيلەن غەم بىلەن كېتىۋاتاتتى.

— تېزلىكتە قامغاق ئۈزلەپ تېپىڭلار، قامغاقنىڭ يىلتىزى ئەتراپىدا سۇ بولىدۇ،— خالىد دەل ۋاقتىدا پەرمان بەردى.

ئۇتتەك قىزىق ھاۋادا ئەسكەرلەر قامغاقنى ئۈزلەپ تەرەپ - تەرەپكە مېڭىشتى. بۇ بىر پايانسىز قۇملۇق تۇرسا، نەدىمۇ بۇنداق دەرەخ باردۇ؟

— مانا، مۇشۇ يەردە بار ئىكەن!— يىراقتىن بىر ئەسكەر توۋلىدى. نۇرغۇن ئەسكەرلەر ھايالسىز ئۇنىڭ ئەتراپىغا ھازىر بولدى - دە، بۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدىكى قۇملارنى كولاشقا باشلىدى.

— پاھ، نەم قۇم چىقىشقا باشلىدى!— تازا چوڭقۇر كولىغاندىن كېيىن، بىر ئەسكەر خوشاللىغىدىن توۋلىۋەتتى.

ھەممەيلەن كۆچىنىپ كولاشقا كىرىشتى، قۇمدىن سۇ ساقىشقا باشلىدى.

— ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىدى!— ئەسكەرلەر تەنتەنە قىلىپ كېتىشتى.

بەش كۈندىن كېيىن، پۈتۈن سەپ قۇملۇقتىن ساق - سالامەت چىقىپ كەتتى؛ يەنە 13 كۈن يۈرۈش قىلىپ ئاخىرى دەمەشق شەھىرىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. ئويلىمىغان يەردىن چىققان بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن، شەرقىي رىم ئارمىيىسى ھايالسىز ئەرەختەن - پەرەختەن بولۇپ، بىر يولىلا مەغلۇپ بولدى. نەچچىلىگەن قەلئەلەر ئەرەپ ئارمىيىسى تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى. خالىد ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئەرەپ قىسىملىرىنى تېزلىكتە يىغىپ، سۈرىيىنىڭ پايتەختى دەمەشقنى چەمبەرچاس قورشىۋالدى.

635 - يىلى مارت ئېيى ئىدى. شەھەر قورشاۋدا قالغىلى بىر نەچچە ئاي بولدى. دەمەشق شەھىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مالىمانچىلىق ئەۋج ئېلىۋاتاتتى. نۇرغۇنلىغان پۇقرالار خىرىستىيان چېركاۋىغا ئېپىسكوپنى ئىزلەپ باردى.

— ئېپىسكوپ، بىر ئامال قىلسىلا!

— ئېپىسكوپ، رىم پادىشاسى بىز سۈرىيىلىكلەرنى زورلۇق بىلەن تۈرلۈك ئالۋاڭ - ياساقلارغا مەجبۇرلاۋاتىدۇ. باج - سېلىقلارنىڭ كۆپلۈگىگە چىدىغىلى بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكەر تۇتۇپ، پاراق ئېلىپ بىزلەرگە زادىلا كۈن بەرمىدى، بۇنداق تارتقۇلۇقتىن كۆرە، ئەرەپلەرنىڭ كىرىشىگە يول قويساق قانداق!

— ئەرەپلەر بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈشكە مەرھەمەت قىلسىلا ئىكەن، ئېپىسكوپ جاناپلىرى!

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئېپىسكوپ، دەمەشق شەھىرىنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىگە چىقىپ، ئەرەپ ئارمىيىسى تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ سۆز ئالدى ۋە خالىد بىلەن يۈزمۇ - يۈز سۆزلىشىشنى جاكالىدى. خالىد شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى.

— خالىد سەركەردە، سىز غەلىبە قىلىشقا تايىن تاپقان ئادەم، بىز بىر سۈلھى تۈزسەك بولامدۇ؟— ئېپىسكوپ دەرۋازا ئۈستىدە تۇرۇپ ئۈنلۈك توۋلىدى.

— قەغەز، قەلەم بېرىڭلار!— خالىد شەھەر سىرتىدا تۇرۇپ ئوخشاشلا ئۈنلۈك جاۋاپ بەردى.

قەغەز - قەلەم تاشلاندى. خالىد تېزلىكتە نامە يازدى. يېزىپ بولۇپلا نامىنى قاتلىدى - دە، دەرۋازا ئۈستىگە تاشلاپ بەردى.

ئېپىسكوپ ئۇنى ئېچىپ ئوقۇش بىلەنلا، ئۇنىڭ سۈلھى شەرتنامە ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ يېزىلغان ئىدى:

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىۋان ئاللانىڭ نامى بىلەن مەن خالىد پۈتكۈل دەمەشق ئاھالىسىگە جاۋاپ قىلىمەنكى، شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، سىلەرنىڭ ھاياتىڭلار، مال - مۈلكىڭلار ۋە ئىبادەتخاناڭلارنى جەزمەن قوغدايمىز. پۈتكۈل شەھەر ئۆز پېتى ئامان قالىدۇ، شەھەر سېپىلى ئۆز پېتى قالىدۇ. مۇسۇلمانلار سىلەرنىڭ ئۆي - ماكانلىرىڭلارغا كىرمەيدۇ. بىز سىلەرگە ئاللانىڭ ھىمايىسىنى، پەيغەمبەر ۋە خەلىپىلەرنىڭ ھىمايىسىنى يەتكۈزىمىز. سىلەر ئادەم بېشى بېجىنى تاپشۇرىدىغانلا بولساڭلار، جەزمەن پاراۋانلىققا ئىگە بولىسىلەر.»

شەرتلەر ناھايىتى كەڭ ئىدى. ئادەم بېشى بېجى ئۈچۈن ھەر ئادەم ھەر يىلى بىر دىنا پۇل ۋە بىر تاغار بۇغداي تاپشۇراتتى. بۇ باج، رىم پادىشاسىنىڭ باج - سېلىقىدىن نۇرغۇن دەرىجىدە ئاز ئىدى. شەھەردىكى پۇقرالارنىڭ ھەممىسى ئەرەپلەر بىلەن سۈلھى قىلىشنى خالايتتى.

ئىككىنچى كۈنى كېچىدە، ئېپىسكوپ، خالىدنىڭ ھەربى لاگېرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئاھالىسىنىڭ ئەرەپلەرنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلانغانلىقىنى ئۇقتۇردى ھەمدە:

«رىم ئارمىيىسى دەرۋازىنى تاش بىلەن توسىۋەتتى. سىلەر شوتا بىلەن ئارتىلىپ چۈشۈڭلار» — دېدى.

خالىد، ئادەم ئەۋەتىپ ئىككى دانە شوتا ئەكەلدۈردى. بىرنەچچە ئەسكەر شوتا بىلەن شەھەرگە كىردى ۋە تېزلىكتە شەھەر دەرۋازىسىنى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەپ

چەۋەندازلىرى داغدۇغا بىلەن دەمەشق شەھىرىگە كىردى.

شەرقىي رىم پادىشاسى ھېراكلىي مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىدى، دەرھال 200 مىڭ كىشىلىك كاتتا ئارمىيە تەشكىللىدى ۋە ئاۋالقىدەكلا ئىنىسىنى قوماندان قىلىپ دەمەشققە ئاتلاندۇردى. خالىد، دۈشمەن ئارمىيىسىدە ئادەم سانىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، دەمەشقتىن تېزلىكتە چېكىنىپ چىقىپ، ئوردان دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان ئارمۇك دەرياسى ئەتراپىدا قوشۇنلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈردى. بۇ چاغدا مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ سانى جەمئى 24 مىڭ كىشى ئىدى.

636 - يىلى ئاۋغۇستتا ھەل قىلغۇچ جەڭ باشلاندى. شەرقىي رىم ئارمىيىسى ئون ھەسسە ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئەمما، خالىد بولسا ئارمۇك ئەتراپىدىكى خەلقلەرگە تەمكىنلىك بىلەن:

— مەن ئادەم بېشى بېجىنى سىلەرگە قايتۇرۇپ بېرىمەن، چۈنكى بىز سىلەرنى قوغداشقا ئۈلگۈرەلمىدۇق. سىلەر ئۆزلىرىڭلار بىر ئامال قىلساڭلار! — دېدى.

— مۇسۇلمانلارنى ياقتۇرىمىز، — دېدى يەرلىك خەلق، — يەنىلا رىم پادىشاسىنىڭ خورلىشىغا ئۇچراۋەرمەيمىز! بىز ئۆز شەھىرىمىزنى قوغداپ، ھېراكلىينىڭ ئارمىيىسىنى قەتئىي كىرگۈزمەسلىكىمىز كېرەك!

پۇقرالارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، خالىدلار دەرھال قايتۇرما زەربە بېرىشكە ئۆتتى. شەرقىي رىم ئارمىيىسىدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى تۇتۇپ كېلىنگەن قۇللار ئىدى. ئەسكەر باشلىقلىرى ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەتتا ئۇلارنى

زەنجىر بىلەن بىرسى بىرسىگە چېتىپ جەڭ مەيدانىغا ياـ
لاپ ئېلىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا، جەڭگە كىرىپلا تىرى ـ
پېرەڭ بولاتتى، ئەلۋەتتە. بىرنەچچە كۈنلۈك جەڭ ئارقىـ
لىق شەرقىي رىم ئارمىيىسىدىن 70 مىڭ ئەسكەر يوقىتىلادى،
ھەتتا ئۇلارنىڭ پادىشاسىنىڭ ئىنىسىمۇ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلـ
دى. پادىشا ھىراكلىيى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە يولۇقۇپ
دىر ـ دىر تىترىدى ـ دە، ئارقىغا بۇرۇلۇپ كونىستانتىنوپولغا
قاراپ تىكىۋەتتى. ئۇ سۈرىيىنىڭ چېگرىسىدىكى جىلغىدىن
ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ھاياجىنىنى باسالماي:

— ئېخ! سۈرىيە، خوش ئەمدى! شۇنچە گۈزەل، مۇنبەت
باي تۇپراق دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتتى ـ دە! — دەۋەتتى.

پۈتكۈل سۈرىيىنى ئىگەللەپ بولغان ئەرەپ چەۋەندازـ
لىرى توختىماستىن ئات چاپتۇرۇپ ئالغا باستى.

638 ـ يىلى ئوتتۇرا شەرقنىڭ مۇھىم شەھىرى بولغان
قۇددۇس شېرىپ (ئېروسالىم) نى ئىشغال قىلدى؛

642 ـ يىلى پۈتكۈل ئىراننى ئىشغال قىلىپ، مىسىرنى
ئىستىلا قىلدى؛

645 ـ يىلى شىمالىي ئافرىقىدىكى لىبىرىيىنى ئىستىلا قىلدى.

661 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئەرەپ ئىمپېرىيىسى رەسمىي
قۇرۇلۇپ، دەمەشقنى پايتەخت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن
يەنە شەرقتىن كابۇل (ھازىرقى ئافغانىستان) ۋە سەمەرقەنت
(ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا) نى ئىشغال قىلدى. غەرپتىن كارفاگىن
(ھازىرقى شىمالىي ئافرىقىدىكى تونىس) ۋە غەربىي گوتلار
(ھازىرقى ئىسپانىيە)نى ئىستىلا قىلدى.

ئەرەپ ئىمپېرىيىسى ئىسلام دىنى ئاساسىدىكى كاننا

ئىمپېرىيە ئىدى. ئۇ غەرپ تەرەپتە ئاتلانتىك ئوكيانىدىن باشلىنىپ، شەرق تەرەپتە پامىرغا تۇتاشقان بولۇپ، ئەينى زاماندا شەرق ئەللىرى ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت — جۇڭگو تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنى بىلەن چېگرىداش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى ئاخىرى دۇنياۋى چوڭ دىنغا ئايلىنىپ، مۇسۇلمانلار ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەگە يېيىلدى. ئوتتۇرا شەرق، مىسىر، شىمالىي ئافرىقىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر تەدرىجى ھالدا ئەرەپلەر بىلەن قوشۇلۇپ، ئەرەپ چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرىغا ئايلانغان ئىدى. قەدىمقى ئەرەپ مەدەنىيىتى قەدىمقى مىسىر، قەدىمقى بابىل، قەدىمقى پېرسىيە مەدەنىيەتلىرىنىڭ شانلىق نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىش، بېيىتىش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش ئاساسىدا ئۇنى پۈتۈنلەي يېڭىچە، يارقىن ۋە رەڭدار ئەرەپ مەدەنىيىتى قىلىپ شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيەت ئىدى.

# مەككىگە ھەج قىلىش

مەككە — ئىسلام دىنى ئىجات بولغان مۇقەددەس جايى، ھىجرىيە ھېساۋى بويىچە ھەر يىلى زۇلھەججە ئېيى، كەلگەندە، مىڭلىغان — تۈمەنلىگەن مۇسۇلمانلار مۇقەددەس جايغا يېتىپ كېلىپ، يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان كەڭ كۆلەملىك ھەج قىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ.

دۇنيادىكى بەش قىتئەنىڭ ئوخشاشمىغان دۆلەتلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار بۇ يەرگە كېلىپلا ئوخشاشمىغان تىللاردا ئوخشاش مەنىلىك سۆزلەر ئارقىلىق چوڭقۇر ئېتىقادى بىلەن: «ئاللا! ئاللا!» دەپ ھەمدۇسانا قىلىدۇ.

ئۇلار مەسچىدىل ھەرەمنىڭ مەركىزىدىكى مەيدانىغا خۇددى دېڭىز دولقۇنلىغاندەك ئېقىپ كىرىدۇ ۋە مەيداننىڭ مەركىزىدىكى تۆت چاسا ئىمارەت ئەتراپىغا يۈگۈرۈپ بارىدۇ. بىرمۇنچە كىشىلەر ھاياجان ئىلكىدە ئىسسىق ياش تۆكسە، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر خوشاللىق ئىلكىدە دۇئاغا قول كۆتىرىشىدۇ.

خالايىق بارغانسېرى تېز قەدەم تاشلاپ، بىرنەچچە، ھەتتا ئون نەچچە تۈمەن ئادەم بۇ چاسا ئىمارەت ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ تېز قەدەم بىلەن يۈگۈرۈپ ئايلىنىدۇ. بىردەمدىلا چاسا ئىمارەتنى مەركەز قىلغان ھالدا دەۋر قىلىپ ئايلىنىۋاتقان بىر قاينام ھاسىل بولىدۇ. ئۇلار توختىماستىن يۈگۈرىدۇ ۋە پىقىرايدۇ.



بەيتۇللا

تاكى كەچ كىرىپ، مەسچىدىل ھەرەمدە چىراقلار يورۇغاندىمۇ كىشىلەر يەنىلا توختىماي پىقىرايدۇ. شۇنداق قىلىپ، يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەج تاۋاپ قىلىش تەدرىجى ھالدا يۇقۇرى دولقۇنغا كۆتىرىلىدۇ.

بۇ تۆت چاسا قەدىمى ئىمارەت ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئورنى بولغان «بەيتۇللا» بولۇپ، ئەسلى ئىسمى «كەئبە» ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ قەدىمى ئىبادەتخانىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمايىل ئەلەيھىسسالام سالدۇرغان ئىكەن. ئۇ تاشتىن ياسالغان تۆت چاسا ئىمارەت بولۇپ، ئىگىزلىگى 50 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ تېمىنىڭ شەرقىي جەنۇپ بۇرجىگىگە بىر پارچە قارا ساماۋى تاش — ھەجرۇل ئەسۋەت ئورنىتىلغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇمۇ ئاشۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەۋەررۇكى ئىكەن.

بەيتۇللا، مەيداننىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. مەيداننىڭ تۆت ئەتراپى ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس مەسچى-دى — «مەسچىدىل ھەرەم» دۇر. مەسچىدىل ھەرەمنىڭ تۆت ئەتراپىغا يەنە بۇلۇتقا تاقاشقۇدەك يەتتە مۇنار ياسال-غان بولۇپ، ھەپتىدە يەتتە كۈن بولىدىغانلىقىغا سىمۋول قىلىنغان. تاققا چىقىپ پەسكە قارىغاندا، مەسچىدىل ھەرەم گويا ئورغۇن تاغ تىزمىلىرى ئارىسىغا ئورۇنلاشقان تۆت چا-سا تاغدەك، بۇ چاسا تاغنىڭ مەركىزىدە بەيتۇللا تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە، مەسچىدىل ھەرەم پەقەت مۇسۇلمانلارغىلا ئېچىلغان بولۇپ، كۇپارلار، يەنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلمايدىغانلارنىڭ كىرىشىگە بىردەك رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

مەسچىدىل ھەرەم. ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ شانلىق جەۋ-ھىرى، ئىسلامىيەت سەنئىتىنىڭ قىممەتلىك مەھسۇلى. مەسچى-دىل ھەرەمنىڭ دەرۋازىسى ئالتۇندىن ياسالغان، دەرۋازا يۈزىگە نازۇك ۋە نەپىس نەقىشلەر ئويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەشتىلەنگەن يوپۇق يېپىلغان بولۇپ، تولىمۇ ھەشەمەتلىك ۋە يېقىملىقتۇر. ئىسلامىيەت نەقىشچىلىكىنىڭ ئالاھىدىلى-كى — ئۇلار ئادەم ۋە جان - جانىۋار ھايۋانلارنىڭ سۈرى-تىنى نەقىشلىمەيدۇ، بەلكى خىلمۇ خىل ئۆسۈملۈكلەر ۋە گېئومېترىيىلىك نەقىشلەرنى ئويىدۇ. نەقىش ئويمىلارنىڭ نەپىسلىكى، نەقىش تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكىدە دۇنيادا مۆجىزە ئاتالسىمۇ بولىدۇ.

«ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!»

مەسچىدىل ھەرەمنىڭ دەرۋازىسى سىرتىدا كىشىلەرنىڭ
تەكبىر ئېيتقان سۈرەنلىرى دولقۇنلىنىدۇ. نەچچە تۈمەن، نەچ-
چە ئون تۈمەن مۇسۇلمانلار مەسچىدىل ھەرەمگە كىرىش
نۆۋىتى كۈتۈپ تالادا تۇرىدۇ، ئارقا - ئارقىدىن كۆتىرىلىپ
تۇرىدىغان ھەمدۇسانا سادالىرى پەلەككە ياڭرايدۇ. خالايىق
«ئاللاھۇ ئەكبەر!» (ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر!) دەپ تەپ -
تەكشى تەكبىر ئېيتىدۇ.

بىر توپ جامائەت، بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن
كېيىن، خۇددى دولقۇن مەۋج ئۇرغاندەك مەسچىدىل ھەرەم-
دىن قايتىپ چىقىدۇ. دەرۋازا سىرتىدىكى يەنە بىر توپ
مۇسۇلمانلار ئۆركەشلەۋاتقان ئەزىم دەريادەك مەسچىدىل ھە-
رەمنىڭ مەركىزىدىكى مەيدانغا قاراپ ئاقىدۇ، بەيتۇللانى
دەۋر قىلىپ تېز قەدەم بىلەن يۈگۈرىدۇ ۋە «بىز كەلدۇق!»،
«ئى، رەببىمىز، بىز سېنىڭ ۋەھىلىرىڭگە ئەمەل قىلىش
ئۈچۈن كەلدۇق!» دەپ ھەمدۇسانا قىلىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىمان كەلتۈرۈش، ناماز ئوقۇش، زا-
كات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج تاۋاپ قىلىشتىن ئىبارەت
بەش تۈرلۈك پۇروگىراممىسى بولۇپ، بۇلار «بەش پەرز» دەپ
ئاتىلىدۇ. ھەج تاۋاپ قىلىش بەشىنچى پەرزدۇر. تېنى ساغ-
لام، بېرىپ كەلگۈدەك يول خىراجىتى بار، ئائىلىسىدە قالغان-
لار تۇرمۇشىنى قامداپ كېتەلەيدىغان ھەربىر ئەر ۋە ئايال
مۇسۇلمان ياش ياكى قېرى، يول يېقىن ياكى يىراق بولۇشى-
دىن قەتئىي نەزەر، ئۆمرىدە ئاز دېگەندە بىر قېتىم مەككىگە
بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىشى شەرت. ھەج قىلىش — پەرز
ھەج ۋە ئۆمرە ھەج قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.

پەرز ھەج، ھىجرىيە يىل ھېساۋى بويىچە ھەر يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 - كۈنىدە ئادا قىلىنىدۇ. بۇ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك بىر قېتىم ھەج تاۋاپ قىلىشىدۇر. ئۆمرە ھەج ھەرقانداق ۋاقىتتا ئادا قىلىنىۋېرىدۇ. پەرز ھەجنىڭ جەريانى مۇنداق بولىدۇ:

ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار يىل ھېساۋى بويىچە زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 - كۈنىدىن بۇرۇن مۇقەددەس شەھەر مەككىگە كېلىپ بولىدۇ. ئاندىن مەسچىدىل ھەرەمگە تاۋاپ قىلىپ، مەسچىدىل ھەرەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بەيتۇللانى دەۋر قىلىپ يەتتە قېتىم ئايلىنىدۇ. قارا تاشنى بوسە قىلىش (سۆيۈش) كە مۇيەسسەر بولغانلار ئەڭ بەختلىك بولىدۇ. ئەمما، پەرز ھەج نەچچە تۈمەن، نەچچە ئون تۈمەن مۇسۇلماننىڭ كوللېكتىپ پائالىيىتى بولغاچقا، قارا تاشنى سىلاش پۈرسىتىمۇ ناھايىتى ئاز بولىدۇ، شۇڭا، ئادەتتە جامائەت قارا تاشقا قاراپ «ئامىن» دېيىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

بەيتۇللانى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، كوللېكتىپ ھالدا ساپا بىلەن مەرۋەدىن ئىبارەت ئىككى كىچىك تاغ ئارىلىقىدا يەتتە قېتىم ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرىدۇ. بۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى ھەجەرنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا سۇ ئىزلەپ ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرگەن مۇساپىسى بولۇپ، مۇسۇلمانلار بۇ يۈگۈرۈشنى ئىخلاس بىلەن بىجا كەلتۈرىدۇ. ئاندىن كېيىن، «زەمزەم بۇلاق»تىن سۇ ئىچىدۇ. بەزىلەر سۇ ئالىدىغان قاچا ئالغاچ كېلىپ، زەمزەم سۈيىنى ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرىگە ۋە ئائىلە

تاۋاباتلىرىغا ئالغاچ كېتىدۇ.

ئىككى كىچىك تاغ ئارىسىدا يەتتە قېتىم يۈگۈرۈپ بولغاندىن كېيىن. يەنە بەيتۇللانىڭ ئالدىغا قايتىدۇ. قۇياش مىردىنئاندىن قايرىلغاندا، جامائەت ئۆزلۈكىدىن سەپراس بولۇپ، لەرزان ئېيتىلىۋاتقان تەكبىرگە ئەگىشىپ رۇكۇدا تۇرىدۇ، سەجدە قىلىدۇ.

ھىجرىيە زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 - كۈنى «قىيامدا تۇرۇش كۈنى» (مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئاخىرقى نۇتۇق سۆزلىگەن كۈنى) دۇر. بۇ كۈنى ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار تېزلىكتە مەككىنىڭ شەرقىدىن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئەرپات تېغىغا چىقىدۇ ۋە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام شۇ چاغدا تۆگىگە مىنىپ تۇرۇپ ۋىدالىشىش نۇتقى سۆزلىگەن بۇ جايدا تىك تۇرۇپ سۈكۈت قىلىدۇ. مەيلى ئەر ياكى ئايال، ياش ياكى قېرى بولسۇن، پادىشا ۋە ياكى ۋەزىر - ۋۇزرا بولسۇن، مۇسۇلمانلار مۇشۇ ئوتتەك قىزىق گىياسىز تاغدا جىددى يۈگۈرىدۇ.

سۈكۈت ئاياقلاشقاندىن كېيىن، مىناغا كېلىدۇ. مىناغا «قىيامدا تۇرۇش كۈنى»نىڭ ئەتىسى — زۇلھەججىنىڭ 10 - كۈنى بېرىپ بولۇش شەرت قىلىنغاچقا، يەنە بىر قېتىم جىددى يۈگۈرىدۇ. مىنا — مەككىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى مۇقەددەس جاي. مىناغا بېرىش يولىدىكى زۇمرەت ئاغپا ناملىق سايدا «شەيتان» سىياقىدا بىر تاش بولۇپ، ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار ئۇنىڭغا قارىتىپ تاش ئاتىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا تاش ئېتىش ئارقىلىق يامانلىق، شۇملۇق بىلەن ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا، زۇلھەججىنىڭ 10 - كۈنى مىنا تېغىدا قوي، كالىلارنى قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق قۇربان ھېيت ئۆتكۈزىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە، قۇربان ھېيت كۈنى ئىقتىسادىي يار بەرگەن ھەر بىر مۇسۇلمان بىر قوي، ياكى يەتتە مۇسۇلمان بىر كالا قۇربانلىق قىلىدۇ. قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى ئۈچ ئۈلۈشكە بۆلۈپ، بىر ئۈلۈشىنى ئۇرۇق - تۇققان ۋە يار - بۇرادەرلىرىگە، بىر ئۈلۈشىنى يوقسۇللارغا، بىر ئۈلۈشىنى ئۆزىگە سەرپ ئېتىشى شەرت قىلىنىدۇ.

ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار قۇربان ھېيتنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، زۇلھەججىنىڭ 12 - كۈنىدىن بۇرۇن مەككىگە قايتىپ، پەرز ھەجنى ئاخىرلاشتۇرۇشى شەرت، شۇنىڭ ئۈچۈن يەنە 3 - قېتىم يۈگۈرىدۇ.

ھەج قىلىپ مەككىگە كېلىش ۋاقتىدا ھەج قىلغۇچىلار ئادەتتىكى كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ئىككى پارچە ئاق رەخت بىلەن بەدىنىنى ئورايدۇ، يەنى بۇ ئارقىلىق باي - كەمبەغەللىكنى ئايرىمايدىغان باپ - باراۋەرلىكنى ئىپادىلەيدۇ. ھەج قىلىش مەزگىلىدە جېدەل - ماجىرا چىقىرىشقا، نىكاللىنىشقا، جان - جانىۋار ۋە ھايۋانلارغا زىيان يەتكۈزۈشكە، ئوۋ قىلىشقا، گىياھلارنى يۇلۇپ تاشلاشقا، دەل - دەرەخلەرنى سۇندۇرۇشقا يول قويۇلمايدۇ، بۇ ئارقىلىق ئەڭ تولۇق تەقۋادارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەج قىلغۇچىلار ئاشۇ بىر يۈرۈش مۇرەككەپ پائالىيەتلەرنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن، «ھاجى» دىگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولىدۇ.

1000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، سەھرايى -

كەبىرنىڭ غەربىدىكى ئافرىقىدىن تېچ ئوكيانغا تۇتىشىدىغان جۇڭگوغىچە بولغان ئارىلىقتىكى نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلار، توپ - توپى بىلەن مەككە - مۇكەررەمگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. بىرمۇنچە مۇسۇلمانلار يول ئۈستىدە خېيىم - خەتەرلەرگە ئۇچراپ ھاياتىدىن ئايرىلدى ياكى كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن تەقۋادار شېھىتلەرگە ئايلاندى؛ نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بولسا «ھاجى» دىگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولدى.

## ئىسلامىيەتنىڭ ھىجىرىيىسى

دۇنيادا ئەڭ بۇرۇنقى «شەمسىيە» (كۈن كالىندارى) نى مىسىرلىقلار ئىجات قىلغان؛ ئەڭ بۇرۇنقى «قەمەرىيە» (ئاي كالىندارى) نى بولسا، ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەدىمقى بابىللىقلار ۋە بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىجات قىلغان. مىلادىدىن ئىلگىرى 18 - ئەسىرلەردە قەدىمقى بابىللىقلار قوللانغان قەمەرىيە كالىندارى بىلەن ئىلىمىزنىڭ شىيا سۇلالە-سى دەۋرىدە (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 21 - ئەسىردىن ھازىرقى 16 - ئەسىرگىچە) قوللانغان قەمەرىيە كالىندارى ئوخشىشىپ كېتەتتى، ھەر ئىككىلىسىدە ھەر ئىككى-ئۈچ يىل ئۆتكەندە بىر ئارتۇق ئاي چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇنى يەرشارى-نىڭ قۇياشنى بىر ئايلىنىش ۋاقتى بىلەن مۇناسىپلاشتۇرغان ئىدى. بۇنداق قەمەرىيە كالىندارلىرىنى يىل ھېساپلاش جەھەتتە، شەمسىيە كالىندارى بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىدى، دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، بەزىلەر قەدىمقى بابىلنىڭ قەمەرىيە كالىندارى بىلەن ئىلىمىزنىڭ شىيا سۇلالىسى دەۋرىدىكى كالىندارىنى قوشۇپ «شەمسىيە-قەمەرىيە كالىندا-رى» دەپ ئاتايدۇ.

ئۇنداقتا، دۇنيادا ساپ قەمەرىيە كالىندارى بارمۇ؟ بار، ئۇ — مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئىجات قىلغان

ئىسلام دىنىنىڭ ھىجرىيە كالىندارىدۇر. ئۇ ساپ بولغان بىر خىل قەمەرىيە كالىندارى بولۇپ، يەرشارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا بىر ئايلىنىش ۋاقتىغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ. تۆۋەندىكى ئىككى خىل ۋاقىتقا قاراڭ:

ھىجرىيىنىڭ «قەمەرىيە» كالىندارى يىل بېشى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كىرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى (يەنى مىلادى 622 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى) دىن باشلىنىدۇ. ھىجرىيىنىڭ يىل بېشى شەمسىيە (مىلادىيە) نىڭ يىل بېشىدىن ئالتە يېرىم ئاي كېيىن بولىدۇ.

خالىدنىڭ دەمەشقىقە يۈرۈش قىلغان ۋاقتى ھىجرىيە نىڭ 14 - يىلى ئەلمۇھەررەمنىڭ 16 - كۈنى يەنى مىلادى 635 - يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بولۇپ، ھىجرىيە ئەلمۇھەررەم ئېيى (1 - ئاي) شەمسىيە كالىندارى (مىلادىيە) نىڭ بىرىنچى ئېيىدىن بىر ئايدىن كۆپرەكلا كېيىن بولىدۇ.

دېمەك، قىسقىغىنا 13 يىل ئارىلىغىدا، ھىجرىيىنىڭ 1 - ئېيى ئۆتتەك قىزىق تومۇزدىن ئەتىيازنىڭ سوغىغى ئۆرۈپ تۇرىدىغان باش باھارغا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

ھىجرىيە كالىندارى بويىچە يىل زادى قانداق ھېساپلىنىدۇ؟

ئىسلامىيەت ھىجرىيىسىدە ئاينىڭ تولۇن بولۇپ توشقان - توشمىغانلىغىغا قاراپ ئاي ھېساپلايدۇ، چوڭ ئايىنى 30 كۈن، كىچىك ئايىنى 29 كۈن، 12 ئايىنى بىر يىل ھېساپلايدۇ. بۇنداقتا ھەر بىر ئاي ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن $29\frac{1}{2}$ كۈن بولۇپ چىقىدۇ. ئەمما، ئاينىڭ بىر قېتىم

تولۇن بولۇپ توشۇش ۋاقتى $29\frac{1}{2}$ كۈندىن كۆپرەك بولىدۇ، شۇڭا، ھەر ئىككى - ئۈچ يىلدا بىر ئارتۇق كۈن قوشۇلۇپ ماڭىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھىجىرىيىنىڭ ئادەتتىكى يىللىرى 354 كۈن، كەبىسە يىلى (كۈنى ئارتۇق يىل) 355 كۈن بولۇپ، بۇ يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان ئەملىي ۋاقتى 365 كۈن 5 سائەت 48 مىنۇت 16 سېكۇنتقا قارىغاندا 11 كۈن ئەتراپىدا ئاز بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، ھىجىرىيىنىڭ يىل ھېساۋى بىلەن شەمسىيە (مىلادىيە) بەكمۇ ئوخشىمايدۇ. شۇنداقلا ئېلىمىزدە قوللىنىدىغان قەمەرىيە كالىندارى (شىيا سۇلالىسىنىڭ كالىندارى) بىلەنمۇ ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، ھىجرىيە ئىجات قىلىنغان يىلى (يەنى مىلادى 622 - يىلى) دىن مىلادى 1931 - يىلىغىچە مىلادىيە ۋە قەمەرىيىلەر 1310 يىلنى بېسىپ ئۆتتى، ئەمما، ھىجرىيە ھەر يىلدا 11 كۈن ئەتراپىدا كەم بولغانلىقتىن 1350 يىلنى بېسىپ ئۆتۈپ، مىلادىيە ۋە قەمەرىيىلەرگە قارىغاندا توپ - توغرا 40 يىل ئوشۇق بولدى.

ھىجرىيە، ساپ قەمەرىيە كالىندارى بولغاچقا، ئۇ تۆت پەسىل بىلەنمۇ مۇناسىۋەتسىز. ئالايلۇق، بۇ يىلقى ھىجرىيىنىڭ يىل بېشى يازپەسلى بولسا، ئۇنداقتا سەككىز يىلدىن كېيىن ھىجرىيىنىڭ يىل بېشى ئەتىياز پەسلىدە بولىدۇ، 16 يىلدىن كېيىن ھىجرىيىنىڭ يىل بېشى قىش پەسلىدە بولىدۇ، 24 يىلدىن كېيىن ھىجرىيىنىڭ يىل بېشى يەنە كۈز پەسلىگە يۆتكىلىدۇ.

تۆت پەسىلنى ئېنىق ئايرىپ، دېخانچىلىق زىرائەتلىرىنى

تېرىش ۋە يىغىۋېلىشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، ئەرەپ خەلقى يەنە بىر خىل شەمسىيە كالېندارىنىمۇ ئىجات قىلدى. بۇ خىل شەمسىيە كالېندارى «ئەتىيازدىكى كۈن - تۈن تەڭلىشىش» كۈنى (مىلادى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ياكى 22 - كۈنى) نى بىر يىلنىڭ باشلىنىشى قىلىپ، ئادەتتىكى يىللارنى 365 كۈن، كەبىسە يىلنى 366 كۈن ھېساپلايدۇ. ئەمما، بۇ خىل ئەرەپ شەمسىيە كالېندارى پەقەت تېرىقچىلىق ۋاقتىنى ھېساپلاشتىلا قوللىنىلىپ، يىل ھېساپلاشتا قوللىنىلمايدۇ.

## ھەكىملەر پادىشاسى

مىلادى ئونىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئەرەپ دۇنياسىدىكى ھەممە جايلارغا ئەلى ئىبىن سىنا ھەققىدىكى خىلمۇ خىل ھېكايىلەر تارقالدى.

بىر خان كۆپ بويى مەجنۇنلاردەك ھەررەك - سەررەك سۆزلەپ يۈرىدىغان ئاجايىپ بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ، نۇرغۇن دوختۇرلار، داخان، پىرخونلار ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالىغان بولسىمۇ، پەقەت ئۈنۈم بەرمەپتۇ. شۇ چاغدا ئەمدىلا سەككىز-توققۇز ياشلارغا كىرگەن ئەلى ئىبىن سىنا پىداكارلىق بىلەن خان ئوردىسى ئالدىغا بېرىپ، خاننىڭ كېسىلىنى داۋالاشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ئەمما خان ئوردىسىنىڭ قاراۋۇللىرى ئۇنى دەرۋازىدىنمۇ كىرگۈزمەپتۇ. ئەلى ئىبىن سىنا كىشىلەردىن خاننىڭ كېسىلى ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن قويىغان دىئاگنوزنى قەغەزگە يېزىپ ئوردىغا كىرگۈزۈپ بېرىپتۇ. خاننىڭ يېقىن بىر ۋەزىرى ئۇنى كۆرۈپلا ھەيرانۇ - مەس بوپتۇ - دە، دەرھال ئۇنى ئوردىغا چاقىرىپ كىرىپتۇ. ئەلى ئىبىن سىنا خانغا دورا ئىچكۈزمەستىن، بەلكى ئالاھىدە بىر خىل روھىي جەھەتتىن داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا خاننىڭ ئەس - ھۇشى جايىغا كېلىپ، بىر ئايدىن كېيىن، پۈتۈنلەي ساقىيىپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئەلى ئىبن سىنانىڭ نام ـ شۆھرىـ
تى زىلزىلە پەيدا قىلغان: يىراق ـ يېقىندىكىلەرنىڭ ھەمـ
مىسى ئۇنىڭغا كېسەل كۆرسەتكەن ھەمدە ئۇنى «ھەكىملەر
پادىشاسى» دەپ ئاتىغان. خان مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش



ئەلى ئىبن سىنا

يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا خانلىق
كۇتۇپخانىسىدىكى بارلىق
كىتاپ ـ ماتېرىياللارنى ئو-
قۇشقا رۇخسەت قىلغان.
ئەلى ئىبن سىنا بۇ غەنىمەت
پۇرسەتكە ئىگە بولغاندىن
كېيىن، تۈرلۈك كىتاپلارنى
قولدىن چۈشۈرمەي تەش-
نالىق بىلەن كۆرۈپ، تىـ
بابەت ماھارىتىدە تېخىمۇ
دانا بولۇپ يېتىشكەن.
ئەلى ئىبن سىنا مىـ
لادى 980 ـ يىلى
بۇخاراغا يېقىن بىر
كىچىك بازار (ھازىرقى ئۆزبېكىستان) تەۋەلىكىدە تۇـ
غۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ئەقىللىق ھەمدە ئۇگىنىشكە
تىرىشچان بولغاچقا، ئون يېشىدىلا ئەرەپچە ۋە پارىسچە
ئەدىبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇيالايدىغان بولغان؛ گېئومېترىيىلىك
شەكىللەردىن پەقەت ئالتە خىلىنىلا ئۆگىنىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما
شۇ ئاساستا ئەقىل يۈرگۈزۈپ ئەينى زاماندا تېخى ئىنتايىن
سىرلىق ھېساپلانغان گېئومېترىيىلىك ھېساپلاش ئۇسۇلىنى

مۇھاكىمە قىلغان. 17 — 16 ياشلارغا كىرگەندە، ئۇنىڭ تىبابەتچىلىك جەھەتتىكى بىلىمى كامالەتكە يەتكەن ئىدى؛ نامى چىققاندىن كېيىن، يەنە دىئاگنوز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق كېسەل داۋالاشنىڭ مول تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى.

ئەلى ئىبىن سىنانىڭ ياش ۋاقتىدىلا، ئەلدە يېغىلىق ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئىدى، شۇڭا ئۇ يۇرتمۇ يۇرت سەرسان بولۇپ يۈردى. كېيىنچە ئۇ ھامادەنگە بېرىپ ئېغىر كېسەل بىلەن ئاغرىغان بىر پادىشانى داۋالاپ ساقايتتى، شۇڭا پادىشا ئۇنى ۋەزىرلىككە تەيىنلىدى. لېكىن، ئۇ تىبابەت ئىلمىگە تەخسكەشلىكنى بىلمەيتتى، شۇڭا ئوردىدىكى ھوقۇق پەرەس ماجرا توغۇلغاندا، ئوردا قاراۋۇللىرى ئۇنىڭغا خائىنلىق يوشۇرۇپ-باستۇرۇپ كىرىپ، مال - مۈلۈكلىرىنى پۈتۈنلەي بۇلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، پادىشا ئالەمدىن ئۆتتى، شاھزادىلەر ئارىسىدا پادىشالىق تەختىنى تالىشىش كۈرىشى تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى. ئۇ «خۇداغا ئېتىقات قىلماي جىددىيلىقنى تەشۋىق قىلدى» دەپ ئەيىپلىنىپ، تۈرمىگە تاشلاندى. يېڭى پادىشا تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇنى تۈرمىدىن بوشىتىپ، پادىشاغا ھەمرا بولىدىغان ۋەزىر ھەم ئىلمىي مۇشاۋۇر لۇققا تەيىنلىدى.

مىلادى 1037 - يىلى تۈركلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا، ئەلى ئىبىن سىنا ئارمىيە بىلەن بىللە جەڭگە چىقتى. يولدا كېتىۋېتىپ تۇساتتىن جىددىي كېسەلگە گىرىپتار بولدى ۋە

ئۆزىنى ئۆزى داۋالىغان بولسىمۇ، ئۈنۈمى بولماي 57 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ قەدىمقى پەرسىيە تەۋەلىگىدە ۋاپات بولغان ئىدى. ئۇنىڭ قەۋرىسى ھازىرغىچە ئىراننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھامادەن شەھىرىدە بار.

ئەلى ئىبىن سىنانىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلىرى 100 نەچچە خىلدىن كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە تىبابەتكە ئائىت ئەسەرلەر 16 خىلغا يېتىدۇ. ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى «قانۇن» دا يۇناننىڭ قەدىمىي كىلاسسىك تىبابەتچىلىگىنىڭ مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمقى جۇڭگو ۋە ھىندىستانلارنىڭ تىببى دورىگەرلىك جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ قوبۇل قىلىنغان. پۈتۈن كىتاپ بىر مىليوندىن كۆپرەك سۆزدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، خىلمۇ خىل كېسەللىكلەر ۋە ئۇلارنى داۋالاشقا ئائىت تەلىماتلارنى مۇپەس-سەل بايان قىلغان. ئوتتۇرا ئەسىردە، ياۋروپانىڭ پەن - مەدى-نىيەتتە نادان، قالاق دەۋرى ئىدى، چالا دوختۇرلار، داخان، پىرىخونلار ھەممىلا يەردە كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزۈۋاتاتتى، ئەلى ئىبىن سىنا بولسا، تىبابەت ئىلمىي ئۇستىدىكى تەتقىقات ۋە ئەمەلىيەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. بۇ ھال «قانۇن» ئەسىرىنىڭ مۇھىم ئىلمى قىممىتىنى تېخىمۇ نامايەن قىلدى. «قانۇن» مەزمۇنغا باي، ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىشكە بول-دىغان بولغاچقا، ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيان ياۋروپا ئەللىرىدە تىبابەتچىلىكنىڭ كىلاسسىك دەستۇرى قىلىندى. 12 - ئەسىر-دىن باشلاپ، ئالدى بىلەن ئىسپانىيىلىكلەر ئۇنى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلدى، ئارقىدىنلا يەھۇدىلەر ئۇنى شەرھىلەپ چىق-تى؛ بىر مۇنچە ئۇنىۋېرسىتېتلار، مەسىلەن، ئىتالىيىنىڭ سورېنو

ئۇنىۋېرسىتېتى، گېرمانىيىنىڭ لېيپسىگ ئۇنىۋېرسىتېتى، فران-
سىيىنىڭ مۇگپېرې ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا
«قانۇن» دەرسلىك قىلىندى. «قانۇن» كېيىنكى كۈنلەردە
جۇڭگوغىمۇ يېتىپ كەلدى.

ئىبابەتچىلىك جەھەتتىكى تۆھپىلىرىدىن باشقا، ئەلى
ئىبىن سىنا ئاسترونومىيە، پەلسەپە، ئىلاھىيەت، گېئولوگىيە
ۋە شېئىرىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئىنتايىن كۆپ تۆھپە
قوشتى. ئۇنىڭ ئاسترونومىيىگە ئائىت ئەسەرلىرى 11 خىلغا
يېتىدۇ، پەلسەپە ۋە ئىلاھىيەتكە ئائىت ئەسەرلىرى
60 خىلدىن ئاشىدۇ.



# مىڭ بىر كېچە

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمقى زاماندا جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئارىلىغىدا بىر ئارال دۆلەت بار ئىكەن. ئۇنىڭ پادىشاسى شەھرىيار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ، ئۆز خانىشىنىڭ ئوردا قۇللىرى بىلەن تۈيدۇرماي ئويۇن - تاماشا قىلىپ يۈرگەنلىكىنى تۇساتتىن كۆرۈپ قالىدۇ - دە، خانىش بىرەر ناپاك ھەركەت قىلغان بولسا كېرەك، دەپ گۇمانلىنىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇن - قىزلاردىن يىرگىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ ۋە بارلىق خوتۇن - قىزلاردىن ئۆچ ئالماقچى بولىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ھەر ئاخشىمى بىر خوتۇن ئېلىپ، تاڭ ئاتقاندا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. پۇقرالار بۇ ۋەھىمە دەستىدىن قاتتىق ئالاقزادە بولۇشۇپ، قىزلىرىنى يېتىلەپ تەرەپ - تەرەپلەرگە قېچىپ كېتىدۇ. ئەمما پادىشا، ۋەزىرلىرىنى ھەركۈنى ئوردىغا بىر قىز ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇۋېرىدۇ. ۋەزىر پۈتكۈل شەھەرنى ئىزلەپمۇ بىر قىز تاپالماي، پادىشانىڭ ئالدىدا گۇناكار بولۇشتىن قورقۇپ، غەم - ئەندىشە بىلەن ئۆز ئۆيىدە چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ. ۋەزىرنىڭ قىزى شەھرىزاد، ۋەقەنىڭ ھەقىقىتىنى ئۇققاندىن كېيىن، بارلىق قىزلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قىلىش ئۈچۈن، ئۆز خاھىشى بويىچە پادىشاغا

تېگىدۇ، ئۇردىغا كىرگەن ئاخشىمى ئىنتايىن قىزىق بىر چۆچەك ئېيتىپ بېرىش يولى بىلەن پادىشانى قىزىقتۇرۇپ، ئۆزى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ ھەر ئاخشىمى ئاشۇنداق قىزىق چۆچەكلەرنى بىرىگە بىرىنى ئۇلاپ ئۈزمەي ئېيتىۋېرىدۇ. بۇنداق چۆچەكلەر مىڭ بىر كېچىگىچە داۋام قىلىدۇ، ئاخىرىدا پادىشا ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان يەپ، خوتۇن - قىزلارنى ئۆلتۈرمەيدۇ ۋە شەھرىزاد بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىللە ئۆتىدۇ.

تۆۋەندە، شەھرىزاد، پادىشاغا سۆزلەپ بەرگەن نۇرغۇن چۆچەكلەردىن بىرىنى ئاڭلاڭ:

بۇرۇنقى زاماندا بىر بېلىقچى بوۋاي بار ئىكەن، ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە ئۈچ بالىسى بولۇپ، بېلىقچىلىققا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىكەن. بېلىقچى ھەر كۈنى دەرياغا تۆت قېتىم تور سالىدىكەن، تورغا نىمە ئىلىنسا، شۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ ئۆيىگە قايتىدىكەن. بىر كۈنى ئادىتى بويىچە دەريانىڭ لېۋىگە بېرىپتۇ، تورنى يېيىپ سۇغا تاشلاپتۇ، بىرىنچى قېتىمدا بىر ئۆلۈك ئىشەك ئىلىنىپتۇ، ئىككىنچى قېتىمدا بىر پۇچۇق كۈپ ئىلىنىپتۇ، ئۈچىنچى قېتىمدا ئىچى سۆڭەك، شىشە سۇنۇقلىرى بىلەن لىق تولغان بىر ساپال كۈپ ئىلىنىپتۇ. بېلىقچى بوۋاي ئاھ ئۇرۇپ كۆككە قاراپ: «ئەي خۇدا! مەندەك بىچارە بەندەڭنى نائۇمىت قويمىغايسەن!» دەپ نالە قىلغاندىن كېيىن، تۆتىنچى قېتىم «بىسمىللا» دەپ تورنى ساپتۇ. تورنى كۆتىرىپ قارىسا، ئاغزى قەلەي بىلەن كەپشەلەنگەن ناھايىتى ئېغىر بىر تۇچ كۈپ تۇرغۇدەكمىش.

بېلىقچى بۇ كۈپكە قاراپ بەكمۇ قىزىقسىنىپتۇ، ئاۋال

كۈپنى ئېچىپ ئىچىدە نىمە بارلىغىنى بىلمەكچى بولۇپ، كۈپنىڭ ئاغزىدىكى قەلەينى بوشىتىپتۇ. شۇ هامان كۈپنىڭ ئىچىدىن پىخسىغان سېسىق تۈتۈن چىقىپتۇ ـ دە، بۇسى ئاسمان ـ زېمىننى قاپلاپ كېتىپتۇ. كېيىن ئۇ تۈتۈن يىغىلىپ قويۇقـ ـ لىشىپتۇ، ئاندىن ئايلىنىپ ئۆزى كېلەڭسىز، بويى ئاسمانغا تاقىشىدىغان، چاچلىرى پاخپايغان بىر دىۋە سۈرىتىگە كىرىپتۇ. دىۋە خۇددى تۆمۈر ئارىدەك قوللىرىنى ئۇزىتىپ، چىشلىرىنى غىچىرلىتىپ خىرىس قىلغان هالدا بېلىقچىغا قاراپ تۇرۇپ:

— ئەي بەختسىز، مەن سېنى ئازاپلاپ ئۆلتۈرىمەن! قايسى ئۆلۈم بىلەن ئۆلسەن؟ — دەپتۇ.

دىۋىنى كۆرۈپ جان ـ ئىمانى چىقىپ تاتارغان بېلىقچى لاغىلداپ تىترىگەن هالدا:

— مەن سېنى سۇ ئاستىدىن قۇتۇلدۇرسام، شۇنىڭ بەدىلىگە سەن مېنى ئۆلتۈرەمسەن؟ — دەپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ دىۋە، بېلىقچىغا قاراپ، — مورىت دىۋىلەردىن بولىمەن، مەن شەرىئەتكە خىلاپ يامان ئىشلارنى قىلغانلىغىم ئۈچۈن، سۇلايمان پەيغەمبەر مېنى تۇتۇۋېلىپ مۇشۇ كۈپنىڭ ئىچىگە سېلىپ، كۈپنىڭ ئاغزىنى قەلەي بىلەن كەپشەلەپ ئېتىۋەتتى. دەريانىڭ تېگىدە 100 يىل ئاقتىم، ئۆز ئۆزەمگە: كىم مېنى مۇشۇ بالادىن قۇتۇلدۇرسا، مەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاي، ئۇنى ئۆمۈرلۈك شان ـ شۆھرەت ۋە دۇنيا ـ دۆلەتكە ئىگە قىلاي دىدىم. 100 يىل ئۆتتى، ئەمما هېچكىم مېنى قۇتۇلدۇرمىدى. يەنە 100 يىل ئۆتتى، قۇتقۇزغان كىشىگە دۇنيانىڭ بايلىغىنى

بېرەي دەپ قەسەم ئىچتىم. ھېچكىم مېنى قۇتۇلدۇرمىدى. يەنە 100 يىل ئۆتۈپ كەتتى، كىم قۇتقۇزسا ھەر خىل تىلەكلىرىنى قاندۇرىمەن دەپ ئەھدە قىلدىم. توپ-توغرا 400 يىل ئۆتۈپ كەتتى، مېنى يەنىلا ھېچكىم قۇتقۇزمىدى. بۇ ھالغا زادىلا چىدىيالماي غەزەپلەندىم. ئەمدى مېنى كىم قۇتقۇزسا ئۇنى ئۆلتۈرەي، لېكىن ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن، قايسى خىل ئازاپ بىلەن ئۆلتۈرۈشنى ئۆزىدىن سوراي، دەپ نىيەت قىلدىم. سەن مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدۇڭ، شۇڭا ئۇچۇن، سېنىڭدىن سورايمەنكى، قايسى ئۇسۇلدا ئازاپلاپ ئۆلتۈرەي؟

— جانابى دىۋە، — دەپتۇ بېلىقچى ۋەھىمە ھەم غەزەپ بىلەن، — مېنى كەچۈرگىن! ياخشى نىيەتتىم بىلەن سېنى قۇتۇلدۇرغان تۇرسام، سەن ۋاپاغا جاپا قىلساڭ بولامدۇ؟

— بولدى بەس، تىرىكچىلىكتىن ئۈمىدىڭنى ئۈز.

مەن ئەقىل ئىگىسى — تەدبىرلىك ئىنسان تۇرسام. بىر دىۋىنى يېڭەلمەمدىمەن؟ دەپ ئويلاپتۇ بېلىقچى ۋە دىۋىگە قاراپ:

— ئۆلۈمدىن قۇتۇلالماسلىقىمغا كۆزۈم يەتتى. ئەمما مەن ھەيران بولۇۋاتقان بىر مەسىلىنى سەندىن سورىۋالاي، راستىڭنى ئېيتقىن، كىچىككىنە بۇ كۆپكە سېنىڭ بىر قولۇڭمۇ سىغمايدىغان تۇرسا، شۇ بويۇڭ بىلەن ئۇنىڭغا قانداق سىغدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ بېلىقچى.

— ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ — دەپتۇ دىۋە ۋاقىراپ.

— ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگىچە ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ بېلىقچى.

بۇلبۇلچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان دېۋە بىر سىلكىنىپتۇ ـ دە، تۇتۇنغا ئايلىنىپ، ئاستا ـ ئاستا كۆپكە چۇشۇشكە باشلاپتۇ. تۇتۇن تامامەن كۆپكە كىرىپ بولۇشى بىلەنلا، بۇلبۇلچى دەرھال كۆپنىڭ ئاغزىنى بۇرۇنقىدەك قىلىپ بېكىتىپتۇ ـ دە، دېۋىگە قاراپ:

— خوش، ئەھۋالىڭ قانداق؟ ئەمدى سەن قانداق ئۆلۈم بىلەن ئۆلۈشنى خالايسەن؟ مەن ھازىرلا سېنى دەرياغا تاشلايمەن، — دەپ توۋلاپتۇ.

دېۋە، كۆپتىن چىقىش ئۈچۈن تىپىرچەكلەپ بېقىپتۇ، لېكىن چىقالماپتۇ. ئاخىرى:

— ئەي ياخشى نىيەتلىك بۇلبۇلچى. باياتىن ساڭا چاخچاق قىلغان ئىدىم، مېنى كەچۈرگىن. مېنى كۆپتىن چىقىرىۋەتسەڭ، مەن چوقۇم سېنىڭ شەپقىتىڭ ئۈچۈن مەڭگۈ خىزمىتىڭدە بولىمەن، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— ئەي دېۋىلەرنىڭ ئەسكىسى، — دەپتۇ بۇلبۇلچى، — تولا ئادەم ئالدىما!

— ئالداۋاتقىنىم يوق. مېنى قويۇپ بەرگىن، مەن چوقۇم سېنىڭ خىزمىتىڭنى ياخشى قىلىمەن.

— مەن سېنى ياخشى نىيەت بىلەن قۇتۇلدۇرسام، سەن مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدۇڭ، ئەمدى كۆپنىڭ ئىچىدە سېسىپ ياتقىنىڭ ياتقان.

— مېنى ئۆلتۈرمە، مەن خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى، سەن ئاق نىيەت ئادەم، ئەمدى مەن ساڭا ھەرگىز يامانلىق قىلمايمەن، مېنى قويۇپ بەرسەڭ، قەدىمقىلارنىڭ ۋاپادار بولۇڭلار، دېگەن سۆزى بويىچە

ھەرقاچان ياخشىلىق قىلىشقا ۋەدە قىلىمەن.

بېلىقچى، دېۋىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ كوۋىنىڭ ئاغزىنى ئاچقان ئىكەن، تۈتۈن چىقىپ يېيىلىپتۇ، كېيىن تۈتۈن يىغىلىپ دېۋە ئاۋالقى ئەكسىگە كەپتۇ ۋە كوۋىنى تېپىپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپتۇ. دېۋىنىڭ بۇ ھەركىتىنى كۆرگەن بېلىقچى خېلى قورقۇپتۇ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىگە كۆزى يېتىپتۇ:

— ئەي دېۋە، مېنى ئىككىنچى ئالدىماسلىق توغرىسىدا قەسەم قىلغان ئىدىڭ، ۋەدەڭگە ۋاپا قىل! — دەپتۇ بېلىقچى.

— مېنىڭ ئارقامدىن ماڭ! — دەپتۇ دېۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ. بېلىقچى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغانلىقىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، تورنى يۈدۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. تاغ ئۈستىدىكى تۈزلەڭلىككە يېتىپ بېرىپتۇ. قارىسا ئۇ يەردە بىر كۆل بار ئىكەن. دېۋە، بېلىقچىغا تور سېلىپ بېلىق تۇتۇشنى بۇيرۇپتۇ. بېلىقچى كۆلدە ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق، قىزىل، كۆك، سېرىق بېلىقلارنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. كېيىن تور سېپتۇ. كۆتىرىپ قارىسا تورغا ھەر رەڭلىك بېلىقتىن تۆتلا بېلىق چۈشۈپتۇ. بېلىقچى سۆيۈنۈپتۇ، چۈنكى بېلىقچى نەچچە ئون يىل بېلىقچىلىق قىلىپ شۇچاغقىچە بۇنداق ئاجايىپ بېلىقلارنى كۆرمىگەن ئىكەن.

— بۇ بېلىقلارنى ئېلىپ بېرىپ پادىشاغا تەقدىم قىل! ئۇ ساڭا يەتكۈدەك دۇنيا بېرىدۇ، — دەپتۇ دېۋە. ئىككى پۇتىنى يەرگە ئۇرغان ئىكەن، يەر يېرىلىپتۇ، دېۋە



يېرىلغان يەرگە كىرىپ كېتىپتۇ.

بېلىقچى، دېۋىنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، تۆت دانە بېلىقنى كۆتىرىپ شاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپتۇ. شاھ بۇ بېلىقلارنى كۆرۈپ ناھايىتى خوشال بوپتۇ ۋە بېلىقچىغا 400 تەڭگە بېرىپتۇ. ئەمما، ئاشپەز بۇ بېلىقلارنى ساپلىققا سېلىپ قورۇۋاتقاندا، تۆت بېلىقمۇ كۆيۈپ قاپ - قارا كۆمۈرگە ئايلىنىپتۇ. بۇنىڭدىن ھەممەيلەن ھەيران بوپتۇ. شاھ بۇنىڭدىكى سىرنى ئۆزى بىۋاستە بىلمەكچى بوپتۇ - دە، دەرھال ۋەزىر ۋە ئەسكەرلەرگە بېلىقچى بىلەن بىللە ئاتلىنىپ يولغا چىقىشقا پەرمان بېرىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان چوڭ بىر كۆلنىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ. ھەممەيلەن بۇ چوڭ كۆلنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ، چۈنكى بۇ ئەلدىكىلەر بۇ يەرنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقماپتىكەن.

شاھ سىرنى تولۇق بىلمەكچى بولۇپ، قوشۇننى تاغ ئەتراپىغا جايلاشتۇرۇشقا بۇيرۇق قىلىپتۇ.

قوشۇن جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ۋەزىر ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن شاھ چېدىرى ئەتراپىدا قاراۋۇللۇق قىلىپتۇ. شاھ كىيىملىرىنى ئۆزگەرتىپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپتۇ - دە، يولغا چۈشۈپتۇ. ئاخشامدىن تاڭ ئاتقىچە تاغ كېزىپ يۈرۈپ ھېچكىمنى كۆرمەپتۇ.

شاھ ئاشۇ ھالدا توپ - توغرا ئىككى كېچە - كۈندۈز كېزىپ يۈرۈپ، ئۈچىنچى تاڭ ئاتار ۋاقتىدا، يىراقتىن بىر قارا نەرسىگە كۆزى چۈشۈپتۇ، قارىسا تاملىرى قارا تاشتىن ياسالغان چوڭ بىر قەسىر. شاھ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم تاقىلدىتىپتۇ، جاۋاپ بولمىغاندىن كېيىن، شاھ

ھەرقاچان ياخشىلىق قىلىشقا ۋەدە قىلىمەن.

بېلىقچى، دىۋىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ كوپىنىڭ ئاغزىنى ئاچقان ئىكەن، تۈتۈن چىقىپ يېيىلىپتۇ، كېيىن تۈتۈن يىغىلىپ دىۋە ئاۋالقى ئەكسىگە كەپتۇ ۋە كوپىنى تېپىپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپتۇ. دىۋىنىڭ بۇ ھەركىتىنى كۆرگەن بېلىقچى خېلى قورقۇپتۇ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىگە كۆزى يېتىپتۇ:

— ئەي دىۋە، مېنى ئىككىنچى ئالدىماسلىق توغرىسىدا قەسەم قىلغان ئىدىڭ، ۋەدەڭگە ۋاپا قىل! — دەپتۇ بېلىقچى.

— مېنىڭ ئارقامدىن ماڭ! — دەپتۇ دىۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ. بېلىقچى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغانلىقىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، تورنى يۈدۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. تاغ ئۈستىدىكى تۈزلەڭلىككە يېتىپ بېرىپتۇ. قارىسا ئۇ يەردە بىر كۆل بار ئىكەن. دىۋە، بېلىقچىغا تور سېلىپ بېلىق تۇتۇشنى بۇيرۇپتۇ. بېلىقچى كۆلدە ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق، قىزىل، كۆك، سېرىق بېلىقلارنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. كېيىن تور ساپتۇ. كۆتىرىپ قارىسا تورغا ھەر رەڭلىك بېلىقتىن تۆتلا بېلىق چۈشۈپتۇ. بېلىقچى سۆيۈنۈپتۇ، چۈنكى بېلىقچى نەچچە ئون يىل بېلىقچىلىق قىلىپ شۇچاقىچە بۇنداق ئاجايىپ بېلىقلارنى كۆرمىگەن ئىكەن.

— بۇ بېلىقلارنى ئېلىپ بېرىپ پادىشاغا تەقدىم قىل! ئۇ ساڭا يەتكۈدەك دۇنيا بېرىدۇ، — دەپتۇ دىۋە. ئىككى پۇتىنى يەرگە ئۇرغان ئىكەن، يەر يېرىلىپتۇ، دىۋە



يېرىلغان يەرگە كىرىپ كېتىپتۇ.

بېلىقچى، دىۋىنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، تۆت دانە بېلىقنى كۆتىرىپ شاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپتۇ. شاھ بۇ بېلىقلارنى كۆرۈپ ناھايىتى خوشال بوپتۇ ۋە بېلىقچىغا 400 تەڭگە بېرىپتۇ. ئەمما، ئاشپەز بۇ بېلىقلارنى ساپلىققا سېلىپ قورۇۋاتقاندا، تۆت بېلىقمۇ كۆيۈپ قاپ-قارا كۆمۈرگە ئايلىنىپتۇ. بۇنىڭدىن ھەممەيلەن ھەيران بوپتۇ. شاھ بۇنىڭدىكى سىرنى ئۆزى بىۋاستە بىلمەكچى بوپتۇ-دە، دەرھال ۋەزىر ۋە ئەسكەرلەرگە بېلىقچى بىلەن بىللە ئاتلىنىپ يولغا چىقىشقا پەرمان بېرىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان چوڭ بىر كۆلنىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ. ھەممەيلەن بۇ چوڭ كۆلنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ، چۈنكى بۇ ئەلدىكىلەر بۇ يەرنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقماپتىكەن.

شاھ سىرنى تولۇق بىلمەكچى بولۇپ، قوشۇننى تاغ ئەتراپىغا جايلاشتۇرۇشقا بۇيرۇق قىلىپتۇ.

قوشۇن جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ۋەزىر ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن شاھ چېدىرى ئەتراپىدا قاراۋۇللۇق قىلىپتۇ. شاھ كىيىملىرىنى ئۆزگەرتىپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپتۇ-دە، يولغا چۈشۈپتۇ، ئاخشامدىن تاڭ ئاتقىچە تاغ كېزىپ يۈرۈپ ھېچكىمنى كۆرمەپتۇ.

شاھ ئاشۇ ھالدا توپ-توغرا ئىككى كېچە-كۈندۈز كېزىپ يۈرۈپ، ئۈچىنچى تاڭ ئاتار ۋاقتىدا، يىراقتىن بىر قارا نەرسىگە كۆزى چۈشۈپتۇ، قارىسا تاملىرى قارا تاشتىن ياسالغان چوڭ بىر قەسىر. شاھ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ قېتىم تاقىلدىتىپتۇ. جاۋاپ بولمىغاندىن كېيىن، شاھ:

— بەلكى بۇ ساراي تامامەن بوش، ئىگىسىزدۇر، — دەپتۇ - دە، ئىچكىرىگە كىرىپ، — ھەي سارايۋەن! — دەپ ۋاقىراپ قىچقىرىپتۇ، يەنە جاۋاپ بولماپتۇ. شاھ دادىل بولۇپ سارايىنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. قارىسا تامىلىرى يۇلتۇز تامغىلىق يىپەك گىلەملەر بىلەن زىننەتلەنگەن بىر قەسىر، قەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل تۇرغۇدەك. ئۇنىڭ بۇرجەكلىرىدە ئالتۇندىن ئىشلەنگەن يولۋاس ئاغزىدىن كۈمۈشكە ئوخشاش سۇ مەۋج ئۇرۇپ چىقىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ كۆللەر ئارىلاپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئىشىكىگە گۈزەل پەردە تارتىلغان ھەرەمخانا ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. پەردىنى قايرىپ قارىسا، ئىگىز قىلىپ ئورنىتىلغان تەخت، ئۇنىڭ ئۈستىدە ناھايىتى كېلىشكەن بىر ياش يىگىت ئولتۇرغۇدەك.

سۇلتان سالام قىلىپتۇ. يىگىت، ئالتۇن بىلەن نەقىشلەنگەن يىپەك تونغا ئورىنىپ ئولتۇرسىمۇ، ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن ئاللىقانداق مۇڭ ۋە ئەلەم ئىزلىرى سېزىلىپ تۇرغۇدەك. ئۇ ناھايىتى ئەدەپ بىلەن سالامغا جاۋاپ قايتۇرۇپ:

— ئەي ئەزىز، ئۇزاقتىن بۇيان شىپا تاپمايۋاتقان كېسىلىم بولغانلىقتىن، ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن سەندىن ئەپۇ سورايمەن! — دەپتۇ.

شاھ ئۇنىڭدىن كۆل، بېلىق ۋە سارايلارنىڭ نامە-ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلغان ئىكەن، شۇئان يىگىتنىڭ كۆز چانىغى ياشقا تولۇپ يىغلاپ تاشلاپتۇ.

— ئەي يىگىت، نېمىشكە يىغلايسەن؟ — دەپتۇ شاھ.

— بۇنداق ئەھۋالغا چۈشكەن كىشى يىغلىماي تۇرالام-

دۇ! — دەپتۇ يىگىت، — بىلىمنىڭ تۆۋىنى تاش، — يىگىت كىيىمىنى كۆتىرىپ كۆرسىتىپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ شاھ ھەيرانۇ - مەس بولۇپ، — بۇ زادى قانداق ۋەقە؟

— يىگىت، شاھنىڭ سوئالىغا جاۋاۋەن يىغلاپ تۇرۇپ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بايان قىپتۇ:

بۇ بىلىقلار ۋەقەسى بەكمۇ ئاجايىپ. ئاتام سۇدانىنىڭ شاھى بولۇپ، ئاتام ئۆلگەندىن كېيىن، شاھلىق ماڭا مىراس بولۇپ قالغان ئىدى. بىر ساھىپجامالغا ئۆيلەنگەن ئىدىم. ئۇ مېنى چەكسىز سۆيەتتى. ھەر كۈنى ئۇخلاش ئالدىدىن مېنى شاراپقا تەكلىپ قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇ، ئۇخلاش ئالدىدىن ئىچىدىغان شاراپنى ئېلىپ كېلىپ، ماڭا قەدەھ تۇتتى. ئۇنى ئىچكەن بولۇپ بىر چەتكە تۆكتۈم. كېيىن ئۇخلىغان كىشىدەك بولۇپ خورەك تارتتىم. بىردىنلا خوتۇنۇم ماڭا قاراپ:

— سېنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق، ھېچ ئويغانماي ئۇخلا، خۇدايىم ئويغاتماي جېنىڭنى ئالار! — دىدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتتى. ياخشى كىيىملىرىنى كىيدى. سارايىنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپلا كوچىغا چىقىپ كەتتى.

مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتىم. شەھەر دەرۋازىسىغىچە ئارقىسىدىن باردىم. شەھەر سىرتىغا چىقىپ، گۈمبەزلىك بىر قورغانغا كىردى. مەنمۇ گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە چىقىپ سەپسالدىم، قارىسام خوتۇنۇم بىر قارا قۇلنىڭ يېنىغا كەلدى. قارا قۇل:

— شۇ چاققىچە نىمە ئىش بىلەن بەنت بولدۇڭ؟ —

دەپ ئاچچىقلاندى.

— ئەي غوجام، — دېدى ئۇ قولىغا يېلىنىپ، — مېنى كەچۈرگىن، مۇبادا سەن ماڭا قارىمىساڭ، ماڭا كىمنىڭ رەھمى كېلىدۇ. ئاچچىغىڭدىن يېنىپ ماڭا كىچىككىنە يىمەكلىك بەرگىن.

— قارا قول كەچۈرۈپ:

— لىگەننىڭ تېگىدە پىشۇرۇلغان چاشقان سۆڭەكلىرى بار، ئېلىپ يېگىن، — دەپ كۆرسىتىۋىدى، ئۇ دەرھال خوشال بولۇپ شۇ ياققا ماڭدى.

ئەھۋالنى كۆرۈپ غەزەپتىن ئۆرتەندىم، گومبەزدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئىچكىرىگە كىردىم. قىلىچىمنى ئالدىمدە. قارا قولنىڭ بويىنىغا ئۇردۇم. قول يەرگە يىقىلدى. مەن تېزلىكتە شەھەرگە قايتتىم. سارايغا كىردىم.

ئۇ ئەتىسى ماتەم كىيىمنى كىيىپ كەلدى ۋە ماڭا قاراپ:

— ئەي شاھ. ئاڭلىدىلىمىكى، ئاتا - ئانام، ئاكا - ئۇكام ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. شۇڭا مەن ماتەم تۇتۇشقا كىرىشىمەن. ماڭا ماتەم تۇتۇش ئۈچۈن بىرقانچە ئۆي ئېلىپ قىلىسىلا، — دېدى. مەن سىرنى بىلىش ئۈچۈن بىلمىگەن كىشى بولۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا بىر گومبەزسىمان ئۆينى بەردىم، ئۇ يارىلانغان قاراقولنى ئېلىپ كېلىپ شۇ يەرگە ياتقۇزدى. مەن قىلىچ چاپقاندا بەرزەڭگىنىڭ ئەجلى يەتمەي قالغان ئىكەن.

ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. كۆنلەردىن كۈنى ئۇشتۇمتۇت مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ قالدىم، قارىسام خوتۇنۇم ياتقان بەرزەڭگىگە قاراپ قار - يامغۇر يىغلاۋاتىدۇ.

مېنىڭ ئاچچىغىم كېلىپ:
— قاچانغىچە شۇنداق قايغۇرۇپ يىغلايسەن، ماتەم
لىرىڭ يېتەر ئەمدى، — دەپ قىلىچ كۆتەردىم. ئۇ
دەرھال ئارقىسىغا قاراپ ئورنىدىن تۇردى. بەرزەڭگىنى
ياردار قىلغان كىشىنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى بىلدى. بىرنى
مىلەرنى دەپ ئەپسۇن ئوقۇدى: «يېرىمى تاش، يېرىمى
ئادەم بولسۇن!» دەپ بىرقاچا سۇنى ماڭا چاچتى. شۇنىڭدىن
كېيىن ھازىرقى سۈرەتكە كىردىم. تۇرالمايمەن. ئولتۇرال-
مايمەن، تىرىكمۇ ئەمەس، ئۆلۈكمۇ ئەمەس بىر ھالغا
كەلدىم. مېنى بۇ ھالغا سالغاندىن كېيىن، بۇ تاش
يۈرەك پۈتۈن شەھەرنى، ئۇنىڭدىكى بار - يوقنى جادۇ
قىلدى. شەھىرىمىزدە تۆت خىل كىشىلەر ياشايتتى. ئۇلار:
نىسارلار، مۇسۇلمانلار، جوھۇتلار ۋە مەجۇسلار ئىدى.
ھەممىسىگە جادۇ قىلىپ ئۇلارنىمۇ تۆت خىل بېلىققا
ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇ بېلىقلارنىڭ كۆكى نىسالار،
ئېقى مۇسۇلمانلار، سېرىقى جوھۇتلار، قىزىلى مەجۇسلاردۇر.
تۆت ئارالنى بولسا كۆلنى چۆرىسىدىن توساپ تۇرىدىغان
تۆت تاققا ئايلاندۇردى. شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن، ئۇ ھەر
كۈنى مېنى يۈز قامچا ئۇرۇپ ئازاپلايدۇ...
— ھەي يىگىت، ئۆزەڭنى بىئارام قىلما. مەن
جەزمەن سەن ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىمەن! — دەپتۇ
يىگىتنىڭ دەردى ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەزەپ-
لەنگەن شاھ.
شاھ مىسران قىلىچىنى ئاپتۇ - دە، بەرزەڭگىنىڭ
قېشىغا كىرىپلا قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ بېشىنى ئۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ

كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ ئۆزى كىيىپتۇ. بەرزەڭگىنىڭ ئۆلۈكىنى مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتىرىپ چىقىپ، سارايدىكى قۇدۇق ئىچىگە تاشلاپتۇ. ئاندىن قايتىپ كىرىپ بەرزەڭگىنىڭ ئورنىدا يېتىپتۇ.

بىرئازدىن كېيىن جادۇگەر خوتۇن كىرىپ كەپتۇ، ياتقان شاھنى بەرزەڭگىمىكىن دەپ ئويلاپتۇ ھەم ئاستا قىلىپ:

— سۆزلىسەڭچۇ غوجام! — دەپتۇ. شاھ ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ:

— سەن ھەر كۈنى ئېرىڭنى ئۇرۇپ قىينايسەن، ئۇ ئازاپىنىڭ دەردىدىن ناله - پەريات قىلىدۇ، ئەتىدىن كەچكىچە سېنى قاغاپ مېنى ئۇيقۇدىن قالدۇرىدۇ. ئەگەر شۇنىڭدىن تېچلانسام، بەلكى تېز ئارىدا تۈزۈلۈپ كېتەرمەن، — دەپتۇ شاھ، خوتۇنغا قاراپ. خوتۇن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ خوشلۇقتىن ۋاقىرىۋېتىپتۇ:

— سېنىڭ خوشالۇغۇڭ ئۈچۈن، ئۇنى مەن ئازاپتىن خالاس قىلاي، — دەپتۇ خوتۇن ۋە بىر داسنى سۇغا توشقۇزۇپتۇ، سۇغا قاراپ ئەپسۇن ئوقۇپ سۆزلەپتۇ. سۇ كۆپۈكلەپ قازاندا قاينىغاندەك قايناپتۇ. شۇ سۇنى يىگىتنىڭ ئۈستىگە چېچىپتۇ، يىگىت بىردىنلا سەسكىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. شۇئان يىگىتكە:

— چىق، كۆزۈمدىن يوقال! — دەپ ۋاقىراپتۇ. يىگىت بۇ جايدىن چىقىپ كېتىپتۇ. خوتۇن يەنە ماتەم ئۆيىگە كىرىپتۇ.

— ئەي غوجام، يېقىملىق سۆزۈڭنى ئاڭلاي، تاپشۇرۇقلى-

ردىڭ بولسا ئېيتقىن! — دەپتۇ.
— بۇ ئەل خەلقى پۈتۈنلەي بېلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىل-دى، ئۇلار ھەر كېچە ئۇخلىماي سېنىمۇ، مېنىمۇ قوشۇپ قاغايدۇ، مانا بۇ مېنىڭ ساقايماسلىقىمنىڭ يەنە بىر سەۋە-ۋى، ئۇلارنى تېزرەك قۇتقۇز، كېيىن كېلىپ مېنىڭ قولۇمدىن تارت! — دەپتۇ شاھ.

خوتۇن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— بۇيرۇغۇڭنى ھازىر ئورۇنلايمەن! — دەپتۇ-دە، كۆلنىڭ لېۋىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر چاڭگال سۇ ئاپتۇ. سۇغا قاراپ بىرنېمىلەرنى دەپ ئەپسۇن ئوقۇپتۇ، ئەپسۇن ئوقۇپ «سۇھ» دەپ سۇنى كۆلگە چېچىپتۇ. شۇ ھامان بېلىقلار باش كۆتىرىپ ئادەم قىياپىتىگە كىرىپتۇ، شەھەرمۇ ئاۋالقى ھالىتىگە كەپتۇ. ھەركىم ئۆز جايىغا، ھەممە نەرسە ئۆز قېلىپىغا كەپتۇ. جادىگەر خوتۇن دەرھال شاھنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ.

— يېقىنراق كەل! — دەپتۇ شاھ يۇمشاق ئاۋاز بىلەن، خوتۇن شۇ ھامان يېقىنلاپ كەلگەن ئىكەن، شاھ قىلىچىنى ئېلىپ مەلئۇننىڭ كۆكسىگە ئۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ جىنايەتلىك ھاياتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئىككى ئەل دوستانە ئىتتىپاقداش بوپتۇ. شاھ ئۇ يىگىتنى ئۆزىنىڭ ئىز باسارى قىپتۇ، ۋەزىرىنى يىگىتنىڭ مەملىكىتىگە شاھ قىلىپ تەيىنلەپتۇ. شەھەر خەلقىنى قۇتقۇزۇشقا سەۋەبچى بولغان بېلىقچىغا كىشى ئەۋەتىپتۇ، بېلىقچى يېتىپ كەپتۇ. بېلىقچىنىڭ بىر قىزىنى شاھ ئۆزى ئاپتۇ، ئىككىنچىسىنى يىگىتكە نىكاھ-لاپ بېرىپتۇ. بېلىقچىنىڭ ئوغلىنى غەزىنىدارچىلىققا تەيىنلەپتۇ. بۇ ئائىلە شاتۇ-شەۋكەتلىك، باي-پاراغەتلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

......

مىڭ بىر كېچە چۆچەكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى قەدىمقى پېرسىيە، مىسىر ۋە ئىراق خەلقلىرى ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن رىۋايەتلەردىن كېلىپ چىققان. بۇ چۆچەكلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا ئەپسانىلىق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەركىزىي مەزمۇنىدا، ئاق كۆڭۈل خەلققە مەدھىيە ئوقۇلغان، يامانلىق، ۋەھشىلىك سۆكۈلگەن، شۇڭا ئۇ كۈچلۈك خەلقچىللىققا ئىگە بولۇپ، ئەسىرلەر بويى دۇنيا خەلقىنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كەلدى. «مىڭ بىر كېچە» ياكى «ئەلغا لەيلى ۋە لەيلى» دېگەن بۇ مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئۆزىگە كېلىدىغان بولساق، ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز بېيىتىشى نەتىجىسىدە، 16 - ئەسىردە كىتاب بولۇپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تارالغىنىغا 700 — 800 يىل بولغان. بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقىدەك كىتاب ھالىتىگە كېلىشىگە، ئاساسلىقى ئەرەپ خەلقلىرى چوڭ تۆھپە قوشقاچقا، چۆچەكلەر قويۇق ئىسلام ئۇسلۇبىغا ئىگە بولۇپ، مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ.



## هارشاۋاردهانا پادىشا

مىلادى 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھىندى يېرىم ئارىلى
نۇرغۇنلىغان كىچىك دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، بىر-
لىككە كەلگەن بىر پادىشالىق يوق ئىدى. ھازىرقى دېھلىنىڭ
شىمالىي تەرىپىدە كانياككوپجا دىگەن بىر كىچىك پادىشالىق
بار ئىدى. مىلادى 606 - يىلى بىر يىگىت پادىشالىق تەخ-
تىگە چىقتى. كىشىلەر ئۇنى ھارشاۋاردهانا دەپ ئاتاشتى.

پادىشا ھارشاۋاردهانا تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئال-
دى بىلەن پىللىقلار، ھارۋىلىقلار، ئاتلىقلار ۋە پىيادىلەر قو-
شۇنلىرىنى قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قوراللىق كۈچىنى كۈچەيتتى.

پىللىقلار قوشۇنى پۈتۈنلەي چوڭ پىللارنى ئاساسلىق
جەڭ قورالى قىلغان بولۇپ، پىللارغا پۇختا يوپۇرماقلار يۆگەل-
گەن ئىدى. پىللار ئۆزۈن چىشلىرىنى قورال ئورنىدا ئىشقا
سالاتتى، خارتۇملىرى ئارقىلىق ئېغىر نەرسىلەرنى قاماپ ئالات-
تى. پىيادە دۈشمەنلەر ئۇچراپ قالسىمۇ خارتۇملىرى ئارقىلىق
قاماپ ئالاتتى - دە، ئۇلارنى نەچچە گەز يىراقلىققا ئېتىۋېتەتتى.
ئەسكەر باشلىقلىرى پىللارغا مىنىۋېلىپ، ئىككىدىن ئەسكەرنى
پىلنى ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىشقا قوياتتى.

ھارۋىلىقلار قوشۇنى تۆت ئات قوشۇلغان بىر ھارۋىنى

بىر گۇرۇپپا قىلغان قوشۇن ئىدى. ھەربىر ھارۋىغا بىر ئەس-
كەر باشلىغى باشچىلىق قىلاتتى، بىرقانچە ئەسكەر قوللىرىغا
ئۇزۇن نەيزىنى تۇتقان ھالدا، ھارۋىدىن نېرى تۇرۇپ دۈش-
مەن بىلەن ئېلىشاتتى. ھارۋىلار تارقاق تۇرۇپ جەڭ قىل-
شاتتى، چۈنكى بۇنداق تاكتىكىنى قوللانغاندا، تارقىلىپ قېچىپ
كېتىۋاتقان دۈشمەنلەرگە قوغلاپ يېتىۋالغىلى بولاتتى.

ئاتلىق قوشۇنى چەۋەندازلاردىن ئىبارەت ئىدى، پىيادى-
لەر قوشۇنى پىيادە ئەسكەرلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار تازا
بەرجىس يىگىتلەردىن بولۇپ، ھەممىسى بىردىن يوغان قالقان
تاقىۋالغان، قوللىرىغا ئۇچلۇق نەيزە ياكى خەنجەر ئالغان ھال-
دا باتۇرلۇق بىلەن توسالغۇسىز ئىلگىرىلەيتتى.

پادىشا ھارشاۋاردھانا ئاشۇ تۆت خىل قوشۇننى تەش-
كىللىۋالغاندىن كېيىنلا زېمىننى كېڭەيتىشكە باشلىدى. ئۇ تەختكە
چىقىپ قىسقىغىنا ئالتە يىل ئىچىدە ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىس-
مىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھىندى يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شى-
مالىدىكى تاغلىقتىن. ھىندى يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي جەنۇ-
بىدىكى دېڭىز بويلىرىغىچە سوزۇلغان كاتتا ئىمپېرىيە قۇردى،
بۇ ئىمپېرىيە شىچىڭ چۈيدو پادىشالىقى دەپ ئاتالدى.

شۇندىن كېيىن، ھارشاۋاردھانا ئۆز خاندانلىقىدا فېئو-
داللىق تۈزۈم ئورنىتىشقا كىرىشتى. بۇ چاغدا، پادىشالىق ئاس-
تىدا 30 نەچچە بەگلىك تەسىس قىلىنغان ئىدى. ھەر دە-
رىجىلىك ۋەزىرلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا مولاپ بېرىلگەن يەرلىرى
بار ئىدى. پۇقرالار دېخانچىلىق، قول سانائەت ئىشلەپچىقى-
رىشى ۋە سودىگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، شال، سۆك، پۇرچاق
ۋە شېكەر قومۇشى قاتارلىق دېخانچىلىق مەھسۇلاتلىرى، شۇنداقلا

ماتا، مىس قوراللار ۋە ئەينەك قاچا ـ قۇچا قاتارلىق قول سانا-
ئەت بۇيۇملىرىنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىراتتى ھەمدە بۇلارنى ئارقى-
لىق تاشقى سودا ئېلىپ باراتتى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە،
ئىقتىسات گۈللەنگەن، دۆلەت بېيىغان ۋە قۇدرەت تاپقان ئىدى.

پادىشا ھارشاۋاردھانا، بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغاچقا،
ھەممىلا يەردە بۇددا مۇنارلىرىنى تۇرغۇزغان، ئىبادەتخانىلى-
رىنى سالدۇرغان ۋە ھەيكەل ئورناتقان ئىدى. پايتەختى كانا-
ئۇج شەھىرىدىلا 100 دىن ئارتۇق بۇددا ئىبادەتخانىسى يا-
ساتقان ئىدى. ئۇ چاغدا بۇددا دىنى ھاھايانا (ئۇلۇغ كۆلەڭ-
گە) ۋە ھىنايانا (كىچىك كۆلەڭگە) مەزھەپلىرىگە بۆلۈنگەن
بولۇپ، ھاھايانا مەزھىپىدىكىلەر قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك
خالايىقنىڭ ھەممىسىنى تەشەببۇس قىلاتتى، ھىنايانا مەز-
ھىپىدىكىلەر شەخسنىڭ ئارامىلىغىنى تەشەببۇس
قىلاتتى. پادىشا ھارشاۋاردھانا، ھاھايانا مەزھىپىنىڭ
مۇرىدى ئىدى.

بىر قېتىم پادىشا ھارشاۋاردھانا شەخسەن ئۆزى بىر
كىچىك بەگلىككە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە، بۇ بەگلىكتىكى
شەيخلەرنىڭ ھەممىسى ھىنايانا مەزھىپىدىكىلەر بولغاچقا،
ھاھايانا ئەقىدىلىرىگە ئىشەنمىگەن، ھىنايانانىڭ بىر ئۇلۇغ
ئۇستازى تېخى «ھاھايانانى ئېچىپ تاشلاش توغرىسىدا»
دىگەن بىر پارچە ئەسەر يېزىپ ھاھايانانى مەسخىرە قىلغان.
پادىشا ھارشاۋاردھانا بۇنى كۆرۈپ دەرغەزەپكە كەلگەن ۋە
ئۇلار بىلەن مۇنازىرىگە سېلىش ئۈچۈن خوشنا بەگلىكتىن
ھاھايانا مەزھىپىنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازىنى ئالدۇرۇپ كېلىشكە
ئادەم ئەۋەتكەن. خوشنا بەگلىك جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى-

دىن سەنزاڭ (ئۈچ يۈرۈش كالامىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىغان) ئۇستاز شۈەنجۇاڭنى ئەۋەتكەن. سەنزاڭ ئۇستاز «ۋەھشىلىك قارىشىغا چەك قويۇش توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ، ھىنايانا مەزھىپىنىڭ ئەقىدىلىرىگە رەددىيە بەرگەن.

642 - يىلى 12 - ئايدا، پادىشا ھارشاۋاردھانا — كاناقۇچ شەھىرىدە بۇ ئىككى مەزھەپنىڭ مۇنازىرە يىغىنىنى ئاچقان. بۇ يىغىنغا ھىندى يېرىم ئارىلىدىكى 18 دۆلەتنىڭ پادىشالىرى، ماھايانا ۋە ھىنايانا مەزھەپلىرىنىڭ كاتتا راھىپلىرىدىن مىڭدىن كۆپرەك كىشى، بىراخمان دىنى ۋە باشقا دىنلارنىڭ مۇرىتلىرىدىنمۇ 2000 دىن كۆپرەك كىشى كېلىپ قاتناشقان. ھىندى يېرىم ئارىلىدىكى ئەللەردىكى پۇقرالارمۇ مۇنازىرە ئاڭلاش ئۈچۈن كەلگەن. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى پىللىق، ھارۋىلىق ۋە پىيادە يولغا چىقىپ، تۇغ - ئەلەملەرنى كۆتەرگەن ھالدا قايىنام تاشقىنلىق بىلەن يېتىپ كېلىشكەن، مۇنازىرە مەيدانى مىڭ - مىڭ ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ، مىسلىسىز داغدۇغا پەيدا قىلغان.

سەنزاڭ ئۇستاز بىر مەزھەپنىڭ ئاساسلىق مۇنازىرىچىسى سۈپىتىدە ئالدى بىلەن مەيدانغا چىقىپ نۇتۇق سۆزلىگەن. ئۇ بۇددىزمنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئومۇمىي يۈزلۈك شەرھىلىگەن ھەمدە ھىنايانا مەزھىپىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى ئۈستىدە كونكرېت تەنقىت ئېلىپ بارغان. نۇتۇق سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن «ۋەھشىلىك قارىشىغا چەك قويۇش توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرنى تاختا قەغەزگە يېزىپ، يىغىن زالىنىڭ سىرتىغا چاپلىغان ھەمدە: بىراۋ مېنىڭ مۇھاكىمەمدىكى بىرەر سۆزنىڭ ھەقىقەت ئەمەسلىكىنى تېپىۋالسا، مېنىڭ كاللامنى ئېلىپ خالايىقتىن

ئەپۇ سورىسۇن، دەپ بايانات ئېلان قىلغان. مۇنازىرە باشلانغاندا، ھىنايانا مەزھىپىدىن بىر ـ ئىككى راھىب چىقىپ بەزى مەسىلىلەرنى قويغان بولسىمۇ، سەنزاڭ ئۇستاز شۇ ھامانلا ئۇلارنىڭ گېپىگە رەددىيە بەرگەنلىكتىن، ئۇلار لام ـ جىم دېيەلمىگەن، شۇنىڭ بىلەن باشقىلار مۇنازىرە قىلىشقا پېتىنالمىغان.

يىغىن بىرقانچە كۈنلەپ ئېچىلغان. سەنزاڭ ئۇستاز ھەر كۈنى ئۇلارغا بۇددىزىم ئەقىدىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ نۇتۇق سۆزلىگەن، جامائەت جىمجىت تۇرۇپ قېتىقىنىپ ئاڭلىغان، بىر كىشىمۇ غىڭ ـ پىڭ قىلالمىغان. يىغىن مۇشۇ تەرىقىدە 18 كۈن داۋاملاشسىمۇ، بىرەر ئادەم چىقىپ مۇنازىرە قىلىشقا پېتىنالمىغانلىقى ئۈچۈن، پادىشا ھارشاۋاردھانا مۇنازىرە يىغىنىنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى جاكالىغان.

يىغىن ئاياقلاشقاندا، پادىشا ھارشاۋاردھانا بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەنزاڭ ئۇستازىغا 10 مىڭ تىللا، 30 مىڭ يامبۇ، يۈز يۈرۈش ئالىي راھىپلىق كىيىملىرىنى ھەدىيە قىلغان؛ 18 ئەلنىڭ پادىشالىرىمۇ ئۇنىڭغا قىممەتلىك سوۋغىلارنى تەقدىم قىلغان. سەنزاڭ ئۇستاز ھەممىسىگە تەشەككۈر ئېيتقانۇ، قوبۇل قىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن پادىشا ھارشاۋاردھانا، سەنزاڭ ئۇستازنى ئىنتايىن گۈزەل بېزەلگەن بىر پىلغا مىندۈرۈپ، مۇنازىرە مەيدانىنى بىر ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق مۇنازىرىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىگەن. پىلنىڭ ئىككى يېنىدا ھەمرا بولۇپ ماڭغۇچىلار سەنزاڭ ئۇستازنىڭ پېشىگە ئېسىلغان ھالدا پۈتۈن مەيداندىكىلەرگە قاراپ:

ئەي خالايىق ئاڭلاڭلار، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار!
ئۇن سەككىز كۈن ھەم قاراتۇن قۇلاق سالدۇق سۆزلەرگە.
سەنزاك ئۇستاز راست دېدى — ھاھا — يانا ھەققەت.
ھىنايانا دىگەنلەردىن چىققىدى بىر ئىشەنگۈدەك ئىجازەت.

دەپ ۋەز تووۋلاپ مىڭىشقان.

يىغىن ئاياقلاشقاندىن كېيىن، پادىشا ھارشاۋاردھانا، ئۇنى ھىندىستاننىڭ بەش يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان «ئوچۇق يىغىن»غا قاتناشتۇرغان. «ئوچۇق يىغىن» بۇددىزىمنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىنى شەرھىلەيدىغان ۋە مال - مۈلۈك، سەدىقە قىلىدىغان بىر خىل يىغىن بولۇپ، ھەرقانداق كىشى قاتنىشالايتتى. بۇ يىغىنغا پادىشا ھارشاۋاردھانا ۋە 18 دۆلەت پادىشالىرى قاتناشقان. يىغىن 75 كۈن داۋاملىشىپ ئۇنىڭغا ھىندى يېرىم ئارىلىدىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەردىن كەلگەن 50 مىڭدىن كۆپرەك كىشى قاتناشقان، شۇڭا بۇ يىغىن ھىندىستان تارىخىدا ئەڭ كاتتا «ئوچۇق يىغىن» ھېساپلانغان. سەنزاك ئۇستازنىڭ ئۇ يىغىندا بۇددىزىم قانۇنلىرىنى شەرھىلەپ كۆپ قېتىملاپ قىلغان سۆزلىرى جامائەتنىڭ چوڭقۇر ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

ئوچۇق يىغىن تولۇق ئاياقلاشقاندىن كېيىن، بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەنزاك ئۇستازى ۋەتىنىگە قايتماقچى بولغان. پادىشا ھارشاۋاردھانا ئۇنىڭدىن بۈيۈك تاڭ پادىشاسىلى شىمىنگە سالام ئېيتىپ قويۇشنى ئۆتۈنگەن ھەمدە ئۇنىڭغا مىننىشكە بىر پىل بېرىپ، چېگرىدىن ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇردا ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ھىندىستان بىلەن جۇڭگو دوستانە خوشنا ئەللەردىن بولۇپ قالغان.

## شۇەن جۇاڭنىڭ غەرپكە سەپەر قىلىشى

پادىشا ھارشاۋاردھانا توغرىسىدىكى ھېكايىدە، بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەنزاڭ ئۇستازىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. ئۇنداقتا، بۇ ئۇستاز «غەرپكە ساياھەت خاتىرىسى» دىكى تاڭ سېڭ (تاڭ سۇلالىسىدىن كەلگەن راھىپ) مۇ - ئەمەسمۇ؟ بۇ سوئالغا بىز: ھەم شۇ، ھەم ئەمەس، دەپ جاۋاپ بېرىمىز.

تاڭ سېڭ دېيىشىمىزدىكى سەۋەپ شۇكى، «غەرپكە ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ ئاپتورى سەنزاڭ ئۇستازنىڭ ھىندىستانغا بېرىپ بۇددىزىمنى ئۆگىنىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى پاكىتلارغا ئاساسەن، بۇ روماننى يېزىپ چىققان، تاڭ سېڭ ئەمەس دېيىشىمىزدىكى سەۋەپ شۇكى، تاڭ سېڭ ئەرشىدىكى ئىلاھى ئەمەس، بەلكى ھەقىقى ئادەم. ئۇنىڭ ئەرشىدىكى ئوردىنى ئەرەختەن - پەرەختەن قىلغانلىقى، بەيگۇجىڭغا ئۈچ قېتىم زەربە بەرگەنلىگى، يانار تاغدىن يەلپۈگۈچ ئارىيەت ئالغانلىقى قاتارلىق بىرمۇنچە ھېكايىلەرنى ئالىدىغان بولساق، ھەممىسى ئاپتورنىڭ بەدىئى ئويدۇرمىسىدىن ئىبارەت.

تۆۋەندە تاڭ سېڭنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەيلى:

تاڭ سېڭنىڭ ئەسلى پەمىلىسى چېن، ئىسمى ۋېي بولۇپ، مىلادى 600 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئىككىنچى ئاكىسى لوياڭ جىڭتۇ ئىبادەتخانىسىدا شەيخ بولغاچقا، ئۇمۇ 15 يېشىدىلا شەيخ بولۇپ، ئۆزىگە بۇددىزىمغا خاس بولغان شۈەن جۇاڭ دىگەن ئىسىمنى قويۇۋالغان. شەيخ شۈەن جۇاڭ، جۇڭگونىڭ چاڭجياڭ ۋە خۇاڭخې دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرىنى كېزىپ يۈرۈپ، ئۇرغۇنلىغان دانا راھىپلاردىن بۇددىزىمنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئۆگەنگەن. ئەمما ئۇ، ئوخشاشمىغان مەزھەپتىكىلەرنىڭ بۇددا نوملىرىنى شەرھىلىشى بىردەك بولمايۋاتقانلىغىنى، بۇددا نوملىرىنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرىدىمۇ بىرسى بىرسىگە ئوخشاشمايدىغان جايلارنىڭ بارلىغىنى، ھەتتا نۇرغۇن نوملارنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىلىرىمۇ يوقلۇغىنى بايقىغاندىن كېيىن، غەرپكە سەپەر قىلىشقا، ھىندىستانغا بېرىپ بۇددا نوملىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى قېتىقىنىپ ئوقۇپ، بۇددىزىمنىڭ چىن ھەقىقىتىنى ئۆگىنىشكە بەل باغلىغان.

پادىشا ئوردىسى، شۈەن جۇاڭنىڭ چەتكە چىقىش ئىلتىماسىنى تەستىقلىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، 627 - يىلى ئۆزى يالغۇزلا ئون مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە مەخپى ئاتلاندى. لياڭجۇغا يېتىپ كەلگەندە، تۇتۇق ھىراۋۇل جاناپلىرىنىڭ چاپارمەنلىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى پايتەخت چاڭئەنگە قايتۇرۇۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئۇ يەردىكى داڭلىق بىر راھىپنىڭ ياردىمى بىلەن قېچىپ چىقىپ، كۈندۈزلىرى مۆكۈنۈپ، كېچىلىرى يول يۈرۈش ئارقىلىق، چېگرا شەھەر گۇاجۇ (گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭ) غا كېلىۋالغان. ئويلىمىغاندا، تۇتۇق ھىراۋۇلنىڭ شۈەن جۇاڭنى تۇتقۇن قىلىش توغرىسىدىكى تەستىقنامىسى گۇاجۇغا يەتكۈزۈلگەن،

بەختكە يارىشا، شۋەن جۇاڭنىڭ يەرلىك ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان بىر شاگىرتى ئۇنى باشقا يوللار بىلەن مېڭىپ يۈرۈپ يۈمېنگۇەندىن چىقىرىپ قويغان.

يۈمېنگۇەندىن چىققاندىن كېيىن، چەكسىز قۇملۇق ئىدى، ھاۋا ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇراتتى. شۋەن جۇاڭ قۇملۇقتا ئۆزى يالغۇز بەش كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈش جەريانىدا ئىچكىلى سۇ تاپالمىغاچقا، ھۇشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالغان، تۈن نىسبىدە سالقىن شامالنىڭ سەگىتىشى بىلەن ھۇشىغا كېلىپ ئەتراپنى ئاختۇرۇپ سۇ تېپىپ ئىچىپ، شۇنىڭدىن كېيىن، يەنە بەش كۈن يول يۈرۈپ ئېۋىرغول (ھازىرقى قۇمۇلغا) يېتىپ كەلگەن.

ئېۋىرغولنىڭ يېنىدا قۇجۇ خانلىغى بار ئىدى، (ھازىرقى تۇرپان) بۇ خانلىقنىڭ خانى ئۇنىڭ كەلگەنلىگىدىن خەۋەر تاپقان ھامان ئادەم ئەۋەتىپ شۋەن جۇاڭنى بۇددا نوملىرىنى شەرھىلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان، خان قىزغىن كۈتۈۋېلىپ ۋە كۆپ ھەق بېرىش ئارقىلىق شۋەن جۇاڭنى قۇجۇدا ئېلىپ قالماقچى بولغان. ئەمما شۋەن جۇاڭ، ھىندىستانغا بېرىپ تەجرىبە ئېلىشقا بەل باغلىغانلىغىنى بايان قىلغان. خان ئۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن يات پەمىلىلىك ئاكا - ئۇكا بولۇشقان، يول ئۈستىدىكى 24 خانلىقنىڭ خانلىرىغا ئۆز قولى بىلەن 24 پارچە نامە يېزىپ، ئۇلاردىن شۋەن جۇاڭنىڭ چېگرىلاردىن ئۆتۈشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەن. يولغا چىققاندا، ئۇ يەنە 30 ئات ۋە 25 ھەمرا قوشۇپ بەرگەن ھەمدە ئۇلارغا 20 يىللىق سەپەرگە يەتكۈدەك لازىمەتلىك بۇيۇملارنى بەرگەن.

شۈەن جۇاڭلار مىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن پامىردىن ئۆتۈپ سۇيئاپ شەھىرى (ھازىرقى قىرغىزىستان تەۋەلىگىدە) گە كەلدى؛ ئاندىن يەنە ھازىرقى ئافغانىستان رايونى ئارقىلىق داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، 628 - يىلى شىمالىي ھىندىستانغا يېتىپ بارغان.

شۈەن جۇاڭ كاسمىرا (ھازىرقى كەشمىر) دە ئىككى يىل بېرىلىپ ئۆگىنىپ، شۇ چاغدا ئۆتكۈزۈلگەن 4 - قېتىملىق بۇددىزىم يىغىلىشىدا، بۇددىستلار توپلىغان 300 مىڭ مەدھىيە (ئەينى چاغدا ھىندىستاندا سانسكىرت يېزىقى بىلەن يېزىلغان قاپىيىلىك نەزمە بولۇپ، ھەر ئىككى قۇردا بىر قاپىيە چۈشەتتى، مۇشۇنداق ھەر بىر قاپىيە بىر «مەدھىيە» دەپ ئاتىلاتتى) لىك نومنى تولۇغى بىلەن ئوقۇپ تۈگەتتى، جەمى 960 مىڭ سۆزلۈك بۇددىزىم كالامىنى ئۆگەندى ھەمدە «سىراتوۋدىيا» (قەدىمقى ھىندىستان تىل - يېزىق شۇناسلىغى) ۋە «ھېتوۋدىيا» (قەدىمقى ھىندىستان لوگىكىسى) نىمۇ ئۆگىنىۋالدى.

ئىككى يىلدىن كېيىن، شۈەن جۇاڭ پۈتكۈل ھىندىستاننى ساياھەت قىلىشقا كىرىشىپ، بۇددىزىمنىڭ قەدىمىي يادىكارلىقلىرىنى زىيارەت قىلدى، داڭلىق ئۇستازلاردىن ئۆگەندى.

ئۇلار كاسمىرادىن چىقىپ غەربىي جەنۇپقا قاراپ 700 چاقىرىمدىن كۆپرەك يول ماڭغاندىن كېيىن، شەرقىي جەنۇپقا بۇرۇلۇپ يەنە 400 چاقىرىم يول مېڭىپ، بىر دەريادىن ئۆتۈپ بىر ئورمانلىققا كىرگەندە، ئورمانلىقتىن ئۇشتۇمتۇت نەچچە ئون قاراقچى ئېتىلىپ چىقىپ، شۈەن جۇاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ يالىڭاچلىدى ۋە پۈتكۈل مال - مۈلكىنى قويماي بۇلىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ

ھەمىسىنى بىر كۆلچەكنىڭ بويىغا ھەيدەپ بېرىپ، ئۆلتۈرۈپ
تاشلىماقچى بولدى. دەل مۇشۇ چاغدا، شۇەن جۇاڭنىڭ بىر
ھەمراسى كۆلچەكنىڭ جەنۇبىدا بىر ئۆڭكۈر تۇرغانلىقىنى
كۆردى - دە، شۇ ھامان شۇەنجۇاڭغا ئىما قىلدى ۋە ئىككىيلەن
ئۆڭكۈرگە مۆكۈۋالدى. بۇ ناھايىتى ئۇزۇن بىر ئۆڭكۈر بولۇپ،
ئۇلار ئىككى - ئۈچ چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن يورۇقلۇققا چىقتى.
بۇ يەر خېلى چوڭ يېزا ئىدى، ئۇلار يەرلىك دېخانلارغا
ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ پانا تىلىدى. بىر بوۋاي شۇ ھامان
بۇغۇي چېلىپ نەچچە ئون دېخان يىگىتنى يىغدى - دە،
ئوق - يا، جوتۇ ۋە تىرنىلىرىنى ئالغان ھالدا بىرلىكتە
قاراقچىلارنى تۇتۇش ئۈچۈن يېتىپ كېلىشتى. بۇ چاغدا،
قاراقچىلار ئولجا بۆلۈشەلمەي غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقان بولۇپ،
كۆلچەك بويىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ئىدى.
ئۇلار يوپۇرلۇپ كېلىۋاتقان دېخانلارنى كۆرۈپلا ئارقا - ئارقى-
دىن ئورمانلىققا قېچىپ كىرىپ كەتكەن. كۆلچەك بويىدىكى-
لەر قۇتقۇزۇپ قېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مال -
مۈلۈك، پۇل ۋەجى قاراقچىلار قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. بۇ
يەردىكىلەر ئۇلارغا ناھايىتى خەيرىخاھلىق قىلىپ، شۇەن جۇاڭ-
لارغا ئۇرغۇنلىغان كىيىم - كېچەك ۋە پۇل ئىنئام قىلغان.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولغان.

بۇ يەردە 170 ياشقا كىرگەن بىر بىراخمان ئالىمى
بولۇپ، بىلىمى ناھايىتى مول ئىكەن. شۇەن جۇاڭ بۇ يەردە
بىرئايدىن كۆپرەك ۋاقىت تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەندىن
كېيىن، ئوتتۇرا ھىندىستان چوڭ دۆلىتى — كانياككۇپجاغا
بېرىپ، پادىشا ھارشاۋاردھانىنىڭ پايتەختى كانائۇجدىكى

نۇرغۇن مەشھۇر ئىبادەتخانا ۋە دانا راھىپلارنى زىيارەت قىلغان. ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇ يەردىن يولغا چىقىپ كېمىگە ئولتۇرۇپ ھىندى دەرياسىدا كېمە بىلەن سەپەر قىلغان.

ھىندى دەرياسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، توغرىسى بىر-ئىككى كىلومېتىر كېلەتتى، قىرغاقلىرىدا ئاسمان پەلەك قەدىمىي دەرەخلەر باراخلاپ تۇرغاچقا، ئاجايىپ مەنزىرىلىك ئىدى. ئۇلار كېتىۋاتقاندا توساتتىن ئاڭلانغان ئىسقىرت ئاۋازى بىلەن تەڭلا ئىككى قىرغاقتىكى ئورمانزارلىقتىن 20 گە يېقىن قېيىق تېزلىكتە دەرياغا چۈشتى - دە، ھاپىلا - شاپىلا شۈەن جۇاڭلارنىڭ چوڭ كېمىسىنى قورشىۋالدى؛ ئارقىدىنلا قوللىرىغا شەمشەر ئالغان ئون قاراقچى شۈەن جۇاڭلار ئېلىپ كېتىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ كەتكەن؛ قاراقچىلار يەنە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى باغلاپ دەريانىڭ قىرغىقىغا ھەيدەپ چىققان.

قىرغاقتا نەزىرە سۇپىسى تەييارلانغان بولۇپ، بىرمۇنچە ئوتۇنلار دۆۋىلەكلىك تۇراتتى. قاراقچىلار شۈەن جۇاڭنىڭ قەددى - قامىتى كېلىشكەن، قولاقلىرى يوغان تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى نەزىر سۇپىسىغا يالاپ چىققان ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئىلاھىغا نەزىر قىلىپ بەرمەكچى بولغان. شۈەن جۇاڭنىڭ ھەمراھلىرى تىزلىنىپ، قاراقچىلاردىن ئۇنى قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن، ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭ ئورنىدا ئۆزىنى نەزىر قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن. قاراقچىلار پىسەنتكە ئالماستىن شۈەن جۇاڭنى ئۆلتۈرۈشتە چىڭ تۇرغان. شۈەن جۇاڭ قىلچە تاتارماستىن، تەمكىنلىك بىلەن:

— دەر ھەمەللىك خەيرىيەت قىلىڭلار، يوقسۇل راھىپ
بۇ دۇنيادىن خاتىرجەم كېتىۋالسۇن، — دەپلا، نەزىر سۇپىسىدا
چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، دۇئاغا قول كۆتەرگەن ۋە ئاغزىنى
مىدىرلىتىپ بىردا نومىلىرىنى زىكرى قىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ
ھەمرالىرى جىملە بولۇپ ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىغان، ئەمما
شۈەن جۈاڭ ئىنتايىن خاتىرجەملىك بىلەن پۇسانىڭ نامىنى
زىكرى قىلغان. ئىشىنىڭ بىرىنداق ئۇڭ كېلىدىغانلىغىنى كىم
بىلسۇن، دەل مۇشۇ جىددى پەيتتە «گۈلدۈر - قاراس»
قىلىپ چېقىلغان گۈلدۈرماما بىلەن قارا بوران چىقىپ يوغان
بىر تۈپ دەرەخنى سۇندۇرۇپ تاشلىغان؛ دەريادا دولقۇنلار
ئۆركەشلەپ قاراقچىلارنىڭ بىر قېيىغىنى ئۆرۈۋەتكەن.
— سەن ئۇنىڭ كىملىگىنى بىلەمسەن؟ — شۈەنجۈاڭ-
نىڭ بىر ھەمراسى، قاراقچىلارغا قاراپ ئۈنلۈك توۋلاپ، —
ئۇ شەرقىي دىياردىكى بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىدىن كەلگەن
سەنزاڭ ئۇستاز. ئۇنى ئۆلتۈرسەڭلار تەڭرى راۋا كۆرمەيدۇ!
قاراقچىلار كۆز ئالدىدىلا نامايەن بولۇۋاتقان مەنزىرىدىن
ھوشىنى يوقىتىپ شەمشەر قاتارلىق قاتىللىق قوراللىرىنى
دەرياغا تاشلىۋېتىپ، تۇتقۇنلارنى قويۇپ بېرىپ، مال - مۈل-
كىنى قايتۇرۇپ بېرىشكەن ھەمدە ئارقا - ئارقىدىن شۈەن
جۈاڭنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ گۇناھلىرىنى تىلەشكەن.
شۈەن جۈاڭ يەنىلا توختىماستىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بىردا
نومىلىرىنى ئوقۇۋەرگەن.
شۈەن جۈاڭلار شەرققە قاراپ يەنە 2500 چاقىرىم
يول مېڭىپ، تۆت دۆلەتتىن ئۆتۈپ، بۇرۇن ساكيامۇنى 20
يىل بۇددا ئەقىدىلىرىنى سۆزلىگەن مۇقەددەس جاي — جې

تاۋاناۋىخاراغا يېتىپ باردى. ئاندىن يەنە 800 چاقىرىم يول مېڭىپ ساكىيامۇنىنىڭ ئاتىسى سۇددودانانىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلغان. يەنە 1000 چاقىرىمدىن كۆپرەك يول مېڭىپ ساكىيامۇنى تەرىقەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، بىرىنچى قېتىم بۇددا قانۇنىنى شەرھىلىگەن مارگاداۋا ئىبادەتخانىسىنى زىيارەت قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن راجاگرا شەھىرى (هازىرقى ھىندىستاننىڭ بىھار ئىشتاتىدا) گە بېرىپ، ئەينى يىللاردا ساكىيامۇنى تەرىقەت تەھسىل قىلغان جاي — بىر تۈپ قېرىپ كەتكەن شاپائەت دەرىخىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ سەجدە قىلدى.

ئەڭ ئاخىرىدا، شۈەن جۇاڭ ھىندىستاننىڭ ئەڭ ئالى بىلىم يۇرتى — نالاندا ئىبادەتخانىسىغا يېتىپ باردى.

نالاندا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئاقساقىلى — سىلابادرا ئەخلاقىي پەزىلەتلىك پىشقەدەم ئۇستاز ئىدى. سىلابادرا ئۇستازنىڭ قاتتىق سىناقلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، شۈەن جۇاڭغا «سەنزاڭ ئۇستاز» دىگەن شەرەپلىك نام بېرىش قارار قىلىندى. ئۇ چاغدا بۇددىزىم ئۇستاز دىگەن نام، بىلىم سەۋىيىسىگە ئاساسەن بېرىلەتتى. نالاندا ئىبادەتخانىسىدا ئۇگەنگەن 4000 دىن ئارتۇق شەيخ ئىچىدە 20 كالامنى پۇختا بىلگەنلەر 1000 دىن ئارتۇق ئىدى، 30 كالامنى پۇختا بىلگەنلەر 500 دىن كۆپرەك كىشى ئىدى؛ 50 كالامنى پۇختا بىلگەنلەر ئاندىن «سەنزاڭ ئۇستاز» نامىغا ئىگە بولالايتتى. نالاندا ئىبادەتخانىسىدا مۇنداق يۇقىرى نامغا توققۇز كىشى ئىگە بولغان ئىدى. بۇنىڭغا شۈەن جۇاڭ قوشۇلۇپ ئون بولغان، ئۇ جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسىدىن بارغانچىقا. كىشىلەر ئۇنى

بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەنزاڭ ئۇستازى دەپ ئاتاشقان.
شۈەنجۇاڭ، نالاندا ئىبادەتخانىسىدا بەش يىل ئۆگەنگەندىن كېيىن، ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى مەشھۇر ئالىملار قېشىغا بېرىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئالتە يىل سەييارە بىلىم ئېلىپ، 641 - يىلى يەنە نالاندا ئىبادەتخانىسىغا قايتىپ كەلگەن. پادىشا ھارشاۋاردھانا نالاندا ئىبادەتخانىسىنىڭ دانا راھىپلىرىنى مۇنازىرىگە تەكلىپ قىلغاندا، سىلابادرا، ئۇستاز شۈەنجۇاڭنى تاللاپ ئەۋەتكەن. شۈەن جۇاڭ بۇ قېتىمقى مۇنازىردە تولۇق غەلىبە قىلىپ، پۈتكۈل ھىندىستانغا تونۇلۇپ كەتكەن.



ھىندىستاندىكى نالاندا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى

645 - يىلى، شۈەن جۇاڭ شەرەپ بىلەن ۋەتەنگە

قايتىپ كەلگەندە، بۇددا نوملىرىدىن 657 پارچە، (ساكيامۇنىنىڭ تەۋەررۈك كۆلى) دىن 150 تال، ساكيامۇنىنىڭ ئۈچ چى بەش سۇڭ ئېگىزلىكتىكى بىر ئالتۇن هەيكىلىنى ۋە باشقا ئالتۇن - كۈمۈشلەردىن ياسالغان بىرمۇنچە هەيكەل، گۈل مېۋىلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى ئېلىپ چاڭئەنگە قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا، چاڭئەن ئاهالىسى بەس - بەس بىلەن شەهەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ قارشى ئالدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇڭ خانى لى شىمىن، لوياڭدا شەخسەن ئۆزى قوبۇل قىلدى. شۈەن جۇاڭ ئەمەل تۇتۇشنى راۋا كۆرمەي، هىندىستاندىن ئېلىپ كەلگەن بۇددا نوملىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ 50 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەردە ئۆتكەن 17 يىللىق ئۆمرىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى يىغىنچاقلاپ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەرپكە ساياهەت قىلىش خاتىرىسى» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىقىپ، جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، هىندىستانلارنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن، ئىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە مەشهۇر تۆهپە قوشتى. 635 - يىلى ياپونىيىلىك شەيخ داۋجاۋ، چاڭئەنگە كېلىپ شۈەن جۇاڭنى پىر - ئۇستاز قىلىپ باش ئۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ يەنە، بۇددىزىمنىڭ تارقىلىشى ۋە جۇڭگو - ياپونىيە دوستلۇقىغىمۇ زور تۆهپە قوشتى.

664 - يىلى 5 - فېۋرالنىڭ تۈن نىسپىدە شۈەن جۇاڭ جىددى تەرجىمە خىزمىتى ئۇستىدە توساتتىن ئالەمدىن ئۆتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ خانى لى جى بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن قايغۇرۇپ: «ئەمدى راهىپلار، ئۇستازىدىن، بۇددىزىم، تۈۋرۈكىدىن ئايرىلدى، مەن دۆلەت ئەگەشتۈرۈ-

دىن ئايرىلدىم! دۆلەت ئەڭگۈشتىرىمدىن!» دەپ ھەسرەت چەككەن.

شۈەن جۇاڭنىڭ كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىنكى كۆلى فەنجۇ (ھازىرقى شىئەن شەھرىنىڭ جەنۇبىدا) دىكى بۇددا مۇنارىسىغا قويۇلغان ئىدى. كېيىنكى كۆنلەردە مۇنارە بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، جەسەت كۆلى يوقىلىپ كەتكەن ئىدى. 1943 - يىلىغا كەلگەندە، نەنجىڭ شەھرىدىكى جۇڭخۇا دەرۋازىسى سىرتىدىكى سەنزاڭ سارىيىنىڭ تاش كامىرىدىن تېپىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، شۇ چاغدىكى بۇت، ئىسرىقدان، شامدان، ئالتۇن، كۆمۈش، يامبۇ، ياقۇت، قاش تېشىدىن ياسالغان قاچا - قۇچىلار، ئۈنچە - مارجان، قەدىمقى زامان پۇللىرى قاتارلىق بىر مۇنچە يادىكارلىقلار تېپىلدى. بۇ قىممەتلىك تارىخىي يادىكارلىقلار، ھازىر ئايرىم - ئايرىم ھالدا نەنجىڭ، بېيجىڭ، تيەنجىن، گۇاڭجۇ ۋە چېڭدۇلاردىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدا ساقلانماقتا.



# ھىندىستاننىڭ مۇقەددەس مۇراسىم ئادەتلىرى

مىلادىدىن ئىلگىرى ھىندىستاندا بۇددا دىنى تازا ئەۋج ئالغان چاغدىن تارتىپ تاكى ئوتتۇرا ئەسىرگىچە، خۇراپاتلىق ئىدىيىلەر كىشىلەر ھاياتىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدە ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ھەر بىر كىشى «ئىگە» دەپ يەرگە چۈشكەندىن تارتىپ قۇرامىغا يەتكىچە بولغان ئارىلىقتا 33 خىل مۇقەددەس مۇراسىمنى باشتىن كەچۈرەتتى.

بوۋاقلار تۇغۇلۇپ ئون كۈنلۈك بولغاندا، ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا ئىككى ئىسىم قوياتتى. ئىككى ئىسىم قويۇشتىكى سەۋەپ ھەققىدە رىۋايەت قىلىنىدىكى، ھەركىم تۇغۇلۇش بىلەنلا ئىزىتقۇلارنىڭ زىيانكەشلىك تەھدىدىگە ئۇچرايدىكەن. ئادەتتە، ئالۋاستىلار ھەممە يەردە قاڭقىپ يۈرۈشىدىكەن. ئەگەر ئۇلار مەلۇم بالىنىڭ ئىسمىنى چاقىرسا، بۇ بالا ئىزىتقۇنىڭ كەينىدىن كېتىپ قالىدىكەن. ئاتا - ئانىلار ئىزىتقۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزى بالىلىرىغا ئاشكارا، مەخپى ئىككى ئىسىم قويىدىكەن ۋە مەخپى ئىسمىنى ھەر بىر بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىلا بىلىدىكەن. بۇنداقتا ئىزىتقۇلار بالىلارنىڭ مەخپى ئىسمىنى بىلمىگەچكە، ئاشكارا

ئىسمىنى چاقىرغان بىلەنمۇ بالىلارنى ئېزىقتۇرۇپ ئېلىپ
قاچالمايدىكەن.

بالا ئۈچ ياشقا كىرگەندە، جىددى ھەم داغدۇغىلىق
بىر مۇراسىمى — 1 - قېتىم چاچ ئالدۇرۇش مۇراسىمى
ئۆتكۈزۈلىدۇ. 16 ياشقا كىرگەندە يەنە بالاغەتكە يەتكەنلىكىنىڭ
1 - قېتىملىق يۈز ئېچىش مۇراسىمى ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇد-
دىسلار، مۇشۇنداق قىلغاندىلا بۇتساتىۋا ئۆز پاناھىدا ساقلاي-
دۇ، دەپ ھېساپلايدۇ.

نىكالىنىش — ئىنتايىن جىددى ئۆتكۈزۈلىدىغان
مۇقەددەس مۇراسىم. يىگىت، قىزنى قولى بىلەن
يۆلەپ تۇرۇپ، ئۇنى بىر تاشقا دەسسەتكۈزىدۇ؛ قىز تاشقا
مەھكەم دەسسىۋالغاندىن كېيىن، ئىككىلەن يەنە بىرلىكتە
يەتتە قەدەم مېڭىپ بىر دانە نەزىر قۇيمىغىنى بۆلۈشۈپ يېيى-
شى شەرت. ئاندىن كېيىن، يىگىت، قىزنى ئۆڭكۈر ئۆيگە
باشلاپ كىرىپ، ئۇنى قىزىل موزاينىڭ تېرىسىگە ئولتۇرغۇزىدۇ،
بىر ئوغۇل بالىنى قىزنىڭ بىر تىزىغا ئولتۇرغۇزىدۇ، ئەمما
ئۇ ئوغۇل بالىنىڭ ئانىسىدىن تۇغۇلغان بارلىق
ئوغۇللار ھايات ياشاۋاتقان بولۇشى شەرت. بۇ ھەقتە رىۋايەت
قىلىنىدۇكى، بۇنداق قىلغاندا، قىز ساغلام ئوغۇل تۇغىدىكەن
ۋە بۇ ئوغۇل بالا، ۋاقىتسىز قازا تاپمايدىكەن. كەچ كىرگەندە
يىگىت يەنە قىزغا شىمالىي يۇلتۇزنى كۆرسىتىپ تۇ-
رۇپ قەسەم ئىچىدۇ، شۇ چاغدا، نىكا مۇراسىمى تاماملانغان
بولىدۇ.

ھەرقانداق كىشى كېسەل بولۇپ قالسا، يەتتە كۈن تاماق
يېمەسلىكى شەرت. يەتتە كۈنگىچە داۋالانغان تەقدىردىمۇ، نۇرغۇن

كىشىلەر تەبىئىكى ئاچلىقتىن، قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتەتتى.

ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئائىلىسىدىكىلەر ھۆك-رەك ئېيتىپ يىغلاپ، ئۆزىنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىم-كېچەك-لىرىنى تىتىپ تاشلايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، چاچلىرىنى يۇلۇپ تاشلاپ، پېشانىسىگە كاچاتلاپ، ئۆزىنى ئۇرۇپ، تېپىچەك-لەپ يىغلايدۇ. دەپنە مۇراسىمى ئۈچ خىل بولىدۇ: بىر خىلى، كۆيدۈرۈش، يەنى جەسەتنى دۆۋىلەنگەن ئوتۇن ئوتتۇرىسىغا قويۇپ ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈش؛ ئىككىنچى خىلى، سۇغا تاشلاش، يەنى جەسەتنى دەرياغا تاشلاپ ئېقىتىۋېتىش؛ ئۈچىنچى خىلى دالىغا تاشلاش، يەنى جەسەتنى تاغ-دالىلارغا ئېلىپ چىقىپ قۇش ھەم ھايۋانلارغا يەم قىلىپ بېرىش.

ھۆكۈمرانلارنىڭ كۈچەپ تەشەببۇس قىلىشى ۋە تەرغىپ قىلىشى نەتىجىسىدە، ئۇ چاغدا يەنە، تۇل خوتۇنلار ئۆزلىرىنى ئەرلىرى بىلەن بىللە دەپنە قىلىۋېتىش ئادىتى بار ئىدى. يەنى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، خوتۇنى ئۆزلۈكىدىن ئۆزىنى ئوتقا تاشلاپ قۇربان بولاتتى. ئەمما بۇنداق شەپقەتسىز نادانلىق كۆپ ساندىكىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن ئەۋج ئالالمىغان ئىدى.

ئۇ چاغدا، ھىندىستاندا يەنە «سەدىقە بېرىش» ۋە «ئۆزىنى غەرق قىلىش» ئادىتى ئەۋج ئالغان ئىدى. بۇددا دىنىنىڭ، ئۆلگەندىن كېيىن، بەزىلەر ئەرشكە چىقىدۇ، بەزىلەر دوزاققا كىرىدۇ، دىگەن ئەقىدىسى بويىچە، بەزى بۇددىسلار تەقۋادار-لىققا ئىشىنىپ، كۆن بويى ئەرشكە چىقىپ بۇتساتىۋا بولۇش كويىدا يۈرەتتى. ئوتتۇرا ھىندىستاندىكى بىر دۆلەتنىڭ شەرقىدە «چوڭ سەدىقە مەيدانى» بولۇپ، شۇ چاغدىكى. پادىشا ھارشا-

ۋاردھانا، بۇ يەردە ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم سەدىقە بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزەتتى. بۇ كۈنى سەدىقە مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كاتتا بىر بۇت تۇرغۇزۇلاتتى. ھىندىستاننىڭ جاي-جايلىرىدىن نۇرغۇن شاھلار، بەگلەر، ئاقسۆڭەكلەر بۇ يەرگە كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان پۇقرالاردىن شۇلۇۋالغان مال-دۇنياسىنىڭ بىر قىسمىنى ئالدى بىلەن ئىبادەتخانىلارغا، ئاندىن راھىپلارغا، ئۆلىمالارغا، ئەۋلىيالارغا، ئەڭ ئاخىرىدا يوقسۇللارغا سەدىقە قىلىشاتتى ۋە «ئۆزەمدە بارلىرىنىڭ ھەممىنى سەدىقە قىلدىم، سەدىقە بەرگەنلىكىمگە ئىنتايىن خوشالمەن!» دېيىشەتتى.

چوڭ سەدىقە مەيدانىنىڭ شەرقىدە بىر دەريا بار ئىدى. خۇراپىلىق ئىدىيىسى پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئادەملەر بۇ يەردە «يىمەي-ئىچمەي ئۆزىنى غەرق قىلىش» ئارقىلىق دىنىنىڭ قۇربانى بولاتتى. ئۇلار، مۇشۇنداق قىلغاندا ئۆزىمىزنىڭ گۇنالىرىدىن پاك بولۇپ، ئەرشكە بۇرۇنراق چىقالايمىز، دەپ ھېساپلايتتى. ئۇلار يىراق-يىراقلاردىكى يات ئەللەردىن بۇ يەرگە كېلىپ، يەتتە كۈنگىچە ھېچنەرسە يىمەي ئۆلەتتى، ئۆلگەندىن كېيىن كىشىلەر ئۇلارنى دەرياغا تاشلايتتى. 80—70 ياشلارغا كىرىپ قالغان بەزى بوۋاي-مومايلارنىڭ ئۆلۈش ۋاقتى يېقىنلاشقاندا، ئۇلارنىڭ قوۋم-قېرىنداشلىرى يىغىلىپ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، راسا بىر نەغمە-ناۋا قىلىپ كۆڭۈل ئېچىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى قېيىققا سالاتتى-دە، كاناي-سۇنايلار، داقا-دۇمباقلار بىلەن ئۇنى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇزىتىپ باراتتى، بۇ چاغدا، ئۇ ئۇرۇق-تۇققانلىرى بىلەن ۋىدالىشىپ، خۇشال-خوراملىق بىلەن دەرياغا سەكرەپ

«ئەرشىگە چىقاتتى».

بەزى جاپاكەش بۇددىستلار دەرياغا خادا باغلايتتى. ئۇلار قۇياش چىقاي دىگەندە ئاشۇ خادىغا چىقىشقا باشلايتتى. خادىنىڭ چىڭ ئۇچىغا چىققاندىن كېيىن، بىر قولىدا خادىنى تۇتۇپ، بىر پۇتىدا خادىغا قېقىلغان تاختايغا دەسسەيتتى ـ دە، بىر قولى ۋە بىر پۇتىنى بوشلۇققا سوزۇپ، بويىنىنى سوزۇپ كۆزىنى قۇياشتىن ئۈزمەي قۇياشقا قاراپ تۇراتتى ھەمدە قۇياشنىڭ ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ ئايلىناتتى. مۇشۇ تەرىقىدە قۇياش پاتقىچە تۇرۇپ ئاندىن خادىدىن يېنىپ چۈشەتتى. جانسىزراق كىشىلەر بەرداشلىق بېرەلمەي دەرياغا يىقىلاتتى ـ دە، «ئەرشىگە چىقاتتى». رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بەزى جاپا چېكىش ئارقىلىق ئىبادەت قىلىدىغان تەقۋادار بۇددىستلار بۇ يەرگە ھەر يىلى بىر قېتىم كېلىپ «ئىبادەت» قىلىدىكەن، بەزىلەر مۇشۇنداق ئىبادەتنى نەچچە ئون يىلغىچە ئۈزمەي داۋاملاشتۇرغان ئىكەن.



## كالىداسا

5 ـ ئەسىردىكى گوپتا سۇلالىسى دەۋرىدە، ھىندىستاندا دۇنياغا مەشھۇر بىر بۈيۈك شائىر ۋە دراماتۇرگ مەيدانغا چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى كالىداسا ئىدى. شائىر ھەققىدە قالدۇرۇلغان ماتېرىياللار كەم بولغاچقا، ئۇنىڭ ھىمالايا تاغ-لىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى بىر بىراخمان (قەدىمقى ھىن-دىستاندا ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا دىن تارقىتىشنى كەسىپ قى-لىپ ئۆتكەن راھىپ ئاقسۆڭەك) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن-لىكىلا مەلۇم بولغاندىن باشقا، ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ۋە پائالىيەتلىرى ھازىرغىچە سىر بولۇپ كەلدى.

ئۇ ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قەدىمقى ھىندى ئەدەبىي تىلىدا (سانسكرت يېزىقى بىلەن) يېزىلغان «ساكۇنتالا» ناملىق باللاداسى ئەڭ مەشھۇر ئەسەر ئىدى.

«ساكۇنتالا» — «توز قىز» دىگەن بولۇپ، باللادادا پادىشا تىۋاستو بىلەن ساكۇنتالا ھېكايە قىلىنغان.

بىر كۈنى، تىۋاستو چاكارلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەر-نىڭ سىرتىغا ئوۋغا چىقىدۇ. ئۇ يەردە توساتتىن تالچىۋىقتەك گۈزەل ساكۇنتالاغا ئۇچراپ قالىدۇ. بىر كۆرۈش بىلەنلا بۇ ئىككىيلەن ئاشىق ـ بىقارار بولۇپ بىرلىشىدۇ، ئايرىلىش ۋاق-

تىدا تىۋاستو ئالەمشۇمۇل قەسەم ئىچىدۇ ۋە بىر ياقۇت ئۈز-ۈكنى يادىكار قىلىپ، ئۇردىغا بېرىپلا قايتىپ كېلىپ ساكۇن-تالانى ئەمرىگە ئالىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ساكۇنتالا كېچەيۇ-كۈندۈز تەقەززالىق بىلەن يولغا قارايدۇ، ئەمما پادىشانىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەس-يادى پادىشادا بولغاچقا، كۆڭلى ئارامىدا بولماي بىر پەرىشتە-نىڭ چىشىغا تېگىپ قويىدۇ، پەرىشتە دەرغەزەپكە كېلىپ، ئاشىقىڭ سېنى جەزمەن ئۇنۇتىدۇ، ئۇ ئۆزى يادىكار قىلغان نەرسىنى كۆرمىگىچە ئۇنىڭ خاتىرىسى ئەسلىگە كەلمەيدۇ، دەپ ھاقارەتلەيدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، ساكۇنتالانىڭ كۆزى يورۇيدۇ. ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتىدۇ، ئۇ بالىسىنى كۆتىرىپ، يەڭگىسى بىلەن بىرلىكتە شەھەردىكى ئۇردىغا بېرىپ پادىشانى ئىزلەش ئۇ-چۈن ئاتلىنىدۇ. يولدا كېتىۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن پادىشا يادىكار قىلغان ياقۇت ئۈزۈكنى يوقىتىۋېتىدۇ. ئۇردىغا كىرگەندە، پادىشا دىگەندەك ئۇنى تونۇمايدۇ ۋە ئۇنى زەھەرخەندىلىك بىلەن «كوچا كەزدى» دەپ ھاقارەتلەيدۇ. ساكۇنتالا بىلەن يەڭگە تەرىپىدىن مات قىلىنىپ، گەپ تاپالمىغان پادىشا، تەپتارتـ-ماستىن:

— مەن ئۇنى ئالداپ ئاشۇنداق قىلغان، نىمە دەيسەن؟— دەيدۇ.

ساكۇنتالانى پادىشا يېنىدا ئېلىپ قالمايدۇ، ئۆيىگىمۇ قايتالمايدۇ. شۇ ئۈمىتسىزلىك ئىچىدە ھال رەڭلىك بىر نۇرغا ئايلىنىدۇ-دە، پەرىشتە تەرىپىدىن ئەرشىگە ئېلىپ چىقىپ كېتىلىدۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە، بىر بېلىقچى يوغان بىر بېلىقنىڭ قارنىدىن ياقۇت ئۈزۈكنى ئۇچرىتىپ، ئۇنى پادىشاغا ھەدىيە قىلىدۇ. ئۈزۈكنى كۆرۈش بىلەنلا پادىشانىڭ خاتىرىسى ئەسلىگە كېلىدۇ-دە، ساكۇنتالانى ئىسىگە ئېلىپ، قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا پادىشا، ساكۇنتالا بىلەن ئوغلىنى تاپىدۇ، ئانا، ئاتا، بالا ئۈچەيلەن جەم بولىدۇ. بۇ ئوغۇل كېيىنچە پادىشالىق تەختىگە ئولتۇرىدۇ ھەم ھىندىستان رىۋايەتلىرىدىكى ئەڭ قەدىمقى پادىشا بولۇپ قالىدۇ.

بۇ باللادا كىلاسسىك داستان «ماھا پاراتا» ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا پادىشا بىلەن ساكۇنتالانىڭ مۇھەببىتى ۋە ئىكالىنىشى ھېكايە قىلىنغان بولسىمۇ لېكىن، شۇ چاغدىكى ھىندىستان ئىجتىمائى ھاياتىنىڭ قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. باللادادا ھۆكۈمرانلارنىڭ ساختىپەزلىگى، ئالدامچىلىغى پاش قىلىنغان ۋە ئاشكارىلانغان، ساكۇنتالادىن ئىبارەت ساددا، ئاق كۆڭۈل، زورلۇققا قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، ئەركىنلىك ۋە بەخت-سائادەتكە تەشنا قىزغا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇلغان. شۇڭا، بۇ باللادا، ئەسىرلەر بويى ھىندىستان خەلقى ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ياقتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كەلدى.

كالىداسا بۈيۈك دىراماتۇرگ بولۇپلا قالماستىن، يەنە بۈيۈك شائىر ئىدى. ئۇ يازغان ئەسەرلەردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى تۆت پارچە. ئۇنىڭ «بۇلۇت ئەلچىسى» دىگەن لىرىكىلىق تىرىلوگىيىسى جەمى 115 پاراگىراپ بولۇپ، نۇقتىلىق ھالدا بىر جۈپ ئەر-خوتۇننىڭ ھىجرانلىق ھەسرەتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. تىرد-



ھىندى ئىبادەتخانىسى

لوگىيىدە مەنسۇبىنى تۆۋەنلىتىپ جەنۇپتىكى تاققا يۆتكۈۋېتىلگەن ياكسا (بايلىق ئىلاھىنىڭ چاكىرى) نىڭ خوتۇنىنى ئەسلىشى تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ ئاسمانغا تەلمۈرۈپ، ھاۋادا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان بۇلۇتقا، خوتۇنىغا خەت ئالغاچ بېرىشنى ھاۋالە قىلىدۇ. ئۇ بۇلۇتنىڭ بېسىپ ئۆتىدىغان يوللىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، بۇلۇتنىڭ خەتنى خوتۇنىغا يەتكۈزگەندە خوتۇنىنىڭ قانداق قايغۇرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. ئۇ بۇلۇتقا، خوتۇنىنى قانداق سېغىنىپ كەتكەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ھەمدە خوتۇنىغا «ئۇزاققا قالماي جەم بولىسىلەر» دەپ تەسەللى بېرىپ قويۇشنى ھاۋالە قىلىدۇ. تىرىلوگىيىنىڭ تەسەۋۋۇرى كۈچلۈك، ھېسسىياتى پاك، تىلى گۈزەل ھەم تەسىرلىك بولۇپ، سانسكرت كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا نادىر ئەسەر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

كالىداسانىڭ شېئىر ۋە درامىلىرى ھىندى كىلاسسىك

ئەدەبىياتىدا ئۆلمەس ئەسەرلەر ھېساپلىنىپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيا ئەدەبىياتىدىمۇ شانلىق مىراس ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرى دىرامىسى «ساكۇنتالا» ۋە داستانى «بۇلۇت ئەلچى» بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى بۇددا دىنى بىلەن بىللە مەملىكەتىمىزگە كىرگەن ھەمدە تىبەت ھەم خەنزۇ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. 1956 - يىلى، ئۇ دۇنيادىكى مەشھۇر مەدەنىيەت ئەرباپلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، نۇرغۇن دۆلەتلەر ئۇنىڭ 1500 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. شۇ چاغدا، ئېلىمىزنىڭ پايتەختى بېيجىڭدا ئۇنىڭ «ساكۇنتالا» ناملىق شېئىرى دىرامىسى سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.



## داخۇا ئىسلاھاتى

مىلادى 645 - يىلى 12 - ئىيۇندا ياپونىيىدە ئوردا ئۆزگىرىشى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيىنىڭ ئەھۋالىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.

شۇ كۈنى ۋاقىت ئەتىگەن ئىدى، خان سارىيىدا داقا - دۇمباق، نەغمە - ناۋا سادالىرى ئەۋج ئېلىۋاتاتتى، مەمۇرى ھەم ھەربىي ئەمەلدارلار ئوردا كىيىملىرىنى كىيگەن ھالدا ئاستا - ئاستا قەدەم تاشلاپ سارايغا كىردى ۋە ئەمەل مەر- تىۋىلىرى بويىچە ئىككى تەرەپكە ئۆتۈپ نازاكەت بىلەن تۇرۇشتى. ساماۋى خان، ئوردا كىنىزەكلىرىنىڭ پەپىلەشلىرى ئارقىسىدا تەختكە كېلىپ ئولتۇردى. ئەسلىدە بۇ كۈنى ساماۋى خان سىنلو، بەيجى، گاۋجۇلى قاتارلىق ئۈچ بەگلىك (ئەينى چاغدىكى كورىيە يېرىم ئارىلىدا قۇرۇلغان بەگلىكلەر) نىڭ ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلاتتى، شۇڭا ئەدەپ - قائىدىلەر ئىنتا- يىن داغدۇغىلىق بېجىرىلىۋاتاتتى.

چوڭ ئاقسۆڭەك قۇلدار سۇۋۇرۇلومۇ قوبۇل قىلىشقا قات- نىشىۋاتاتتى. جياڭجۇنلەرچە ياسىنىپ، بېلىگە قىلىچ ئاسقان ھالدا ساماۋى خاننىڭ سول تەرىپىدە ئۆرە تۇراتتى؛ ئۇنىڭ ئاتىسى سۇۋۇ شايى، دوكراق كەلگەن بىر قېرى بولۇپ، شۇ تاپتا كۆزىنى قىسقان ھالدا ساماۋى خاننىڭ ئوڭ تەرىپىدە

ئولتۇراتتى. ئاتا - بالا بۇ ئىككىيلەننىڭ ھوقۇق كۆچى ناھايىتى زور بولغاچقا، ساماۋى خان خانلىق ھوزۇرىدا قىلىندىغان ھەرقانداق قارارنى ئالدى بىلەن ئۇلاردىن سوراپ كۆرەتتى. بۇنداق بولمىغاندا بۇ قارارلار بىردەك بىكار قىلىناتتى. شاھىنشا ساماۋى خان ئەسلىدە شايى تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، پەقەت قورچاقلىق رول ئوينايتتى. ھەقىقى ساماۋى شايى ئۆزى ئىدى. ئادەتتىكى چاغلاردا، شايى خانلىق ھوزۇرىغا كەلمىسىمۇ ھېچ گەپ بولمايتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئولتۇراق قوراسىنى «خان ئوردىسى»، ئۆزىنىڭ ئوغلىنى «خان ئوغلى» دەپ ئاتاپ بولغان ئىدى. بۈگۈن چەتئەل ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلىش بولغاچقا، ئەدەپسىزلىك بولمىسۇن ئۈچۈن، ساماۋى خانغا ھەمرا بولۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

— خان ئوغلى جۇڭ داشيۇڭ بۈگۈنكى قوبۇل قىلىشقا كەلمەيتىغۇ؟ — شايى كۆزلىرىنى سەل - پەل ئېچىپ ساماۋى خانغا قاراپ سورىدى.

— ھە... ۋاي تاڭەي، ئۇ كېلىشى كېرەك ئىدى، — دەپ جاۋاپ بەردى ساماۋى خان، ئەمما شايىنىڭ مۇنداق دەپ سورىشىدىكى مەقسىدىنى تۇيمىدى.

مەككار شايى، خان ئوغلى جۇڭ داشيۇڭنىڭ كەلمىگەنلىگىدىن شۈبھىلىنىۋاتاتتى. ئۇ خان ئوغلى جۇڭ داشيۇڭنىڭ شايى ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ خانلىقنى تىزگىنلىشىگە كۆڭلىدە ئۆچمەنلىگى بارلىغىنى بىلەتتى، ئىككى كۈندىن بېرى يەنە ئۇ جۇڭ داشيۇڭنىڭ بىر ئىبادەتخانىدا قوشۇننى مەشق قىلدۇرۇۋاتقانلىغىنى ئاڭلىغان ئىدى. بۈگۈن خان ھوزۇرىغا مەمۇرى ھەم ھەربى ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى جۇغلاشقاندا،

جوڭ داشيوڭنىڭ كەلمەسلىگىدە بەزمەن بىر گەپ بار دەپ
ئويلىدى. شۇڭا، ئۇ ئىككى مەرتىۋە قوروق يۆتىلىپ قويدى -
دە، «بىئارام بولۇۋاتىمەن» دەپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ كۆتىرى-
شى بىلەن چىقىپ كەتتى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا ئوغلى زولۇغا
كۆز قىسىپ ئۇنى دىققەت قىلىشقا ئىملىگەن بولسىمۇ، زولۇ
ئۇنىڭ ئىماسىغا دىققەت قىلمىغاچقا، قىمىر - سىمىر قىلماي
تۇرۇۋەردى.

«ئەلچىلەر كەلدى!»

چاكا بىلەن تەڭلا داقا - دۇمباق، نەغمە - ناۋا تىخى-
مۇ ياڭرىدى، سارايدىكى ئەمەلدارلار روھلىنىپ تىك تۇرۇش-
تى، ساماۋى خانىمۇ تەختىدە راۋۇرۇس ئولتۇردى.

ئۈچ بەگلىكنىڭ ئەلچىلىرى پاساھەت بىلەن قەدەم تاشلاپ
سارايغا كىردى، ئۇلارنىڭ ھەمرالىرى قوللىرىدا سوغا كۆتەرگەن
ھالدا قاتار بولۇپ كېلىشتى. شۇئان خان ئوغلى جوڭ دا-
شيوڭ توساتتىن ئەلچىلەر ئارقىسىدىن كىرىپ كەلدى - دە،
بارلىق ئىشىكلەرنى تاقاشقا بۇيرۇق قىلدى. ساماۋى خاننىڭ
سول تەرىپىدە تۇرغان زولۇ، جوڭ داشيوڭنىڭ قىلغىنى كۆ-
رۈپ ئەيمىنەلمەكچى بولۇۋىدى، جوڭ داشيوڭ چەبدەسلىك
بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىغ سالدى، زولۇ ئۇنىڭ ۋەھ-
شىلىكىنى كۆرۈپ، ئالاقزادىلىك بىلەن تىغ ياندۇردى. جوڭ
داشيوڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن بىرلا ئۇرۇپ ئۇنىڭ قىلچىنى
يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى ۋە ھايالسىز زولۇنىڭ كۆكرىكىگە قىلىچ
ئۇردى، زولۇ شۇ يەردىلا يەرگە يىقىلىپ جېنىدىن جۇدا
بولدى. سورۇندىكى ئەلچىلەر قورقۇنچلۇقتا بىر چەتكە توپلى-
شىۋالدى. سارايدىكى مەمۇرى ھەم ھەربى ئەمەلدارلارنىڭمۇ

جان - ئىمانى چىقىپ كەتتى - دە، ئىمە قىلارىنى بىلىشمەي پاتىپاراق بولۇپ كېتىشتى. زۇلۇنى ئۆلتۈرۈپ بولغان جۇڭ داشيۇڭ قىلىچىنى بىر شىلتىش بىلەن تەڭ ساراي ئەتراپىغا يوشۇرۇنغان ياساۋۇللار پەرمانىدەك ئېتىلىپ چىقىپ، شايى، زۇلۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى مەمۇرى ھەم ھەربى ۋەزىر-لەرنى قولغا ئېلىپ بىر بىرلەپ يالاپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى.

ئاندىن جۇڭ داشيۇڭ، سامماۋى خانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇدى. سامماۋى خان لاغ - لاغ تىترىگەن ھالدا ماقۇل بولدى، ئۈچ بەگلىكنىڭ ئەلچىلىرى شۇ ھامان دۆلەت مەكتۇبىنى سامماۋى خانغا تۇتتى، ئۇلارنىڭ ھەمرالىرى سوغىلارنى تەقدىم قىلدى - دە، ئالدىراپ - تېنەپ سارايدىن چىقىپ كېتىشتى.

ئارقىدىنلا سارايىنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىۋېتىلدى، جۇڭ داشيۇڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىشىگە قوماندانلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، پۈتۈن شەھەردىكى ئاساسلىق ئىستىھكاملارنى تېزلىكتە ئىگەللىدى. سۇۋۇ شايىنىڭ ئائىلىسى قورشاۋغا ئېلىنىدى. شايى ئۈمىتسىزلىكتىن ئۆزىنىڭ «خان سارىيى» دا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

3 - كۈنى، خان ئوغلى جۇڭ داشيۇڭ ئۆزىنىڭ تاغىسىنى ۋاپادار سامماۋى خان قىلىپ تىكلىدى ۋە جۇڭگونىڭ يىلنامىسىگە تەقلىت قىلىپ «داخۇا» يىلنامىسىنى تۇرغۇزدى ھەمدە پايتەختىنى دانبو (ھازىرقى ئۇساكا) غا يۆتكىدى.

2 - يىلى، يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ ئىسلاھات پەرمانىنى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو سۈي - تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمىگە تەقلىت قىلىپ بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى:

ئۆتمۈشتىكى يەر ۋە قەبىلە پۇقرالىرى (ئۇللار) غا ئاقسۆڭەكلەر خۇسۇسى ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، يەرلەر دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. سامماۋى خان پۈتۈن مەملىكەت يەرلىرىنىڭ ئەڭ ئالى ئىگىسى قىلىندى. قەبىلىلەر پۇقرالىرى دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈلۈپ، پۇقرا نامىغا ئىگە قىلىندى. ئۆتمۈشتىكى ئاقسۆڭەكلەر، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا ئايلاندۇرۇلۇپ، دۆلەتتىن مائاش بىلەن تەمىنلەندى. قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ئىمتىيازى بىكار قىلىندى.

نوپۇس يېرى بۆلۈپ بېرىشتىن ئىبارەت يېڭى تۈزۈم يۈرنىستىلدى. ھۆكۈمەت ئالتە ياشقا توشقان ئاددى پۇقرالارغا ھەر ئالتە يىلدا بىر قېتىم نوپۇس يېرى بۆلۈپ بەردى، يەرنى ئېلىپ - سېتىشقا رۇخسەت قىلىنماي، يەر ئالغۇچى ئۆلگەندىن كېيىن، دۆلەتكە قايتۇرۇۋېلىندى؛ يەر ئالغۇچىلارنىڭ زىممىسىگە دۆلەتكە ئىجارە تۆلەش، ھاشارغا ئىشلەش ۋە سېلىق تاپشۇرۇش يۈكلەندى.

ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن دۆلەت تۈزۈمى ۋە مەركەز ھەم جايلارنىڭ مەمۇرى تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى، ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ھەربى ھوقۇق مەركەزنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈلدى.

مانا بۇ — ياپونىيە تارىخىدا مەشھۇر بولغان «داخۇا ئىسلاھاتى». بۇ قېتىمقى ئىسلاھات، ئوردا سىياسى ئۆزگىرىشى ئارقىلىق يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە يۈرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما تاسادىپى ۋەقە ئەمەس ئىدى. ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سۇۋا دىكتاتورىسىنىڭ زۇلمى بىلەن جەمىيەت ناھا-

يىتى قالايمىقانلىشىپ كەتكەچكە، خەلقنىڭ نارازىلىقى خېلى بۇرۇنلا قوزغالغان، خانلىق هوزۇرىدىكى بەزى ئۇقۇمۇشلۇق زاتلار جۇڭگونىڭ قۇدرەتلىك تاڭ سۇلالىسىنى تەقلىت قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن فېئوداللىق دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىغا كېلىپ قالغان ئىدى. داخۇا ئىسلاھاتى ياپونىيە تارىخىغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ كونا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ «قەبىلە پۇق-رالىرى»نى قۇل قىلىشىنى بىكار قىلىپ، دېخانلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتە نىسبى مۇستەقىللىققە ئىگە قىلدى. ياپونىيە ئىجتىمائى ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. «داخۇا ئىس-لاھاتى» ياپونىيىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتكە كىرىشتىكى باشلى-نىش بولدى.

ئەمما، بۇ قېتىمقى ئىسلاھات ئۈزۈل - كېسىل بولمىدى. دېخانلار كونا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قۇل قىلىشىدىن قۇتۇلغان بول-سىمۇ، ئەمما يەنە يېڭى يەر تۈزۈمى ئاستىدا ئېغىر ئېكسپلا-تاتسىيە ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىدى. بۆلۈپ بېرىلگەن كىچىككىنە يەر بىلەن بىر ئائىلىنى قامداپ كېتەلمەيۋاتقان دېخانلار يەنە ئېغىر باج - سېلىقلارنى تاپشۇرۇشقا، فېئودال قورۇق ئىگىلى-رىگە هاشارغا ئىشلەشكە مەجبۇرلاندى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى يە-نىلا ياپونىيىنىڭ 8 - ئەسىردە ئۆتكەن بىر شائىرى «يوقسۇل-لارنىڭ سوئال - جاۋاپلىق ناخشىسى» دېگەن ئەسەردە:



يا پونىيه قوروٗقلىرىدىكى ھاشاچى دىخانلار

جاھان شۇنچه كەڭ تۇرسا، نامرات قالدى تار يەردە،
قۇياش ئىللىق يورۇتسا، بەھرىسىزلەر ھەسرەتتە.
بەتبەشىرلەر كالتەكلەر، نامراتلارنى بەس - بەستە،
رەھىمك كەلۇن خۇدايىم، ياخشى كۇننى بەر ئەمرە.

دەپ يازغىنىدەك ئىدى.

## تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر

جۇڭگو - ياپونىيە ئەللىرى بىرلا دېڭىز بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان يېقىن خوشنىلار، يازما مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئىككى دۆلەت 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرىلا، ئۆزئارا باردى - كەلدى مۇناسىۋەت قىلىشقا باشلىغان. بۇ يەردە بىز شۇ مۇناسىۋەتلەر ئارىسىدىكى بىرلا ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ بېرىمىز.

داخۇا ئىسلاھاتىدىن كېيىن، ياپونىيە ھۆكۈمىتى تاڭ سۇلالىسىگە ئارقا - ئارقىدىن ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىشكە باشلىدى. دەسلىۋىدە ھەر قېتىمدا 100 ئەتراپىدا ئادەمنى بىر ئۆمەك قىلىپ ئەۋەتتى، 8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئەلچىلەر ئۆمەكلىرىنىڭ ئادەم سانى زور دەرىجىدە كۆپىيىپ، نەچچە يۈز كىشىگە يېتىپ باردى. بۇ ئۆمەكلەردە باش ئەلچى، ئورۇنباسار ئەلچى، جۇڭگودا تۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار، راھىپلار، دوختۇرلار، سودىگەرلەر ۋە دېڭىزچىلار بار ئىدى. بۇلار تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر بولغاچقا، «تاڭغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر» دەپ ئاتالدى.

مىلادى 717 - يىلى مارتتا، تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر چىققان تۆت كېمە ياپونىيىنىڭ نەنبۇ شەھىرىدىكى پورتتىن يەلكەن تىكلەپ يولغا چىقتى. بۇلار ياپون-

يىنىڭ سەككىزىنچى قېتىم تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلىرى بولۇپ، دېڭىزچىلار بىلەن قوشقاندا 550 دىن كۆپرەك ئادەم ئىدى. ئۇلار جەنۇبىي يۆنىلىش بىلەن ئىلگىرىلەپ شەرقىي جۇڭگو دېڭىزىدىكى دەھشەتلىك دولقۇنلارنى يېرىپ ئۆتۈپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىغا تېچ-ئامان يېتىپ بارغاندىن كېيىن، غەرپكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇلار توققۇز ئايلىق سەپەردىن كېيىن، چاڭئەن شەھىرىگە يېتىپ كەلدى.



ياپونىيىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى دېڭىزدىن ئۆتمەكتە

بۇ قېتىم تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئارىسىدا شۇ يەردە قېلىپ ئوقۇيدىغان بىرمۇنچە ئوقۇغۇچىلار بار ئىدى. 16 ياشلىق ئابېيجۇڭ مالۇ تىرىشچان، تالانتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بالا بولغاچقا، قېلىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار قاتارىغا تاللىنىپ چاڭئەن شەھىرىگە كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا، شەرقىي ئاسىيانىڭ مەركىزى بولغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادى

گۈللىنىپ، مەدەنىيىتى تەرەققىي تاپقاچقا دۇنيانىڭ مەركىزى دەپ قارالماقتا ئىدى. ياش ئابېيجۇك مالۇ، چاڭئەننىڭ كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ھەشەمەتلىك سارايلار، ئاۋات سودا دۇكانلىرى، پاك - پاكىز مەتبەخانىلارنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن خوشال بولۇپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا «تەيشۆ» (قەدىمقى جۇڭگودىكى ئالىي بىلىم يۇرتى) گە كىرىپ ئوقۇدى. ئۇ ئالدى بىلەن خەت ساۋادىنى چىقاردى، ئاندىن شېئىر ۋە ماقالا يېزىشنى ئۆگەندى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا كۇڭزىچىلىق تەلىماتىغا دائىر كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇدى.

ئۇ بەش - ئالتە يىل جاپالىق ئۆگىنىش ئارقىلىق ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ ئىمتىھانغا قاتناشتى. ئىمتىھانغا قاتناشقانلار ئارىسىدا جۇڭگولۇقلار بولۇپلا قالماستىن، يەنە «تەيشۆ» نى پۈتتۈرگەن نۇرغۇن شەرق ۋە غەرپلىك ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى. ئىمتىھان سوئاللىرى ناھايىتى قىيىن ئىدى. بىراق ياپونلۇق بۇ ياش ئوقۇغۇچى ھەممىدىن ئۆزۈپ چىقىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن تەشرىپدارلىققا ئۆتتى.

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئابېيجۇك مالۇ مەنسەپكە ئولتۇرۇپ، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە خىزمەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن شاھزادە لىيىڭنىڭ قىرائەتخانىسىدا كىتاپ - نامىلەر مەھكىمىسىنىڭ كاتىۋى (كىتاپ - نامىلەرنى باشقۇرغۇچى) بولدى ھەمدە شاھزادىنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشىغا ھەمرا بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە، سول قول مەسلىھەتچى بولدى ھەمدە دەرىجە ئاتلىتىپ پادىشاغا مۇشاۋۇرلۇققا ئۆستۈرۈلدى. مۇشاۋۇرلۇق، پادىشاغا ھەمرا بولىدىغان مەنسەپ ئىدى، شۇڭا، ئۇ ھەمىشە تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى شۈەنزۇڭنى

كۆرۈپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى.
— ھە، ئىسمىڭىز نىمە؟ — بىر كۈنى شۈەنزۇڭ، ئابېيـ
جۇڭ مالۇنـى كۆرۈپ شۇنداق سورىدى.
— ئابېيجۇڭ مالـۇ، پادىشاھى ئالەم.
— ئىسمـىڭىز نـاھـايىتى ئۇزۇن ئىكـەن، مەن سىزگە
بىر ئىسىم قويۇپ قويسام قانداق؟
— ھەممەتلىرىگە رەھمەت دەيمەن، پادىشاھى ئالەم.
شۈەنزۇڭ سەل ئويلانـدى ـ دە، قولىغا مـوي قـەلـەم
ئېلىپ «جاۋخېڭ» دەپ يازدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئابېيـ
جۇڭ مالۇنىڭ ئىسمـى «جاۋخېڭ» دىگەن خەنزۇچە ئىسمـ
غا ئۆزگەرتىلدى.
بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، جېنبېي ئىسىملىك بىر
ياپونلۇق ئوقۇغۇچى ئابېيجۇڭ مالۇنـى كۆرگىلى كېلىپ:
— سېنىڭ مەنسەپتىن ئامىتىڭ كېلىپ قالدى! مۇشاۋۇر
بولۇپ قالدىڭ. پادىشاھـى ئالـەم ساڭـا قـۇتـلـۇق ئىسىم
ئىلتىپات قىلدى. بىراق، مەن سېنىڭ ئەدىبىياتنى تەتقىق
قىلىشىڭنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئەدىبىياتنى بىلمەيدىغان ئادەمـ
نىڭ چاڭئەندە بازىرى يوق ئىكەن. ئاڭلىشىمچە، پادىشاھـى
ئالەم مۇزىكىغا بەكمۇ بېرىلىدىكەن، يەنە تېخى شېئىـر يازـ
دىكەن، — دىدى.
— راست دىدىڭ، — دەپ چوڭقۇر ئويلىنىپ جاۋاپ
بەردى جاۋخېڭ، — مەن بۇرۇن ياپونچە شېئىرغا قىزىقاتتىم،
تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەندىن بۇيان خەنزۇچە شېئىرلارغىمۇ قىـ
زىقىپ قالدىم، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ بويـۇك شـائىـر لى بەي،
ۋاڭ ۋېي، شۇ گۇاڭيى قاتارلىقلار بىلەن ئۇچراشقان چاغلىرىـ

دىكى ئەھۋاللارنى زوقمەنلىك بىلەن تىلغا ئالدى ھەمدە خاتىرىسىدىكى ئۇلار بىلەن مۇشائىرە بولغان بىرمۇنچە شېئىر-لارنى كۆرسىتىپ جېنىبىيدىن مەسلىھەت سورىدى.

— پاھ، يارايسەن، مەن سېنى ئۇستاز تۇتۇشۇم كېرەك ئىكەن! — جېنىبىي ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ، توختىماستىن ماختىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە، جېنىبىي قېتىقىنىپ ئۆگىنىش، كەمتەرلىك بىلەن مەسلىھەت سوراش ئارقىلىق ئالتە ھۈنەر (بەش كالام، ئۈچ تارىخ، شەرھىچىلىك ئىلمى، ھېساپ، فونېتىكا، خۇشخەت) نى ئۆگىنىۋالدى؛ ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى، ئىلىم خۇمارلىقى چاڭئەندىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا تەرىپلەندى.

ۋاقىت يورغىلاپ ئۆتۈۋەردى، جاۋخېڭ سېرىق - سەزمەي جۇڭگودا 40 يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇنىڭ ساۋاقدىشى جېنىبىي، ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىپ، ياپونىيىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە 10 - قېتىم ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى بىلەن بىرلىكتە يەنە جۇڭگوغا كەلدى. بۇ چاغدا، جاۋخېڭ دىۋانخانىدا پۈتۈكچى مۇپەتتىشلىككە كۆتىرىلگەن ئىدى. جېنىبىينىڭ كەلگەنلىكى ئۇنىڭ قۇلىغىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە يېنىۋاتقان يۇرت مۇھەببىتىنى باسالماي قالدى، بۇرۇن ۋەتەنگە قايتىش ھەققىدە كۆپ قېتىم تەلەپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما شۈەنزۇڭ شاھ قوشۇلمىغان ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھەرقاچان گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان كۈنلەر ۋە سۈزۈك ئايدىڭ كېچىلەردە، دائىم مۇنۇ ئىككى مىسرا شېئىر-

نى ئوقۇيتتى؛

تەلپۈنىمەن قاراپ دائىم كۆك ئاسمانغا،
سەندۇشەنگە ① يېتىپ بېرىپ، يېتەرمەنمۇ ئارمانغا.

10 - قېتىم تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەن ئەلچىلەر ياپونىيىگە قايتماقچى بولدى. جاۋخېڭ ۋەتىنىگە قايتىش تەلىۋىنى شۈەنزۇڭغا يەنە بىر قېتىم سەممىيلىك بىلەن مۇراجەت قىلدى.

— مېنىڭ ياپونىيىگە قايتىشىم، — دېدى ئۇ، — ياشانغان ئاتا - ئانامغا ۋاپادارلىق يەتكۈزۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆگەنگەن بىلىملىرىمنى ياپونىيىگە ئۆگىتىش ئۈچۈن.

شۈەنزۇڭ ئۇنىڭ ئىنتايىن سەممىي نىيىتىنى چۈشىنىپ، ۋەتىنىگە قايتىشقا رۇخسەت بەردى:

— خەير، بوپتۇ! ياپونىيىدىن ھوزۇرىمىزغا سوغا تەقدىم قىلغىلى كەلگەن ئەلچىلەرنى ۋەتىنىگە ئۇزىتىپ قويۇش ۋەزىپىسىنى سىزگە تاپشۇراي!

752 - يىلى ئۆكتەبىردە، ئابېيجۇڭ مالۇ يولغا چىقماقچى بولدى. ئۇنىڭ چاڭئەندىكى شائىر دوستلىرى كاتتا خوشلىشىش زىياپىتى ئۆتكۈزدى. مەشھۇر شائىر لى بەي بۇ چاغدا يىراق جايلارغا زىيارەتكە كەتكەنلىگى ئۈچۈن، زىياپەتكە قاتنىشالمىدى. ۋاڭ ۋېي، چۇ گۇاڭيى ۋە ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ئەلچىلەر خوشال - خورام جەم بولۇشتى. ۋاڭ ۋېي زىياپەت ئۈستىدىلا قولغا قەلەم ئېلىپ «پۇتۇكچى مۇپەتتىشنى ياپونىيىگە ئۇزىتىمەن» دېگەن شېئىرنى يازدى.

① ياپوندىكى بىر تاغنىڭ ئىسمى.

56 ياشقا كىرگەن جاۋخىڭ ئۆزىنىڭ چىن كۆڭلىدىن ياخ-
شى كۆرىدىغان قىلىچىنى غىلىپىدىن ئېلىپ، جۇڭگولۇق شا-
ئىر دوستىغا ھەدىيە قىلدى ۋە تۆۋەندىكى نەزمىنى ئوقۇدى:

مانا مەن پەرمان بىلەن چىقتىم بۇندىن خوشلىشىپ،
ئىقتىدارىم بولسىمۇ كەم، تەيىنلىنىپ ئەلچى بولۇپ.
دانا پادىشاھ پانايىدا تۇرسامۇ گەر جۇڭگودا مەن،
مېھرىۋان تۇققانلارنى كۆپ ئەسلىدىم بۇندا تۇرۇپ.
......
ئەسلىتەر ئۆتكەن كۈنۈم باققاندا مەن مەغرىپ تامان،
ھېس قىلارمەن خاسىيەتلىك چاغلىنى مەشرىقتە مەن.
بار ئىدى ئۆمرۈمدە بەكمۇ ياخشى كۆرگەن شەمشىرىم،
ھەدىيە قىلىپ قالدۇراي دوستلارغا شۇ شەمشەرنى مەن.

15 - ئۆكتەبىردە ئابېيجۇڭ مالۇ چاڭئەن بىلەن
خوشلىشىپ ۋە ياپونىيەگە قايتىپ كېتىدىغان ئۇنىنچى قېتىم-
لىق ئەلچىلەر ئۆمىكى بىلەن ياڭجۇ ئارقىلىق سۇجۇنىڭ
خۇاڭسىپو دېگەن يېرىگە كەلدى. جۇڭگو شائىرلىرى ئايرى-
لىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۇنى ئاشۇ يەرگىچە ئۇزىتىپ
قويدى. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ياڭجۇدىكى يەن-
گۇاڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ مەشھۇر راھىبى جيەنجېن ئۇنىڭ
تەكلىۋى بىلەن ياپونىيەگە يولغا چىقتى.

ياپونىيەگە قايتىدىغان تۆت چوڭ ياغاچ كېمە دېڭىزدا
دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىدى. ئەمما ئوكىناۋا ئارىلىغا يېتىپ
بارغاندا، بەختكە قارشى قارا بوران چىقىپ تۆت كېمىنىڭ
ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتتى، جيەنجېن چۈشكەن كېمە بىلەن قال-
غان ئىككى كېمە ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا يول يۈرۈپ، ياپون-

يىگە يېتىپ باردى. ئەمما ئابىيجوڭ مالۇ قاتارلىقلار چۈش-
كەن كېمە ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى. ئىككىنچى يىلى
مارتتا، ياپونىيىنىڭ ئوردىسىغا يەنىلا «ئىز - دېرىكى يوق»
دىگەن خەۋەر يېتىپ باردى. ئابىيجوڭ مالۇنىڭ بەختسىز-
لىككە ئۇچرىغانلىغى توغرىسىدىكى مىش - مىش گەپلەر تاڭ
سۇلالىسىگە تارقالدى، سۇجۇدا ساياھەت قىلىۋاتقان لى بەي
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ دېڭىزغا غەرق بولۇپ كەتكەن-
لىگىگە ئىشەندى - دە، بەكمۇ پەرىشان بولۇپ تۆۋەندىكى-
چە قايغۇلۇق مەرسىيەنى يازدى:

بىر كونى چاڭئەندە جاۋخېڭ ھەزرىتىم دوستلار بىلەن،
خوشلىشىپ قايتقان ئىدى يۇرتى — ياپون دىيارىغا.
ئايلىنىپ سىرلىق ئارالدىن ئۆتكىنىدە كېمىلەر،
شۇ ئىسىل گۆھەر چۆكۈپ كەتكەن ئىمىش سۇ ئاستىغا.
ئاق بۇلۇت قايغۇ ئىچىدە شۇندىن بۇيان ياشىن تۆكەر.

لى بەي بىلەن جاۋخېڭ پەقەت ئۈچ يىللا بىللە بولغان
بولسىمۇ، ئەمما بۇ شېئىردىن مەلۇمكى، ئۇلار بىر بىرىنى
چۈشىنىدىغان ھەمنەپەس دوستلاردىن بولۇپ قالغان.

ئەمما، بەختكە يارىشا ئابىيجوڭ مالۇ ئۆلۈپ كەتمىگەن.
ئۇ چۈشكەن كېمە ھازىرقى ۋېيتنام قىرغاقلىرىغا يېتىپ بارغان-
دا، كېمىدىكى 170 نەچچە كىشى شۇ جايدىكى ئادەملەر تە-
رىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئابىيجوڭ مالۇ قاتارلىق ئون
نەچچە كىشى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان. مىلادى 755 -
يىلى ئىيۇلدا ئۇلار مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتنى باشتىن كە-
چۈرۈپ چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەن.

ئەپسۇسكى، مۇشۇ يىلى نويابىردا، تاڭ سۇلالىسىدە توپىلاڭ كۆتىرىلىپ، پايتەخت توپىلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. پادىشا شۆەنزۇڭ سىچۇەنگە قېچىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئوغلى سۇزۇڭ، گەنسۇنىڭ لىڭۇ دىگەن يېرىدە تەخت قورغان. ئابېيجوڭ مالۇ تاكى 757-يىلى ئۆكتەبىرگىچە شۆەنزۇڭنىڭ كەينىدىن ئايلىنىپ يۈرۈپ چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەن. بۇ چاغدا گەرچە توپىلاڭ بېسىقتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بارسا كەلمەسكە كەتكەن ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە، ئابېيجوڭ مالۇ سول قول مۇپەتتىش مەسلىھەتچى (پادىشا يېنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ سەۋەنلىكلىرىگە نەسىھەت قىلغۇچى ئەمەلدار) قاتارلىق مەنسەپلەردە ئولتۇرغان.

ئابېيجوڭ مالۇ 70 يېشىدا ئانىسىنىڭ ھىراۋۇللۇغىغا تەيىنلىنىپ ھازىرقى ۋېيتنامنىڭ خېنېي قاتارلىق جايلىرىنى باشقۇرغان. ئەمما ئۇ ئۇزاق يىللار مابەينىدە چارچاپ كەتكەچكە، ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئېغىر كېسەل بولۇپ 770 - يىلى يانۋاردا، 73 يېشىدا چاڭئەندە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن، پادىشا دەيزۇڭ ئۇنىڭغا «لۇجونىڭ ئۇلۇغ مۇپەتتىشى» دىگەن ئۇنۋانىنى بەردى.

ئابېيجوڭ مالۇنىڭ ھاياتى — 8 - ئەسىردىكى ياپونيە خەلقىنىڭ تاڭ سۇلالىسى مەدىنىيىتىنى تەشنالىق بىلەن قوبۇل قىلغانلىغىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى، شۇنداقلا جۇڭگو - ياپونىيە خەلقلىرىنىڭ ئۇزۇلمەي داۋاملىشىۋاتقان دوستلۇغىنىڭ سىمۋولى.

## جيەن جېننىڭ شەرققە ئۆتۈشى

چىقتى جيەنجېن سەپەرگە جاسارەتتە دوڭخەي تامان،
ساپ نىيەتتىن نۇرلىنىپ كەتتى ئۇلۇغ ئوكيان ھەجەپ.
دىن تارقاتقىنىدا ئۇ پىداكارلىق بىلەن،
تاڭ ساباسىغا چۆمۈلدى شۇ ھامان نەيلياڭ تەرەپ.

بۇ — گومورونىڭ 1963 - يىلى شەيخ جيەن جېن ۋاپات بولغانلىغىنىڭ 1200 يىللىغىنى خاتىرىلەپ يازغان شېئىرى بولۇپ، شېئىردا جيەنجېننىڭ جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، جۇڭگو - ياپونىيە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى ۋە ئۆزىنى تەقدىم قىلىش روھى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن.

مىلادى 733 - يىلى ئاۋغۇستتا، ياپونىيىنىڭ 9 - قېتىملىق ئەلچىلەر ئۆمىكى جۇڭگوغا كەلدى. رۇڭ رۇي، پۇجاۋلاردىن ئىبارەت ياپونىيىلىك ئىككى ياش راھىپ بۇ ئۆمەك بىلەن كەلدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى بۇددا دىنىنى تەھسىل قىلىش ۋە ئەمىر - مەرۇپچى دانا راھىپلارنى ياپونىيىگە تەكلىپ قىلىش ئىدى.

ئۇ دەل تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى شۈەنزۇڭ جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. رۇڭ رۇي ۋە پۇجاۋ

توپ - توغرا 20 يىللىق ھاياتىنى جۇڭگودا ئۆتكۈزدى.
ئۇلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ لوياڭ، چاڭئەنلەردىكى مەشھۇر
ئىبادەتخانىلاردا بۇددىزىمنى تەھسىل قىلدى ھەمدە «ئۈچ ئۇستاز
يەتتە شاھىت» (يەنە ئۈچ ئۇستاز دەرس بېرىپ، يەتتە راھىپ دەرسكە
گۇۋالىق قىلىش)نىڭ قاتتىق سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، رەسمىي را-
ھىپ سالاھىتىگە ئىگە بولدى. ۋەتىنىگە قايتىشتىن ئاۋال
ئۇلار چاڭئەنلىك راھىپ داۋخاڭ بىلەن گاۋلىلىق راھىپ
رۇخەيلەرنى ياپونىيىگە بېرىپ ئەمر - مەرۇپچىلىك قىلىشقا
تەكلىپ قىلدى، ئەمما بۇ ئىككى راھىپنىڭ بۇددا بىلىمدە
تازا يېتىشكەن مۆتىۋەرلەردىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى.
ئۇلار داۋخاڭدىن ئۇنىڭ ئۇستازى جيەن جېننىڭ ئابرويلۇق،
دانا راھىپلىقىنى، ئۇنىڭ ياپونىيىگە بېرىپ ئەمر - مەرۇپ
تارقىتىشقا تازا يارايدىغان ئادەملىكىنى بىلىۋالدى.

742 - يىلى ئۆكتەبىردە، رۇڭرۇي، پۇجاۋلار تاڭ ئوردى-
سىنىڭ ۋەزىرى لى لىنفۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئېلىپ ياڭجۇغا
كېلىپ ۋەتىنىگە قايتىدىغان كېمە ھازىرلىغىنى قىلدى. ئۇلار
مۇشۇ پۇرسەتتە بۇ يەردىكى دامىڭ ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ
جيەن جېنگە باش ئۇردى ۋە ئۇنىڭدىن شەرققە بېرىپ ئەمر-
مەرۇپ قىلىشنى سەممىي تەلەپ قىلدى ھەمدە ئۇنىڭدىن
ئەمر - مەرۇپچى دانا ئۇستازلاردىن بىرنەچچىنى تونۇشتۇرۇپ
قويۇشنى ئۆتۈندى. جيەن جېن ئۇلارنىڭ ياخشى نىيىتىگە
يارىشا ئىش كۆردى ۋە ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرىدىن:

— ياپونىيىگە بېرىپ بۇددىزىم تارقىتىشنى خالايدىغانلار
بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بىر ھازاغىچە ھېچكىم زۇۋان سۈرمىگەندىن كېيىن، شا-

بىر تىزنىق ئىدى) چىقىرىپ بىر دانە كېمە سېتىۋالدى ۋە
شۇنىڭ بىلەن بىرگە 80 كېمىچىنى ياللىۋالدى. بۇ نۆۋەت
70 راھىپ ۋە نەقىشكەر، رەسسام، كەشتىچىلەردىن 85 كى-
شى جيەن جېنگە ھەمرا بولۇپ چىقتى. ئۇلار دېكابىرنىڭ ئا-
خىرلىرىدىكى بىر ئايدىڭ كېچىدە ياڭجۇدىن مەخپىي يولغا چىق-
تى. ئۇلار لاڭگۇپۇغا بارغاندا قاتتىق بوران - چاپقۇنغا ئۇچ-
راپ، قىرغاققا چىقىپ كېمىسىنى رېمونت قىلىشقا مەجبۇر
بولدى. بىر ئايدىن كېيىن يەنە يولغا چىقىپ داۋاملىق ئىل-
گىرىلەپ، جېجياڭنىڭ ئۇدۇلىغا بارغاندا تېخىمۇ دەھشەتلىك
بوران - چاپقۇنغا ئۇچرىدى، كېمە خادا تاشقا ئۇرۇلۇپ چۆكۈپ
كەتتى، ئۇلار يا ئاشلىق، يا سۇ يوق بىر تاقىر ئارالغا
چىقىۋالدى. بۇ يەردە ئۈچ كۈن ئاچ - زارلىقتا قىينالغاندىن كې-
يىن، بۇ يەرگە كەلگەن بېلىقچىلار كېمىسى ئۇلارنى كۆرۈپ
ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلدى، ئارىدىن سەككىز كۈن ئۆتكەندىن كېيىن
ھۆكۈمەت كېمە ئەۋەتىپ ئالدۇرۇپ كەتتى. جيەن جېن، رۇڭ رۇي،
پۇجاۋ ۋە ھەمرا بولۇپ چىققان شاگىرتلار جېجياڭدىكى ئاسۇكا ئى-
بادەتخانىسىغا ئاپىرىپ قويۇلدى. ئىككىنچى قېتىملىق شەرق-
قە ئۆتۈشمۇ مەغلۇپ بولدى.

مۇشۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىنكى ئون يىل داۋامىدا،
جيەن جېن، رۇڭ رۇي، پۇجاۋلار خىلمۇ خىل خەۋپ - خەتەرلەر-
نى بۆسۈپ ئۆتۈپ يەنە ئۈچ قېتىم شەرققە ئۆتۈشكە ئاتلاندى.
بەشىنچى قېتىم ئۇلار ياڭجۇدىن مەخپىي يولغا چىقىپ،
شەرققە قاراپ مېڭىپ لاڭشەنگە باردى. رەسمىي دېڭىزغا چىقماي
تۇرۇپلا بوران - چاپقۇن چىقىپ كېتىپ، كېمىنى جېجياڭنىڭ

ئۇدۇلغىچە ئۇچۇرۇپ كەتتى. ئارقىدىنلا يەنە قارا بوران كۆتىرىلىپ دېڭىز دولقۇنلىرى قەھىرلىك ئۆركەشلىدى. كېمە بىردەم دولقۇنسىرى تاغدەك ئېگىزگە كۆتىرىلسە، بىردەم جىلغىدەك پەسكە چۈشۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېمىدىكى تاتلىق سۇ تۈگەپ كەتكەچكە، كۆپچىلىكنىڭ گېلى قۇرۇپ ھۆ قىلغۇسى كېلەتتى، قۇرۇق گۆرۈچ بىلەن ئۆزلىرىنى ئەمەك ئېتىپ چايناپ باقسىمۇ يا يۇتالماي، يا ياندۇرۇۋېتەلمەي قىينىلاتتى. ئامالسىزلىقتىن دېڭىز سۈيىنى ئىچكەن بەزىلەر قوساق ئىسسىگىنىڭ دەردىدە تولغىناتتى. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئازاپ بىلەن چەكسىز دېڭىزدا 14 كۈن لەيلەپ يۈرۈپ، «ئىلان دېڭىز»، «ئۇچار بېلىق دېڭىزى»، «ئۇچار قۇش دېڭىزى» قاتارلىق دېڭىزلاردىن ئۆتۈپ، خەينەنداۋ ئارىلىغا بارغاندىلا، ئاخىرقى ھېساپتا قۇرۇقلۇققا چىقتى. جيەن جېننى تەكلىپ قىلغان جۇڭگو - ياپونىيە مەدىنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى چەككەن ياپونلۇق راھىپ رۇڭ رۇي، ئۇزاق مۇددەتلىك چارچاش ئارقىسىدا كۆپ ئۆتمەي ۋاپات بولۇپ كەتتى. 63 ياشلىق جيەن جېن رۇڭ رۇينىڭ ۋاپاتى بىلەن ھەسسەلەپ ماتەم قايغۇسىغا چۆمدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەنۇپنىڭ ئىسسىغىغا بەرداشلىق بېرەلمەي كۆز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەما بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا، جيەن جېنگە ھەمرا بولۇپ شەرققە ئۆتۈش ئۈچۈن بىرىنچى بولۇپ ئىرادە قىلغان شياڭ يەنمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. ئەمما، ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن بۇ بىر يۈرۈش زەربىلەر جيەن جېننىڭ شەرققە ئۆتۈش ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى، ئۇ

كۆڭلىدە 6 - قىتىملىق شەرققە ئۆتۈش سەپىرىگە داۋاملىق تەييارلىق كۆردى.

753 - يىلى ئۆكتەبىردە، ياپونىيىنىڭ ئونىنچى قىتىملىق «تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئۆمىكى» ۋەتىنىگە قايتماقچى بولدى. ئەلچى تېگىيۈەن چىڭخې، جىبېي جېنبېي ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ۋەتىنىگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىققان جاۋ خېڭ قاتارلىقلار بىرلىكتە ياڭجۇدىكى يەن گۇاڭ ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ، جيەن جېننى زىيارەت قىلدى. ئۇنىڭ بەش قىتىملىق دېڭىزدىن ئۆتۈشتىكى پائالىيەتلىرىگە ئاپىرىن ئېيتتى ھەمدە ئۇنى شەرققە ئۆتۈش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلدى. يېشى 60 تىن ئاشقان جيەن جېن تولۇق رازىلىق بىلدۈردى. ھۆكۈمەتنىڭ توسقۇنلۇقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جيەن جېن، ئەلچىلەر كېمىسىنى ئاۋال ياڭجۇدىن چىقىپ كېتىپ خۇاڭسىپۇدا ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. 19 - ئۆكتەبىر كېچىلىكى جيەن جېن قاتارلىقلار بىر كىچىك كېمىگە چۈشۈپ يولغا چىقتى، سىتو قاتارلىق 14 شاگىرتى ۋە باشقا خادىملاردىن 24 كىشى ئۇنىڭغا ھەمرا بولدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پۇ جاۋمۇ دەرھال كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلدى. تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ تۆت كېمىسى 15 - نويابىر كۈنى بىرلا ۋاقىتتا يولغا چىقتى. جيەن جېن ئاخىرى 6 - قىتىملىق شەرققە ئۆتۈش سەپىرىگە قەدەم قويدى.

جيەن جېنلەرنىڭ ھەممىسى بىر كېمىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بەختكە قارشى بۇ كېمە يەنە بوران - چاپقۇنغا ئۇچراپ قالدى. ئەمما ئىككى ئاي جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلىش

نەتىجىسىدە، خەۋپ - خەتەرلەرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ 26 - دېكابىردا ياپونىيىگە يېتىپ باردى. ئەپسۇسكى، تېگىيۇەن جىڭخې ۋە جاۋ خېڭ قاتارلىقلار چۈشكەن كېمە بوراندا ئۇچۇپ كەتكىنىچە ئەڭ ئاخىرىدا ھازىرقى ۋيېتنامغا بېرىپ توختىدى. كېمىدىكى ئادەملەردىن 160 نەچچە كىشى خەتەرگە ئۇچراپ قازا تاپتى، تېگىيۇەن جىڭخې، جاۋ خېڭ قاتارلىق ئون نەچچە كىشى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىپ چاڭئەنگە قايتىپ كەلدى.

بۇددا دىنى 6 - ئەسىردىن باشلاپ كورىيە يېرىم ئارىلىدىن ياپونىيىگە تارقالغان بولۇپ، 8 - ئەسىرگە كەلگەندە ناھايىتى ئەۋج ئالغان ئىدى. ياپونىيە خاندانلىقلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىردەك بۇددا دىنى ئارقىلىق «دۆلەتنى ساقلاپ تۇرغان» ئىدى. جيەن جېن، ياپونىيىگە يېتىپ كەلگەن خەۋەر تارقىلىشى بىلەنلا ئوردا، ئاۋام خەلق ۋە دىنىي ساھەدىكىلەر ئارىسىدا چوڭ بىر زىلزىلە پەيدا قىلدى. جيەن جېن پايتەخت نەيلياڭ شەھىرىگە يېتىپ بارغان كۈنى، ياپونىيىنىڭ ۋاپادار ساماۋى خانى شەھەر دەرۋازىسىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئەلچى چىقاتتى. جيەن جېن كىشىلەرنىڭ قولداشلىقى بىلەن نەيلياڭ شەھىرىگە كىردى. نەيلياڭ شەھىرىنىڭ كوچىلىرى توپ - توز ھەم كەڭ بولۇپ، كېسىشىپ ھەر تەرەپكە ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. «مىڭلىغان ئۆيلەر گويا شاخمات تاختىسى ئۈستىگە قويۇلغاندەك رەتلىك، 12 كوچا خۇددى ئوتياش چۆنەكلىرىگە ئوخشاش توپ - توز بولۇپ» پۈتۈنلەي چاڭئەنگە ئوخشاپ كېتەتتى، جيەن جېن بۇ مەنزىرىگە بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە گويا ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغان چاڭئەنگە كېلىپ قالغاندەك بولدى.

جيەن جېن، بۇددىزىمنىڭ مەشھۇر مۇقەددەس جايى بولغان دۆگدا ئىبادەتخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ساماۋى خان يەنە جيەن جېنلەردىن 12 كۈن كېيىن يېتىپ كەلگەن ئەلچى جىبېي جېنبېينى دۆگدا ئىبادەتخانىسىغا ئەۋەتىپ، جيەن جېنگە «ماياك يەتكۈزۈپ بەرگۈچى بۈيۈك ئۇستاز» دېگەن ئۇنۋاننى بېرىپ، ئۇنى ئەمىر - مەرۇپچىلىققا رىياسەتچى قىلىپ تەيىنلىگەنلىك پەرمانىنى يەتكۈزدى. جىبېي جېنبېي يەنە جيەن جېننىڭ شاگىرتلىرىغا بېرىلگەن ئۇنۋانلارنىمۇ ئەنگە ئېلىپ، بىر بىرلەپ نام بەردى ۋە بىر بىرلەپ سوغا تەقدىم قىلدى.

ئۇ چاغدا، ياپونىيىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدا باج -سېلىق ۋە ئالۋاڭ - ياساقنى كەچۈرۈم قىلىش ئىمتىيازى بولسىمۇ، ئەمما، ئەمىر- مەرۇپچىلىك ئۇنۋانى بېرىدىغان قاتتىق تۈزۈم بولمىغاچقا، راھىپ بولماق ناھايىتى ئاسان ئىش ئىدى، ئادەتتە راھىپلار بۇتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، بۇددا قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىشقا قەسەم بېرىپلا «ئۆزىگە ئۆزى ئەمىر - مەرۇپچى» دەپ نام بېرىپ راھىپلىق ئۇنۋانىغا ئىگە بولۇۋالاتتى. مۇشۇ تەرىقىدە كىشىلەر ئارقا- ئارقىدىن راھىپ بولۇپ كەتكەچكە، ئوردىغا تاپشۇرۇلىدىغان باج بارغانسېرى ئازلاپ كېتىپلا قالماستىن، باشقا ئىللەتلەرمۇ كۆپلەپ كۆرۈلۈپ تۇراتتى. جيەن جېن، ياپونىيىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ياپونىيە خان ئوردىسى ئۇنى قاتتىق ھەم مۇكەممەل بولغان ئەمىر - مەرۇپچىلىك تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا بەلگىلىدى. خان ئوردىسى يەنە دۆگدادا ئەمىر - مەرۇپچىلىك مۇنبىرى قۇرۇپ، ياپونىيە ساموراي خاقانى، خانىش، ۋاپادار ساماۋى خان قاتارلىقلارمۇ باشلام-

چىلىق بىلەن مۇنبەرگە چىقىپ، جيەنجېندىن ئەمىر ـ مەرۇپ
چىلىك ئۇنۋانى ئالدى: ئارقىدىنلا خان جەمەتى ۋە ياش
سىرامانلار (ئەمىر ـ مەرۇپچىلىك دەرىجىسىگە توشمىغان
ئەر دۇئا ـ تىلاۋەتچىلەر) دىن 400 نەچچە كىشىمۇ ئارقا ـ ئار-
قىدىن شۇ تەرىقىدە ئۇنۋان ئالدى. ئەمما، بۇددىزىم ساھەسى-
دىكى «ئۆزى قەسەم بېرىپ ئۇنۋان ئېلىۋېلىش» قا ئادەتلىنىپ
قالغان بەزى راھىپلار ئاۋالقىدەكلا مۇنبەرگە چىقىپ ئۇنۋان
ئېلىشنى خالىمىدى. شۇنىڭ بىلەن جيەن جېن، شاگىرتلىرىنى
ئۇلار بىلەن دوستانە زوكۇنلىششقا ئەۋەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا
ئۇلارمۇ مۇنبەرگە چىقىپ ئەمىر ـ مەرۇپچىلىك ئۇنۋانى ئېلىش-
قا چىن دىلىدىن قايىل بولۇشتى.
بۇنىڭ بىلەن جيەن جېننىڭ ئىناۋىتى ناھايىتى ئۆسۈپ كەتتى.
جاي ـ جايلاردىكى راھىپلار بەس ـ بەس بىلەن كېلىپ جيەن-
جېنگە باش ئۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ھەققانى قائىدە ۋە ئەمىر ـ مەرۇپ-
چىلىك قانۇنىنى ئۆگىنىپ قوبۇشنى ئۆتۈندى. شاگىرتلارنى
كەڭ تۈردە كۆپەيتىش ئۈچۈن، جيەنجېن، جۇڭگونىڭ ۋۇتەي-
شەن تېغىدىكى چىڭلياڭ ئىبادەتخانىسى ۋە خېڭياڭدىكى
يۆشى ئىبادەتخانىسىنى تەقلىت قىلىپ، يېڭى بىر ئىبادەتخانا
قۇرۇش ھەققىدە خان ئوردىسىغا تەكلىپ بەردى. خان ئور-
دىسى بۇ تەكلىپنى دەرھال تەستىقلىدى. جيەن جېن ۋە شا-
گىرتلىرىنىڭ مىڭبىر جاپا بىلەن ئىشلىشى نەتىجىسىدە
بۇ ئىبادەتخانا 759 ـ يىلى ئاۋغۇستتا پۈتتۈرۈلدى. ۋاپادار
خاقان (بۇ چاغدا ئۇ پاك ھەم رەھىمدىل ساماۋى خانغا
ئورۇن بەرگەن ئىدى، شۇڭا «خاقان» دەپ ئاتالغان) شەخ-
سەن ئۆزى «تاڭجاۋتى ئىبادەتخانىسى» دەپ ۋىۋىسكا يې-

زىپ بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ھەر يەر - ھەر يەرلەردىن كە
گەن راھىپلار بۇ يەرگە جەم بولۇپ بۇددىزىمنى چوڭقۇرلاپ
ئۆگىنىپ، ئەمىر - مەرۇپ قوبۇل قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن ب
ئىبادەتخانا ياپونىيە بويىچە تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان
بۇددىزىم مەكتىۋىگە ئايلاندى.
جيەن جېن، شەرقتىكى ياپونىيىگە ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ
بۇددىزىمى ۋە ئەمىر - مەرۇپچىلىكىنى تارقىتىپلا قالماستىن،
بەلكى شۇ چاغدىكى ئەڭ يېتىشكەن تاڭ مەدەنىيىتىنى ياپو-
نىيىگە تونۇشتۇردى.
جيەن جېن تىبابەتكە ناھايىتى پۇختا ئىدى. ئۇ ئەمىر-
مەرۇپ ئۆگىتىپ ئۇنىۋان بېرىشتىن باشقا يەنە تىببى داۋالاش
پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ياپونىيىگە تىبابەت بىلىملىر-
نى تارقاتتى. ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ئەما بولسىمۇ، بۇرنى بىلەن
پۇراش، تىلى بىلەن تېتىش، قولى بىلەن سىلاش ئارقىلىق
سېزىم ئەزالىرىغا تايىنىپ تۇرۇپ، دورىلارنى پەرق ئېتىش
جەھەتتىكى بىلىمنى سېخىيلىق بىلەن ياپونىيە خەلقىغە ئۆ-
گەتتى. بىر قېتىم ساماۋى خان كېسەل بولۇپ قالغاندا،
داۋالاشقا ماھىر شەيخلەردىن 120 كىشىنى تەكلىپ قىلىپ
ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاتقان ئىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدىن جيەن
جېن قاتارلىقلار داۋالاش ئۈنۈمىدە ئەلا نەتىجە قازىنىپ
مۇكاپاتقا ئىگە بولدى.
جيەن جېن ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بۇددىزىم ئىبادەتخانا
ئىمارەتچىلىكىدە ماھىر ئىدى. تاڭجاۋتى ئىبادەتخانىسىنىڭ
قۇرۇلمىسى پۇختا، جايلاشتۇرۇلۇشى يېقىملىق، بۆلەكلىرى
بىرسى - بىرسىگە مۇناسىپ بولۇپ، كىشىدە بىرخىل ھەيـ

ۋەتلىك تۈيغۇ پەيدا قىلاتتى. ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىمارەتچىلىگىنىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتچىلىرىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ياپونىيە ئىبادەتخانا ئىمارەتچىلىكىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

يۇقۇرقىلاردىن باشقا، جيەن جېن ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئەدىبىيات، ھەيكەلتاراشلىق، رەسساملىق، خەتتاتلىق، تىلشۇناسلىق ۋە قەن چىقىرىش، جياڭيۇ چىقىرىش، پۇرچاق پىشلىغى چىقىرىش، ماشىنىچىلىق جەھەتلەردىمۇ ياپونىيە خەلقىغە قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

763 - يىلى 6 - مايدا، بۈيۈك ئۇستاز جيەن جېن، تاڭجاۋتى ئىبادەتخانىسىدىكى ياتىقىدا، بەدەشقان قۇرغان ھالدا غەرپ تەرەپتىكى ۋەتىنىگە قاراپ ئولتۇرۇپ نەپەستىن توختىدى، بۇ چاغدا ئۇ 76 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى. جيەن جېن ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى، شاگىرتى سىتو ئۇنىڭ ئولتۇرغان ھالىتىدىكى تەقى - تۇرقىغا تەقلىت قىلىپ، ئاق كەندىر كاناپلىرىنى يۆگەپ ئۈستىگە سىر بېرىپ زاماسكىلاش ئۇسۇلى بىلەن ھەيكىلىنى قاتۇرغان ئىدى. بۈيۈك ئۇستازنىڭ ئوچۇق قىزىل جىلىتكە كىيگەن، ئۈستىگە كاسايا يېپىنچاقلاپ، كۆزىنى يۇمغان ھالدا كۆلۈمسىرەپ بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ھەيكەل كۆرۈنۈشى ئۇنىڭ رەھىمدىل، شەپقەتلىك، خۇش خۇي سىياقىنى ۋە جاسارەتلىك ئىرادىسىنى قايتا گەۋدىلەندۈردى. بۇ ھەيكەل، ئىبادەتخانىنىڭ شەرقىي شىمالى بۇرجىكىدىكى كەيشەن زالىغا قويۇلغان بولۇپ، ھازىرغىچە ساقلانماقتا ۋە ياپونىيە خەلقى تەرىپىدىن «دۆلەت ئەڭگۈشتىرى» دەپ قارالماقتا. جيەن جېننىڭ ۋاپات بولغانلىغى ھەققىدىكى

خەۋەر ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ يۇرتى ياڭجۇغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردىكى راھىپلار ماتەم كىيىمىنى كىيىپ، شەرققە قاراپ تەلمۈرۈپ ئۈچ كۈن ماتەم تۇتتى.

بۈيۈك ئۇستاز جيەنجېنۋاپات بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ جۇڭگو - ياپونىيە دوستلۇغىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى، ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.



## بالا پايلاقچىلار

ياپونىيە پايتەختى نەنبونىڭ چوڭ كوچىسىدا بويى پاكار بىر بالا ئۇياق - بۇياققا قاتىراپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى تيەنسىلاڭ بولۇپ، چوڭ باينىڭ بالىسى ئىدى. ئەمما ئۇ قولىغىنى دىڭ قىلغان هالدا كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە دىققەت قىلىپ توختىماستىن كوچا بويلاپ ماڭاتتى، گاهى - گاهىدا تىقما - تىقماق بولۇپ كەتكەن ئادەملەر توپىغا كىرىۋېلىپ، جامائەتچىلىكتىكى خىلمۇ خىل پىكىرلەرگە قۇلاق سالاتتى.

ئارقا كوچىدىكى بىر گۆرۈچ دۇكىنى ئالدىغا بىرمۇنچە دېخانلار توپلىشىپ تۇراتتى. تيەنسىلاڭ بۇ يەرگە كېلىپلا توختىدى.

— بۇ يىللاردا بىز دېخانلارغا ياشايدىغان يول قالمىدى ...، — دېدى بىر پېشقەدەم دېخان ۋە بىر قاپ شالغا خوجايىندىن بىر قاپ قارا ئاشلىق تېگىشتى.

— سېنىڭ قارا ئاشلىغىڭ بولسىمۇ بار ئىكەن، مېنىڭ قارا ئاشلىغىنىمۇ ئىجارە يىغقۇچىلار بۇلاپ كەتتى. هەي، هازىرقى بۇ پېگىشى دېگەن قىرىمۇ ناهايىتى بىر رەھىمسىز بىرنىمە ئىكەن جۇمۇ ...، — بىرىيگىت ئاشۇنداق ۋايساپ تۇرۇپ بىر قاپ چا - چاتماق سېتىۋالدى.

يىگىت دەۋاتقان «پىڭشى قېرى» ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ كەتكەنتا ھوقۇقنى ئىگەللىۋالغان پىڭ چىڭشىڭ ئىدى. بۇ ھەددى - ھېسابسىز دەپە - دۇنيالىرى ۋە توپ - توپ قول - دىدەكلىرى بار ئادەم بولۇپ، ئائىلىسىدە يەنە زور بىر تۈركۈم جاسۇسلارنى تەربىيىلىگەن ئىدى. شۇڭا، يىگىت بۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان ھامانلا كىشىلەر جىددىيلىشىپ كېتىشتى.

— ھوي، كاللاڭغا دىققەت قىل، ماۋۇ قەيەر بىلەمسەن؟ — ئوتتۇرا ياشلىق بىر دىخان ئاگاھلاندۇردى ھەمدە ۋەھىمە بىلەن تۆت ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتتى.

— نىمىگە قورقاتتىم! قېنى ئۇ قېرى بىر كەلمىسۇنمۇ! — دىدى يىگىت چىمچىلىغىنى كۆرسىتىپ، — مۇشۇ چىمچىلىغىم بىلەنلا ئۇ قېرىنىڭ خېيىنى ئاسمانغا قىلىۋېتىمەن! — ئۇ شۇنداق دەپ ھەييارلىق بىلەن ئىگەك تاشلىدى - دە، جامائەتنى قاھ - قاھلىتىپ كۈلدۈرۈۋەتتى. ئارقىدىنلا كۆپچىلىك ئۇ بۇنى، بۇ ئۇنى دەپ غۇلغۇلا قوزغىۋەتتى. بەزىلەر، پىڭ جەمەتىدىكىلەر ۋەھشى ھايۋانلار نەسلىدىن تۆرەلگەنمىش؛ شۇڭا نامراتلار ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالسا قازا تاپىدۇ، دىيىشسە، بەزىلەر، ياق، پىڭ چىڭشىڭ ئاچكۆز ئالۋاستىدىن تۇغۇلۇپتىكەن، ھامان ياخشى كۈن بىلەن ئۆلمەيدۇ، دىيىشەتتى. كۆپچىلىك سۆزلىگەنسېرى غەزەپلىنەتتى، دەرھال ئۇنىڭ سارىيىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇ قېرىنى تازا بىر دۇمبالىۋالغۇسى كېلەتتى.

كىشىلەر پىڭ چىڭشىڭغا نىمىشكە بۇنچىۋالا نەپرەتلىنىدۇ؟ ئەسلىدە بۇنىڭ سەۋەبى بار ئىدى.

يۇقۇرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، داخۇئىسلاھاتىدىن كېيىن دىخانلار يەرگە ئىگە بولغان، ئىشلەپچىقىرىشتا تەرەققىيات بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا مەملىكەت بويىچە بىر مۇنچە فېئودال قورۇق ئىگىلىرى پەيدا بولغان، دىخانلار يەنە فېئودال قورۇق ئىگىلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغان ئىدى. ئەسلىدىكى كونا ئاقسۆڭەكلەر ئاۋالقىدەكلا مەرتىۋىسىنىڭ يۇقۇرى-تۆۋەنلىكى ۋە تۆھپىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ خان ئوردىسىدىن مۇھۇرلەپ بېرىلگەن مەرتىۋە يېرى، مەنسەپ يېرى ۋە تۆھپە يەرلىرىگە ئىگە بولۇۋالغان ئىدى. ئاقسۆڭەكلەر ئىگەللىۋالغان يەرلەر كېيىنكى كۈنلەردە تەرەققى قىلىپ دۆلەتكە باج تاپشۇرمايدىغان قورۇقلارغا ئايلانغان. يىڭ چىڭشىڭ بولسا دۆلەت بويىچە ئەڭ چوڭ قورۇق ئىگىسىگە ئايلانغان ئىدى.

فېئودال قورۇق ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قورۇقلىرىنى ساقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن، قورۇق پۇقرالىرىنى ھەمىشە چامباشچىلىقنى ئۆگىنىشكە، ئوق-يا ئېتىشنى، ئات مىنىشنى مەشق قىلىشقا مەجبۇرلاپ، ئۇلارنى قورۇقلارنى قوغدايدىغان «سامورايلار»غا ئايلاندۇرغان ئىدى. ئۇلار قانداشلىق ياكى خوجايىنلىق ياكى بوي سۇنۇش مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىپ، بىر مۇنچە قورۇقلاردىكى سامورايلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ھەربى گۇرۇھ تەشكىل قىلغان ئىدى. ساماۋى خان دىخانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرماقچى بولسا، جايلاردىكى تەسىر كۈچى بار سامورايلار داھىسىنى ئۆز ئىلكىدىكى قوشۇنلىرىنى ئېلىپ بېرىپ باستۇرۇشقا ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن سامورايلارنىڭ كۈچ-قۇدرى-

تى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ كەتكەن ئىدى.

ئۇ چاغدا، مەملىكەت بويىچە ئەڭ زور بولغان ساموراي-لار گۇرۇھى پىڭشى ۋە يۈەنشى گۇرۇھى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ياپونىيە خانلىرىنىڭ ئەۋلادى ئىدى. پىڭشى گۇرۇھى گۈەنشىدا (ياپونىيىنىڭ خونسيۇنىڭ غەربىدە)، يۈەن-شى گۇرۇھى گۈەندۇڭدا (ياپونىيىنىڭ خونسيۇنىڭ شەرقىدە) تۇراتتى.

پىڭشى، يۈەنشىلارنىڭ تەسىر دائىرىسى بارغانسېرى ئۇل-غىيىپ بارغاچقا، ھەمىشە بىر بىرى بىلەن كۈرەش قىلىپ تۇراتتى. كېيىنكى كۈنلەردە، پىڭ چىڭشېڭنىڭ باشچىلىقىدىكى پىڭ غوجام گۇرۇھى، خان جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ساماۋى خاننى قوغداش نامى بىلەن سامورايلار قوشۇنىنى باشلاپ بېسىپ كىرىپ پايتەختنى تىزگىنلىۋالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ خاندانلىقنىڭ ھاكىمىيىتى پۈتۈنلەي پىڭ چىڭشېڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى.

پىڭ چىڭشېڭ پايتەختكە كىرىۋالغاندىن كېيىن، خىيانەت-چىلىك قىلىپ چىرىپ كەتكەن، ئەيشى-ئىشرەت، كەيپ-ساپاغا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلگەن. دېخانلار ئۇنىڭ ئېغىر باج-سېلىقلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمى ئاستىدا خا-نىۋەيران بولۇپ، سەرسان-سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇنىڭ نامى تىلغا ئېلىنسا كىشىلەرنىڭ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، چەكسىز نەپرەتلىنىشى تۇرغان گەپ.

ئەمما پىڭ چىڭشېڭ تولىمۇ قاتتىق قول ئادەم بولغاچقا، پايتەختنى ئىنتايىن قاتتىق تىزگىنلىۋالغان ئىدى. كىشىلەر گۈرۈچ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا بىردەم غۇلغۇلا قىلىپ، تارقىلىشقا

تەمشىلىۋاتاتتى، توساتتىن سامورايلار ئەترىدى كېلىپ گۆرۆچ دۆكىنىنى قورشىۋالدى.

— پىڭ بېگىمنىڭ خېيىنى ئاسمانغا قىلماقچى بولغان كىم؟ ھە؟ — سامورايلارنىڭ ساۋۇت كىيگەن بىر كاتتىۋېشى قاتتىق ۋاقىردى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئاشۇنداق سوراق قىلسا، بىر تەرەپتىن زەھەرخەندىلىك بىلەن كىشىلەر توپىغا كۆز يۈگۈرتەتتى. بىر دەمدىن كېيىن ھىلقى يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپلا توختىدى.

— سەن، شۇنداقمۇ؟ — ئۇ ھىلقى يىگىتنىڭ قولىنى ئارقىسىغا قايرىدى-دە، يىگىتنىڭ ئوڭ كاچىتىغا ئارقا تەرەپتىن «تاس» قىلىپ بىر مۇشت ئۇردى.

يىگىتنىڭ مەڭزى بىردەمدە كۆكىرىپ چىقتى، ئەمما ئۇ ۋايجان دېمىدى، جان-جەھلى بىلەن بىرلا سىلكىپ قولىنى تارتىۋالدى-دە، سامورايلار كاتتىۋېشىنىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سېلىپ، خۇددى باغلاقتىن قاچقان ياۋايى ئاتتەك تېزلىك بىلەن كوچىغا قېچىپ كەتتى.

— تۇتۇڭلار، توپىلاڭچىنى تۇتۇڭلار! — سامورايلار كاتتىۋېشى ھۆكىرىگىنىچە يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈگۈردى.

ھەش-پەش دېگىچە جامائەت ئۆرە-تۆپە بولۇپ كېتىشتى. كىشىلەر سامورايلار كاتتىۋېشىنى ئەتەي ئورىۋېلىشتى. سامورايلار قىلىچلىرىنى تەڭلىگەن ھالدا كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئالغا قاراپ چېپىشتى، ئەمما ھىلقى يىگىتنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى.

كىشىلەر ھەيران بولۇشتى، باياتىن قىلغان سۆزلەرنى سامورايلار قانداق بىلىۋالغاندۇ؟ شالغا ئاش تېگىشكەن ھىلقى

بوۋاي يەنە سەزگۈرلۈك بىلەن ئويلىدى-دە، باياتىن جامائەن غۇلغۇلا قىلىۋاتقاندا بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى، ئەمما بىردەمدىن كېيىنلا يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى: ساموراي‌لار يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ يەنە پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى بايان قىلدى.

— جەزمەن شۇ، كىچىك پايلاقچى! — كىشىلەر غەزەپ بىلەن شۇنداق دېيىشىپ، ئاشۇ ئوغۇل بالىنى ئىزلەشتى-يۇ، تاپالمىدى.

بالىلارنى پايلاقچىلىققا سېلىشنى پىك چىڭشىك ئىجاد قىلغان ئىدى. ئۇ شەھەردىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نارازى بولۇۋاتقانلىقىنى، دوقمۇش-دوقمۇشتا سۆز-چۆچەك قايناپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ساموراي‌لار كوچىغا چىققان ھامان كىشىلەر دەرھال تارقىلىپ كەتكەچكە، غۇلغۇلا ئەھۋالىدىن پىك چىڭشىك ھېچنېمىنى بىلەلمەيتتى، شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ساموراي‌لىرىغا 300 نەچچە بالىنى توپلاپ مەشق قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئايغاقچىلىققا سالغان ئىدى. بۇ بالىلار ئارىسىدا بايلارنىڭ بالىلىرى بار ئىدى، كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىمۇ بار ئىدى، كوچىلاردا ۋەيرانە بولۇپ يۈرگەن بالىلارمۇ بار ئىدى. پىك چىڭشىك، يوقسۇل بالىلارغا: گەپنى ئوبدان ئاڭلاپ، ماڭا ئىش قىلىپ بېرىدىغانلا بولساڭلار، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەكتىن غەم قىلماڭلار، نېمە دېسەڭلار شۇ ھازىر بولىدۇ، دېگەن ۋە شۇ گەپ بىلەن بالىلارنى ھەر كۈنى كوچىدا يۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئوردا ھاكىمىيىتى توغرىسىدا قىلغان گەپ-سۆزلىرىنى تېزلىكتە خەۋەر قىلىشقا بۇيرۇغان ئىدى. بالىلار خەۋەرلەرنى تېز،

توغرا يەتكۈزەلسە تاماق بېرىلەتتى؛ خەۋەر قىلمىسا ياكى پايلاقچىلىق قىلغىلى ئۇنىمىسا قاتتىق دۇمبالىناتتى. بىر يىتىم بالا بۇنداق ئىشنىڭ كەمبەغەللەرگە پايدىسىزلىقىنى بىلىپ قېلىپ، پايلاقچىلىق قىلغىلى ئۇنىمىغانلىقتىن، ساموraيلار 300 بالىنىڭ ئالدىدا ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى.

پىڭ چىڭشىڭنىڭ رەھىمسىز ۋە زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرقى ھېساپتا ئۇنى يەنىلا ھالاكەت تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى. مىلادى 1183 - يىلى، گوەندۇگدىكى يوەنشى گورۇھى پۇقرالارنىڭ پىڭشى گورۇھىغا بولغان كۈچلۈك نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، سامورايلىرىنى باشلاپ پايتەختكە بېسىپ كىردى. پىڭ مەزھىپىدىكىلەر مەغلۇپ بولۇپ، ھەممىسى بىرلىكتە شىخەيگە قېچىپ كەتتى. 1185 - يىلىغا كەلگەندە، يوەنشى ئاخىرقى ھېساپتا پىڭشى مەزھىپىنى يوقاتتى. شۇ چاغدا، پىڭ چىڭشىڭنىڭ ھىمايىسى بىلەن تۇرۇۋاتقان ساماۋى خان ئەندي (پىڭ چىڭشىڭنىڭ قىز جىيەنى) مۇ ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلاپ ئۆلۈۋالدى.

يوەنشى، پىڭشىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ليەنساڭ (ھازىرقى توكيونىڭ جەنۇبى) دا سامورايلار ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ، مەركىزىي ھاكىمىيەت خاراكتېرىنى ئالغان «ليەنساڭ بارگاھى» نى تەشكىل قىلدى.

«ليەنساڭ بارگاھى» ياپونىيە تارىخىدا بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا كەلگەن بارگاھ ئىدى. بارگاھنىڭ ئەڭ ئالىي باشلىقى سەركەردە ئىدى. بارگاھتا مەمۇرىيەت باقانلىقى (مەمۇرىي ئىشلار ئىدارىسى)، مۇداپىئە باقانلىقى (ھەربى ئىشلار ئىدارىسى)، سوراقچىلىق باقانلىقى (ئەدلىيە ئىدارىسى)

قاتارلىق مەركىزىي ئاپپاراتلار بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئىشلاردا سەركەردىگە نايىپلىق (ياردەمچىلىك) قىلاتتى.

بۇ دەۋردە ساماۋى خان باشچىلىقىدىكى خان ئوردىسى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. ساماۋى خان نامدا يەنىلا دۆلەتكە باش خان بولۇپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئەمەلىي ھوقۇقى يوق ئىدى. سەركەردە باشچىلىقىدىكى سامۇرايلار ھاكىمىيىتى — بارگاھ، ئەمەلىي ھوقۇقنى ئىگەللىۋالغان ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران ئىدى.

بارگاھ ھۆكۈمرانلىقى ياپونىيىدە 700 يىلغىچە داۋام قىلىپ، 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكەن ساماۋى خان مېئجى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىلا، ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىلدى.

## ئامېرىكا قىتئەسىدىكى قىزىقارلىق ئىشلار

ئامېرىكا قىتئەسىنى تىلغا ئالغان ھامان كىشلەر ئۇنى «يېڭىدىن تېپىلغان چوڭ قۇرۇقلۇق» دېيىشىدۇ. چۈنكى ياۋروپالىقلارغا قارىتا ئېيتقاندا، مىلادى 1492- يىلى كولۇمبۇ دېڭىز يولى بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىگە بېرىشتىن ئىلگىرى، بۇ قۇرۇقلۇقنىڭ بارلىقىنى ئۇلار بىلمەيتتى. ئەمىلىيەتتە بۇنىڭدىن ئىلگىرىلا ئامېرىكا قىتئەسىدە 20 مىليوندىن 30 مىليونغىچە ئاھالە ياشايتتى. ئۇلار مىلادىدىن ئىلگىرىلا پارلاق مەدىنىيەت يارىتىشقا باشلىغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا يېزىقى، كالىندارى، خىلمۇ خىل سەنئەت بۇيۇملىرى بولۇپلا قالماي، بىرمۇنچە مەدىنى دۆلەتلەرمۇ مەيدانغا كەلگەن ئىدى.

ئەمما، ئىنسانىيەت يارالغاندىن باشلاپ ھېساپلىغاندا، ئامېرىكا قىتئەسى يەنىلا ياش قۇرۇقلۇق ھېساپلىنىدۇ. بىز ئافرىقىدىن بۇندىن ئىككى - ئۈچ مىليون يىل ئىلگىرى ياشىغان ئىپتىدائى ئادەملەرنىڭ ئىزلىرىنى تاپتۇق؛ ياۋروپا بىلەن ئاسىيادىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا نەچچە يۈز مىڭ يىل ۋە بىر مىليون نەچچە يۈز مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان ئىنسانلارنىڭ باش سۆڭەگى ۋە لازىمەتلىكلىرىنى قېزىۋالدۇق. ئەمما، ئامېرىكىدىن 50 مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان ئىنسانلارنىڭ ئىزلىرىنى تېپىشمۇ ناھايىتى قىيىن. ئىلمىي تەك-

شۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىنسانىيەتنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىگە
كىرگىنىگە پەقەت 20 — 10 مىڭ يىل ۋاقىت بولغان (40
مىڭ يىل ياكى 50 مىڭ يىل بولدى دەيدىغانلارمۇ بار).
سۈرۈشتە قىلغاندا، ئامېرىكا قىتئەسىگە ئولتۇراقلاشقان
ھىندىئانلار موڭغۇل ئىرقىغا كىرىدۇ. ئۇنداق بولسا، ئۇلار
قانداق بولۇپ ئامېرىكا قىتئەسىگە بېرىپ قالغان؟

پايانسىز ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا ئىچكىرىلەپ
كىرگەن ناھايىتى ئۇزۇن بىر بۇرجىكى بار. بۇ بۇرجەك ئامې-
رىكىنىڭ ئالياسكا يېرىم ئارىلىدىن، تار بېرىنىڭ بوغىزى
ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. تەخمىنەن 20-10 مىڭ يىللار ئىلگى-
رى دېڭىز سۈيى بىر مەھەل پەسلەپ كەتكەندە، بېرىنىڭ بوغىزىنىڭ
ئاستىدىكى تاغ قىرى چوقچىيىپ چىقىپ قالغان. بۇ بوغازنىڭ
كەڭلىكى ئەسلىدە 86 كىلومېتىرلا بولغاچقا، تاغ قىرىنىڭ
چوقچىيىپ چىقىشى بىلەن تەبىئىي «كۆۋرۈك» ھاسىل بولغان.
شۇ چاغدىكى موڭغۇل ئىرقىدىن بولغان بەزى قەبىلىلەر مۇشۇ
«كۆۋرۈك» بىلەن ئارقا - ئارقىدىن ئامېرىكا قىتئەسىگە ئۆتۈپ
ماكانلاشقان. كېيىنكى كۈنلەردە، شىمالىي ئامېرىكىدىكى كانادا
مۇزلاڭلىقىدىن تارتىپ تاكى ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىي
بۇرجىكىدىكى ئانتىراكتىكىغا تۇتىشىدىغان ئۇتلۇق يەر ئارى-
لىقىچە بولغان جايلارغا ھىندىئانلار ماكانلاشقان. ئۇلار
بارا - بارا نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەر، قەبىلىۋى مىللەتلەر ۋە
ئۇرۇقداشلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن ۋە 1700 نەچچە خىل
تىلدا سۆزلەشكەن.

ھىندىئانلار قەبىلىلىرى، قەبىلىۋى مىللەتلەر ياكى ئۇرۇق-
داشلىقلارنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تەكشىسىز بولغان، بەزى-

لەر ئۇرۇقداشلىق باسقۇچىدا تۇرۇپ قالغان، بەزىلەر سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا قۇرۇقلۇقلىرىنىڭ مەدەنىيەتلىرىگە ئوخشىمايدىغان، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە قەدىمقى زامان مەدەنىيىتى-نى بەرپا قىلغان.

1939- يىلى، بىر تەكشۈرۈش ئەترىتى مېكسىكىنىڭ غەربىدىكى بىر سازلىققا كىرىدۇ. ئۇلار بۇ يەردىكى قەدىمقى دەرەخلەر ئاسمان - پەلەك ئۆسۈپ كەتكەن بىر دەرەخزارلىق-تا، غايەت يوغان تاشلاردىن ئۈشكىلەپ ياسالغان باش سۈرەت-لىرىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بازالىت تاشلىرىغا تۆشۈك چېكىش ئارقىلىق ياسالغان تەن قىسمى يوق باش سۈرەتلىرى ئىدى. باش سۈرەتلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىردىن ئۈچ مېتىرغىچە كېلەتتى، پېشانىسى، قاش - كىر-پىكلىرى، كۆزلىرى، قۇلاقلىرى، بۇرنى ۋە ئاغزىدىن تارتىپ تاكى ئېڭىكىگىچە تولۇق چىقىرىلغان بۇ باش سۈرەتلىرى گويا تىرىك ئادەمدەك جانلىق قاراپ تۇرغاچقا، تەكشۈرگۈچى-لەرنى ھەيران قالدۇردى. بەزىلەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر باشنىڭ ئايلانمىسىنى ئۆلچەپ كۆرۈۋېدى، يەتتە يېرىم مېتىر بولۇپ چىقتى. تېخىمۇ ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، بۇ سازلىقتا ئەسلىدە تاش يوق ئىكەن، ئەمما باش سۈرەتلىرى چىقى-رىلغان بۇ باشلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى تەخمىنەن 25 توننا كېلىدىكەن. دېمەك، بۇنداق يوغان تاشلار-نىڭ قانداقسىگە بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىن-گەنلىكى ھازىرغىچە بىر سىر بولۇپ كەلمەكتە. تەك-شۈرۈشكە ئاساسەن، بۇ باش سۈرەتلىرىنىڭ ئالىملار تەر-

يىدىن قالدۇرۇلغانلىقى جەزملەشتۈرۈلدى. ئالىملار، مىلادىدىن ئىلگىرىكى بىر مىڭ يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يەنى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2500 يىل ئىلگىرى ياشىغان ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇلار تېخى مېتاللارنى ئېرىتىپ قۇيۇشنى بىلمىسىمۇ، ئەمما مۇشۇنداق غايەت يوغان تاشلارغا تۈشۈك چېكىش ئارقىلىق، تاش سۈرەتلەرنى ياسىيالىغانلىقى ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۆجىزە.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنە بىر تەكشۈرۈش ئەترىتى جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى پېرۇغا يېتىپ كېلىپ، پېرۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى سارۇين دەيدىغان كىچىككىنە بىر تاغلىق كەنتكە باردى. سارۇين، ھىندىئانلارنىڭ قەدىمقى مەدەنىيەت مەركىزىدىن بىرى ئىدى. تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر ئىنچىكىلىك بىلەن قېدىراشلىدى. تەكشۈرۈش ئەترىدىنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن قېدىراشلى-رى ئارقىسىدا، ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم بىر قەدىمىي ئىبادەتخانا تېپىلدى. ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىدا تاشنى ئويۇپ ياسىغان ئىككى يۇمىلاق تۈۋرۈك بولۇپ، ئۇ تۈۋرۈكلەرگە بىردىن بۈركۈتنىڭ سۈرىتى ئويۇلغان. بۇ قۇشلارنى ئويۇشتىكى ئويمىچىلىق سەنئىتى شۇنداق نەپىس ئىكەنكى، قۇشلار-نىڭ ھەر بىر ئەزا كۆرۈنۈشى شۇنداق روشەن ۋە ئىنچىكە چىقىرىلغان، بىرنەچچە مىڭ يىلنى ئاتلاپ كەلگىنىگە قارىماي، ھېلىغىچە شۇنداق ئوچۇق تۇرغان. بۇ ئىبادەتخا-نىدا ئورغۇنلىغان ياپىلاق تاشلار بولۇپ، بۇ تاشلار ئۈستىگە شۇ چاغدىكى ھاياتلىق مەنزىرىسى: دەھشەت سېلىپ تۇر-غان باتۇر يولۋاسلار، قولىغا قورال تۇتۇپ تۇرغان ھىندىئان ياساۋۇللىرى ئويۇلغان. ئويمىدىكى ئوبرازلار

بەئەينى ئۆز ئەينىدەك ئىشلەنگەن بولۇپ، گۈزەللىكتە قەدىم-
قى بابىل ئويمىلىرىدىن قېلىشمايدۇ. كىشىنى ئەڭ ھەيران
قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئىبادەتخانىدىكى بىر يوغان تاشقا
تەكشى بولمىغان بىر قانچە تۆشۈك تېشىلگەن. مۇتەخەس-
سىسلەر بۇ تۆشۈكلەرنىڭ ئەسلىدە ئاسماندىكى ئوۋچى يۇل-
تۇزلارنىڭ شەكلى ئىكەنلىكىنى تونۇپ چىقتى. بۇنىڭدىن
شۇ چاغدىكى سارۋىن مەدەنىيىتىدىكى ئىلمىي نۇجۇمنىڭ نە-
قەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
ئارخېئولوگ ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىسىدا، بۇ قەدى-
مىي ئىبادەتخانىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرى بىر مىڭ نەچ-
چىنچى يىللىرىدا، يەنى بۇنىڭدىن 30 نەچچە مىڭ يىل
بۇرۇن قۇرۇلغانلىقى ئىسپاتلاندى.

ئامېرىكا قىتئەسىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەتلەر ئىچىدە
كىشىنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغىنى مايالار مەدەنىيىتى بولۇپ
ھېساپلىنىدۇ.

مايالار تەخمىنەن مىلادىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا،
ئاساسلىقى مېكسىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى كارىب دېڭىز-
غا تۇتىشىدىغان يۇكاتان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى گۇۋا-
تېمالا ھەم ھوندۇراسلاردا سىياسىي ۋە دىنىي مەركەز
بولغۇچى «شەھەر دۆلەتلىرى»نى قۇرغان. بۇ دۆلەتلەر-
نىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك گۈللەنگەن دەۋرى — مىلادى 4 - ئە-
سىردىن 9 - ئەسىرگىچە بولغان.

100 نەچچە يىل بۇرۇن، يۇكاتان يېرىم ئارىلىنىڭ
ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقىدىن مايالار قەلئەلىرىنىڭ خارابى-
لىرى تېپىلغاندىن بۇيان، مايالارنىڭ قەدىمىي ئىمارەت-

لىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تېپىلدى. مايالارنىڭ ئىمارەتلىرى غا-
يەت كاتتا ھەم ناھايىتى سەلتەنەتلىك ئىدى. بۇلارنىڭ
ئىچىدە مىلادى 4 ـ ئەسىردە سېلىنغان بىر ئىلاھى ساراي
15 قەۋەت بولۇپ، ئېگىزلىكى 60 نەچچە مېتىر كېلىدۇ.
ئۇنىڭ 1 ـ، 5 ـ، 8 ـ، 11 ـ قەۋەتلىرىدە بىردىن نا-
زۇك ياسالغان تاش ئۆي بار. ئۇ نەچچە تۈمەن پارچە
گرانىت تاشلارنى بىر بىرىگە كىرىشتۈرۈش ئارقىلىق يا-
سالغان بولۇپ، ھەر بىر پارچە تاشنىڭ ئېغىرلىقى بىر تون-
نا كېلىدۇ.



مايالارنىڭ قاپارتما نەقىشلىرى

مايالارنىڭ ئىلاھى
ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئىما-
رەتلىرى ھەيۋەتلىك بو-
لۇپلا قالماستىن، بەلكى
ھەممىسى دىگۈدەك قىم-
مەتلىك سەنئەت بۇيۇم-
لىرى ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ-
دا ئاجايىپ چىرايلىق
خىلمۇ خىل ئويمىلار
رەڭگا ـ رەڭ تام سۈ-
رەتلىرى بار. نۇسخا
ئېلىنغان بۇ سۈرەت —
1946 ـ يىلى بونەنپاك-
كتىن تېپىلغان ئىبادەت-
خانىنىڭ تېمىغا چۈشۈرۈلگەن سۈرەت، سۈرەتتە.

مايالارنىڭ بىر باشلىغى كاتتا بىر ئىمارەتنىڭ ئالدىدىكى پەشتاقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ، ئۇ بېشىغا غايەت يوغان بىر نامسىز ھايۋاننىڭ سۈرىتى بىلەن بېزەلگەن ئىگىز سەلتەنەت تەلپىكى كىيگەن، بوينىغا ئالتۇن مارجان ئاسقان. ئۇچىسىغا ھايۋان تېرىسىدىن كىيىم كىيگەن، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن، قولىغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان زوكۇن تايىغى ئالغان. ئۇنىڭ قولىدىكى ئادەم بويىدىن ئىگىز يەرگە دىيەلگەن زوكۇن تايىغىنىڭ ئۈستىگە خىلمۇ خىل گۈزەل نەقىشلەر چىقىرىلغان. ئىككى يېنىدا قەھرىمانلىقى ئۇرغۇغان ھالدا تۇرغان سەركەردىلەر بۇ باشلىققا دوكلات قىلماقتا. ھەيۋەت ۋە سەلتەنەت بىلەن تۇرغان بۇ سەركەردىلەرنىڭ بېشىدىكى تەلپىكى ئۈستىگىمۇ غايەت زور، نامسىز ھايۋاننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، بۇ تەلپەكلەر كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە يوغان بولۇپ، ئۈچ ئادەم بېشىنىڭ ئىگىزلىكىگە تەڭ كېلىدۇ. ئۈستىگە بېزەك قىلىپ چۈشۈرۈلگەن خىرىس قىلغۇچى ھايۋاننىڭ سۈرىتى بىلەن قوشۇلۇپ، قارىغان كىشىنى ئەيمەندۈرىدۇ. پەشتاق ئاستىدا نۇرغۇنلىغان ئەسىرلەر بولۇپ، بەزىلىرى كۆينەكسىز، بەزىلىرى ياتقان، بەزىلىرى تىزلانغان، بەزىلىرى ئولتۇرغان ھالدا تۇرماقتا، ئۇلارنىڭ پۈتى ئاستىدا كېسىلگەن ئادەم كاللىسى بار.

بۇ ئىھتىمال زەپەر قۇچۇپ ئۇرۇشتىن قايتقان بىر مەنزىرە بولسا كېرەك.

مايالارنىڭ تەسۋىرى يېزىقى بار ئىدى. ئەنجۈرنىڭ قوۋزاقلىرىغا موي قەلەم بىلەن خەت يازاتتى، دىن، ئەپسانە، تارىخ، ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى خاتىرى-

لەيتتى. ئىسپانىيە ئىستىلاچى ئارمىيسى كۆپلەپ كۆيدۈ-
رۈپ تاشلىغانلىقتىن، مايالارنىڭ ئۈچ پارچە كىتاۋىلا بىزگە
چە يېتىپ كەلدى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىقاتى ئارقىلىق
ھازىر ھەممىسىنى تەرجىمە قىلىپ ئوقۇش ئىمكانىيىتى تۇ-
غۇلدى. بۇ خىل يېزىق مەنانىلا ئەمەس، بەلكى ئاھاڭنىمۇ
ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، جەمى 30 مىڭ سۆزدىن تەركىپ
تاپقان. ھەرپلەر يېنىغا مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان شەكىللەر
قوشۇمچە قىلىنغان. كىتاپلاردىن باشقا، مايالارنىڭ ياپىلاق
تاشقا ۋە تاش تۈۋرۈككە ئويۇلغان ئابىدىلىرىمۇ بولۇپ، تاش
تۈۋرۈكلەرگە ئۇلارنىڭ تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر ئويۇلغان.
مايالار ھەر 20 يىلدا بىر تۈۋرۈك تۇرغۇزۇپ، بۇ تۈۋرۈككە
20 يىلدا يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەرنى ئاي - كۈنلىرىنى
ئېنىق قىلىپ خاتىرىلىگەن.

مايالارنىڭ كالىندارى شەمسىيە (كۈن كالىندارى) بو-
لۇپ، بىر يىلنى 18 ئايغا، ھەر ئاينى 20 كۈنگە ئايرىپ،
ئۇنىڭغا بەش كۈن «پەرىز كۈن» نى قوشۇپ، جەمى 365
كۈن قىلغان. ھەر تۆت يىلدا (كەبىسە يىلىدا) بىر كۈندىن
قوشۇلىدۇ. قىزىقارلىقى شۇكى، مايالار بەش كۈننى بىر ھەپتە،
تۆت ھەپتىنى بىر ئاي ھېساپلايدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ بىر يىلىدا
18 ئاي بولىدۇ.

مايالار يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە پۈتۈن دۇنيا خەلقىغە
غايەت زور تۆھپە قوشتى. ئۇلار يېتىشتۈرگەن كۆممە قو-
ناق، كارتوچكا، پەمىدۇر، ئاپتاپپەرەس، تاماكا قاتارلىق
دىخانچىلىق زىرائەتلىرى 15 - ئەسىردىن ئىلگىرى ئاسىيا -
ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇغىدا كەمدىن كەم ئۇچرايتتى. 500

يىلدىن بۇيان، بۇ زىرائەتلەر پۈتۈن دۇنيانىڭ جاي ـ جاي-
لىرىغا تارقىلىپ، ھەرقايسى ئەل خەلقىنىڭ كۈندىلىك يې-
مەكلىكلىرىگە ئايلاندى؛ «دوقەھۆە» ۋە «شاكىلات» لار ما-
يالارنىڭ ئادەتتىكى يېمەكلىكى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ نامى بى-
لەن بىرلىكتە بەش چوڭ قىتئەگە تارقالغان.

نېمە بولغانلىقى نامەلۇم، باي ۋە رەڭدار مايا مەدەنى-
يىتى مىلادى 9 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قالدى. ئا-
لىملار بۇنىڭ سەۋەپلىرى ئۈستىدە تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە
تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، خىلمۇ خىل شەرھىلىدى. بەزى
ئالىملار ھەتتا، مايالارنىڭ مەدەنىيىتى ئالەمنىڭ باشقا بىر
سەييارىسىدىن كەلگەن دېيىشتى. مانا بۇلار — بەكمۇ قىزى-
قارلىق ئىلمىي تەتقىقات تېمىلىرىدۇر.



# ئالتۇن پادىشالىغى

بىپايان ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇغىغا بۇندىن ئىككى مىليون
يىل ئىلگىرى ئىنسانىيەت قەدەم باسقان. ھازىر ئۇ يەرگە
ئولتۇراقلاشقان قارا تەنلىكلەر خۇددى ئاق تەنلىكلەر ۋە
سېرىق تەنلىكلەرگە ئوخشاش ئۇزاق مۇددەتلىك مەدەنى-
يەت تارىخىغا ئىگە. بۇ يەردە بىز، غەربىي ئافرىقىدىكى
مەشھۇر ئالتۇن پادىشالىغى — گانا ھەققىدە ھېكايە سۆزلەپ
بېرىمىز.

× × ×

سەھرايى كەبىر — ئادەمزات ئاياق باسمىغان چەكسىز
چوڭ قۇملۇق. ئۇنىڭغا نەزەر سالسىڭىز، غۇۋا قۇم دۆۋىلىر-
دىن باشقا ھېچ قەيەر كۆرۈنمەيدۇ. دۆۋە - دۆۋە قۇملار
گويا ئىگىز - پەس «چوققىلار» دەك چوخچىيىپ تۇرىدۇ،
شامال گۈكىرەپ چىققان ھامان شاقىراپ كۆچكەن قۇملار گويا ئۆر-
كەشلەپ ئېقىۋاتقان «دەريا»نى ئەسلىتىدۇ. بۇ يەردە پىژ -
پىژ ئىسسىق ۋە قۇرغاقچىلىقتىن باشقا يا سۇ، يا گىييا دىدا-
رى كۆرۈنمەيدۇ.

بىر تۆگە كارۋىنى ئەنە شۇ قۇملۇقتا مۈشكۈل قەدەم-
لەر بىلەن ئالغا كېتىۋاتاتتى. بۇلار ئارىسىدىكى ئەرەپچە ئاق

تون كىيىۋالغان 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم، توڭگە
مىنىپ كېتىۋېتىپ ئاللىقانداق بىرنىمىگە تەلمۈرگەندەك
قۇملۇقنىڭ يىراق - يىراق جايلىرىغا دىققەت بىلەن كۆز
تىكەتتى. ئۇ — ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ قىرغىقىدىكى مارل-
كەش پادىشالىقىنىڭ مەشھۇر ئالىمى بېكىر ئىدى. قەدىمىي
دۆلەت گانانىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن، بۇ ئالىم، سودىگەر-
لەرنىڭ كارۋىنىغا ئەگىشىپ قۇملۇقتا ماڭغىلى تۇرغىلى
توپ - توغرا ئىككى ئاي بولغان ئىدى.
— پاھ، ئەنە ئۇ تاكىبىت شەھىرى! — ئالدىدا كېتى-
ۋاتقان سودىگەر، قولى بىلەن يىراقتىكى ئۇپۇق سىزىغى-
تەرەپنى كۆرسىتىپ، يېرىلىپ كەتكەن كالپۇكىنى قۇرۇپ
كەتكەن تىلى بىلەن يالىغان ھالدا كۈلدى.
بېكىر، سودىگەر كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ، راست دى-
گەندەك ئۇپۇق سىزىغىدا پەيدا بولۇۋاتقان بىر قارا كۆلەڭگى-
نى كۆردى. ئۇ:
— ئالتۇن پادىشالىقىغا يېقىن كەپتۇق! — دېدى -
دە، ئىختىيارسىز ھالدا گانا ھەققىدىكى بىر قەدىمىي رىۋايەت-
نى ئېسىگە ئالدى...
قەدىمىي دۆلەت گانا، مىلادى 3 - ئەسىردىلا قۇرۇلغان
ئىدى. ئۇنىڭدا 20 سۇلالە ھۆكۈم سۈردى، شىسەي سۇلالى-
سىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەڭ ئۇزاق داۋام قىلدى. بۇ سۇلالىنى
بىر يىلان ئىلاھى قوغداپ تۇراتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا،
يىلان ئىلاھى بىر ئۆڭكۈردە ياتىدىكەن. بۇ ئۆڭكۈر «مۇقەد-
دەس ئورمان» ئاتىلىدىغان بىر ئورمانلىقتا ئىكەن.
بۇ ئورمانلىقنى قاراۋۇللار قوغدايدىكەن، ئورمانلىققا كاھىندىن

باشقا ئادەم كىرەلمەيدىكەن، ھەر كۈنى كاھىن نۇرغۇنلىغان يىمەكلىكلەرنى ئېلىپ ئورمانزارلىققا كىرىپ كېتىدىكەن. ھەر يىلى يەنە، يىلان ئىلاھىغا بىر گۈزەل قىز ھەدىيە قىلىنىدىكەن. نۇرغۇن يىللار داۋامىدا قانچىلىغان قىزلار يىلان ئىلاھىغا قۇربان بولۇپتۇ. بۇ ئىشقا پۇقرالارنىڭ غەزىۋى تېشىپتۇ.

بىر كۈنى شاھ ئوردىسى، پايتەختتىكى گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى سىئانى، يىلان ئىلاھىغا ھەدىيە قىپتۇ. بۇنىڭدا مۇنداق سەۋەپ بار ئىكەن: سىئانىڭ تويلاشقان يىگىتى ئامارتو قۇدرىتى تەڭداشسىز يىگىت ئىكەن، پادىشا ئۇنى ئوردا قاراۋۇللۇغىغا تەيىنلىگەندە، ئامارتو، ئالى مەنسەپ، يۇقۇرى تەمىناتنى كېرەك قىلماي، قاراۋۇل بولۇشنى رەت قىلىپ، پادىشانىڭ غەزىۋىنى كەلتۈرگەن ئىكەن. شاھ ئوردىسى ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، سىئانى يىلان ئىلاھىغا ھەدىيە قىلغان ئىكەن.

— باتۇر خورلۇققا چىدىغان نەدە بار! — ئامارتو بۇ جادىگەر يىلاننى يوقىتىشقا بەل باغلاپتۇ. سىئانى يۈگۈرۈك ئات بىلەن مۇقەددەس ئورمانزارلىق يېنىدا ساقلاپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئورمانزارلىققا قاراپ مېڭىپتۇ.

ئامارتو بۇ يەرنى ساقلايدىغان قاراۋۇللارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، مۇقەددەس ئورمانزارلىققا كىرىپتۇ. ئورمانزارلىققا كىرسە، غايەت يوغان، غەلىتە دەرەخلەر ئۆسۈپ كەتكەن ئىكەن، دەرەخلەر ئارىلىقلىرىدا دەرەخلەرگە يامىشىپ ئۆسكەن چىڭگىل - چاتقانلار كۈننى توساپ تۇرغۇدەك. ئورمانزارلىق

كىشىنىڭ قورقۇسىنى كەلتۈرگۈدەك قاراڭغۇ سۈرلۈك ئىكەن. «نېمىدىن قورقىمەن!» ئامارتو باتۇرلۇق بىلەن ئورمانزارلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ مېڭىپتۇ، ئىزلەپتۇ. تۇساتتىن «گۈر — » قىلغان سادا بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغان قۇيۇن بىلەن تەڭ، ئالدىدا بىر قارا كۆلەڭگە پەيدا بوپتۇ. سىنچىلاپ قارىغان ئىكەن، كۆزىگە ئادەم بىلىدەك يوغان، بىرنەچچە گەز كېلىدىغان بىر يىلان كۆرۈنۈپتۇ. بۇ ئەبلەخ تېخى بېشىغا بىر ئالتۇن تاج كىيىۋالغانمىش. «جادىگەر يىلان جەزمەن ئاشۇ!» ئامارتو چەبدەسلىك بىلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئىلاھى يىلاننىڭ بىر بېشىنى قىلىچ بىلەن ئۈزۈپ تاشلاپتۇ.

— مۇقەددەس ئورمانزارلىققا بىرسى كىرىۋالدى! تېز كېلىڭلار! — ئىلاھى يىلاننىڭ كېسىلگەن بېشى ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ گۈلدۈرمامىدەك ۋاقىراپتۇ. ئىلاھى يىلان شۇئان بىر تولغانغان ئىكەن، ئۇنىڭدىن يەنە بىر باش ئۆسۈپ چىقىپتۇ ۋە زەھەرلىك بىلەن ئامارتوغا ئېتىلىپتۇ. ئامارتو شۇنداق چاققان كەپتۇكى، يەنە بىر قىلىچ ئۇرۇپ ئىلاھى يىلاننىڭ ئىككىنچى بېشىنىمۇ ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. ئىلاھى يىلان شۇ ھامانلا تولغىنىپتۇ، ئۇنىڭدىن ئۈچىنچى باش ئۆسۈپ چىقىپتۇ. ئامارتو ئۇنىڭ ئۈچىنچى بېشى ئېتىلىپ كېلىپ بولغىچە ئالدىن سەكرەپ بېرىپ، بۇ بېشىنىمۇ ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئارقا - ئارقىدىن ئۇنىڭ يەتتە بېشىنى چېپىپ تاشلاپتۇ، ئىلاھى يىلان يەنە كۈچىنىپ تولغىنىپتۇ، ئەمما 8 - نۆۋەت

يېڭى باش ئۆسۈپ چىقماپتۇ - دە، ئەڭ ئاخىرى جىندىن جۇدا بوپتۇ.

ئامارتو، سىنا بىلەن بىرلىكتە ئۇرمانزارلىقتىن چىقىپ تۇ-يۇ، ئىتىغا مىنگىنىچە يىراققا قېچىپتۇ. پادىشا ئەسكەرلىرى ئىزلەپ كەلگىچە، ئىككىيلەن غايىپ بوپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، گانانىڭ شاھ ئوردىسى پۇقرالار-نىڭ ئارىسىدىن گۈزەل قىزلارنى تاللاپ يىلانغا يەم قىلىپ بەرمەيدىغان بوپتۇ...

— ئاتاگىستكە يېتىپ كەلدۇق! — كارۋاننى باشلاپ كېتىۋاتقان سودىگەر، ئالىمنىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى. بېكىر زەڭ قويۇپ قارىۋىدى، كۆز ئالدىدا ھەيۋەتلىك بىر كاتتا شەھەر ئايان بولدى. ئاتاگىست، قەدىمىي دۆلەت گانانىڭ دەرۋازىسى بولۇپ، ھازىرقى ماۋرىتانىيە تەۋەلىكىدە ئىدى. بۇ يەردە پۇختا سېلىنغان كەپىلەر، ئاسمان- پەلەك ئۆسكەن خورما دەرەخلىرى ھەممە قىپ - قىزىل پورەكلەپ ئېچىلغان خېنە گۈل دەرەخلىرى بار ئىدى. بۇ يەردە يەرلىك قارا جىنسلىق كىشلەردىن باشقا، ئاق تەنلىك بار بارلارمۇ بار ئىدى. ئاتاگىستتىن ئۆتكەن ھامان گانا تەۋەنىگە كىرىپ كېتەتتى.

بېكىر، گانا چېگرىسىدىن كىرىدىغان رەسمىيەتلەر-نى تەپسىلى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ چىقتى. چازىدا چېگرىدىن كىرىدىغان ۋە چىقىدىغان سودا كارۋانلىرى ئۆچرەت بىلەن تۇراتتى. گانا مەنسەپدارلىرى يۈك - تاق، ماللارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، چېگرا بېجى ئېلىۋاتاتتى. چېگرىدىن بىر تۆگە، ئاش تۇزى ئېلىپ كىرسە

بىر دىنا ئالتۇن (بىر دىنا ئالتۇن 72 تال بۇغداينىڭ ئېغىر-
لىقىغا تەڭ) باج ئالاتتى، بىر تۆگە ئاش تۇزى ئېلىپ چى-
قىپ كەتسە ئىككى دىنا ئالتۇن باج ئالاتتى. بىر تۆگە مىس
رودىسىغا، بەش مىسقال ئالتۇن باج ئالاتتى. بىر تۆگە سى-
لىچ مالغا ئون مىسقال ئالتۇن باج ئالاتتى. چېگرا ئىشلىرى
شۇنداق رەتلىك باشقۇرۇلۇۋاتاتتى.

قەدىمىي دۆلەت گاناغا كىرىش بىلەنلا، ئۇلار ئېتىزلار-
دا زىرائەتلەر كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك بولۇق ئۆسۈپ
كەتكەنلىكىنى كۆردى؛ گاۋلىياڭلارنىڭ قىزىل باشلىرى شامال-
دا لەرزان ئىغاڭلايتتى. چۈجگۈن قوناقلارنىڭ دانلىرى ھال-
رەڭدە پاقىراپ تۇراتتى، ئېچىلغان كېۋەزلەر پىژ-پىژ ئاپتاپ-
تا كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى. بۇ ئېتىزلاردا يۈرگەن دىخانلار-
نىڭ ئەرلىرى ساقالسىز، خوتۇنلىرى چاچسىز بولۇپ، ھەممى-
سى قارا تەنلىك ئىدى. ئۇلار بېلىگە بىر پارچىدىن پەرتۇق
تارتىۋالغان ھالدا تۆمۈر سايمانلار بىلەن كۆينەكسىز ئىشلە-
ۋاتاتتى. يىراقتىكى كەنتلەردىن دىخانلارنىڭ گۈمبەزسىمان
ئۆيلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دەريا بويىدا نىگىرلار ئىككى،
ئۈچتىن بولۇپ كىپەك ئالتۇن سۈزۈۋاتاتتى. بېكىر يەرلىك كى-
شىلەردىن سوراش ئارقىلىق سۈزۈلۈۋاتقان كىپەك ئالتۇنلار-
نىڭ پۇقرالارغا، تاغدىن تېپىلغان ئالتۇن كانلىرىنىڭ پادى-
شاغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، پادىشا مىڭلىغان قۇللارنى ئالتۇن
قازغىلى سالغاچقا، ھەددى-ھېساپسىز ئالتۇن زاپىسىغا ئىگە
ئىكەنلىكىنى، پادىشانىڭ ئامبىرىدىكى ئەڭ چوڭ بىر پارچە
ئالتۇن چوڭ قورام تاشتەك چوڭلۇقتا بولۇپ، كۈچلۈك بىر
ئاتمۇ سۆرەپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىۋالدى.

بېكىر، گانانىڭ پايتەختى كونبىسار (ھازىرقى مالى جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى باماكو)غا يېتىپ كەلدى. بۇ ئافرىقا خەلقى بىلەن ئەرەپ خەلقىنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن چوڭ شەھەر بولۇپ، كوچىلىرى ئازادە ئىدى، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە غايەت يوغان تاشلاردىن قوپۇرۇلغان ئىمارەتلەر، تاملىرىغا قۇرئانى - كېرىمنىڭ ئايەتلىرى ئويۇلغان بىنالار، ھەتتا ھەيۋەتلىك مېچىتلەر قەد كۆتىرىپ تۇراتتى. گانانىڭ پادىشاھى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلمىسىمۇ، ئەمما، شىمالىي ئافرىقىدىن كەلگەن سودىگەرلەر، سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن كەلگەن بارىبارلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولغاچقا، شەھەردە 12 چوڭ مېچىت بار ئىدى.

— ئۆز يۇرتىمىزغا خويمۇ ئوخشايدىكەنغۇ! — مۇسۇلمان بېكىر ئىختىيارسىز ھالدا خوشال بولۇپ توۋلىۋەتتى.

«دۇمتاق - دۇم، دۇمتاق - دۇم!» داپ ئاۋازى جاراڭلىدى. شەھەر خەلقى ھاياجان ئىلكىدە يېغىلدى. بېكىر، جامائەت بىلەن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

گانانىڭ ئەسكەرلىرى سەپ تۈزۈپ شەھەرنىڭ غەربىگە قاراپ يول ئېلىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قوللىرىغا قالقان ۋە نەيزە، بەزىلىرى كامان ۋە ئوق - يا ئېلىۋالغان بولۇپ، قەھرىمانلىق جاسارىتى ئۇرغۇغان ھالدا كېتىۋاتاتتى. بېكىر يەرلىك كىشىلەردىن سوراش ئارقىلىق گانا پادىشاسىنىڭ 200 مىڭ كىشىلىك ھەربى قوشۇنى بارلىقىنى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوق - ياچىلار 40 مىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. بۈگۈن پادىشانىڭ قوبۇل قىلىش كۈنى بولۇپ، كاتتا بىر سورۇن تۈزۈلەتتى.

بىكىرمۇ يەرلىك پۇقرالار بىلەن بىرلىكتە شەھەرنىڭ غەربىدى-
كى پادىشا ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى.

قوبۇل قىلىش مۇراسىمى مۇنداق ئىدى: پادىشا ناھايى-
تى ئىگىز بىر پادىشالىق تاجىنى كىيگەن، بوينىغا ئالتۇن
مارجان ئاسقان، قولىغا ئالتۇن ئۈزۈك سالغان ھالدا بىر چوڭ
چېدىردا ئولتۇراتتى. چېدىرنىڭ تۆت ئەتراپىدا ئىگەر ۋە يو-
پۇقلار ئالتۇندىن جابدۇنغان ئاتلار تۇراتتى. پادىشانىڭ ئار-
قىسىدا قولىغا قالقان ۋە دەستىسى ئالتۇن بىلەن نەقىشلەن-
گەن شەمشەر ئالغان ئون نەۋكەر تۇراتتى. ئوڭ يانىدا بىر
بۆلۈك چىنۋاڭلارنىڭ ئوغۇللىرى ئىسىل كىيىملەر بىلەن ياسان-
غان، چاچلىرى ئارىسىغا زەر چاچقان ھالدا تۇراتتى. پايتەخت-
نىڭ باش ۋالىسى پادىشانىڭ ئالدىدىكى يەردە ئولتۇراتتى،
ئۇنىڭ ئەتراپىدا تەنلىرى قارا، چاچلىرى بۇدۇر، ئۇچىسىغا
ئازادە دۇردۇن تون يېپىنىۋالغان ۋەزىرلەر ئولتۇراتتى. «دۇم-
تاق - دۇم، دۇمتاق - دۇم»، ئۇلار «دىبا» دەپ ئاتايدىغان
داپ داراڭلىدى. قوبۇل قىلىش مۇراسىمى باشلاندى. پۇقرا-
لار بىردەك تىزلىنىپ باشلىرىغا چىمدىم توپا سېلىش ئارقىلىق
پادىشاغا بولغان ھۆرمەت - ئىھتىرامىنى بىلدۈرۈشتى؛ ياقا يەر-
لەردىن كەلگەن ئەرەپلەر بولسا، بىر تەرەپتە تۇرۇپ چاۋاك
چېلىشتى، بىكىرمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ چاۋاك چالدى.

بىكىر قوبۇل قىلىش مۇراسىمىنى كۆرۈپ بولغاندىن
كېيىن، شەھەر بازىرىغا كەلدى. كىشىلەر بۇ يەردە قىزغىنار-
لىق سودا - سېتىقلارنى قىلاتتى.

بازار شەھەردىكى بىر كەڭ مەيداندا ئىدى. سودىگەر-
لەر ماللىرىنى تۈرلىرى بويىچە يەرگە دۆۋىلەپ تىزىپ قو-

يۇپ، قولىغا داپنى ئالاتتى - دە، مەيداندىن چىقىپ دارا-
لىتاتتى. نېگىرلار داپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ مال سېتىۋالغىلى
چىقاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق ماللارنىڭ يېنىغا دەل-
گىملىك ساندا ئالتۇن قويۇپ قويۇپلا، ھېچنىمە ئالماي مەيدان-
دىن چىقىپ كېتەتتى. ئاندىن سودىگەرلەر قايتىپ كېلىپ،
سودىدا پۈتۈشكىلى بولىدىغان ماللارنىڭ يېنىدىكى ئالتۇننى
يىغىۋالاتتى - دە، پۈتۈشكىلى بولمايدىغان ماللارنىڭ يېنىدى-
كى ئالتۇننى مىدىرلاتمايتتى. سودىگەرلەر ئالتۇننى يىغىپ بول-
غاندىن كېيىن، نېگىرلار مەيدانغا كىرىپ ئالتۇنلىرىنى يىغ-
ۋالغان ماللارنى ئېلىپ كېتەتتى - دە، ئالتۇنلىرى يىغىۋېلىنمى-
غان ماللارنىڭ يېنىغا يەنە ئازراق ئالتۇن قوشۇپ قوياتتى.
سودىگەرلەر قوشۇلغان ئالتۇنلارنى كۆرۈپ يىغىۋالغاندىن كې-
يىن، نېگىرلار ئۇ ماللارنى ئېلىپ كېتەتتى. پۈتۈن بازاردا
بىرمۇ ئادەم سۆز قىلمايتتى، ھەتتا سودىگەر بىلەن خېرىدار
بىر بىرسى بىلەن كۆرۈشمەيتتى، ياقا يۇرتلۇقلار گانالىقلار-
نىڭ مۇنداق ئېلىم - سېتىم ئۇسۇلىنى «ئۈنسىز سودا» دەيت-
تى، دېمەك، ماللارنى گاناغا ئېلىپ كەلگەندىلا ئالتۇنغا ئال-
ماشتۇرۇشقا بولغاچقا، نۇرغۇن ئەرەپ سودىگەرلىرى بىرنەچ-
چە ئايلاپ يول يۈرۈپ، خەتەرلىك قۇم — قورقۇنچلۇق سەھ-
رايى كەبىر چۆلىنى بېسىپ ئۆتۈپ، مۇشۇ ئالتۇن پادىشالىغىغا
كېلىپ، گانالىقلار بىلەن سودا - سېتىق قىلاتتى.

قەدىمىي دۆلەت گانا — نېگىرلار ئافرىقىسىدا ئەڭ
بۇرۇن قۇرۇلغان پادىشالىقلاردىن بىرى بولۇپ، 3 - ئەسىر-
دىن 10 - ئەسىرگىچە يەتتە ئەسىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.
ئۇ ئالتۇنىڭ مولۇغى بىلەن دۇنياغا داڭ چىقارغان. 1067-
يىلى بېكرى ئۆزىنىڭ گانادا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى «ئافرى-
قىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» دىگەن سەرلەۋھىدە بىر كىتاپ
قىلىپ يېزىپ چىققان.

# مالى پادىشالىغىنىڭ قۇرۇلۇشى

گانا پادىشالىغى رولىنى يوقاتقاندىن كېيىن، غەربىي ئافرىقىغا مالى پادىشالىغى ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مالى پادىشالىغىنى قۇرغۇچى سۇندىئاتا ئىدى.

سۇندىئاتا ئەسلىدە مانتىنكو پادىشالىغىنىڭ شاھزادىسى ئىدى. ئۇ ئۆسمۈر چاغلىرىدا، ئۇنىڭ ۋەتىنىنى سوسو پادىشالىغىنىڭ ئارمىيىسى ئىشغال قىلىۋالغان. ئۇ ئانىسى بىلەن شەرقىي كاراغا قېچىپ كەلگەن. ئون نەچچە يىلدىن كېيىن، شەرقىي كارانىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان.

ۋەقە دەل مۇشۇ ۋاقىتتا يۈز بەرگەن...

شەرقىي كارا مۇئاۋىن قوماندانىنىڭ كاتتا ئۆيىدىكى بىر كارۋاتتا، بىر موماي نەپەسى سىقىلىپ ھاسىراپ ياتاتتى. ئۇ يېنىدا يۆكۈنۈپ ئولتۇرغان يىگىتنىڭ قولىدىن تارتىپ تۇرۇپ، ئاۋازىنى ئاران چىقىرىپ ئۆلۈم ئالدىدىن مۇنداق ۋەسىيەتلەرنى قىلدى: «بالام، سەن مانتىنكو ئۇلۇغ پادىشاسىنىڭ ئۆز ئوغلىسەن، ئەمدى ھەممە ئىشنى ئۆز ئۈستۈڭگە ئېلىشىڭ كېرەك!» ئۇ يىگىتمۇ: «شۇنداق، مەن، مەن دەرھال مانتىنكوغا قايتىمەن!» دەپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە كۆچلۈك مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈگدى. موماي، يىگىتنىڭ سۆزلىرىگە

رازى بولۇپ كۆلدى ـ دە، ئالەمدىن ئۆتتى.

ئەسلىدە بۇ موماي مانتىنكو پادىشاسىنىڭ ئاغىچىسى بولۇپ، يىگىت بولسا سۇندىئاتا ئىدى. ئۇ ئانىسىنى دەپىنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، شەرقىي كارا پادىشاسى بىلەن خوشلاشتى. شەرقىي كارا پادىشاسى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىشىنەتتى، شۇڭا، ئۇنى قوللاپ ئۆز ئارمىيىسىنىڭ يېرىمىنى بۆلۈپ بەردى.

سوسو پادىشالىقىنىڭ پادىشاسى، سۇندىئاتانىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپلا، ئوغلىنى زور بىر قوشۇن بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. بۇ شاھزادە جەڭ قىلىشنى زادىلا بىلمىگەچكە، قوشۇنىنى كەڭ بىر سايغا جايلاشتۇردى. كەچقۇرۇنلۇغى سۇندىئاتا، سوسولارنىڭ ئىستىھكام ھالىتىنى تەپسىلى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، سوسولارنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىپ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغاشنى قارار قىلدى.

كۆگۈم چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. سوسولارنىڭ قوشۇنى ئارام ئېلىشقا تەمشىلىۋاتاتتى. توساتتىن گۈمبۈرلىگەن جەڭ ناغرىسىنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭلا سۇندىئاتا قىسىملىرى باستۇرۇپ كەلدى. سۇندىئاتا ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قىلىچىنى كۆتەردى ۋە «ئالغا!» دەپ قوماندا بەردى. چەۋەندازلار گويا جەسۇر يولۋاسلاردەك ئېتىلدى؛ سوسو قوشۇنى پاتىپاراق بولۇپ، سۇندىئاتا قىسىملىرى تەرىپىدىن بىر بىرلەپ يوقىتىلدى. سوسو شاھزادىسى ئىشنىڭ ئەپلەشمىگىنىنى كۆرۈپ، ئاتقا مىنىپ قېچىپ قۇتۇلدى. سۇندىئاتا قوشۇنلىرى ھەش ـ پەش دېگىچە دۈشمەننىڭ قالدۇقلىرىنى يوقىتىپ غايەت زور غەلىبە قازاندى.

دەسلەپكى جەڭدە غەلىبە قازىنىش بىلەن ئىش ئوڭغا تارتتى، سۇندىئاتا ئارمىيىسىنىڭ ھەيۋىسى ھەممىلا يەردە زىلزىلە پەيدا قىلدى. سوسو تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ دەپسەندە بولغان توققۇز قەبىلىنىڭ ئاتامانلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ سۇندىئاتالار بىلەن بىرلەشتى ھەمدە سۇندىئاتانى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى قىلىپ سايلىدى.

بۇ قەبىلىلەرنىڭ قوشۇنلىرى بىر تۈزلەڭلىكتە چازا قۇردى، خىلمۇ خىل تۇتۇم بەلگىلىرى بار رەڭمۇ ـ رەڭ بايراقلار شامالدا لەپىلدىدى. قەسەميات يىغىنى باشلاندى! سۇندىئاتا يوغان مۇشتۇمىنى ئىگىز كۆتەرگەن ھالدا:

— بىز ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك! بىز ھەرگىز سوسولارنىڭ قۇلى بولمايمىز! — دەپ ياڭراق ئاۋاز بىلەن قەسەميات قىلدى.

— ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز!

— بىز ھەرگىز سوسولارغا قۇل بولمايمىز!

ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ جەڭچىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن شۇئار توۋلاپ سايلىقنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

قەبىلىلەرنىڭ ئاتامانلىرى سۇندىئاتاغا ئاپىرىن ئېيلەپ نەزىر قىلدى.

— بىز جەزمەن غەلىبە قىلىمىز! — داۋاملىق توۋلىدى سۇندىئاتا.

— بىز جەزمەن غەلىبە قىلىمىز! جەزمەن غەلىبە قىلىمىز! — سادالار پۈتكۈل تۈزلەڭلىكتە جاراڭلىدى.

يىراقتىن ئات تۇياقلىرىنىڭ تاقىلداپ ماڭغان ئاۋازى

ئاڭلاندى. بىر ئوفىتسىر ئۇچقاندەك ئات چاپتۇرۇپ سۇندىئاـ
تانىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى ۋە:

— پادىشاھى ئالەم، سوسو پادىشاسى شەخسەن ئۆزى كىرىنا (ھازىرقى مالى جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى باماكونىڭ يېنىدا) غا كاتتا قوشۇن باشلاپ كەلدى! ئۇ بىزنىڭ ئارقا يولىمىزنى چورت توسۇۋەتمەكچى! — دەپ دوكلات قىلدى.

— دەرھال چىقىپ توسايلى! — دېدى سۇندىئاتا كەسكىنلىك بىلەن.

مىلادى 1235 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئىككى تەرەپنىڭ كاتتا قوشۇنلىرى كىرىناغا توپلاندى، بىر مەيدان ھەل قىلـ غۇچ جەڭ پارتلاش ئالدىدا تۇراتتى. لېكىن، سوسو ئارمىيەـ سى تۇيۇقسىز پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. كۈچلۈك بىر قوشۇن سوسو پادىشاسىدىن ئايرىلىپ سۇندىئاتانىڭ قوشۇنى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئەسلىدە، سوسو پادىشاسى ئىنتايىن رەھىمسىز، ئىنتاـ يىن ۋەھشىي ئەبلەخ ئىدى. ئۇ ھەممىلا يەرگە بۇلاڭچىلىق، تاجاۋۇزچىلىق يۈرگۈزۈپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ قول ئاستىـ دىكىلەرگىمۇ رەھىم قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى فاگىر ئۇنىڭ جيەن ئوغلى بولسىمۇ، ئۇ يەنە تەپتارتـ ماستىن فاگىرنىڭ ياش ھەم گۈزەل خوتۇنىغا چاڭ سالغان ئىدى. فاگىر بۇ ئىشقا چىداپ تۇرالمىغاچقا، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ سوسو ئارمىيىسىدىن ئايرىلىپ سۇندىئاتانىڭ يېنىغا كېلىۋالدى. سۇندىئاتا ئىنتايىن خوشال بولۇپ، ئۇنى مۇئاۋىن قوماندانلىققا تەيىنلىدى.

تاڭ قۇياشى شەرقتىن كۆتۈرۈلدى، يېڭى بىر كۈن

باشلاندى. ئىككى تەرەپ ئارمىيىسى سەپ ـ سەپ بولۇپ جەڭگە چۈشتى. سۈندىئاتانىڭ چەۋەندازلىرى ئادەتتىن تاشقىرى جەسۇر ئىدى. ئۇلار سۈندىئاتانىڭ «ئالغا!» دەپ قوماندا بېرىشى بىلەنلا ئالغا قاراپ ئېتىلدى ـ دە، يالت ـ يۇلت قىلىپ تۇرغان قىلىچلىرىنى دۈشمەن بېشىغا قارىتىپ ئۇردى، سوسو ئارمىيىسى شۇ ھامانلا ئەرەختەن ـ پەرەختەن بولۇپ كەتتى. ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ قوشۇنلىرى بىرلىكتە ئالغا سىلجىدى، سوسو پادىشاسىمۇ قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئىنتايىن شىددەتلىك قوچاغلاشما جەڭ بولۇپ كەتتى. نەتىجىدە سوسو چەۋەندازلىرى مەغلۇپ بولغاچقا ئەڭ ئاخىرىدا پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىندى. سۈندىئاتا ئۇلارنى قوغلاپ كېتىۋاتقاندا، سوسو پادىشاسىنىڭ قاقىر بىلەن قىلىچلىشىۋاتقانلىقىنى توساتتىن كۆزى چۈشتى ـ دە، دەرھال ئوق ـ يانى بەتلەپ، سوسو پادىشاسىنىڭ گەجگىسىگە ئاتتى، سوسو پادىشاسى شۇ ھامان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە قېچىپ كەتتى. سۈندىئاتا بىلەن قاقىر ئۇنى تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ ماڭدى ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە قوغلاپ يېتىپ ئۇنى قەتلە قىلدى، جەڭ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

سۈندىئاتا سوسو پادىشالىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ھەرقايسى قەبىلىلەر ئاتامانلىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، يېڭى قۇرۇلغان پادىشالىقنىڭ رەسمىي پادىشاسى بولدى. سۈندىئاتا

ئۇ پادىشالىقنىڭ نامىنى — مالى پادىشالىغى دەپ ئاتىدى.
(«مالى» — «خوجايىنىنىڭ تۇرار جايى» دېمەكتۇر.)
شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، سۇندىئاتا ئەسكەر چىقىرىپ زېمىنىنى كېڭەيتتى، 1240 - يىلى زەئىپلىشىپ ھالى قالمىغان گانانى ھالاك قىلىپ، غەربىي ئافرىقا بويىچە ئەڭ قۇدرەتلىك پادىشالىققا ئايلاندى، بۇ پادىشالىقنىڭ زېمىنى ھەتتا گانا پادىشالىغىدىنمۇ ئېشىپ چۈشۈپ، شەرقىي كائو (ھازىرقى مالى جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەۋەلىكىدە) دىن باشلىنىپ، غەرپتە سېنېگال دەرياسىغىچە يېتىپ باردى.

13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، مالىدا يېڭى سۇلالە پادىشالىق قۇرۇلدى. يېڭى پادىشالىقمۇ ئۆز زېمىنىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، ھەتتا ئاتلانتىك ئوكيانىنى كېسىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار 200 كېمىدىن تەشكىللەنگەن كاتتا كېمە قوشۇنى تەشكىللەپ، ئىككى يىل يەتكۈدەك ئاشلىق، سۇ ۋە يېمەكلىك بىلەن يولغا سالدى. نەتىجىدە، بىرلا كېمە ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلگەندىن باشقا، بارلىق كېمىلەر ئاتلانتىك ئوكيان بورانلىرىدا غەرق بولۇپ كەتتى. بۇ قېتىمقى يۈرۈش قىلىش مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كولۇمبۇسنىڭ ئاتلانتىك ئوكيانىنى كېسىپ ئۆتۈشىدىن 100 نەچچە يىل بۇرۇنقى ئىجادىيەت ئىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە، مالى پادىشالىغى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، مىسىر ۋە باشقا نۇرغۇن ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن

زىچ ئالاقە ئورناتتى، گائو قاتارلىق جايلاردىكى مەسچىتلەر-
نى ئەرەپ ئىمارەت قۇرۇش ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ سال-
دۇرغان ئىدى. مالى پادىشاسىسى مۇسا يەنە شەخسەن ئۆزى مى-
سىرنى زىيارەت قىلدى ھەمدە ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ مەك-
كىگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئافرىقا
بىلەن ئاسىيانىڭ ئالاقىسى تېخىمۇ كۈچەيدى.



## پادىشا دىگەن سۆزنىڭ ھەرخىل ئاتىلىشى

قەدىمقى زاماندا، ھەر بىر دۆلەت پادىشالىرىنىڭ ئۆز ئال- دىغا ئالاھىدە ناملىرى بار ئىدى. مەسىلەن، قەدىمقى مىسىردا پادىشا «فىراۋون» دەپ ئاتىلاتتى، قەدىمقى رىم ۋە گېرماندا «كايىزا» دەپ ئاتىلاتتى، روسىيىدە «چار» دەپ ئاتىلاتتى، ياپونىيىدە «ساماۋى خان» دەپ ئاتىلاتتى، ۋاھاكازالار. بىر دۆلەتنى ئالىدىغان بولساقمۇ، سۇلالىلەرنىڭ ئالمە- شىشى بىلەن بەزى جايلاردا پادىشالارنىڭ ناملىرىمۇ ئالمە- شىپ كېتەتتى. ئېلىمىز جۇڭگونى ئالىدىغان بولساق، قەدىمقى زاماندا «خان» جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە «شاھ»، چىن سۇلا- لىسى دەۋرىدە «پادىشا» ... دەپ ئاتالغان.

«سوننى» ۋە «ئاسكىيا» دىگەن سۆزلەرمۇ پادىشا دىگەن سۆزنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى، قەدىمقى غەربىي ئافرىقا قىتئەسىدىكى سونگاي پادىشالىقى دىگەن سۆزمۇ پادىشالىقلار- نىڭ نامى بولۇپ پەقەت سۇلالىلەرنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن پەرقلەنگەن.

سولگاي پادىشالىقى مالى پادىشالىقىدىن كېيىن، غەربىي ئافرىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇنىڭدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، سوننى ۋە ئاسكىيا دىگەن ئىككى پادىشالىق ئۆتكەن.

سونني پادىشالىغىنىڭ قۇرغۇچىلىرى — ئەلى ۋە سەلىمالەردىن ئىبارەت ئاكا - ئۇكىلار ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنى مالى ھالاك قىلىنغاندىن كېيىن، ياشلىق دەۋرىنى گۆرەگە تۇتۇلغان ئادەملەر قاتارىدا مالىنىڭ پايتەختىدە ئۆتكۈزدى. ئەمما، بۇ ئاكا - ئۇكىلار ئىنتايىن چىچەن بولغاچقا، كۆرۈنۈشتە بەكمۇ ئىتائەتمەن بولدى، ھەتتا مالى پادىشاسىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا ياردەملەشتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تەقى - تۇرقى كېلىشكەن، قورال تۇتۇشقا چەبدەس بولغاچقا، مالى پادىشاسى ئۇلارغا بەكمۇ ئامراق ئىدى ۋە شۇ تۈپەيلى ئۇلارغا بولغان نازارەتنى بوشاشتۇرۇۋەتتى.

مىلادى 1337 - يىلى مالىنىڭ ئەڭ مەشھۇر پادىشاسى مۇسا ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئىچكى مالىمانچىلىق كۆتۈرۈلدى. بۇ ئاكا - ئۇكىلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەخپىي ھالدا ئانا يۇرتىغا قېچىپ كەلدى. ئۇلار سونگاينىڭ ئەرلىرىنى توپلاپ، ۋەتىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇرۇشى قوزغاپ، ئاخىرى تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، بۇرۇنقى پايتەختنى تارتىۋالدى. دۆلەتنى يېڭىۋاشتىن قۇرغاندىن كېيىن، ئاۋال ئاكىسى پادىشا بولدى، ئاندىن ئىنىسى ئورۇن باستى. ھەمدە ئىككىيلەن بىرلىكتە «سونني» دېگەن ھۆرمەت نامىنى قوللاندى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن سونگاي پادىشالىرى «سونني» دەپ ئاتالدى، بۇلار قۇرغان پادىشالىقمۇ سونني پادىشالىغى دەپ ئاتالدى.

سونني پادىشالىغىنىڭ 19 - ئەۋلات پادىشاسى سونني ئەلى ئىدى. ئۇ 1468 - يىلى مالى پادىشالىغىنى مەغلۇپ قىلىپ، غەربىي ئافرىقىنىڭ زومىگەرىگە ئايلاندى، بۇ چاغدا

پادىشالىقىنىڭ زىمىنىدە كۆرۈنەرلىك كېڭىيىش بولدى.
ئاسكىيا پادىشالىغىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇھەممەد (مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئەمەس) ئەسلىدە سوننى پادىشالىغى ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ئىدى. ئۇنداق ئىكەن، ئۇ قانداق بولۇپ پادىشا بولۇپ قالدى؟ بۇ ۋەقەنى سۆزلىسەك گەپ ئۇزۇن.

1492 – يىلى. سوننى پادىشاسى ئالەمدىن ئۆتتى، ئىككىنچى يىلى چوڭ بىر ۋەقە يۈز بەردى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇغى، سونگاي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى مۇھەممەدنىڭ بارگاھىدا چىراقلار ۋاللىداپ تۇراتتى، لەشكەر باشلىقلىرى بۇ يەرگە جەم بولۇپ، كەڭ – كۇشادە غىزالىنىۋاتاتتى. ئەمما، بارگاھنىڭ ئەتراپىغا قوراللانغان ئەسكەرلەر سانجاق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، كەيپىيات بىردىنلا ناھايىتى جىددى تۈس ئالدى،

توساتتىن ياش بىر مەمۇرى ئەمەلدار ئالدىراپ كىرىپ كەلدى – دە، ئۇدۇل مۇھەممەدنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قۇلىغىغا بىر نىمىلەرنى پىچىرلىدى. لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى جىددىيلىشىپ ئۇنىڭغا دىققەت قىلىشتى. مۇھەممەد باش لىڭشىتتى، بۇ ياش مەمۇرى ئەمەلدار بارگاھنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ۋاقىراپ سۆزلىدى:

— ئۆتكەن يىلى ئۆلۈپ كەتكەن پادىشا ئەسلىدە كاپىر ئىكەن! ئۇ مالىغا ھۇجۇم قىلغاندا، نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈردى! ئۇ گۇناكار! باياتىن مەن يېڭى پادىشا بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئاتىسى — سوننىنىڭ سابىق پادىشاسىنىڭ كاپىر ئىكەنلىگىنى ئەيىپلەشنى

ئۆتتۈندۇم، ئەمما ئۇ رەت قىلدى. روشەنكى، بۇ يېڭى پادىشاھمۇ كاپىر ئىكەن!

ئوفىتسېرلار بۇ سۆز بىلەن تەڭلا غۇلغۇلا قىلىشتى.

— ھازىر مەن خۇدا ئالدىدا قەسەم بېرىمەنكى، بىز ئىسلام دىنىمىزنىڭ پاكلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، غازات قىلىشىمىز كېرەك!

— غازات قىلىمىز! غازات! — بىر قىسىم لەشكەر باشلىقلىرى توۋلاشتى.

لېكىن، بىر قىسىم لەشكەر باشلىقلىرى لام - جىم دېمەي جىم تۇرۇشتى.

— خۇدايىم ئۆزەڭ ساقلىغايسەن! — ياش مەمۇرى ئەمەلدار ئۈنلۈك سۆزلىدى، — باش قوماندانىمىز مۇھەممەت سەردارىمىز بولسۇن، كاپىرلارنى قىرىپ تاشلايلى!

— كاپىرلارنى قىرىپ تاشلايلى! — ئوفىتسېرلار بىرلىكتە توۋلىدى. ئەسلىدە توۋلىمىغان بەزى ئوفىتسېرلارمۇ ۋەزىيەتنىڭ مۇشۇ دەرىجىگە يېتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، نائىلاج جۆر بولۇشتى.

مۇھەممەد زۇلپىقارىنى قىنىدىن چىقاردى - دە:

— ھەممىگە قادىر خۇدا بىز بىلەن بىللە! — دەپ توۋلىدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ ئارمىيە، پادىشانىڭ ئوردىسىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغىدى، مۇھەممەد، سونگاينىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالدى، سونى پادىشالىقى ھالاك بولدى.

مۇھەممەد پادشا بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنى «ئاسكىيا»

دەپ جاكالىدى. «ئاسكىيا» ئەسلىدە سوننى پادىشالىغىنىڭ
ئۇنىڭغا بەرگەن ئۇنۋانى ئىدى. ئەمدىلىكتە پادىشالىق نامىغا
ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، سونگاي يېڭى پادىشالى-
غىنىڭ پادىشالىرى ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا بىردەك «ئاسكىيا»
دەپ ئاتالدى، كىشىلەرمۇ ئۇنى ئاسكىيا پادىشالىغى دەپ
ئاتىدى.

ئاسكىيا پادىشالىغى دەۋرى — سونگاي دۆلىتىنىڭ ئەڭ
قۇدرەت تاپقان دەۋرى بولدى، ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا مالى پادى-
شالىغىنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى تېررىتورىيىسىگە كىرگۈزۈۋالدى.
بۇ پادىشالىق دەۋرى سونگاي مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ تەرەققىي
تاپقان دەۋرى بولدى. مۇھەممەت، ئىسپانىيىدىن كەلگەن
نۇرغۇن ئەرەپ ئالىملىرى، يازغۇچىلار ۋە سەنئەتكارلارنى
تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، گائو ۋە تىمبوكتۇ دېگەن ئىككى
شەھەرنى ئافرىقىنىڭ مەشھۇر مەدەنىي - مائارىپ مەركىزى
قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. تىمبوكتۇدا دۇنياغا مەشھۇر بولغان
سانكول ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇردى: ئۇ يەردىكى كۇتۇپخانىمۇ
ئەينى چاغدىكى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ كۇتۇپخانىلارنىڭ
بىرى ئىدى.

## كارنوسساغا سەپەر

قەھرىتان قىش پەسىللىرى ئىدى، يىل بويى قار ئېرىمەيدىغان ئالىپ تاغلىرىدا سوغاق ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق بولۇۋاتاتتى. سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان شىۋىرغاننىڭ بوشلۇقتا ھۇۋۇلدىشىغا جۆر بولۇپ لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار كۆك مۇز ئۈستىنى قاپلىغان ئىدى.

ياۋايى ھايۋانلارمۇ ئوزۇقلۇق ئىزلەشكە چىقىشتىن يالتىيىدىغان مۇشۇنداق كۈنلەردە، ئون نەچچە ئاتلىق ئادەم ياۋروپا بويىچە ئەڭ چوڭ بۇ تاغ تىزمىسىدىن مۈشكۈل قەدەملەر بىلەن ئۆتمەكتە. ئاتلارنىڭ چاناقلىرى كېرىلگەن، ئېغىزدۇرۇق كۆپۈكتىن قىرو باغلاپ كەتكەن بولۇپ، ئاتلارنىڭ ھاسىراشلىرىدىن قوۋۇرغىلىرىمۇ بىردە كۆتىرىلىپ، بىردە ئىچكىرىگە تارتىشىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى.

كېلىشكەن ئاق ئارغىماققا مىنگەن 27 — 28 ياشلاردىكى بىر يىگىت ھاۋانىڭ جۇدۇن بولۇشىغا قارىماي، تۇمىغىنى بېشىدىن ئېلىپ، قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ بېشىغا قونۇشىغا پىسەنت قىلماي كېتىۋاتاتتى.

— ئالىلىرى بۇنداق قىلسىلا دۇرۇن، قۇلاقلىرى ئۇششۇپ قالىدۇ، — دىدى ئۇنىڭ ياساۋۇلى.

— غۇدۇڭشىما، — دېدى ھېلىقى يالاڭباشتاق يىگىت تەرىنى تۇرۇپ، — ئالپ تېغىنىڭ قار - شىۋىرغانلىرىغا بەرداشلىق بېرەلىسەم، ئاندىن كارنوسسا قەلئەسىدىكى پاپا سارىيى ئالدىدا بىر يىل يالاڭباشتاق تۇرالايمەن!

ئەسلىدە، بۇ يىگىت گېرمانىيە پادىشاسى ھېنرى IV ئىدى. مىلادى 1056 - يىلى ئۇ تەختكە ئولتۇرغاندا، ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن ئىدى. بۇرۇن كاتولىك ئېپىسكوپلىرىنى خىزمەتكە تەيىنلەش ھوقۇقىنى ئەمەلىيەتتە پادىشا تىزگىنلىۋالغانلىقتىن، رىم ۋاتىكانى بۇنىڭدىن ئىزچىل تۇردە نارازى بولۇپ كەلگەن ئىدى. كېيىن ۋاتىكان، پادىشانىڭ گۆدەكلىكىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي جەمىيەتنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئېپىسكوپنى پادىشانىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىشىگە قارشى چىقىپ، پادىشانىڭ ھوقۇقىنى ئاجىزلاشتۇرماقچى بولدى. 1073 - يىلى يېڭى سايلانغان پاپا گرېگورى VII بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: پاپىنىڭ ھوقۇقى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇردۇ. ئۇ ئېپىسكوپنى خىزمەتكە تەيىنلەش ۋە خىزمەتتىن قالدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پادىشانىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرالايدۇ، سوراق قىلالايدۇ ۋە جازالىيالايدۇ، ئەمما ھېچكىم پاپىنى سوراققا تارتالمايدۇ، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ چاغلاردا 23 ياشقا كىرگەن ھېنرى IV پاپىنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى چەكلىشىگە ئەلۋەتتە يول قويمايتتى، شۇڭا بۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئېغىر توقۇنۇش يۈز بەردى.

1075 - يىلى، ھېنرى IV، پاپىنىڭ بۇيرۇقىغا قارىماي، نۇرغۇن ئېپىسكوپلارنى بوش ئورۇنلارغا خىزمەتكە

تەيىنلىدى. پاپا بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھېنرى IV گە خەت يېزىپ تەھدىت سالدى، ئۇنىڭدىن دەرھال تۆۋە قىلىشنى، يازما دوكلات قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ھېنرى IV بۇنىڭغا قايىل بولماي، 1076 - يىلى يانۋاردا دىنىي يىغىن چاقىرىپ، پاپىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى جاكالىدى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، پاپىمۇ بىر قېتىملىق دىنىي يىغىندا، ھېنرى IV نىڭ پادىشالىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ مۇرتەد قىلىنغانلىقىنى جاكالىدى.

پاپىنىڭ بۇ جازاسى ھېنرى IV گە ئېغىر تەھدىت بولدى. ھېنرى IV كە چىش - تىرنىقىغىچە قارشى تۇرۇۋاتقان بەگلەر ۋە ئالى دىندارلار 1076 - يىلى ئۆكتەبىردە، ھېنرى IV پادىشالىق ھوقۇقىدىن ۋاقتىنچە ۋاز كېچىشى، پاپىغا سادىق بولىدىغانلىقىنى جاكالىشى، بىر يىل ئىچىدە پاپىنىڭ گۇنادىن ساقىت قىلىش بۇيرۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم، ئۇنداق قىلمايدىكەن پادىشالىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، دىگەن قارارنى چىقاردى ھەمدە كېلەر يىلى فېۋرالدا گېرمانىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئاۋگىسبورگدا يىغىن ئېچىشنى، يىغىنغا پاپىنى تەكلىپ قىلىپ، ھېنرى IV ئۈستىدىن بىرلىكتە ھۆكۈم چىقىرىشنى قارار قىلدى.

بۇنداق ئەھۋالدا، ھېنرى IV تامامەن پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، پاپىنىڭ ھوقۇقىغا بوي سۇنىدىغان كاپالەتنامىگە قول قويۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە ئۆزىنىڭ ئېغىر گۇنالىرىغا تۆۋە قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھېنرى IV ئۇزاق ئۆتمەي، يەنە پاپىنىڭ رىمدىن شىمال تەرەپكە ئاتلىنىپ

ئالىپ تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كارنوسسا قەلئەسىگە يېتىپ بېرىپ، گېرمانىيە بەگلىرى ئۇنى كۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن قوشۇننى كۆتۈۋاتقانلىقىدىن، ئۆزى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن بارىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بۇ قېتىم پاپىغا يۈزتۆرانە باش ئەگمەي بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا، پادىشالىق كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئاددىي كىيىنىپ، ئاز ساندىكى ئادەملىرى بىلەن ئالىپ تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كارنوسسا قەلئەسىگە بېرىپ، پاپىدىن يۈزتۆرانە كەچۈرۈم سورىماقچى بولدى.

1077 - يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرلىرىدا، ھېنرى IV ھەمرالىرى بىلەن كارنوسسا قەلئەسىگە يېتىپ باردى. ئۇ قەلئەگە كىرىشتىن ئىلگىرى ئاتتىن چۈشتى - دە، قولاقچا، ئۆتۈكلىرىنى سېلىۋەتتى ۋە تۆۋە قىلغان گۇناكارغا خاس كىگىزنى ئۇچىسىغا يېپىنىپ، قار - شىۋىرغانغا قارىماستىن ئاستا مېڭىپ قەلئەگە كىرىپ، پاپىنىڭ ئوردىسى ئالدىغا كەلدى.

ئۇ چاغلاردا رىم دىنىي جەمئىيىتى دىنىي جەمئىيەتتىن قوغلاپ چىقىرىلغان ياكى دىنىي قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلغان كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان شەكىلدە تۈرلۈك تۆۋە قىلىش ئۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆز گۇنايىدىن ساقىت بولۇشىغا رۇخسەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ۋاقتى بىرقانچە يىلغا سوزۇلاتتى. مەسىلەن، بەزىلەر يالىڭاياق ۋە يالىڭباشتاق ھالدا ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئىبادەتخانىغا كىرگەن بارلىق دىندارلارغا يالۋۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن دۇئا قىلىشىنى تىلەيتتى، بەزىلەر ھاسا بىلەن ئۆزىنى ئۇراتتى

ياكى تۆۋە قىلغۇچىلارغا ئۇرغۇزاتتى. ھاسا بىلەن 3000 قېتىم ئۇرۇپ بىر يىللىق گۇنايىنى ساقىت قىلاتتى؛ بەزىلەر مۇقەددەس جايغا بېرىپ تاۋاپ قىلىپ ياكى كۆپلەپ پۇل ئىنئام قىلىپ، تاكى دىنىي جەمئىيەت مەمنۇن بولغانغا قەدەر تۆۋە قىلىشنى داۋاملاشتۇراتتى. ھېنرى IV ئۆزىنىڭ ھەقـقەتەن تۆۋە قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بىۋاستە پاپىغا يېلىندى.

بىرىنچى كۈنى ئۆتۈپ كەتتى، ھېنرى IV كۈن بويى قارغا دەسسەپ تۇرۇپ قاتتىق يىغلاپ، پاپىنىڭ، گۇنايىنى كەچۈرۈم قىلىشىنى تىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پاپىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى. 2 - ، 3 - كۈنلەرىمۇ شۇنداق بولدى. 4 - كۈنىگە كەلگەندە ئۇرغۇن دىندارلارنىڭ ئۇنىڭ سەممىي تۆۋىسىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن پاپىغا يېلىنىشى ئارقىسىدا، ئاندىن پاپا ئۇنى قوبۇل قىلىشقا تەستە ماقۇل بولدى.

پاپا گرىگورى VII شۇ يىلى 57 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئىرادىسى مۇستەھكەم، قاتتىق قول ئادەم ئىدى. پاپا بولۇپ سايلىنىشتىن ئىلگىرى 25 يىل داۋامىدا، ئىزچىل تۇردە رىم ۋاتىكانىدا خىزمەت قىلغاچقا، ۋاتىكاننىڭ ئىشلىرىنى بەش قولدەك پىششىق بىلەتتى، ئۇ ئۇچىغا چىققان ھوقۇق مەستانىسى ئىدى. ئۇ كۆز ئالدىدا يېلىنىپ باش ئۇرۇۋاتقان ھېنرى IV نى كۆرگەندە، كۆزلىرىدىن يوشۇرغىلى بولمايدىغان غەزەپ ئوتى چاقنىدى.

— مەن ئاللا نامىدىن سېنى دىندىن چىقارغان،

پادىشالىق ھوقۇقۇڭدىن مەھرۇم قىلىنغان ئىدىم، سەن يەنە قايسى يۈزۈڭنى كۆتىرىپ مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىڭ؟

— پاپا ئالىيلىرى، — دىدى ھېنرى IV كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئالاقزادە بولۇپ، — ھۆرمەتلىك ئىگەم، مەن گۇنايىمنى بىلدىم، مەن تۆۋە قىلغانلىغىمنى سىزگە ئالاھىدە بىلدۈرگىلى كەلدىم، ماڭا رەھىمە قىلىشىڭىزنى، ئىلتىپات قىلىشىڭىزنى تىلەيمەن.

— ھىم، پاپا؟ — دەپ سوغاق كۈلدى گرىگورى ۋە شىرە ئۈستىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ، — سەن ماڭا خەت يېزىپ مېنى «ھازىر ئۇ پاپا ئەمەس، بەلكى ساختا روھانى» دىگەن ئەمەسمىدىڭ؟ سەن ماڭا «تەختتىن چۈشۈپ، ئۆمۈرۋايەت قاغىشقا ئۇچرا» دەپ بۇيرۇق چۈشۈر-گەن ئەمەسمىدىڭ؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، مەن چىشىڭىزغا تەككەن ئاشۇ يارلىقنى بىكار قىلدىم، ھوقۇقىڭىزغا بوي سۇنۇش ھەققىدە ۋەدىنامە يازدىم ھەمدە بۇ ئىككى ھۆججەتنى جاكالىدىم، — دىدى ھېنرى ۋە قويىنىدىن ئىككى ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ پاپىغا ئىككى قوللاپ سۇنۇپ بەردى.

پاپا بۇ ئىككى ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تېپىپ بولغاچقا، ئۇنى ئېلىشقا قول سۇنماي، تەرىنى تۈرگەن ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئاللا ئىنتايىن سەۋرچان ۋە ئەپۇچاندۇر. بىز سېنىڭ چوڭ بولۇشۇڭ ھەم بىلمىگىنىڭ كۈنسايىن ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئاللانىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشىڭنى كۈتكەن ئىدۇق، ئاخىرى شۇنداق بولدۇق. بىز ساڭا ئاتاڭدەك مېھرىۋانلىق

بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، ئاللا بەرگەن شان - شەرەپ ۋە ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئەركىنلىكىگە توسقۇنلۇق قىلماسلىغىڭنى ئۈمىت قىلغان ئىدۇق. لېكىن سەن ئاللانىڭ ئىلتىپاتىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمەي تەرسالىق قىلدىڭ، ئۆزەڭ ۋاز كەچكەن ئاللا ئالدىغا قايتىپ كېلىشكە ئۇنىمىدىڭ، بەلكى ئارقا - ئارقىدىن دىنىي جەمئىيەتنى پارچىلىدىڭ. شۇڭا مەن ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن سېنى جازالاشقا مەجبۇر بولدۇم. ئەمدى يەنە نېمە دېمەكچىسەن؟

ھېنرى IV پاپىنىڭ قاتتىق تەنبىھىنى ئاڭلاپ، پەقەت بېشىنى يەرگە قويۇپ يىغلاپلا تۇردى، قايتا ئۆزىنى ئاقلاشقا پېتىنالمىدى.

پاپىنىڭ يېنىدىكى قىزىل تونلۇق ئېپىسكوپ ھەم ھېنرى IV كە ھەمرا بولۇپ كەلگەن باش ئېپىسكوپ ۋە ئاقسۆڭەكلەر پاپىدىن ئارقا - ئارقىدىن پادىشاھنىڭ گۇناھىنى ساقىت قىلىشنى تىلەشتى. ئاخىرى پاپىنىڭ ئاغزى يۇمشاپ:

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، سەن راستىن قاتتىق تۆۋە قىپسەن. مەن ئاللا مەڭگۈ سەۋرچان ھەم ئەپۇچان دېگەن ئىدىم. مەن ئۇنىڭ مېھرى - شەپقىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ساڭا بەرگەن جازانى (دىندىن قوغلاپ چىقىرىشنى دېمەكچى) ئېلىپ تاشلاپ، ھازىر سېنىڭ قايتىدىن دىنىي جەمئىيەت قوينىغا قايتىپ كېلىشىڭگە رۇخسەت قىلىمەن. ئەمما، سېنىڭ پادىشالىق ھوقۇقۇڭنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيمەن. سەن ئاللا ئالدىدا قەسەم قىلىشىڭ كېرەك ھەمدە مۇشۇ سورۇندىكىلەر قەسەمىڭگە گۇۋا بولۇشى كېرەك، — دېدى.

— بىز قەسەمگە گۇۋا بولۇشنى خالايمىز، — دېدى

سورۇندىكى قىزىل تونلۇق ئېپىسكوپ، باش ئېپىسكوپ ۋە ئاقسۆڭەكلەر.

پاپىنىڭ قولىنى سىلكىشى بىلەن ھېنرى IV دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۈر ئېيتتى ۋە بۇرۇنقى گۇناھلىرىنى پاپىنىڭ ئىرادىسى بويىچە يۇيۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قەسەمنامە يازدى. ئېپىسكوپلار شۇئانلا قەسەمنامىگە ئىمزا قويۇپ، گۇۋالىق بەردى.

پاپا قول ئىشارىسى قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ قىزىل چاپان ئېپىسكوپىنى ئالدىغا چاقىرىپ دېدى:

— دەرھال بىر ھۆججەت تەييارلىنىپ، ھېنرى IV نىڭ بۇ جايدا تۆۋە قىلىش جەريانى بايان قىلىنسۇن، ئۇنىڭ قەسەمنامىسىمۇ قوشۇپ قويۇلسۇن. بۇ ھۆججەت تېزلىكتە گېرمانىيە پادىشالىقىنىڭ بارلىق بەگلىرىگە ئەۋەتىپ بېرىلسۇن!

ھېنرى IV پاپىنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ياساۋۇللىرى بىلەن كارنوسسا قەلئەسىدىن ئايرىلدى. كېيىنكى كۈنلەردە «كارنوسساغا سەپەر» دېگەن سۆز خورلىنىپ تەسلىم بولۇش بىلەن مەنىداش سۆز بولۇپ قالدى.

بىراق، پادىشا بىلەن پاپا ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بۇنىڭ بىلەنلا ئاياقلىشىپ قالمىدى. ھېنرى IV نىڭ كارنوسسادا ھاقارەتلىنىشى ئۇنىڭغا ھوقۇق ۋە خاتىرجەملىك ئېلىپ كەلمىدى. ئۇ گېرمانىيىگە قايتىپ كەلگەن چېغىدا، ئۇنىڭغا قارشى بەگلەر ئۇنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى جاكالاپ، يېڭى پادىشا سايلاپ چىقىپ ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن ئىدى. يېڭى پادىشا دەرھال پاپا بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىگە ھەرقايسى جەھەتلەردىن بوي

سۇنخانلىغىنى بىلدۈرگەن، ھەتتا ئۆز ئوغلىنى گۆرەگە قو-
يۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتىشنى خالايدىغانلىغىنى
بىلدۈرگەن ئىدى.

ھېنرى IV ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بىر
تەرەپتىن، ئۆزىگە سادىق قوشۇننى ئىشقا سېلىپ يېڭى پادى-
شاغا قارشى جازا يۈرۈش قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، پاپىدىن
يېڭى پادىشاغا قارشى تۇرۇشنى ئۆتۈندى. پاپا، ھېنرى IV
ئىڭ ئۆز بۇيرۇغىغا بوي سۇنمىغانلىغىنى بانا قىلىپ، داۋاملىق
ھەربى ھەركەت قوللاندى. 1080 - يىلى مارتتا ھېنرى IV
نى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، دىنىدىن چىقىرىش توغرى-
سىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ قېتىم ھېنرى IV بىر قىسىم
ھەربى كۈچنى قولغا چۈشۈرۈۋالغاچقا، پاپىغا تىز پۈكۈپ تەس-
لىم بولمىدى. ئۇ شۇ يىلى ئىيۇندا، ئۆزىنى قوللىغۇچى
دىنىي يىغىننى مۇناسىپ قارار ماقۇللاشقا كۈشكۈرتۈپ، پاپىنى
ئىككىنچى قېتىم ئەمەلدىن قالدۇردى، ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرى-
لىرىدا يەنە بىر قېتىملىق جەڭدە يېڭى پادىشانى تەل -
تۆكۈس مەغلۇپ قىلدى. شۇندىن ئېتىۋارەن، ھېنرى IVنىڭ
ھوقۇقى چوڭىيىپ، پاپىنىڭ ئەھۋالى خاراپلىششقا باشلىدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ھېنرى IV، رىم پاپىسىنىڭ
ھاقارىتىگە ئۇچرىغانلىق ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن قوشۇن باش-
لاپ كېلىپ، ئىتالىيىگە ھۇجۇم قىلدى. پاپا، ئىتالىيىنىڭ جەنۇ-
بىي قىسمىدىكى كىنەزلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ،
لېكىن ھېنرى IV نىڭ ئەسكىرىي كۈچى كۆپ بولغاچقا، 1084 -
يىلى مارتتا ئاخىرى رىمنى قولدىن بېرىپ قويدى، ئارقى-
دىنلا ھېنرى IV مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشالىق

تاجىنى كىيدى. پاپا ئالاقزادە بولۇپ جەنۇپقا قاچتى ۋە 1085 - يىلى ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئۆلدى. 1106 - يىلى ھېنرى IV مۇ ئۆلدى. لېكىن ھوقۇق تالىشىش كۈرەشى يەنىلا ئاياقلاشمىدى.

1122 - يىلىغا كەلگەندە، ئىككى تەرەپنىڭ ۋارىسلىرى، گېرمانىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ۋورمىست شەھىرىدە دىنىي كېلىشىم تۈزدى. ئىككى تەرەپ گېرمانىيە دائىرىسىدىكى ئېپىسكوپلارنىڭ ئەمدى پادىشا تەرىپىدىن بىۋاستە تەيىنلەنمەيدىغانلىقىنى، دىندارلارنىڭ سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلىدىغانلىقىغا قوشۇلدى. لېكىن بۇ خىل سايلام پادىشا ياكى ئۇنىڭ ۋەكىلىنىڭ قاتنىشىشى ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىلىشى شەرت قىلىندى؛ ئېپىسكوپلارنىڭ غوجىدارلىق يېرىدىكى سىياسى ھوقۇقى پادىشا تەرىپىدىن بېرىلىدىغان، دىنىي ھوقۇقى پاپا تەرىپىدىن بېرىلىدىغان بولدى. مانا بۇ — تارىختا مەشھۇر «ۋورمىست دىنىي كېلىشىمى». بۇنىڭ بىلەن، رىم پاپىسى بىلەن گېرمانىيە پادىشاسى ئوتتۇرىسىدا 40 نەچچە يىل داۋاملاشقان ئېپىسكوپنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھوقۇقىنى تالىشىش ماجىراسى ۋاقىتىنچە ئاياقلاشتى.



## ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي ياۋروپا شەھەرلىرى

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى غەربىي
ياۋروپا شەھەرلىرى ھازىرقى غەرپ ئەللىرى شەھەرلىرىگە
ئوخشىمايتتى. ئۇ چاغلاردا ھەر بىر شەھەر قېلىن سېپىل بىلەن
ئورالغان ئىدى، سېپىل ئۈستىدە كوزىگۇرلار، توپ ئېتىش ئې-
غىزلىرى، كۆزىتىش مۇنارلىرى بار ئىدى. سېپىل سىرتىدا
خەندەك بولۇپ، شەھەرگە ئاسما كۆۋرۈك بىلەنلا كىرگىلى
بولاتتى. شەھەر دەرۋازىسىنى كۈن بويى ياساۋۇللار ساقلايتتى.
ھەر كۈنى ئەتىگەندە شەھەر دەرۋازىسى سىگنال بىلەن تەڭ
ئېچىلاتتى ۋە كەچ كىرگەندە يەنە شۇ تەرىقىدە تاقىلاتتى -
دە، ھېچقانداق كىشىنىڭ كىرىپ - چىقىشى مۇمكىن ئەمەس
ئىدى، شەھەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى خۇددى قەلئەگە ئوخ-
شايتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن مۇدا-
پىئە قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى.

شەھەرلەر ئومۇمەن چوڭ ئەمەس ئىدى، ئادەتتە ئاھا-
لىسى 4000—5000 كىشىدىن ئاشمايتتى. 20 مىڭ ئاھالىگە
ئىگە شەھەرلەر ناھايىتى چوڭ شەھەرلەر ھېساپلىناتتى. بۇ ھال
شۇ چاغدىكى مىليون ئاھالىگە ئىگە تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەخ-
تى چاڭئەندىن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنەتتى.



ئوتتۇرا ئەسىر شەھەرلىرىنىڭ تاشقى مەنزىرىسى

شەھەرلەردە ئاھالە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن قىستاڭچىلىق ئىدى. تار ھەم ئەگرى كوچىلارنىڭ ئىككى تە-رىپىدە قاتار - قاتار ئىمارەتلەر بولۇپ، بەزىلىرى 5 — 4 قەۋەتلىك ئىدى. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ تولىسى بىر بىرىگە چىشلىشىپ ئۈستۈنكى قەۋەت ئاستىنقى قەۋەتتىن تومپاقراق ئى-دى. ئىككى تەرەپتە روبىرو تۇرغان بىنالار بىر بىرىگە ناھايى-تى يېقىن بولغاچقا، قۇياش نۇرىنى توساۋالاتتى - دە، كوچىلار قاراڭغۇ بولاتتى. ئۇ چاغلاردا ئىمارەتلەرنىڭ تولىسى ياغاچ-تىن سېلىناتتى، ئۆگزىلەرگە قېلىن شاخ - سامان سېلىناتتى. چاقماق تاش بىلەن ئوت يېقىشقا ۋاقىت كۆپ كەتكەنلىكتىن، ئاھالىلەر «ئوت ئۆچۈرۈش» سىگنالى چېلىنغاندىن كېيىن، ئوتنى كېچىچە كۆلگە كۆمۈپ قوياتتى، كەچلىرى مەشئەل يېقىپ ئۆيىنى يورۇتاتتى. شۇڭا دائىم ئوت كېتىش ۋەقەسى

كۆرۈلۈپ تۇراتتى ھەمدە ئوت ئاپتى يۈز بەرگەن ھامان پۈتكۈل تۇرالغۇ رايون كۆيۈپ كېتەتتى.

شەھەرنىڭ ئادەتتىكى كوچىلىرى توپا يول بولۇپ، ئاۋات كوچىلارغىلا شېغىل تۆكۈلەتتى. ھارۋىلىقلار، ئاتلىقلار، پىيادىلەر بۇ ئىگىز ـ پەس كوچىلاردا بىر بىرىگە سوقۇلۇپ تۇراتتى. كوچىلار ئەخلەت ـ چاۋا، چاڭ ـ توزاڭغا تولغان بولۇپ، يامغۇر ياققان ھامانلا لاي يۇندىغا ئايلىناتتى ـ دە، شۇ تۆپەيلى پات ـ پات يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقىلاتتى، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى ئۆرلەپ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى قىسقىراپ كېتەتتى.

شەھەردە بىردىن بىر كەڭ جاي — بازارلار ئىدى. كەڭرەك بوش جايلار تولاراق شەھەر مەركەزلىرىدە بولاتتى. بازار ئەتراپىدا شەھەرلىك پارلامېنت، دۇكان، ئايلانما كارىدور ۋە تۆرلۈك يايمىچىلار بولاتتى؛ پۈتۈن شەھەرنىڭ ئاھالىلەر كېڭىشى، ئەنزىلەرنى سوتلاش، گۇناكارلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش ئىشلىرى مۇشۇ جايلاردا ئېلىپ بېرىلاتتى. يىل بويى تەخمىنەن 100 يەكشەنبە ھەم بايرام كۈنى بولۇپ، كىشىلەر بۇ يەردە پاراڭ سېلىش، خەۋەر ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولاتتى. شۇڭا بۇ جاي ئەڭ ئاۋات جاي ھېساپلىناتتى.

شەھەرلەرگە ئاساسەن قول سانائەتچىلەر ئولتۇراقلاشقان ئىدى. نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ كوچىلىرىغا شۇلارنىڭ كەسپى بويىچە نام بېرىلگەن ئىدى. مەسىلەن، كۆنچىلەر كوچىسى، مىسكەرلەر كوچىسى، زەرگەرلەر كوچىسى قاتارلىقلار. ئەملە

يەتتە، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا شەھەرلىرىنى شۇلار بەرپا قىلغان ئىدى.

مىلادى 5 - ئەسىردە غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە، غەربىي ياۋروپادا شەھەر يوق دېيەرلىك ئىدى. قۇللۇق تۈزۈمى دەۋرىدە راۋاجلانغان شەھەرلەر خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، بەزىلىرى مۇداپىئە بازىلىرىغا ئايلانغان، بەزىلىرى فېئودال پادىشالارنىڭ ياكى ئېپىسكوپلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىغا ئايلانغان، بەزىلىرى خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى راۋاجلانغانلىقتىن، قول سانائەت، يېزا ئىگىلىكىدىن ئايرىلىپ چىققان ئىدى، قول سانائەتچىلەر بازارلاردا ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى ساتاتتى. ئۇلار ھەمىشە سۇ ھەم قۇرۇقلۇق قاتنىشى قولايلىق، ئاھالىسى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارغا بېرىپ بازار قىلاتتى، سەييارە سودىگەرلەرمۇ باشقا جايلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا ئېلىپ كېلىپ ساتاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قول سانائەتچىلەر بۇ جايلاردا دۇكان ئاچاتتى، سودىگەرلەرمۇ پەيدىن پەي بۇ يەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ سودا دۇكانلىرىنى ئاچاتتى. شۇنىڭ بىلەن بازارلار بارا - بارا ئاۋاتلىشىپ شەھەرگە ئايلاندى. غەربىي ياۋروپادا سودا - سانائەتنى مەركەز قىلغان بۇنداق شەھەرلەر مىلادى 10 - ئەسىردىن كېيىن ئاندىن بارلىققا كەلدى.

گۈللىنىۋاتقان شەھەرلەر زور تۈركۈمدىكى يانچىلار ھەم يانچىلىق مەۋقەسىدىكى قول سانائەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇلار قۇلدارلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ھەم زۇلمىغا چىدىيالماي، يېزىلاردىن شەھەرگە قېچىپ كېلىپ ئولتۇراق-

لاشتى، بۇنىڭ بىلەن شەھەرلەر كۆنسايىن راۋاجلاندى. يېزى-
لاردىكى فېئودال قورۇق ئىگىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى بول-
مىغاچقا، يانچىلار قېچىپ كەتكەن ھامان ئۇلارنى ئىگىلىرى
قوغلاپ يۈرمەيتتى. بىراق شەھەرلەردىكى قول سانائەتچىلەر
ئاۋالقىدەكلا شەھەردىكى قۇلدارلارنىڭ يانچىلىرى بولغاچقا،
ئۇلار يەنىلا قۇلدارلارغا باج - سېلىق تاپشۇراتتى. بىر كەسپ-
تىكى قول سانائەتچىلەر ئۆز مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش
ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ بىرلەشمىسى — كەسپداشلار ئۇيۇشمىلى-
رىنى قۇردى. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان كۆنچىلەر، مىسكەرلەر، زەرگەر-
لەر... قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىر شەھەردە نەچچە ئونلاپ،
بەزى چوڭ شەھەرلەردە نەچچە يۈزلەپ كەسپداشلار ئۇيۇش-
مىلىرى بار ئىدى. 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا پارىژدا 300
دىن ئارتۇق كەسپداشلار ئۇيۇشمىسى بار ئىدى.



ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىر دۇكان

ھەر بىر قول سانائەتچى مەلۇم كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىغا تەۋە بولۇشى شەرت ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇنىڭ شەھەردە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقى بولمايتتى. ھەر بىر كەسپداشلار ئۇيۇشمىسى ئۆز باشلىقىنى سايلاپ چىقاتتى ۋە ئۇيۇشما ئورگىنىنى تەسىس قىلاتتى. ئۆزئارا رىقابەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كەسپداشلار ئۇيۇشمىسى ئۇيۇشما ئەزالىرىنىڭ ناچار مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلىشىگە كۆپ مىقداردا خام ماتىرىيال توپلىۋېلىشىغا، بەلگىلىمىدىن تاشقىرى نىمكا ھەم شاگىرت يالللىۋېلىشىغا ھەمدە دەرىزە ئالدىغا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان تاۋارلارنى تىزىپ قويۇشقا ياكى باشقا دۇكان ئالدىدا تۇرغان خېرىدارلارنى ئۆز ئالدىغا چاقىرىۋېلىشقا يول قويماسلىق ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىراتتى. كەسپداشلار ئۇيۇشمىسى كەسپنى بېجىرىش بىلەن بىللە، يەنە ھەربى تەشكىلات بولۇپ شەھەرنى قوغداش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە، قۇلدارلار ھەتتا پادىشالارغا قارشى يۈز نەچچە يىللاپ كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق كۆپ ساندىكى شەھەرلەر مۇستەقىللىققە، ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشتى، بارلىق شەھەر ئاھالىسى ئەركىن كىشىلەرگە ئايلاندى. يانچى بولغان تەقدىردىمۇ شەھەردە بىر يىل بىر كۈن تۇرسا ئەركىنلىككە ئېرىشەتتى. ئۇلار شەھەرلىك پارلامېنت قۇرۇپ، شەھەر باشلىقىنى (بەزى شەھەرلەردە ھاكىمىيەت باشقۇرغۇچى) ۋە سوتچىلارنى سايلىدى، پۇل ياسىدى ھەمدە بىرلىككە كەلگەن قوشۇن تەشكىللىدى.

شەھەرلەرنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، سودا پائالىيەتلى-

رىمۇ كۈنسايىن جانلاندى. ھەرقايسى ئەللەر ۋە شەھەرلەر-
نىڭ سودىگەرلىرى ئۆزئارا بازار قىلىشاتتى. ئۇلار بازارلارغا
نۇرغۇن مال ھەم پۇللارنى ئېلىپ كېلەتتى. لېكىن، ھەر بىر
قولدار ھەم شەھەر ئۆز ئالدىغا پۇل ياسىغاچقا، پۇللارنىڭ
نامى، رەڭگى ھەم ئېغىرلىقى ئوخشىمايتتى. شۇڭا بارلىق پۇل-
لار سودىدا ئالماشتۇرۇش قىممىتى جەھەتتىن قاتتىق تەكشۈ-
رۈشتىن ئۆتكۈزۈلەتتى. يىراقتا، چوڭ تىپتىكى كۈمۈش، مىس
پۇلنى ئاپىرىش قولايسىز ھەم بەك خەتەرلىك بولغاچقا، قو-
راللىق قوغداپ بېرىشقا توغرا كېلەتتى، شۇڭا، سودىگەرلەر
ئۆز شەھەرلىرىدە پۇللىرىنى پۇل ئالماشتۇرغۇچىلارغا بېرىپ،
ئالماشتۇرغۇچىلارنىڭ ھۆججىتىنى ئېلىپ، شۇ ھۆججەتكە
ئاساسەن يەنە شەھەردە يەرلىك پۇلغا تېگىشەتتى. شۇنداق
قىلىپ پۇل ئالماشتۇرۇش كەسپى بارلىققا كەلدى، بۇ خىل ھۆججەت
«پېرېۋوت چېكى» بولدى. بەزىدە سودىگەرلەرمۇ ئالماشتۇرغۇ-
چىلاردىن پۇل ئۆتنە ئالاتتى، پۇل ئۆتنە ئالغۇچى قايتۇرۇش
ۋاقتى چەكلىمىسى يېزىلغان چەكنى ئېلىپ، ۋاقتى توشقاندا
پۇلنى ۋە ئۆسۈمنى قايتۇراتتى. شۇنداق قىلىپ پۇل ئالماش-
تۇرغۇچىلار بانكىلارغا ئايلاندى، شەھەرلەردە بانكىلارمۇ پەيدا
بولۇشقا باشلىدى. «بانكا» شۇ چاغدىكى ئىتالىيان تىلىدا ئالماش-
تۇرغۇچى ئولتۇرغان ئورۇندۇق دېگەن مەنادا ئىشلىتىلگەن بولۇپ،
كېيىنچە كەڭ مەنادا قوللىنىلغان. بىراق، ئۇ چاغلاردىكى
دىنىي جەمىيەتلەر ئۆسۈمگە قەرز بېرىپ پايدا ئېلىشنى قاتتىق
چەكلىگەچكە، بەزى سودىگەرلەر بۇ چەكلىمىدىن قېچىش
ئۈچۈن، ئۆسۈمگە قەرز بەرگۈچىلەردىن پۇل ئۆتنە ئېلىپ،
پايدىسىنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۆلىشەتتى. «ھەسسىدارلىق

شىركىتى» ئەنە شۇنىڭدىن پەيدا بولغان ئىدى. چەتئەل
شەھەرلىرىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر دۆلەت تەۋەلىگىدىكى سودىگەر-
لەر ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر كىشىنى مەمۇرى ئىشلارنى بىر
تەرەپ قىلىش، ھۆكۈم قىلىشقا ھەمدە ئۇلارغا ۋاكالىتەن بۇ
شەھەرنىڭ باشلىقى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىشقا كۆرسەتتى.
بۇنداق خادىملار «كونسۇل» دەپ ئاتىلاتتى. شۇندىن تارتىپ
«كونسۇل» تۈزۈمى بارلىققا كەلگەن ئىدى.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي ياۋروپا شەھەرلىرىنىڭ گۈللى-
نىشى ھەم راۋاجلىنىشى يېزىلارنىڭ تەبىئى ئىگىلىگىگە ناھا-
يىتى زور بۇزغۇنچىلىق رولىنى ئوينىدى. فېئوداللار شەھەر-
لەرنىڭ قول سانائەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشقا ھەم شەرقتىن
كەلگەن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى، مەسىلەن، تاۋار - دۇر-
دۇن، گۆھەر، دورا ماتېرىياللىرى، قارىمۇچ، دارچىن قاتارلىق
خۇشپۇراق دورا - دەرمەكلەرنى سېتىۋېلىشقا ئېھتىياجلىق بول-
غاچقا، ئۇلاردا پۇلغا بولغان جىددى مۇھتاجلىق تۇغۇلدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەر ئىجارىسى ئۈچۈن ھاشارغا ئىشلىتىش
ۋە ماددى نەرسە تۆلەشنى پۇل تۆلەشكە ئۆزگەرتتى. دىخانلار
پۇل بىلەن يەر ئىجارىسىنى تۆلەش ئۈچۈن، دائىم قەرزگە
بوغۇلدى. نەتىجىدە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش پەيدا بولدى،
كۆپ ساندىكى دىخانلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلاشتى. بۇ
سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، 14 - ئەسىردىن باشلاپ، غەربىي ياۋ-
روپا ئەللىرىدە زور كۆلەملىك دىخانلار قوزغىلاڭلىرى ئۈزلۈك-
سىز كۆتىرىلدى؛ شەھەر كەمبەغەللىرىمۇ قۇلدارلارنىڭ ئاسارى-
تىدىن قۇتۇلۇش كۈرەشلىرىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇردى.

# ئېپىسكوپ گوتېرىنىڭ ئۆلۈمى

فرانسىيە لانگېدوك شەھەر رايونىنىڭ ئېپىسكوپى گوتېرى، ئەنگلىيىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەنگلىيە پادىشاسىدىن پۇل ئىئانە قىلىشنى تەلەپ قىلىپ بېرىپ، ئىشنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق پۈتتۈرگەچكە، لانگېدوكقا ناھايىتى خوشال قايتتى.



ئېپىسكوپ

بىراق، گوتېرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىققان ئىككى نەپەر ئورۇنباسار ئېپىسكوپنىڭ كۆڭلى دەككە-دۈككىدە ئىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن گوتېرىدىن ھال سورىدى، ئاندىن ئىنتايىن خاۋاتىرلەنگەن ھالدا سۆزلىدى:

— ئېپىسكوپ جاناپلىرى، بىزنى كەچۈرگەيلا! جاناپلىرى يوق بولغاچقا بىز ئۆزلىرىگە — لانگېدوكنىڭ خوجايىنىغا ۋاكا-

لىتەن شەھەر پۇقرالىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئىككى تەرەپ ئەمەل قىلىدىغان بىر كېلىشىم تۈزۈپ قويدۇق.

— نېمە كېلىشىم؟ — ئېپىسكوپ ئىنتايىن قىزىقسىنىپ سورىدى.

— مۇنداق گەپ، — دېدى ئورۇنباسار ئېپىسكوپ خۇش خۇيلۇق بىلەن، — شەھەر پۇقرالىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىز سىلەرگە ھەر يىلى بىر مۇنچە-دىن پۇل تاپشۇرايلى. سىلەر شەھەرنى ئۆزىمىزنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىڭلار، دەپ تەلەپ قويدى. بۇنىڭدىن كېيىن، شەھەرنىڭ باج-سېلىق، ئالۋاڭ-ياساق، ئەدلىيە ۋە مەمۇرىيەتلىرى بىلەن بىزنىڭ كارىمىز بولمايدىغان بولدى، ئېپىسكوپ جاناپلىرى ئۆزلىرىمۇ ئارامخۇدا ئولتۇرىدىغان بولدىلا.

ئەسلىدە، 12- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى فرانسىيە پادىشالىقىدا شەھەرلەر فېئوداللارنىڭ ئىلكىدە ئىدى، شەھەر پۇقرالىرى بىردەك فېئوداللارنىڭ قول ئاستىدىكى يانچىلار ھېساپلىناتتى. ئېپىسكوپلار ھەم فېئوداللاردىن بولۇپ، شەھەرلەر شۇلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. فېئوداللار كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شەھەر پۇقرالىرىنى شىلىۋېلىشقا ھەرقانداق ۋاستىلەرنى ئىشقا سالاتتى. شۇڭا، شەھەر پۇقرالىرى فېئوداللارغا غايەت كۆپ پۇل تۆلەش بەدىلىگە شەھەر كوممۇناسى دېگەن بۇ ئىجتىمائىي تەشكىلاتنى قۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئىختىيار قىلىشقان ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىق شەھەرنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەركىن شەھەرگە ئايلاندۇرۇش يولىدىكى بۇنداق كۈرەش، شەھەرلەر تەرەققىياتىدا ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما، گوتېرنىڭ

قارشىچە ئەقىلغە سىغمايدىغان يولسىزلىق، ئۇنىڭ ئىناۋىتى ۋە مەنپەئەتىگە ناھايىتى زور دەرىجىدە زىيان يەتكۈزىدىغان يامان ۋەقە تۇيۇلغاچقا، ئورۇنباسار ئېپىسكوپنىڭ سۆزى تۈگىگەن ھامان ئۇ تەرىپنى بىر تۈردى-دە، غەزەپ بىلەن كايىپ كەتتى:

— بۇرنىڭلار قاپتەك بولۇپ كېتىپتۇغۇ! مۇشۇنچىۋالا زور ئىشنى، مەن يوق چاغدا ئۆز ئالدىڭلارغا بىر تەرەپ قىلىۋەتسەڭلار بولامدۇ! بۇنى مەن ئېپىسكوپقا تولۇق مەلۇم قىلىپ، سىلەرنى جاۋاپكارلىققا تارتقۇزىمەن!

— خاپا بولمىسىلا ئېپىسكوپ جاناپلىرى، — دىدى ئورۇنباسار ئېپىسكوپ بوش كەلمەي، — بۇ راست دىگەندەك زور ئىش، ئەمما، شەھەر پۇقرالىرىنىڭ كوممۇنا قۇرۇشىغا، شەھەرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا يول قويۇش بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ تۇنجى ئىجادىيىتى بولماستىن، بۇرۇنمۇ بولغان، كانبورى، سېن - كانتېن شەھەرلىرىمۇ شۇنداق قىلدىغۇ؟ يەنە ئېيتايلۇق — پادىشا ئالىيلىرىمۇ شەخسەن ئۆزى ئۇلارنىڭ بۇ ھوقۇقىغا كېپىللىك قىلىمەن دەپ قەسەم ئىچتى. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇلارنىڭ پادىشا ئالىيلىرىغا ئىززەت - ئىكرام بىلەن قىلىۋاتقان سوغاتلىرىمۇ ناھايىتى مول ئىكەن...

ئېپىسكوپ، لانگېدوك شەھىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىغا پادىشانىڭمۇ قوشۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ بىر ھازاغىچە داڭقېتىپ قالدى. ئورۇنباسار ئېپىسكوپ ئۇنىڭغا شەھەر پۇقرالىرىنىڭ ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تاپشۇرغان پۇلنىڭ سانلىق مەلۇماتىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئاخىرى ئاچچىغىدىن سەل - پەل ياندى ۋە ھايالسىز

پادىشاغا ئۈزلىشىش كومموناننىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىنى قوغداشقا قەسەم ئىچتى.

ئەمما، ئېپىسكوپ گوتىرى، كۆزى تويماس نەپسى بالا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، لەۋزىدە تۇرمايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇ شەھەر پۇقرالىرىنىڭ پۇللىرىنى سۈپۈرۈۋېلىپ، ئۇلارغا يېڭى سىرتماق سېلىش ئۈچۈن، كوممۇناغا بۇزغۇنچىلىق سېلىش سۈيىقەستىنى يۈرگۈزۈشكە كىرىشتى.

بۇ ئىش ئەلۋەتتە پادىشانىڭ ماقۇللۇغىدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. 1112 - يىلى ئەتىيازدا، ئېپىسكوپ گوتىرى، پادىشانى لانگېدوك شەھىرىگە كېلىپ، خىرىستوسنىڭ قازا تاپقانلىغىنى خاتىرىلەش ھەيتلىگى (خىرىستىيان دىنىنىڭ خىرىستوسنىڭ كىرىست جازىسىغا مىخلانغانلىغىنى خاتىرىلەش ھەيتلىگى) مۇراسىمىغا قاتنىششقا تەكلىپ قىلىپ، پادىشانى بۇرۇنقى قەسىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، كوممۇنانى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شەھەر ھوقۇقىنى بۇرۇنقى دائىرىگە قايتۇرۇشقا كۈشكۈرتتى. شەھەر پۇقرالىرى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئادەم ئەۋەتىپ پادىشاغا يەنە كۆپ پۇل بېرىشنى خالايدىغانلىغىنى ئۇقتۇردى ۋە پادىشادىن قەسىمىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، ئېپىسكوپ ھەم فېئودالLAR پادىشاغا تېخىمۇ كۆپ پۇل بېرىشكە ماقۇل بولدى. نەتىجىدە، ئاچكۆز پادىشا پۇلنى تېخىمۇ كۆپرەك بېرىشكە ماقۇل بولغان تەرەپكە يول قويدى ۋە كېلىشىمنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىغىنى جاكالىدى.

فېئودالLAR، پادىشاغا تۆلەيدىغان شۇنچە كۆپ پۇلنى قانداق تەييارلاپ بولۇشتىن ئەنسىرىدى، لېكىن ئېپىسكوپ

مەيدە قېقىپ ئۇلارنى ئەنسىرىمەسلىككە دەۋەت قىلدى.

— ئەگەر مەن قەسسىمنى ئىشقا ئاشۇرالمىسام، سىلەر مېنى پادىشانىڭ زىندىنىغا تاشلاڭلار، — دېدى ئۇ، — كىم كوممۇنانى قۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك پۇل چىقارغان بولسا، كوممۇنانى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈنمۇ شۇنچىلىك پۇل چىقارسۇن!

بۇ خەۋەر تېزلىكتە پۇقرالارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ باردى. شەھەردە دەرھال پاراكەندىچىلىك باشلاندى. بارلىق ھۆكۈمەت خادىملىرى خىزمەت توختاتتى، دۇكان - رەستىلەرنىڭ دەرۋازىلىرى چىڭ تاقالدى. كۆپچىلىك ئېپىسكوپ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنى زورلۇق كۈچى بىلەن بەربات قىلىشقا بەل باغلىدى.

پاسخا بايرىمى (خرىستىيان دىنىدا ئەيسانىڭ تىرىلگەنلىكى خاتىرىلىنىدىغان كۈن) نىڭ ھارپىسى كەچتە لانگېدوك شەھەر باشلىقى پۇقرالارنىڭ توپىلاڭ قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئېپىسكوپ گوترىغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنى ئەتىسى چېركاۋغا ئىبادەتكە بارماسلىققا ئاگاھلاندۇردى. غالجىرلاشقان ئېپىسكوپ: «تۇفى! مەن مۇشۇ ئەبلەخلەرنىڭ قولىدا ئۆلەمدىمەن؟» دەپ ۋاقىرىغان بولسىمۇ، بىراق ئەتىسى يەنىلا چېركاۋغا بېرىشقا پېتىنالمىدى.

پاسخا بايرىمىنىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئېپىسكوپ گوترى ئۆيىدە ئورۇنباسار ئېپىسكوپلار بىلەن شەھەر پۇقرالىرىدىن سېلىقنى قانداق قىلىپ يىغىۋېلىش توغرىسىدا مەسلىھەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، تۇيۇقسىز سىرتتىكى كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى، «كوممۇنا! كوممۇنا!» دەپ ۋاقىراشلىرى

ئاڭلاندى. ئۇزاق ئۆتمەي، قوللىرىغا قىلىچ، خەنجەر، ئوق-يا،
كالتەك ۋە نەيزە ئالغان شەھەر پۇقرالىرىنىڭ قوشۇنى ئېپىس-
كوپنىڭ قوراسى ئالدىغا بېسىپ كەلدى. ئېپىسكوپنىڭ مۇھا-
پىزەتچىسى قولىغا قالقان - نەيزىلىرىنى ئېلىپ ھويلىنىڭ
بوسۇغىسىدىن ئاتىلدى - يۇ، ئايپالتا تېگىپ يەرگە يىقىلدى؛
بىر فېئودال قوراغا كىرمەكچى بولۇۋىدى، دۈمبىسىگە بىر
نەيزە كېلىپ سانچىلدى؛ يەنە بىر ياساۋۇل ئېلىشىپ تۇرۇپ
كەينىگە چېكىنمەكچى بولۇپ يارىلاندى ۋە ئاخىرى ئوق تې-
گىپ ئېپىسكوپنىڭ زىياپەت شىرەسى يېنىغا يىقىلدى. قورال-
لانغان پۇقرالار قوشۇنى ئوت قويدى ۋە ئېپىسكوپقا سادىق
بولۇپ قۇربان بولغانلارنىڭ جەسىدىنى گۆرۈلدەپ كۆيۈۋات-
قان ئوت ئىچىگە تاشلىدى.

ئېپىسكوپنى قوغدىغۇچىلار ئامالنىڭ بېرىچە قايتۇرما
زەربە بەردى ۋە ھۇجۇم قىلغۇچىلارغا تاش - توقماقلارنى
ئېتىپ تۇردى - يۇ، ئەمما پۇقرالار تەرىپىدىن ناھايىتى تېزلىكتە
يوقىتىلدى. ئېپىسكوپ، ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، دەر-
ھال چاكارچە ياساندى ۋە يەر ئاستى ئۆيىدىكى ھاراق كۆپ-
لىرى لىقمۇ لىق بېسىلغان بىر كىچىك ئۆيگە مۆكۈۋالدى
ھەمدە بىر چاكىرىغا ئىشىكنى قاتتىق تاقىتىۋەتتى.

— ئالدامچى ئېپىسكوپنى تېز تۇتايلى! — غەزىۋى
ئۆرلىگەن كىشىلەر ۋاقىراشقان پېتى تەرەپ - تەرەپتىن ئۇز
رەقىبىنى ئاختۇردى، ئەمما، ئېپىسكوپنىڭ قارىسىنىمۇ

ئۇچرىتالمىدى.

غەزەپتىن ئۆرتەنگەن كىشىلەر، ئېپىسكوپقا ھەزى بولغۇچى ھىلىقى چاكارنى تاپتى. ئەمما ئۇ ئېپىسكوپنىڭ قەيەرگە مۆكۈنۇۋالغانلىقىنى ئېيتىپ بەرمىدى.

دەل شۇ چاغدا ئېپىسكوپنىڭ كوممۇنا تەرەپكە ئۆتكەن بىر چاكىرى يەر ئاستى ئۆيىگە بېرىپ ئىزلەشنى تەكلىپ قىلدى. ئۇ يەر ئاستى ئۆيىگە كىرىپ ھاراق كۆپلىرىنى بىر بىرلەپ ئېچىپ، بىر كۆپ ئىچىدىن ئېپىسكوپنى تېپىۋالدى. ئۇ كۆپنىڭ ئاغزىنى ئاچقاندا، ئېپىسكوپ گوتىرى قورققىنىدىن تىترەپ ئاقىرىپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى مىڭ تەسلىكتە مىدىرلىتىپ: «ئەسىر مۇشۇ يەردە» دېدى، ئاندىن بىر ئالىيىپ قاراپ غەزەپ بىلەن «سەن، بۆرى!» دېدى.

«ئوھوي، ئېپىسكوپ جاناپلىرى مۇشۇ يەردە ئىكەن!»

ئېپىسكوپنىڭ كوكۇلىسىدىن تارتىپ كۆپتىن چىقىرىشتى ۋە تالادىكى كىچىك يولغا سۆرەپ كېلىندى. ئېپىسكوپ كۆپچىلىككە قانچە يالۋۇرۇپ، قەسەم ئىچىپ، بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ ئېپىسكوپ بولمايدىغانلىقىنى، جىق پول تۆلەيدىغانلىغىنى ھەم لانگېدوك شەھىرىدىن كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يانچىلار بۇ لەۋزىدە تۇرمايدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان، ۋەھشى بۆرىگە رەھىم قىلماسلىقنى قارار قىلدى. بىر يانچى شۇ ھامان ئايپالتا بىلەن ئېپىسكوپنىڭ كاللىسىغا قاتتىق چاپتى، يەنە بىرى قىلىچ بىلەن

ئېپىسكوپنىڭ بارمىقىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئۈزۈكىنى ئېلىۋالدى. لانگېدوك شەھىرىدىكى بۇ ئەڭ كاتتا ئەرباپنىڭ جەسىدى قىپ - يالىڭاچلىنىپ يولغا تاشلىۋېتىلدى. جەسەتنىڭ يېنىدىن ئۆتكەنلىكى ئادەم تاش چالما ئاتتى، قاغاپ تۆكۈردى، ئۇنى دەپنە قىلىش ھېچكىمنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىدى.

كېيىن لانگېدوك پۇقرالىرى يەنىلا پادىشا تەرىپىدىن باستۇرۇلدى، يېڭى تەيىنلەنگەن ئېپىسكوپ مۇنداق دەپ ۋەز ئېيتتى: «سانكت پېتىر (خىرىستىيان ئىنجىلىنىڭ ھېكايىسىدە ئېيتىلغان ئەيسانىڭ 12 مۇرىدىنىڭ بىرى) قۇل ئۆز خوجايىنىغا ھېيىققان ھالدا بوي سۇنۇشى كېرەك، دېگەن ئىدى. يانچىلار خۇدا ۋە ئىنسانلارنىڭ پەرمانىغا قارىماي، كوممۇنادا زورلۇق كۆچى بىلەن خوجايىنىنى قانۇنىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلسا، دىندىن چىقىرىلىدۇ، جازالىنىدۇ!»

لېكىن، لانگېدوك پۇقرالىرى يېڭى ئېپىسكوپنىڭ گەپلىرى بىلەن كارى بولماي، داۋاملىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. ئاخىرىدا يېڭى ئېپىسكوپ يول قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ، شەھەرنى پۇقرالارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىدارە قىلىشىغا ماقۇل بولدى، «كوممۇنا»نىڭ نامىنىلا «تېچلىق ئورگىنى» دەپ ئۆزگەرتىپ قويدى. پادىشاھ شەھەر ئاپتونومىيىسىنىڭ فېئودالLارنىڭ مۇستەقىل بولۇۋېلىشىغا قارشى تۇرۇشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، پادىشالىق ھوقۇقىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈلۈشىنى كۈچەيتىدى-

غانلىغىنى تونۇپ يەتتى - دە، 1128 - يىلى بۇ يول قو-
يۇش تەدبىرىنى تەستىقلىدى، شۇ پەيتى ئىككى ئەسىر ئۆت-
كەندىن كېيىن، ئۇنى فرانسىيە پادىشاسى ئەمەلدىن
قالدۇردى،



## پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، غەربىي ياۋروپانىڭ مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرى تولىمۇ ئارقىدا ئىدى. ئادەتتىكى پۇقرالار پۈتۈنلەي ساۋاتسىز، چەۋەندازلار ئومۇمەن قارا قوساق، ئاقسۆڭەك ۋەزىرلەرمۇ ئىنتايىن بىلىمسىز ئىدى. ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھۆججەت - ئۇقتۇرۇشلىرى، دىپلوماتىيە مەكتۇپلىرى پۈتۈنلەي لاتىن يېزىقىدا يېزىلاتتى، بۇ يېزىقنى ئەينى زاماندىكى دىن تارقاتقۇچىلاردىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. مەدەنىيەت، مائارىپ تامامەن دىنىي جەمئىيەت تەرىپىدىن مونوپول قىلىناتتى.

شەھەرلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە سودا - سانائەتنىڭ كۈنسايىن گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، بارا - بارا شەھەر مەكتەپلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ مەكتەپلەر كېيىنكى كۈنلەردە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئاساسى بولدى.

غەربىي ياۋروپادىكى قەدىمىي ئۇنىۋېرسىتېتلار ئىچىدە ھەممىدىن مەشھۇر ۋە تىپىك بولغىنى فرانسىيەدىكى پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىدى.

پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى 12 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان ئىدى. 1200 - يىلى فرانسىيە پادىشاسى فىلىپپ II يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇنىۋېرسىتېت بەلگى-

لىگەن قائىدە - ئىزاملارنى تەستىقلىدى، شۇنىڭ بىلەن پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى رەسمىي دۇنياغا كەلدى.

پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى ناھايىتى تېزلىكتە ياۋروپانىڭ جاي - جايلىرىدىن ئوقۇشقا كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ توپلىنىش مەركىزىگە ئايلاندى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر مەزگىل پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 50 مىڭدىن ھالقىپ كەتكەن ئىكەن. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بۇنچىۋالا كۆپ ياشلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالىشىدىكى سەۋەپ شۇ ئىدىكى، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مۆتىۋەرلەر قاتارىغا كىرىپ، نۇرغۇن ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولاتتى: باج تاپشۇرمايتتى، يەنى دىنىي جەمىيەت شەرىئىتىدە سوراق قىلىنغاندىن باشقا، دۆلەتنىڭ قانۇن چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايتتى. پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىدىمۇ ئوقۇ - ئوقۇتۇش، غەرپتىكى باشقا ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئوخشاش لاتىن تىلىدا ئېلىپ بېرىلغاچقا، ياۋروپا ئەللىرىدىكى لاتىن تىلىنى پۇختا بىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىۋېرەتتى.

پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرلىشىشىدىن تەركىپ تاپقان ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، كىتاپپۇرۇشلار، پوچتىكەشلەر، دورىگەرلەر، خەتتاتلار ھەتتا مېھمانخانا خوجايىنلىرىمۇ ئۇنىۋېرسىتېت خادىملىرى ھېساپلىناتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيەتلىرىگە قاراپ، يەنى مەلۇم پەنلەردىن دەرس بېرىش ئىقتىدارلىرى بويىچە ئوخشاشمىغان كافېدىرالارغا تەشكىللىنەتتى. ھازىرقى زامان ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى «پاكۇلتېت» دىگەن سۆز لاتىن تىلىدىكى «ئىقتىدار» دىگەن سۆزدىن كەلگەن؛ بۇنىڭ ئىچىدىن تاللان-

غان «بىرىنچىلىرى» ياكى «خىزمەتچى» لەر ھازىرقى «پاكۇل-
تېت مۇدىرى» ئورنىدا ئىدى.
ئۇ چاغدا، ئۇنىۋېرسىتېت بويىچە ئەدەبىيات - سەنئەت،
تىبابەت، قانۇن ۋە ئىلاھىيەتلەردىن ئىبارەت تۆت خىل پەن
ئوقۇلاتتى. ئەدەبىيات - سەنئەت ئادەتتىكى پەن ھېساپلىنىپ،
بۇنىڭدا يەتتە خىل دەرس: گىراممانتىكا (جۈملىدىن لاتىن
تىلى ۋە ئەدەبىيات)، دىيالېكتىكا (لوگىكا)، ئىستىلىستىكا
(جۈملىدىن نەسرى، شېئىرىيەت مەشقلىرى ۋە قانۇن بىلىملىرى)،
گېئومېترىيە (جۈملىدىن جۇغراپىيە، تەبىئەت تارىخى)، ھېساپ،
مۇزىكا، ئاسترونومىيە (جۈملىدىن فىزىكا ۋە خىمىيە) لەر
ئۆتۈلەتتى. بۇ پەننى ئۆگىنىدىغانلارنىڭ سانى ھەممىدىن
كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، باكلاۋېر
ئۇنۋانىغا ئىگە بولاتتى. قالغان ئۈچ خىل پەن ئالى دەرىجە-
لىك پەن بولۇپ، بۇ پەندە ئوقۇشقا ئادەتتىكى پەنلەرنى
ئوقۇپ تۈگەتكەنلەرلا كىرەلەيتتى ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن
كېيىن ماگىستېر ئۇنۋانىغا ئىگە بولاتتى. ئۇنۋانغا ئىگە بول-
غاندىلا ئاندىن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا
ئىگە بولالايتتى. بىراق ئىلمىي ئۇنۋانغا ئىگە بولىدىغانلار-
نىڭ سانى كۆپ بولمايتتى: باكلاۋېر ئۇنۋانىغا ئىگە بولىدى-
غانلار ئۈچتىن بىر بولسا، ماگىستېر ئۇنۋانىغا ئىگە بولالايدىغان-
لار 16 دىن بىر بولاتتى.
ئوقۇغۇچىلارمۇ تۇغۇلغان يۇرتلىرى بويىچە «قارىخانا»
دەپ ئاتالغان تەشكىلاتلارغا بۆلۈنەتتى ۋە بۇ تەشكىلاتلار-
نىڭ ئۆز ئالدىغا ياتاق، ئاشخانا، دەرسخانىلىرى ھەممە
ياتاق مۇپەتتىشلىرى بىلەن ئۇستازلىرى بار ئىدى. كېيىنكى



ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىسى دەرس بەرمەكتە

كۈنلەردە بۇنداق «قارىخانا» لار تەرەققى قىلىپ «ئىنستىت-
ۇت» قا ئايلاندى ۋە ياكى هازىرغىچە قوللىنىپ كەلدى.

ئوقۇغۇچىلار هەر كۈنى ئەتىگەندە ئىبادەتخانىغا كىرىپ
ئىبادەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، دەرسخانىغا كىرىپ دەرس
ئوقۇيتتى. ئۇلارنىڭ ئوقۇش ئۇسۇلى ئاساسەن لېكسىيە ئاڭ-
لاش، خاتىرىلەشتىن ئىبارەت ئىدى. دەرسلىكلىرى بولسا
قەدىمدىن قېپقالغان مەشهۇر ئەسەرلەر ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئۇ
ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چۈشەندۈرەتتى - يۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇلار-
دىن شۈبهىلىنىشىگە رۇخسەت قىلمايتتى. شۇنداقلا كەمدىن
كەم تەجرىبە قىلىپ بېرەتتى. ئوتتۇرا ئەسىردە ئادەمنى
ئوپېراتسىيە قىلىش مەنئى قىلىنغاچقا، هەتتا تىبابەتچىلىك

مەسىلىلەردىمۇ ئاناتومىيىلىك ئوپېراتسىيىدىن ئىبارەت زۆرۈر تەجرىبىلەرمۇ ئېلىپ بېرىلمايتتى. ئاناتومىيىگە ئائىت بەزى بىلىملەر ئەرەپچە تىببى كىتاپلاردىن ئېلىناتتى.

ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى ھەممىدىن بەك قىزىقتۇرىدىغىنى مۇنازىرە يىغىنلىرى ئىدى. ئىلمىي ئۇنۋانغا ئىگە بولماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلار ئاشكارا مۇنازىرىلەرگە قاتنىششى كېرەك ئىدى. پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ ھەمىشە مۇنازىرە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇنداق مۇنازىرە يىغىنلىرىغا ئاساسلىغى شۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار قاتنىشاتتى. بەزى چاغلاردا يەنە باشقا ئۇنىۋېرسىتېتلاردىمۇ ئوقۇتقۇچىلار تەكلىپ قىلىناتتى. بىر قېتىم ئەنگلىيە ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر ماگىستىرى، پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ مۇنازىرىگە قاتناشقاندا 200 تۈرلۈك قارشى پىكىرنى بىر بىرلەپ تولۇق ئېسىگە ئېلىۋالغان ھەمدە پىكىر تەرتىۋى بويىچە بىر بىرلەپ رەددىيە بەرگەن ئىدى. مۇنازىرە كەيپىياتى ناھايىتى قىزغىن بولاتتى، بەزى چاغلاردا ھەر ئىككى تەرەپ ھاياجاندىن بىر بىرىنى ئىتتىرىشىپ كېتىشەتتى.

خىرىستىيان دىنىي جەمىيىتى ئۆزىگە بوي سۇنمىغان بۇ پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئىنتايىن يامان كۆرەتتى ۋە تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ دىنىي ھوقۇق ئارقىلىق ئۇنى تىزگىنلەيتتى ھەمدە خىرىستىيان ئەقىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلغان ئوقۇتقۇچىلارغا زىيانكەشلىك قىلاتتى. پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئامور ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچىسى «پان ئىلاھچىلىق»تىن ئىبارەت پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: ئىلا-

ھى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق شەيئىلەردە مەۋجۇت بولىدۇ، تەبىئەتتىن ھالقىغان ھېچقانداق خۇدا ۋە مەنىۋى كۈچ بولمايدۇ، دىدى. بۇ ئوقۇتقۇچى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ نۇقتىئىنەزەرنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ: خۇدا، خرىستىيان دىنىي جەمىيىتىنىڭ ھازىر تەشۋىق قىلىۋاتقىنىدەك ئەمەس؛ ئۇ شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك ماھىيەتلىرىدە نامايەن بولىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىشتى ھەمدە دىنىي جەمىيەتنىڭ ھازىرقى ئەقىدە ۋە مۇقەددەس ئەدەپلەر-دىن ۋاز كېچىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ ھۆكۈم ۋە تەشەب-بۇسلار دىنىي جەمىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئۇلىغا بېرىپ تاقاشتى. دىنىي جەمىيەت بۇنى بانا قىلىپ دەھشەتلىك ھالدا باستۇرۇش تەدبىرىنى قوللاندى. 1210 - يىلى دىنىي جەمىيەت سودى، ئامورىنىڭ ئون ئوقۇغۇچىسىغا كۆيدۈرۈش جازاسى «ھۆكۈم قىلدى»، ھەتتا ئامورىنىڭ جە-سىدىنى گۆردىن ئېلىپ چىقىپ كۆيدۈردى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە قەدىمقى گرېك ئالىمى ئارىستوتېلنىڭ مېتافىزىكا ۋە فىزىكىغا ئائىت بارلىق ئەسەرلىرىنى مەنئى قىلىشقا يارلىق چىقاردى. پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى سىگېل بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇتۇۋەرگەنلىكى ئۈچۈن دىنىي شەرىئەت تۈرمىسىگە قامالدى ۋە تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلدى.

13-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى تامامەن دىنىي جەمىيەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بولدى. مەكتەپتىكى نۇرغۇنلىغان مەرىپەتپەرۋەر ئوقۇتقۇچىلار يا دەھشەتلىك زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، ياكى دىنىي جەمى-يەت تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىندى؛ مەكتەپنىڭ ئىلاھىيەت

دەرسى كاتولىك دىنىنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرىغا تاپشۇرۇلدى. ئۇلار ئىسپاتلايدىغان ھايات توغرىسىدىكى سوئاللارنىڭ كۆپىنچىسى ئىنجىلدىن ئېلىنغان نەقىللەردىن ئىبارەت بولۇپ، ھەقىقى بىلىم سۆزلەنمەيتتى؛ ئۇلار تەجرىبىگە تامامەن ئېتىۋارسىز قارايتتى، دىنىي جەمىيەتنىڭ ئىمتىيازىغا تېۋىناتتى، ھۆرىيەتچىلىكنى باستۇراتتى. مانا بۇ — ئاتالمىش «مەدرىس پەلسەپىسى»دىن ئىبارەت.

ياۋروپادا پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن باشقا يەنە ئەڭ قەدىمى ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن ئىتالىيىدىكى بولونىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، ئەنگلىيىدىكى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىسپانىيىدىكى سالامانكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلار بار ئىدى. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتلار 12 - ئەسىردىن 14 - ئەسىرگىچە قۇرۇلغان بولۇپ، 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ياۋروپا بويىچە 40 نەچچە ئۇنىۋېرسىتېت بارلىققا كەلگەن.

# روگېر بېكىن

— بۇرادەر، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا روگېر بېكىن دىگەن بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ بارلىغىنى ئاڭلىغانمىدىڭىز؟ ئۇ ياسىغان مىس باشلىق چوڭ ھەيكەل ھەر قانداق سوئال قويسىڭىز ھەممىسىگە سۇدەك جاۋاپ بېرىدىكەن.

— راستمۇ؟

— راست بولماي، ئۇ تېخى ھاۋانى قاتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئەنگلىيە بوغۇزىدىن ئۆتىدىغان 30 مىل ئۇزۇنلۇقتا بىر دېڭىز كۆۋرۈكى ياساپتۇ، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بولۇپ ھاۋانى ئېرىتىۋەتكەن ئىكەن، كۆۋرۈك ھەدەپ قىسقىرىپ، تارىيىپ، بارا - بارا ...

— ھە، نىمە بولۇپتۇ؟

— پۈتۈنلەي غايىپ بولۇپتۇ.

يۇقۇرقىلار تەجرىبە قىلىشنىڭ بۈيۈك پىرى روگېر بېكىن ھەققىدىكى خىلمۇ خىل سىرلىق رىۋايەتلەر.

ئۇنداق بولسا، روگېر بېكىن زادى قانداق ئادەم، مىس باشلىق چوڭ ھەيكەل، دېڭىز ئۈستىدىكى كۆۋرۈك دىگەنلەر قانداق گەپ؟

روگېر بېكىن، ئەنگلىيىنىڭ 13 - ئەسىردىكى بۈيۈك مۇتەپپەككۇرى ۋە ئالىمى ئىدى، ئۇ ئاۋال ئوكسفورد ئۇنىۋېر-

ىپتىدا ئوقۇپ، ئاندىن ئوقۇتقۇچى بولۇپ پەلسەپەدىن دەرس ئۆتتى. ئۇ چاغدا، دىنىي خۇراپاتلىق ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقتىن ئاللانىڭ نوپۇزىغا چوقۇنۇشقىلا رۇخسەت قىلىناتتى. ھەرقانداق يېڭى پىكىرلەرنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا يول قويۇلمايتتى. شۇنىڭدەك، كىشىلەر قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېلنىڭ ئىلىم - پەن ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان پىرىنسىپ ۋە تەشەببۇسلىرىغا چەكسىز رەۋىشتە ئىلاھىيەتتەك ئېتىقات قىلاتتى. ئەمما، روگېر بېكىن: ئارىستوتېل نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىنى ئىلمىي تەجرىبە ئارقىلىقلا ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى پىروفېسسورلار ئەيىپلىدى ۋە مەسخىرە قىلدى.

— بېكىن ئەپەندى، — دېدى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى ئاگاھلاندۇرۇپ، — سەممىي نەسىھىتىم ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، نوپۇزغا شەك كەلتۈرگىلى بولمايدۇ!

— مۇدىر ئەپەندى، مەنمۇ سىزگە سەممىي نەسىھەت قىلىمەنكى، ئۇ چاغدا ئارىستوتېلدا ئۆز تەشەببۇسلىرىنى ئىسپاتلاپ بەرگۈدەك تەجرىبە سايمانلىرى يوق ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرىنىڭ تامامەن ئىلمىي، نۇقسانسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگىلى بولمايدۇ.

— ئەپەندىلەر، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ كىچىككىنە بىر نېمىنىڭ شۇنچە ئۇلۇغ ئارىستوتېلغا شەك كەلتۈرۈۋاتقىنىنى قاراڭلار، ھا... ھا... بۇ ئاجايىپ بولمىغۇر خىياللاردا بولۇۋاتىدىغۇ دەيمەن!

— ھا... ھا... بولمىغۇر خىيال!

ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئىلىم - پەن پىروفېسسور-

لىرى» قەيسەر بېكىننى ئاشۇنداق مەسخىرە قىلىشتى.
— ھەقىقى بىلىم بىراۋنىڭ نوپۇزىدىن پەيدا بولمايدۇ.
بىر زامانلاردىكى چىرىك ئەقىدىلەرگە چوقۇنۇشقا تېخىمۇ بول-
مايدۇ، — دىدى بېكىن، «ئىلىم - پەن پەروفېسسورلىرى» غا
تىكىلگەن ھالدا جەسۇرلۇق بىلەن، — ئۇرغۇنلىغان بىلىملەر-
نىڭ سىردىنى نامى ئۇلۇغ كىشىلەر ئەمەس، بەلكى كۆزگە
ئىلىنمىغان كىشىلەر تاپقان. چۈنكى نامى ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ
نام ئۈچۈن قىلىدىغان ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ.
بېكىن، پىروفېسسورلارنىڭ مەسخىرىلىرىگە چىداپ تۇرال-
ماي قەيسەرلىك بىلەن ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىستىپا بەردى.
بۇ چاغدا ئۇ تېخى 30 ياشقا كىرمىگەن ئىدى. ئۇزۇن ئۆت-
مەيلا ئۇ سانپانچى جەمىيىتىگە قاتناشتى. بۇ — شۇ ئىسىم-
لىك بىر دىن تارقاتقۇچى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان دى-
نىي تەشكىل ئىدى. بۇ تەشكىلگە قاتناشقاندىن كېيىن،
بېكىن توسالغۇسىز ھالدا پۈتۈن نىيەت بىلەن ئىلمىي تەج-
رىبە ئىشلىرىنى قىلىشقا بولىدۇ، دەپ ھېساپلىدى ۋە «ئاللا-
نىڭ شەرىپىنى دەلىللەش» نامى بىلەن تۈرلۈك ئىلمىي
تەجرىبىلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇ كۆزەينەك، دۇربۇن،
مىكروسكوپلارنىڭ تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، قۇياش
نۇرىنىڭ يامغۇر تامچىسى ئارىسىدىن ھەسەن - ھۈسەن
بولۇپ چېچىلىدىغانلىغىنى بىرىنچى بولۇپ چۈشەندۈرۈپ
بەردى. فوسفور، تۆمۈر ۋە ۋىسمۇت قاتارلىق خىمىيۋى ماد-
دىلارنى ئېلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى، ھەتتا پار ئېنېرگىيىسى...
قاتارلىقلارنىمۇ تەتقىق قىلدى.
بىر كۈنى، بېكىن كىچىككىنە بىر ئۆيدە بىر پارچە

كاردون قەغەز ۋە بىر ئاز كالىي سىلىتىرا. نىترولاشتۇرۇلغان گۈڭگۈرت بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. ئۇ كالىي سىلىتىرانى گۈڭگۈرت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ يۇمشاتقاندىن كېيىن، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن كاردون قەغەزگە ئورىدى. دەرىزى- دىن كىرگەن ئىزغىرىن شامالدىن بېكىن شۈركىنىپ كەتتى - دە، قولىدىكى قەغەز شىرت... قىلىپ يېرىلىپ كەتتى. بالدۇرمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس دەل شۇ چاغدا، چاقماق چاققاندەك ۋال - ۋۇل نۇر چاقنىدى - دە، گۈمبۈر- لەپ ئاۋاز چىقتى. بېكىننىڭ قوللىرى قولشىپ شۇ ھامانلا يەرگە يىقىلدى ۋە ئىس - تۈتەك ئىچىدە قالدى. ئىس - تۈ- تەك تارقىغاندا، بېكىننىڭ قوللىرى ساپ - سېرىق سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، چاپىنىنىڭ پېشىدىن كۆيۈك ھىدى چىقىپ تۇراتتى، باش كىيىمى ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئۇچۇپ بېرىپ قالغان ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ كۆزلىرىلا ئوتتەك چاقناپ تۇراتتى.

— مىلتىق دورىسى! ئاھ، مىلتىق دورىسى! ئى خۇدا ماڭا مىلتىق دورىسى ئاتا قىلدىڭ! — بېكىن چاچراپ ئور- نىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە قولىغا قەلەم ئالدى - دە، بىر بۇلۇ- ڭى كۆيۈپ كەتكەن قەغەزگە ھەش - پەش دىگىچىلا تەج- رىبە ئەھۋالىنى خاتىرىلىۋالدى؛ ئاندىن بۇ قەغەزنى ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر تۆشۈككە تىقىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇنداق قى- لىشى، بۇ تەجرىبە نەتىجىسى قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان كاززاپلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ئىنسانىيەتكە ئېغىر بالا - قازالارنى كەلتۈرۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى. ھىلىقى تۆشۈكتە يەنە زەھەرلىك گاز تەجرىبىسى ھەققىدىكى قوليازما قەغەزمۇ بار ئىدى.

بېكىننىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەجرىبىلىرى ئاخىر زور بالا - قازاغا سەۋەپ بولدى. سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان شۇۋىرغان غۇيۇلداۋاتقان بىر ئەتىگەندە، بىر توپ ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ كىردى ۋە سەۋەۋىنىمۇ ئېيتماستىن، تەجرىبە ئۈستىدىكى بېكىنگا كويزا - كىشەن سېلىپ ۋاتىكان (شەرىئەت) غا ئېلىپ مېڭىشتى.

— بېكىن، ئاللانىڭ سىرىنى ئاچقان گۇنايىڭنى بىلەمسەن؟

— بېكىن، سەن ئاللا ياراتقان نەرسىلەر بىلەن خىيانەتلىك تەجرىبە ئېلىپ باردىڭ، گۇنايىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىسەن!

— سەن جىددىتلىق قىلىپ ئېزىتقۇ تەلىمات يارىتىش قەستىدە بولدۇڭ، جامائەت بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان قائىدە - نىزامغا قارشى تۇردۇڭ، مانا، ئادەم ۋە ماددى پاكىت، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

ۋاتىكاندا، بېكىننى يامان كۆرىدىغان بىر قىسىم دىن تارقاتقۇچىلار قاتتىق تىل - ھاقارەت قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانپانچى جەمىيىتىنىڭ رىياسەتچىسىمۇ بار ئىدى. مانا مۇشۇنداق تىل - ھاقارەت ئىچىدە بېكىن ۋاتىكان تۈرمىسىگە تاشلاندى.

ئەمما، ئۇزۇن يىللىق تۈرمىگە قاماش، بېكىننى تىز پۈكتۈرەلمىدى، ئۇ يەنىلا تەجرىبىنى ئەستىن چىقارمىدى. ئۇ تۈرمە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، بىر ئاماللار بىلەن ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت ئالدى ۋە بۇ

پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات تەجرىبىلىرىنى ئوقۇغۇچىلىرىغا مەخپىي ھالدا ئۆگەتتى ھەمدە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ، ئوقۇغۇچىلىرىغا ھەمىشە «بىزدەك، ئادەمگە خاس روھقا ئىگە ئالىملار تەجرىبە، يەنە تەجرىبە، مەڭگۈ تەجرىبە قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم» دەيتتى.

بىكىن پات - پات تۈرمىنىڭ تۆمۈر رىشاتكىسىدىن ئاسماندىكى يۇلتۇزلار توپىغا تەلپۈنەتتى - دە، كۆڭلىدە شۇنداق بىر كۈنلەرمۇ كېلەر، ئۇ كۈنلەردە بۇ ئالەمدىكى كىشىلەر روگېر بىكىن ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ ئۆتكەنلىكىدىن ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن خەۋەر تاپار، ئۇ چاغدا ئالىملار لىنزا ياساپ، يىراقتىكى يۇلتۇزلارنى يېقىن قىلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆزىنى ھەقىقەتەن نۇرى بىلەن يورۇتار، دىگەن ئويلارنى كەچۈرەتتى.

كۈتۈلمىگەندە، روگېر بىكىننىڭ يۇقۇرى بىلىملىك ئىكەنلىكى رىم پاپىسىنىڭ قۇلىغىغا بېرىپ يەتتى. پلپا، بىكىننى داۋالاش قېيىن بولغان بەزى كېسەللەرنى داۋالاشنىڭ چارىسىنى ئىمكان قەدەر مەخپىي خەت يېزىپ دەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى؛ بىكىن ئۇزۇن خەت يېزىپ، ئۆزىگە سادىق بىر ئوقۇغۇچىسىدىن پاپىغا ئەۋەتتى. ئەمما ئەينى ۋاقىتتىكى قاتناشنىڭ قولايسىزلىقىدىن، يول يۈرۈشنىڭ ئاستا بولۇشى سەۋەبلىك، پاپا خەت يېتىپ بېرىشتىن بىر يىل ئىلگىرى

## مۇقەددەس جاينى «قۇتقۇزايلى»

1095 - يىلى كۈز ئىدى، فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى كلېرمون شەھىرى ئادەتتىن تاشقىرى قايىنام - تاشقىنلىققا چۆمۈپ كەتتى، مىڭلاپ كىشىلەر بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار بۇ شەھەرگە پېتىشماي، شەھەر سىرتىدىكى داللارغا نۇرغۇن ۋاقىتلىق چېدىر - بارگاھلارنى قۇرۇشتى.

بۇ يەردە كۆلىمى ناھايىتى كاتتا بىر دىنىي يىغىلىش بولماقچى ئىدى. رىم پاپىسى ئۇربان II مۇ ئىتالىيىدىن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن ئىدى. يىغىلىشقا فرانسىيە، ئىتالىيە، گېرمانىيە قاتارلىق ئەللەردىن 14 باش ئېپىسكوپ، 200 دىن ئارتۇق ئېپىسكوپ ۋە 400 دىن ئارتۇق مۇناستىرنىڭ باش مۇناستىر-لىرىدىن باشقا، نۇرغۇن فېئودال قورۇق ئىگىلىرى، چەۋەنداز-لار ۋە سانسىزلىغان پۇقرالار كەلگەن ئىدى. شۇڭا بۇ قېتىم-قى يىغىن ئىنتايىن مۇھىمدەك كۆرۈنەتتى.

دىنىي يىغىلىش ئاياقلاشقان كۈنى، پاپا ئالايىتەن شە-ھەر سىرتىغا چىقىپ، بۇ يەرگە توپلانغان تۈمەنلىگەن كىشى-لەرگە بەخت تىلىدى. ئۇ قوللىرىنى ئېگىز كۆتىرىپ، ئۆزىگە تەنتەنە قىلىۋاتقان كىشىلەرنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، فرانسۇز تىلىدا راۋان سۆزلەپ مۇنداق دىدى:

— ئاللانىڭ باللىرى، سىلەرنى ھازىر ناھايىتى

شەرەپلىك بىر ۋەزىپە كۈتۈپ تۇرماقتا. بۇ سىلەر ئۆزەڭلارمۇ،
ئاللامۇ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىش. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا
ھەرگىز تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. شۇنى بىلىش لازىمكى، بىزنىڭ
غەرپتە يەردىن چىقىدىغان ھوسۇل ئاز بولغاچقا، ئاران ـ ئاران
كۈن كەچۈرۈۋاتىسىلەر؛ شەرقتىچۇ، ئاددىسى گادايلارمۇ تويغۇ-
دەك يەپ ـ ئىچىپ بەھۇزۇر كىيىنىپ يۈرمەكتە. شەرق ئەل-
لىرىنىڭ ھەممە يېرىدىن ھەسەل شەربەت تېمىپ تۇرىدۇ؛
ئۇ يەردىكى ئىروسالىم يەر شارىنىڭ مەركىزى، ئۇ يەر دۇن-
يانىڭ ھەممە يېرىدىن مۇنبەت بولغان ئىككىنچى جەننەتتۇر.
بۇ يەردىكى ئېچىنىشلىق يوقسۇللار ئىروسالىمغا بارسا
باياشات ھەم شات ـ خورام كۈن كەچۈرىدۇ!

— ئىروسالىمغا بارىمىز! ئىروسالىمغا! — دەپ چۇقان
كۆتىرىشتى كىشىلەر ھاياجانلىنىپ.

— بالىلىرىم، — پاپا قوللىرىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا
سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئىروسالىم، ئاللانىڭ مۇقەددەس
جايى، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان جايى، ئۇنىڭ قەۋ-
رىسىمۇ شۇ يەردە. ئەمما ھازىر ئۇ يەرنى ئىسلام دىنىغا
ئېتىقات قىلىدىغان كاپىرلار ئىگەللىۋېلىپ ئاياق ئاستى قىلماق-
تا. ھازىر مەن سىلەردىن، ياق، مەن ئەمەس ئاللا، سىلەردىن
شۇنى ئۆتۈنۈپ سورايدۇكى، مۇقەددەس جاينى كاپىرلار
قولىدىن قۇتقۇلدۇرۇڭلار. ئۇ ۋەھشى ئىرقنى قويماي
يوقىتىڭلار!

— مۇقەددەس جاينى قۇتقۇزىمىز! مۇقەددەس
جاينى ...! — كىشىلەر تەلۋىلەرچە تووۋلىشاتتى.

— بۇ ئاللانىڭ چاقىرىقى، — دىدى پاپا كۆكسىدىكى

كىرىست بەلگىسىنى ئىگىز كۆتىرىپ، — ھەممە تەبىقىدىكىلەر، جۈملىدىن چەۋەندازلار ۋە پىيادە لەشكەرلەر، بايلار ۋە كەمبەغەللەر شەرققە بېرىپ مۇقەددەس جاينى قوتقۇزۇڭلار! ئىروسالىم يىراق ئەمەس. مۇقەددەس جايغا بېرىش تەس ئەمەس. ئاللا يولىغا ماڭغانلاردىن، ئەگەر يول ئۈستىدە ياكى كاپىرلارغا قارشى جەڭدە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ گۇنايى شۇ سائەتتە ساقىت بولىدۇ، ئاللا گۇنادىن ساقىت بولۇش ھوقۇقىنى سىلەرگە بەخشەندە قىلدى. ۋاقىتنى كېچىكتۈرمەڭلار، دەرھال قايتىپ بېرىپ ئىش - كۈشلىرىڭلارنى تۈگىتىپ، يول خىراجىتى ئۈچۈن پۇل - پۇچەك جۆندىۋېلىڭلار، زىمىستان قىش چىقىپ باھار كىرىش بىلەنلا، ئاللانىڭ يېتەكچىلىگىدە قەھرىمانلارچە سەپەرگە ئاتلىنىڭلار!

پاپىنىڭ سۆزى تۈگە - تۈگمەيلا تەلۋىلىگى تۇتقان چەۋەندازلار، فېئودال غوجىدارلار ۋە پۇقرارلار بەس - بەس بىلەن ئالدىغا كېلىپ پاپىنىڭ مۇلازىملىرىدىن قىزىل لاتىدىن ياسالغان كىرىست بەلگىسى ئېلىپ مەيدىلىرىگە ياكى مۈرىلىرىگە تاقاشتى. ئومۇمەن قىزىل رەختتىن ياسالغان كىرىست بەلگىسى ئالغانلارنىڭ ھەممىسى «ئاللا يولىدا ماڭغان» ھېساپلىنىپ، ئەھلى سەلىپ ئەزاسى بولاتتى.

پاپىنىڭ چاقىرىقى ناھايىتى تېز تارقىلىپ، ھەش - پەش دېگىچە پۈتكۈل غەربىي ياۋروپاغا بىر بولدى. شۇ مەزگىللەردە، غەربىي ياۋروپادا ئۇدا يەتتە يىل ئاپەت يۈز بېرىپ، ئاشلىق ئومۇمى يۈزلۈك كەملەپ كەتكەن، دېخانلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. نۇرغۇن چەۋەندازلار تۇنجى ئوغۇل بولمىغاچقا مىراسقا ۋارىسلىق

قىلالماي، يالاڭتۆش بولۇپ قالغانلىقتىن، باي ـ ئاۋات شەرقە بېرىپ تازا بىر ئۇسۇپ كېلىشكە تەشنا بولۇشتى. چوڭ ـ كىچىك فېئودال ئوجىدارلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي كۈچىنى كېڭەيتىۋېلىشقا ئالدىراشتى. شۇنىڭ بىلەن، كۆپلىگەن نامرات دېخانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھلى سەلىپ غەربىي ياۋروپانىڭ جاي ـ جايلىرىدا تېزلىكتە تەشكىللەندى.

ئىككىنچى يىلى باھاردا، فرانسىيىنىڭ شىمالىي ئوتتۇرا قىسمى بىلەن گېرمانىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى نامرات دېخانلاردىن تەشكىل تاپقان ئەھلى سەلىپ ئۆز يۇرتلىرىدىن يولغا چىقتى. بۇلار باي ـ مۇنبەت مۇقەددەس جايغا بېرىپ ماكانلىشىپ ئىگىلىك يارىتىش ئارزۇسى بىلەن جۇل ـ جۇل كىيىملەرنى كىيىشكەن، قورال ئورنىدا پالتا، توقماق، ئارا، ئوغاقلارنى كۆتەرگەن، بەزىلىرى پىيادە، بەزىلىرى كالا ھارۋىسىغا بالا ـ چاقا، ئۆي ـ مۈلۈكلىرىنى باسقان ھالدا يېرىشاتتى. ئۇلارنىڭ يەيدىغىنى بولمىغانلىقتىن، يولدا بۇلاڭ چىلىق قىلدى، بارغانلىكى يېرىدە ۋېنگىر، بۇلغارلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. بەلگىلەنگەن توپلىنىش ئورنى — شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى كونىستانتىنپولغا يېتىپ بارغىچە 30 مىڭ كىشى ئۆلۈپ كەتتى.

چەۋەندازلاردىن تەركىپ تاپقان ئەھلى سەلىپ، ئىككىنچى يىلى باھاردا فرانسىيە، ئىتالىيە ۋە گېرمانىيىنىڭ جەنۇبىدىن سەپەرگە ئاتلاندى. بۇلارغا فېئودال قورۇق ئىگىلىرى باش بولغان ئىدى. ناھايىتى كۆپ قورۇق ئىگىلىرى ھەممە مال ـ مۈلۈك ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىمۇ بىرگە ئېلىپ

چىققاچقا، يولدا ئۇلارنى چاكارلىرى كۆتەتتى. ھەرقايسى يۆنۈلۈشتىكى چەۋەندازلارنىڭ ئومۇمى سانى 40 مىڭ كىشىگە يېتەتتى، بۇلارنىڭ قورال - جابدۇقلىرى بىرقەدەر ياخشى، تەشكىلىمۇ خېلىلا پۇختا ئىدى.

ئەمما، چەۋەندازلارنىڭ قورال - جابدۇقلىرى تولىمۇ بەپالا ئىدى: ھەر بىر كىشىدە بىردىن شەمشەر، بىردىن ئۇزۇن نەيزە؛ باش ۋە بويۇننى مۇھاپىزەت قىلىدىغان بىردىن دۇبۇلغا؛ ھالقا تۆمۈرلەردىن ياسالغان، باشتىن تارتىپ پۇتىنىڭ ئوشۇقىغىچە مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدىغان بىردىن ساۋۇت ۋە بىردىن كونۇسسىمان قالقان بار ئىدى. يول يۈرگەندە بۇ جابدۇقلارنى چاكارلار يۈدۈپ ماڭاتتى، جەڭ قىلغاندىلا ئىگىسى ئېلىپ ئىشلىتەتتى. ھەر بىر چەۋەندازدا ئىككىدىن ئات بولۇپ، بىرىنى جەڭدە، بىرىنى سەپەردە ئىشلىتەتتى. چاكارلارغىمۇ بىردىن ئات مىنىشكە توغرا كېلەتتى ۋە بەزىدە ئوزۇق - تۈلۈك، چېدىرلارنى ئارتىدىغان ئاتلارمۇ تەييارلىناتتى. شۇڭا، سەپەردىكى قوشۇمچە خادىملار ناھايىتى كۆپ ئىدى.

مىلادى 1097 - يىلى باھاردا، پۈتكۈل ئەھلى سەلىپ قوشۇنلىرى كونىستانتىنپولغا كېلىپ ئۇچراشتى. بۇنىڭ بىلەن مۇقەددەس جاينى «قۇتقۇزۇش» يولىدىكى ئىككى يىللىق تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى باشلاندى.

ئەھلى سەلىپ شەرقتە تاجاۋۇز قىلىشقا نىشانلىغان رايون تۈركلەرنىڭ تەسىر دائىرىسىدە ئىدى. ئەھلى سەلىپ شۇ يىلى مايدا قارا دېڭىز قولتۇقىدىن ئۆتۈپ، كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىغا كىردى. ئىيۇندا نىسىيە شەھىرىنى ئالدى؛ ئىيۇلدا توررىل بىرلەشمە جېڭىدە تۈركلەرنى زور مەغلۇبىـ

يەتكە ئۇچراتتى. ئەھلى سەلىپ ئۆزىنى ئىغىر بەدەل بەردى. تاغ - داۋانلار بىلەن قاپلانغان كىچىك ئاسىيا ياز كۈنلىرى ئىنتايىن ئىسسىق ئىدى، تۈركلەرنىڭ مۇداپىئەسىنى ناھايىتى پۇختا بولغاچقا، ئەھلى سەلىپ سۇيى يوق، ئاشلىغى يېتىش مىگەنىنىڭ ئۈستىگە، ھەممىشە ئۇشتۇمتۇت زەربىگە ئۇچراپ تۇراتتى. ئەمما ئالتۇن - كۈمۈشكە مەھلىيا بولۇپ كەتكەن فېئودال قورۇق ئىگىلىرى، چەۋەندازلار ھېچنىمىگە قارىماستىن مۇقەددەس جاي ئىروسالىمغا قاراپ يۈرۈۋەردى.

1097 - يىلى ئۆكتەبىردە، ئەھلى سەلىپ ئوتتۇرا دېڭىز قىرغىقىدىكى چوڭ شەھەر ئەنتۇركىنىڭ ئەتراپىغا يېتىپ باردى. ئەنتۇركى ئۈستىدە، تۆت ئات قاتار بولۇپ ماڭا-لايدىغان قېلىن سېپىلى ۋە شەھەر بويلاپ 450 كۆزىتىش راۋىغى بار، غەربىي جەنۇپ تەرىپى ئېگىز تاغلار بىلەن تۇتاش قوۋۇقلۇق شەھەر بولۇپ، مۇداپىئەگە ئەپلىك، ھۇجۇم قىلىشقا ئەپسىز ئىدى. تۈركلەر قەيسەرلىك بىلەن تاقابىللاشقانلىقتىن، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى بىلمەيدىغان ئەھلى سەلىپ بىرقانچە ئايغىچە شەھەرنى ئالال-مىدى. زىمىستان قىش يېتىپ كەلدى، يامغۇر سىملداپ توختىمىدى، ئوزۇق - تۈلۈگى تۈگەيلا دەپ قالدى، ئەھلى سەلىپ لەشكەرلىرىنىڭ قوسىغى ئىچىپ، روھى چۈشۈپ كەتتى.

بىر كۈنى، ھەرقايسى دۆلەت قوماندانلىرى شەھەرنى قانداق ئېلىش مەسىلىسى توغرىلىق كېڭىشىۋاتاتتى، شۇ ئان توساتتىن: قورشاۋدىكى تۈركلەرگە ھەمدەمدە بولۇش ئۈچۈن بىرقانچە تۈمەن كىشىلىك زور قوشۇن ئەنتۇركىگە يېتىپ كەپتۇ،



ئەنتۈركى شەھىرى

دىگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ خەۋەردىن ھاڭ - تاڭ بولۇشقان قوماندانلار ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا بىر بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپلا قېلىشتى.

— ھەمدەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگەن بولسا، ئالدى - ئارقىمىزدىن تەڭلا زەربە يەيمىز، قانداق قىلىشنىڭ ئېپى بار؟

— ئۇزۇق - تۈلۈگىمىزدىن ھېچنىمە قالمىدى، ھازىر تۈركلەرنىڭ ھەمدەمچىلىرىگە تاقابىل تۇرالىغىنىمىز بىلەنمۇ، لەشكەرلەرنىڭ قوساق مەسىلىسىنى ھېچقانداق يول بىلەن ھەل قىلالمايمىز.

— قورال - جابدۇقلىرىمىزنىڭمۇ ئەبجىغى چىقىپ كەتتى. ئەمدى بىزگە ئەنتۈركىنى ئالماقتىن باشقا يول يوق.

— ھىم، — دەپ سۆز باشلىدى جەنۇبىي ئىتالىيە چەۋەندازلىرىنىڭ قوماندانى بارمىن بەگ، — ئەنتۈركىنى بۈگۈنلا ئېلىش مۇمكىن، گەپ ئۇلتۇرغانلارنىڭ ئاز - پاز

قۇربان بېرىش - بېرەلمەسلىكىمىزدە. ئەگەر سىلەر ئەنتۇركىنىڭ مېنىڭ ھوقۇقۇمدا بولۇشىغا كاپالەت بەرسەڭلار، مەن سىلەرنىڭ ئۈچ كۈن ئىچىدىلا شەھەرگە كىرىشىڭلارغا ھۆددە قىلالايمەن.

ئەسلىدە، بارمىن، ئەنتۇركىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى كۆزىتىش راۋىقىنى ساقلايدىغان بىر تۈرك ئوفىتسېرىنى سېتىۋالغان، ساتقىن كېلىشكەن ۋاقىتتا ئۆزى تەرەپتىن شەھەرگە كىرگۈزۈپ قويۇشقا ماقۇل بولغان ئىكەن. ئەنتۇرك، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بۇ ئولجىنى ھەممە قوماندانلار ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىنى ئويلىسىمۇ، ئەمما، ئۆز ئەھۋالىنىڭ خەۋپلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشۈپ، بارمىن ئوتتۇرىغا قويغان شەرتكە ماقۇل بولۇشتى.

1098 - يىلى ئىيۇن ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى تۈن كېچە ئىدى، ئەھلى سەلىپ، تۈرك ئوفىتسېرىنىڭ ئاسلىق قىلىشىدىن پايدىلىنىپ، شەھەرنى ئاخىرى ئالدى. ئەمما ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتمەيلا تۈركلەرنىڭ ھەمدەمچى قوشۇنى شەھەرنى قورشىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن تونۇگۈنكى قورشاپ ھۇجۇم قىلغۇچىلار بۈگۈن ئەمدى قورشاۋ ئىچىگە كىرىپ قالدى. تۈرك ھەمدەمچى قوشۇنى دەرھال شەھەرگە ھۇجۇم قىلماستىن، ئەھلى سەلىپنىڭ ئاشلىقى تۈگەپ، ياردەمسىز قالغان ۋاقىتتا شەھەرنى ئىگەللىمەكچى بولدى. ئەھلى سەلىپ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، خىرىستىيان دىنىغا مۇخلىس بولمىغانلارنىڭ ھەممىسىنى قىرغىن قىلدى. شەھەردىكى بار - يوق ئاشلىقنى يەپ تۈگەتتى - دە، ئاچارچىلىقنىڭ ئازاۋىنى تارتىشقا، دەرەخ قوۋزاقلىرى، گىيا يىلتىزلىرى

ۋە ئاخىرىدا ئۆلۈكلەرنى يەيمىشكە باشلىدى. بۇ ئازاپقا چىدىيالمىغان چەۋەنداز ۋە لەشكەرلەر كېچىلەردە ئونلاپ ـ يۈزلەپ ئاغامچا بىلەن سېپىلدىن چۈشۈپ، قاراڭغۇدا دېڭىز ياقىلىرىغا بېرىپ، كېمىلەرگە ئولتۇرۇشۇپ، ئۆز ئەللىرىگە قېچىپ كېتىشتى؛ دىن ئىلاھىغا دام بولۇپ قالغان باشقا كىشىلەر، كېچە ـ كۈندۈز دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، خىرىستوستىن ئۆزلىرىنى مۈشكۈلاتتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تىلىدى. تۈركلەرنىڭ ھەمدەمچى قوشۇنىنى ئاران دېگەندە شۇ يىلنىڭ ئاخىرى تارمار قىلالىدى.

ئەھلى سەلىپ قوماندانلىرى ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىپ يۈرۈپ، ئەنتۇركتە ۋاقتىنى كۆپ ئۆتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىنى بويلاپ جەنۇپقا «مۇقەددەس جاي» ئىروسالىمغا قاراپ يول ئالدى.

1099 ـ يىلى ئىيۇننىڭ باشلىرىدا، ئەھلى سەلىپ، ئىروسالىمنى قاتمۇ قات مۇھاسىرە ئىچىگە ئالدى. شەھەرنى قورشىغان چەۋەندازلار 40 مىڭغا باراتتى. شەھەرنى ساقلاۋاتقانلار بولسا مىڭ كىشىلا ئىدى.

ئەھلى سەلىپ قوماندانلىرى شەھەر سېپىلىگە تاختا شوتا ياساپ چىقىشنى قارار قىلدى ۋە تاختا شوتا پۈتكەن كۈننىڭ ئەتىسى تاڭ سەھەردە «دۈت ... دۈت ...» كاناي ئاۋازى بىلەن تەڭ تەرەپ ـ تەرەپكە شوتا قويۇپ، شەھەرگە ھۇجۇم باشلىدى. ئەمما شوتا يېتىشمىگەچكە چىقىم كۆپ بولۇپ كېتىپ، تا كۆز باغلانغانغا قەدەر مۇ شەھەرنى ئالالمىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئەھلى سەلىپ قوماندانلىرى يەنە شەھەرگە

هۇجۇم قىلىش ماشىنىسى ياساپ، سېپىل ئۈلىنى يوغان توقماق بىلەن ئۇرۇپ تېشىپ كىرىشنى قارار قىلدى.

ھەش - پەش دېگىچە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ماشىنىسىمۇ ياساپ پۈتتۈرۈلدى. ئۇلار تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ماشىنىنى يايدى ۋە ئۈستىگە ھايۋان تېرىسى يېپىشتۇرغاندىن كېيىن، ئاستا يۆتكەپ سېپىل ئۈلىنىڭ ئىگىزرەك بىر يېرىگە قويۇپ دەرھال قۇراشتۇردى - دە، سېپىلغا توقماق بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى.

ئۇلارنىڭ بۇ ھەركىتى شەھەرنى ساقلاۋاتقانلار تەرىپىدىن شۇ ھامانلا بايقىۋېلىندى، ئۇلار دەرھال سېپىل ئۈستىگە ئوت يېقىپ، پورۇقلاپ قايناۋاتقان ياغ ۋە ئوتقاشلارنى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ماشىنىسىغا ۋە دۈشمەن قوشۇنىغا قارىتىپ ئاتتى. ئەھلى سەلىپ يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ بولدى.

ئىيۇلنىڭ 15 - كۈنى تاڭ غۇۋا يورۇغان مەھەل ئىدى، ئەھلى سەلىپ ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ماشىنىسىنى توپلاپ بىرلا جايغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى ۋە سېپىلغا كۆيۈۋاتقان ياغاچلارنى ئاتتى. راۋاقنىڭ بىرىگە ئوت تۇتىشىش بىلەنلا، ئوت ھە دەپ ئۇلغىيىپ كەتكەچكە، ئىس - تۈتەك ۋە يالقۇنغا ساقلىغۇچى لەشكەرلەر بەرداشلىق بېرەلمىدى؛ ئەھلى سەلىپ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەھەرگە بېسىپ كىرىۋالدى - دە، سېپىل ئۈستىگە « 卍 » بەلگىلىرى كەشتىلەنگەن بايراقلارنى ئارقا - ئارقىدىن قاددى، «مۇقەددەس شەھەر» ئاخىرى ئەھلى سەلىپ قولىغا ئۆتتى.

چەۋەندازلار ئەمدى شەھەردىكى مۇسۇلمانلارنى «قۇتقۇزۇش» قا كىرىشتى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى قېرى - ياش،

ئەر-ئايال دېمەستىن كۆرگەنلىكى يەردە قىرغىن قىلدى. ئەڭ چوڭ بىر مېچىتكە باستۇرۇپ كىرىپ، يوشۇرۇنۇۋالغانلارنى قويماي قىرىپ تاشلىدى، بۇلارنىڭ كۆپچىلىگىنى مېچىتنىڭ تورۇسىغا ئاستى. مېچىتتىكى ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مېچىتنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. بۇ مېچىتتە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم 10 مىڭغا يەتتى؛ شەھەر بويىچە 70 مىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈلدى.

مۇشۇ كەڭ كۆلەملىك قىرغىندىن كېيىن، ئەھلى سەلىپ چەۋەندازلىرى بىلەن لەشكەرلىرى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ ھەممە نەرسە-كېرەكلىرىنى تارتىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئىچىدە كىم بىر ئۆيگە بۇرۇن كىرسە، شۇ ئۆي ۋە شۇ ئۆيدىكى نەرسە-كېرەكلەرنىڭ بارلىقى شۇ كىشىنىڭ بولىدۇ، باشقىلارنىڭ دەخلى-تەرۇزىگە ئۇچرىمايدۇ، دەيدىغان ئەھدىنامە ئىمزالاندى.

شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۇلار يەنە تېخىمۇ ۋەھشى ۋاستە قوللاندى: جەسەتنىڭ قارنىنى يېرىپ، ئۈچەي-باغرىدىكى بۇرۇن يۇتۇۋالغان تەڭگە پۇللارنى چىقىرىۋېلىشتى. بۇ ئىش ئاۋارىچىلىق بولغىنى ئۈچۈن، كېيىن جەسەتلەرنى يىغىپ توپلاپ، كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىپ، ئالتۇن-تىللالارنى ئاسانلا تېپىۋېلىشتى.

مۇقەددەس جاينى «قۇتقۇزۇش» ئەنە شۇنداق بولدى!

رىم پاپىسى قوزغىغان بۇ ئوچۇق-ئاشكارا شەرقىقە

تاجاۋۇز قىلىش ھەركىتى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ سەككىز قېتىم يۈز بېرىپ، ۋاقتى 200 يىلدىن ئۇزۇن داۋام قىلدى. ئىروسالىمنى بېسىپ ئېلىش بىلەن ئاياقلاشقان بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىق بىرىنچى قېتىملىق تاجاۋۇز بولغانچقا. تارىختا «ئەھلى سەلىپنىڭ بىرىنچى قېتىم شەرققە تاجاۋۇز قىلىشى» دەپ ئاتالدى.



مۇقەددەس جاي

## ئۆز يولىنى ئۆزگەرتكەن
## مۇقەددەس جەڭ

مىلادى 1201 - يىلى ئەھلى سەلىپنىڭ 1 - قېتىملىق شەرققە قىلغان تاجاۋۇزى ئاخىرلىشىپ، ئارىدىن دەل بىر ئەسىر ئۆتتى. بۇ بىر ئەسىر داۋامىدا ئۇلار شەرققە يەنە ئىككى قېتىم تاجاۋۇز قىلغان بولسىمۇ، بىر قېتىمدا تامامەن مەغلۇپ بولدى، يەنە بىر قېتىمدا ئانچە زور نەتىجە ھاسىل قىلالمىدى. ھالبۇكى «مۇقەددەس جاي» ئىروسالىم 1187 - يىلى مىسىرنى مەركەز قىلغان سالاھىدىن پادىشالىقى تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېلىندى. ئەھلى سەلىپ شەرقتە پەقەت پەلەستىندىن ئىبارەت دېڭىز ياقىسىدىكى بىر پارچە ئۇزۇنچاق زېمىنغىلا خوجا بولۇپ قالدى.

بۇ ھېكايىمىزدە شۇ يىلى فېۋرالدا ئادرىياتىك دېڭىز ياقىسىدىكى ۋېنېتسىيىدە بولغان بىر ۋەقە بايان قىلىنىدۇ...

— كىنەز جاناپلىرى، تاپشۇرۇقلىرى بويىچە فرانسىيە ئەلچىسى يېتىپ كەلدى، ھازىر ئۆزلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشلىرىنى كۈتۈپ قالدى، — بىر ياساۋۇل ئىززەت - ئىكرام بىلەن ۋېنېتسىيە باش ۋالىسى دېڭدۇرۇغا دوكلات قىلىپ شۇنداق دېدى:

— سارايقا كىرسۇن، — كىنەز، ئايلانما ئورۇندۇقتىن
تۇرۇپ چوڭ ئەينەك ئالدىغا كەلدى ۋە ساقال-بۇرۇتىنى ئوب-
دان تۈزەشتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، سارايغا قاراپ ماڭدى. ۋېنت-
سىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇ باش ۋەزىرى 90 ياشلارغا كىرىپ
قالغان بولسىمۇ، روھلۇق، تېتىك ئىدى.

كەلگەن ئەلچى جەمى ئالتە كىشى ئىدى. ئۇلار سارايغا
كىردى ۋە كىنەزنى كۆرۈپ دەررۇ تازىم بەجا كەلتۈردى.
باشتا تۇرغان بىرسى ئالدىغا بېرىپ يەر سۆيۈپ قۇللۇق
بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇنلۇك سۆز باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك ئالىلىرى، بىزنى فرانسىيىنىڭ ئالى-
جاناپ تۆرىلىرى ئۆزلىرىنى بەيئەت قىلىشقا ئەۋەتكەن ئىدى.
ئۇلار مىسىرلىقلارنىڭ خىرىستىيان ئەيساسىنى خورلىغانلىقىنىڭ
قىساسىنى ئالماق ئۈچۈن، پاپا مونوسون III ئالىلىرىنىڭ كۆر-
سەتمىسى بويىچە، كىرست بەلگىسىنى قوبۇل قىلىپ، يېڭى
مۇقەددەس جەڭ قىلىپ، ئىرۇسالىمنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا
ھازىرلانماقتا. ئەمما ئۇلار جاناپلىرى ۋە جاناپلىرىنىڭ قول
ئاستىدىكىدەك مۇشۇنداق قۇدرەتلىك كۈچنىڭ ياردىمىسىز
مۇقەددەس شەھەرنى قايتىدىن قۇتقۇزالمايدىغانلىقىنى بىلدۈ-
ردۇ. شۇڭا، ئۇلار خۇدالىق ئۈچۈن، قىممەتلىك ياردەملىرىنى
ئايىماسلىقلىرىنى ئۆتۈنۈپ بىزنى ئۆزلىرىگە ئەۋەتتى.

كىنەز ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى ۋە:

— قانداق ياردەمكەن ئۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مىسىرغا ھۇجۇم قىلىشقا كېمەرلىك قاتناش ۋە جەڭ
كېمىلىرى لازىم ئىدى، جاناپلىرى، — دەپ جاۋاپ بېرىشتى
ئەلچىلەر، — بۇنىڭ ھەققىدە كەلسەك، ھەممىدە پەرمانلىرىغا

ئىتائەت قىلىپ، كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە تۆلەيمىز.

— دەرۋەقە، — دېدى كىنەز ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ جىددى ئاھاڭدا، — سىلەرنىڭ تەلىۋىڭلار ئالى مەقسەتنى ئورۇنلاش يولىدىكى مۇقەددەس ئىش، مەن سىلەرگە سەككىز كۈندىن كېيىن جاۋاپ بېرەي.

8 - كۈنى، كىنەز بەلگىلىگەن كۈنى ئەلچىلەر يەنە سارايغا كىرىپ كېلىشتى.

— جاناپلار، — دېدى كىنەز ئۇلارغا قاراپ، — ئەمدى مەن بىزنىڭ قارارىمىزنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن. سىلەرنىڭ تەلەۋىڭلارغا ئاساسەن، بىز يىگىدىن 4500 دانە ئات ۋە 9000 چەۋەنداز، چاكار پاتقۇدەك كېمە ياساتىپ بېرىشنى، 4500 چەۋەنداز ۋە 20 مىڭ لەشكىرىڭلارنى چوڭ كېمە بىلەن ئاپىرىپ بېرىشنى قارار قىلدۇق ھەمدە ئادەم ۋە ئات - ئۇلاققا كېتەرلىك توققۇز ئايلىق ئوزۇق - تۈلۈك، ئوت - ساماننى بىزدىن تەمىن ئېتىشكە قوشۇلدۇق. بۇنىڭ ئومۇمى راسخوت چىقىمى 85 مىڭ مارك بولىدۇ، بۇ پۇلنى تۆت باسقۇچقا بۆلۈپ بېرىسىلەر، كېلەر يىلى يازغىچە ھەممىنى تۆلەپ بولىسىلەر. بۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە 50 مىڭ لەشكەر كېمىسى بىلەن ۋېنتسىيە لەشكەرلىرىنى توشۇيمىز، ئۇلار سىلەر بىلەن بىللە ئۇرۇشقا كىرىدۇ. بۇنىڭدا شەرت شۇكى، سىلەر مەيلى قۇرۇقلۇقتا، مەيلى دېڭىز يۈزىدە بولسۇن، ئىگەللىگەن يەر - زېمىن، پۇل - پوچەكنىڭ يېرىمى بىزنىڭ، يېرىمى سىلەرنىڭ بولىدۇ. ئەمدى گەپ سىلەردە قالدى.



ئوتتۇرا ئەسىردىكى
چەۋەندازلار

قايتىپ چىقىپ ئەلچىلەر كېچىچە كېڭەشكەندىن كېيىن، شەرتنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كەلدى. ئىككى تەرەپ كېلىشىم ئىمزالىغاندىن كېيىن، ئەلچىلەر شۇ شەھەرنىڭ ئۆزىدىلا 5000 مارك پۇل قەرز ئېلىپ، يېڭى كېمە ياسىتىش ئۈچۈن كىنەزگە تاپشۇردى. ئاردىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە پاپا كېلىشىمنى تەستىقلىدى. ئەمدى گەپ ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىمنى يولغا قويۇشىدىلا قالغان ئىدى. فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە پادىشالىرى دەرھال ئەھلى سەلىپنى توپلاپ، ۋېنېتسىيەگە كېلىپ ئۇچراشقاندىن كېيىن، دېڭىز بىلەن بېرىپ مىسىرنى ئىستىلا قىلماقچى بولدى.

ئەمما دېگىدۇرۇ كىنەزنىڭ ئەھلى سەلىپنىڭ مىسىرغا ھۇجۇم قىلىشىغا چىن دىلىدىن مۇتلەق ياردەم بەرگۈسى يوق ئىدى. چۈنكى ۋېنېتسىيە دېڭىزدا يۈرۈپ سودىگەرچىلىك قىلىدىغان ئەل بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى مىسىر بىلەن بولغان سودىسى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئىدى، مىسىر ئىستىلا قىلىنسىلا، ئۇنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان ئىزچىل ھالدا ۋېنېتسىيە بىلەن ياخشى ئەمەس ئىدى. ۋېنېتسىيە سودىگەرلىرىنىڭ شەرقىي رىمدىكى

كىنەز مەقسەتلىك ھالدا ۋېنېتسىيىگە يېقىنراق بىر ئارالغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاشلىق - تۆلۈكنى ۋاقتى - قارايىدا يەتكۈزۈپ بەرمىدى. بۇ چاغدا ۋابا كېسىلى تارقىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئەھلى سەلىپ لەشكەرلىرى تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئۆلۈشكە باشلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپلا، كېلىشىمدە بەلگىلەنگەن ۋېنېتسىيىگە پول تاپشۇرۇپ بولۇش ۋاقتى قىستاپ كېلىپ قالدى. ئەھلى سەلىپنىڭ پۇلنى تۆلىيەلىشكە قۇربى يەتمەيتتى. شۇڭا، كىنەز، پۇلنى تۆلەپ بولالمىدىڭلار دېگەننى بانا قىلىپ، ئارالغا ئاشلىق ئاپىرىپ بېرىشنى توختىتىشقا پەرمان چۈشۈردى. بۇ ھالنى كۆرگەن ئەھلى سەلىپ قوماندانلىرى كىنەزدىن كەينى - كەينىدىن سوراشتى:

— ئالىيلىرى، بۇيرۇقلىرى تۈپەيلىدىن مۇقەددەس قوشۇن لەشكەرلىرىنىڭ تۈركۈم - تۈركۈملەپ قازا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرمەي تۇرمىغانلا؟!

— ئارالدا قازا قىلىۋاتقان مۇقەددەس قوشۇن لەشكەرلىرىنىڭ تولىلىغىدىن ئۆلۈكنى كۆمۈشكە ئادەم يېتىشمەيۋاتىدۇ، قېنى، بۇمۇ شەپقەتلىك ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن بولۇۋاتامدۇ؟

— بۇ ئەھۋال داۋام قىلىۋەرسە، مۇقەددەس جەڭنى ئېلىپ بېرىشقا ئامال بولمايدۇ. ئالىيلىرى ئۇ چاغدا بۇنىڭدىكى مەسئۇلىيەتنى پۈتۈنلەي ئۆزلىرى ئۈستىلىرىگە ئالماق كېلىدۇ!

— جاناپلار، بۇنچە ئەزۋەيلەشكە ھەقىقىڭلار يوق،— دېدى كىنەز ئالدىرىماي تەمكىنلىك بىلەن، — ئۆزەڭلارغا مەلۇم، تۆلەشكە تېگىشلىك 85 مىڭ مارك پۇلدىن تېخى 51 مىڭ ماركنى تاپشۇردۇڭلار. كېلىشىمنى ئۆزەڭلار ئىجرا قىلمىغان

نوپۇزى پۈتۈنلەي يوقالغان، ھەتتا شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى ئۇلارنى تۇتقۇن قىلغان. مال - مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، سودىنى 15 يىل توختىتىپ قويغان ئىدى... شۇڭا، ئەھلى سەلىپتىن پايدىلىنىپ، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنى ئىستىلا قىلىش، مانا بۇ ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىدى. دىگەندورو يەنە شۇنىمۇ بىلەتتىكى، پاپا چاقىرىق قىلغان بۇ قېتىمقى 4 - نۆۋەتلىك شەرققە يۈرۈش قىلىش، مۇقەددەس ئۇرۇشقا شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىمۇ ئەسكەر توپلاپ قاتنىشىش تەلەپ قىلىنغان ھەمدە ئۇلارنىڭ چوقۇنىدىغان ئورتودوخىيە دىنى (خىرىستىيان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى بولۇپ، 1054 - يىلىدىن باشلاپ رىم پاپىسى باشچىلىغىدىكى كاتولىك دىنىدىن بۆلۈنۈپ چىققان ۋە ئۇلارغا قارىمۇ - قارشى بولۇپ قالغان، شەرقىي رىمنىڭ دىنىي جەمىيتى ئۆزىگە «ئورتودوخىيە ئاتىسى» دەپ تەمەننا قويغانلىغى ئۈچۈن، «ئورتودوخىيە دىنى» دەپ ئاتىغان) گە رىم پاپىسىنى قوشۇۋالماقچى بولغاندا، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ رەت قىلغانلىغى پاپىنىڭ تېخى ئېسىدىن چىقمىغان ئىدى. شۇنىسى كىنەزگە ئايان ئىدىكى، شەرقىي رىم بەرىبىر خىرىستىيانلار ئېلى بولغاچقا، ئەھلى سەلىپنى ئۆز يولىنى ئۆزگەرتكۈزۈپ شەرقىي رىم بىلەن جەڭ قىلدۇرغاندا، پاپىنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپ بولاتتى. شۇڭا كىنەز ئەھۋالغا قاراپ بېقىشى ۋە پۇرسەت كۈتۈشى لازىم ئىدى.

1202 - يىلى فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيىلەردىكى ئەھلى سەلىپنىڭ قوشۇنلىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ۋېنېتسىيىگە كېلىپ توپلاندى. بۇلارنى دىگەندورو

ئىكەن، ئاللانىڭ جازاسىنى تارتىشى شەرت!
دىڭدورۇنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشى ئارقىسىدا، ئەھلى سەلىپ قوماندانلىرى ئۇنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، سالا شەھىرىنى تارتىۋالدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان پاپا غەزەپتىن تىترەپ تۇرۇپ ۋېنېتسىيىنى دىنىي جەمىيەتتىن قوغلاپ چىقىرىشقا پەرمان چۈشۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئەھلى سەلىپنىڭ ۋېنېتسىيە كېمىلىرى ئارقىلىق مىسىرغا ھۇجۇم قىلىشقا رۇخسەت قىلدى.
سالانى تارتىۋېلىش — دىڭدورۇنىڭ ئەھلى سەلىپنى يىراققا يۈرۈش قىلىش سەپىرىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشكە قىستىغان تۇنجى ھەركىتى ئىدى، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەقسىدى بولسا، ئەھلى سەلىپنىڭ يولىنى ئۆزگەرتىپ، رىم ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ بۇ پۇرسەتكە ئېرىشتى.
بىر كۈنى، نېمىس بېگى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان شەرقىي رىم پادىشاسىنىڭ ئوغلى ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ۋېنېتسىيىگە يېتىپ كەلدى، ئۇلار دىڭدورۇ كىنەز ۋە ئەھلى سەلىپنىڭ قوماندانلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلىشتى ۋە كىنەز بىلەن قوماندانلارغا دېدى:
— جاناپلار، سىلەر ئاللا يولىدا ھەقىقەت ۋە ھەققانىيەت ئۈچۈن يىراققا يۈرۈش قىلماقچى، شۇڭا قانۇنسىز غەليان قىلىنغانلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى كۈچۈكلارنىڭ يېتىشىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشىڭلار كېرەك. ناۋادا سىلەر مۇشۇ يولدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تەخ ۋارىسى ۋە ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈ-

تۇرۇقلۇق پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى مەن ئۈستۈمگە ئالىمەنمۇ تېخى؟

قوماندانلار ئەيىپ ئۆزلىرىدە بولغانلىقتىن، كىنەزگە گەپ ياندۇرالمىدى ۋە «مۇقەددەس جەڭ» گە دەخلى يېتىشتىن قورقۇپ، يۇمشاپ كىنەزگە بىر قانچە كۈن ئىلتىپات كۆرسەتكەيلا، دەپ يېلىنىپ يالۋۇردى؛ كىنەز قەرز پۇلنى تولۇق تۆلىسە، ئارالدىكىلەرنىڭ ئاشلىق تەمىناتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ، ئەھلى سەلىپنى قويماي ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىدە ئەمەس ئىدى، سەۋەب مۇنداق بولغاندا، ئۇلارنىڭ كۈچى ئارقىلىق شەرقىي رىم ئىمپىرىيىسىگە ھۇجۇم قىلغىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇ سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش تۇتۇپ، قوماندانلارغا ئاۋال سالانى ئىستىلا قىلىشقا ياردەم بېرىڭلار دېگەن تەكلىپنى قويدى.

— سالانى ئىستىلا قىلىمىز! — بىر قوماندان كىرىست بەلگىسىنى سىزىپ تۇرۇپ توۋلىدى. — ئاھ، پەرۋەردىگارىم، ئۇ خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان شەھەر ئەمەسمۇ! خىرىستىيانلار، خىرىستىيانلارنىڭ شەھىرىنى ئىستىلا قىلىش، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ ئەمەسمۇ؟

ئىككىنچى بىر قوماندان بېشىنى چايقىدى.

— ياق، ياق، ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ، سالا، ۋېنگىرىيە پادىشالىقىغا قارايدۇ، باش ۋەزىر جاناپلىرى، بەلكىم ئۆزلىرىمۇ بىلىشلىرى مۇمكىن، ۋېنگىرلارمۇ كىرىست بەلگىسى ئالدى. بۇنداق قىلىشقا پاپا ھەرگىز رۇخسەت قىلمايدۇ!

— شۇنداق، خەۋىرىم بار، گەپ ئۇلار دېڭىز قاراقچىلىرى، ئۇلار بىزنىڭ دېڭىز سودىمىزغا قاتتىق بۇزغۇنچىلىق قىلغان

رۇپ بېرەلىسەڭلار، ھەممىدىن ياخشى شەرتكە نائىل بولىسىلەر.

ئەسلىدە ھازىر شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشالىقىنى قىلىۋاتقان يىچ III ئۇردىدا سىياسى ئۆزگىرىش قوزغاپ، ئاكىسى يىچ II نى ئاغدۇرۇپ ئۆزى تەختكە چىقىۋالغان ھەمدە يىچ II ۋە دادىسىنى تۈرمىگە تاشلىغان ئىدى. يىچ II نىڭ ئوغلى ئالېكسى بۇنىڭدىن سەللا ئىلگىرى تۈرمىدىن قېچىپ ئاچىسىنىڭ ئېرى نېمىس بېگىنىڭكىگە بېرىۋالغان. ئۇلار مەسلىھەت قىلىشىپ، ۋېنېتسىيىدىن ياردەم تەلەپ قىلىش ئارقىلىقلا يىچ III نى ئاغدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقان ھەمدە ۋېنېتسىيىگە ئەلچى ئەۋەتمەكچى ئىدى. بۇ دەل دىگدۇرۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئىش ئىدى.

— نىمە شەرت؟ — دەپ سورىدى كىنەز.

— تەخت ۋارىسى 200 مىڭ مارك پۇل ۋە بارلىق لەشكەر - شارۋازلارنىڭ ئاشلىق - تۈلۈكنى بېرىشكە رازى. ئەگەر سىلەر ماقۇل بولىدىغانلا بولساڭلار، بىز تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچىلەرمىز.

كىنەز خوشال ھالدا قوماندانلارغا قارىدى. ھەممەيلەننىڭ نەزىرىدە بۇ شەرت ئىنتايىن ئەۋزەل ئىدى. بىراق شەرقىي رىمغا ھۇجۇم قىلىش دىگەندە، بىر ئاز ئىككىلىنىپ قېلىشتى.

— گەپ پاپا ئالىلىرى...

بىر قوماندان سوئال نەزىرىدە قارىغان ئىدى، ئەلچىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— تەخت ۋارىسى رىمغا بېرىپ پاپا ئالىلىرى بىلەن كۆرۈشتى، پاپا ئالىلىرىغا ئۆز ئاغزى بىلەن ھۆددە قىلدى،

ئەگەر تەخت ۋارىسى ھەم ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ قانۇنىي ئورنى ئەسلىگە كېلىدىغانلا بولسا، ئورتودوكسىيە دىنى رىمنىڭ كاتولىك دىنىغا كىرىدۇ ھەم دەررۇ بىر تۈمەن لەشكەر توپلاپ، ئەھلى سەلىپ بىلەن قوشۇلۇپ، شەرققە يۈرۈش قىلىدۇ، چىقىمىنىڭ ھەممىنى ئىمپېرىيەمىز ئۆزى ئۈستىگە ئالىدۇ. پاپا ئالىملىرى بۇنىڭغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

بىرمەھەل تالاش - تارتىشلار ۋە دىگدۇرۇ كىنەزنىڭ ھەدەپ كۈشكۈرتۈپ بېرىشى ئارقىسىدا، ئاخىرى ئەھلى سەلىپ قوماندانلىرى شەرقىي رىمغا جازا يۈرۈش قىلىشقا كۆندى.

شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرى چېچىلاڭغۇ ئىدى، شۇڭا ئەھلى سەلىپنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. يىچ III خان جەمەتىنىڭ ئالتۇن - كۆمۈشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ، كونستانتىنوپولدىن قېچىپ كەتتى. يىچ II قايتىدىن تەختكە ئولتۇردى. تەخت ۋارىسى ھاكىمىيەتنى بىللە يۈرگۈزىدىغان بولدى. نامى يىچ IV دەپ ئاتالدى. ئەمما ئۇ كېلىشىمنى ئىجرا قىلىپ 200 مىڭ مارك پۇلنى تۆلىۋېتىشكە ناقادىر ئىدى، ئۇنىڭدىن پايدا - مەنپەئەت ئالالمىغان ئەھلى سەلىپ، چەۋەنداز ھەم لەشكەرلىرىنى ئۆزى خالىغانچە باي چېركاۋلارنى بۇلاڭ تالاڭ قىلىشقا، بۇلاڭ -



ئەھلى سەلىپنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشى

تالاڭ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈشكە قويۇۋەتتى. پۈتۈن شەھەرنى ئىس - تۈتەكلەر قاپلىدى، ئوت ھەدەپ ئۇلغىيىپ شەھەرنىڭ يېرىمى كۆيۈپ كۈل بولدى، ئۇزۇن ئۆتمەي شەھەردە قوزغىلاڭ پارتلىدى، يىچ، قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا شەھەرنىڭ سىرتىدا تۇرۇۋاتقان ئەھلى سەلىپنى تەكلىپ قىلدى، بۇ ھال قوزغىلاڭچىلارنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈردى. ئاقسۆڭەكلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يىچ Ⅳ نىڭ ئەمىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، تۈرمىدە دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردى.

ئەھلى سەلىپ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پادىشانى قەستەن قەتلى قىلغان كەچۈرگۈسىز گۇناھىنى بانا قىلىپ، 1204 - يىلى ئاپرېلنىڭ 9 - كۈنى كونستانتىنپولغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئۈچىنچى كۈنى شەھەرگە بېسىپ كىردى، كىرىست بەلگىسى تاقىغان خىرىستىيانلارنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى ئەسەبىلىك دەرىجىسىگە يەتتى. چېركاۋلارغا ئات - خېچىرلارنى يېتىلەپ كىرىپ نەرسە - كېرەكلىرىنى توشۇدى؛ پوپلار پەرىجىلىرىنى سىلىۋېتىپ «مۇقەددەس» مىراسلارنى ئىزلەشتى؛ مەرمەر، ياغاچ ۋە ئۇستىخانلاردىن ئىشلەنگەن نەقىشلىق بۇيۇملارنىڭ كۆپچىلىگى بۇزۇپ تاشلاندى؛ ئالتۇن - كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن سەنئەت بۇيۇملىرى، ئۇلجا بۆلۈشكەندە قىممىتىنى ھېساپلاشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، ئېرىتىلىپ توكچىلەندى؛ بۇلاڭ - تالاڭدىن قېپقالغان نەرسىلەرنى ۋېنتسىيىلىك سودىگەرلەر ياۋروپاغا ئېلىپ كېتىپ، ئوردا - ساراي، چېركاۋلارنى بېزەشتى. بەيگە مەيدانىدىكى مىستىن ياسالغان، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن

تۆت ئاتلىق ھارۋىمۇ ۋېنېتسىيىگە يۆتكەپ كېلىندى. بۇ مىستىن ياسالغان تۆت تۇلپار ھازىرمۇ سىن. ماك چېركاۋسىنىڭ ئالدى ئىشىگىنىڭ ئالدىنى بېزەپ تۇرماقتا.

دىگدۇرۇ كىنەز مانا ئەمدى چىن كۆڭلىدىن رازى بولدى. بۇ ئەھلى سەلىپنى يولنى ئۆزگەرتكۈزۈپ، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنى ئېلىش ئارقىلىق ۋېنېتسىيىنى ئەڭ زور مەنپەئەتكە ئىگە قىلغانلىقتىن، «ئۈچ رىمنىڭ 8 - ئىمپېرىيە پادىشاسى» دەپ ئاتالدى. ئولجا بۆلۈشۈشتە ۋېنېتسىيە بايلىقنىڭ 4 تىن 3 قىسمىغا، زېمىننىڭ 8 دىن 3 قىسمىغا ئىگە بولدى ھەمدە يېڭىدىن قۇرۇلغان لاتىن ئىمپېرىيىسىدە رىم كاتولىك دىنىنىڭ باش ئېپىسكوپى دىگەن مەرتىۋىگە ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن پاپا ۋېنېتسىيىگە دىنىي جەمىيەتتىن قوغلاپ چىقىرىش جازاسىنىمۇ بېرەلمىدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي باش ئېپىسكوپ دىگەن يارلىقنى تەستىقلىدى.



# بالىلار ئەھلى سەلىپى

ھاۋانى تۇمان قاپلىغان بىر كۈنى، پارىژدىكى سان رى مۇناستىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا رەڭگى - رۇخسارى قاملاشقان 12 — 11 ياشلاردىكى بىر بالا تۇراتتى. ئۇ ئۇچىسىغا قىزىل پەۋاز تۇتۇلغان كەڭ يەڭلىك ئاق ئۇزۇن چاپان كىيگەن، كۆكرىگىگە كىرست بەلگىسى ئېسىۋالغان، بوينىغا ئەيسانىڭ تۆۋرۈككە مىخلانغان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مېدالىيون ئېسىۋالغان ئىدى. ئۇ مۇناستىر ئۆگزىسىدىكى كىرست بەلگىسىگە ئىخلاسمەنلىك بىلەن قارىغاندىن كېيىن، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ پەس ئاۋازدا دۇئا تەلەپ قىلىشقا كىرىشتى.

دەل مۇشۇ چاغدا مۇناستىردىن چىقىپ كەلگەن بىر پوپ، بالىنىڭ دەرۋازا ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بېشىنى ئاستا سىلاپ تۇرۇپ:

— ئوبدان بالا، خىرىستىيانىنىڭ تەقۋادار مۇخلىسى، خۇدا بەختىڭنى بەرگەي. ئىسمىڭ نىمە؟ — دىدى.

بالا جاۋاپ بەرمەي ئۆز ئىشىنى داۋام قىلدى. پوپ قايتا سورىدى، بالا بىردىنلا:

— مەن خۇدانىڭ ئەلچىسى، — دىدى، ھەر بىر سۆزىنى سوزۇپ، دانىمۇ - دانە سۆزلەيتتى.

— خۇدانىڭ ئەلچىسى ؟ — پوپ ھەيران بولدى، — ھە،

ياق، ياق، خۇدانىڭ ئەلچىسى دىگەن خۇدانىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ، خۇدانىڭ پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدۇ، سەن، ياق...

— مەن خۇدانىڭ ئەلچىسى، — دەپ دەس ئورنىدىن تۇردى بالا چىرايى جىددى تۈس ئالغان هالدا چوڭلارچە تەلەپپۇز بىلەن، — خۇدا چۈشۈمدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى، مىنى ئۆزىگە بىۋاستە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، مۇقەددەس جاينى ئازات قىلىش ئۇرۇشىغا باللار ئەهلى سەلىپنىڭ باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدى، مەن هازىر خۇدانىڭ شەپقىتىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈۋاتىمەن.

پوپ ئىختىيارسىز هالدا بالىنىڭ ئالدىغا يۈكۈندى. ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى كىرىست بەلگىسىنى قولىغا ئېلىپ سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ئاه خۇدا، هەممىگە قادىر خۇدا، مىنى كەچۈرگىن، سىنىڭ ئالدىڭدا گۇنا قىلدىم، مىنى كەچۈرگىن! — دىدى.

بالىنىڭ ئالدىدا تۆۋە - ئىستىغپار قىلىپ ئولتۇرغان پوپنى كۆرگەن ئۆتكۈنچىلەر تۈشمۇ - تۈشتىن كېلىپ ئۇلارنى ئورىۋالدى. بەزىلىرى بۇ هالنىڭ سەۋەبىنى ئۇقۇپ كېتىپ قېلىشتى؛ بەزىلەر كىرىست بەلگىسىنى سىزىشتى. بەزىلەر پوپنى دوراپ يۈكۈنۈشتى.

ئەتراپىدا ئادەملەرنىڭ هەدەپ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پوپ، بالىنى مۇناستىرغا تەكلىپ قىلدى. بالا ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماستىن، ئۆزى يالغۇز يۈرۈپ كەتتى.

هىلىقى بالا پارىژنىڭ چېركاۋ، مۇناستىرلىرىدا ئۇدا بىر قانچە كۈن دۇئا - تەلەپ قىلدى ۋە كىشىلەرگە «خۇدا كارامىتىنى كۆرسەتكەن» ئەهۋالنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۆز تەگىتۈشلىرىنى

ئەھلى سەلىپكە قاتنىشىپ، ئۆزى بىلەن بىللە «ئەيسانىڭ قەۋرى-
سى» نى قۇتقۇزۇشقا چاقىردى. ئارقىدىنلا يېزىمۇ
يېزا! يۇرۇپ: «مۇقەددەس جاي» غا جازا يۇرۇشى
قىلىش سەپىرىنىڭ يىراقلىقى، ئەمما ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن
بارسا دېڭىز سۈيى بۆلۈنۈپ يول ئېچىپ بېرىدىغانلىقى،
سەپەرگە چىققان باللار گويا تەكشى يەردە ماڭغاندەك مې-
ڭىپ كېتىۋېرىدىغانلىقى، شۇڭا مۇقەددەس جايغا بېرىش
قىيىنغا چۈشمەيدىغانلىقى توغرىسىدا بىمەنە تەشۋىق
ئېلىپ باردى.

بۇ بالىنىڭ ئىسمى ئەتىيە بولۇپ، ئۇ پادىچى بالا
ئىدى. روشەنكى، گەرچە ئۇنىڭ روھىي ھالىتى نورمال
بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئاق كۆڭۈل، گۇنا-
سىز پاك باللارلا گۇنايى ئېغىر قىرانلار ئورۇنلاشقا قادىر
بولالمىغان ۋەزىپىلەرنى مۆجىزە كەبى ئورۇنلىيالايدۇ، دەيدى-
غان بىر خىل بىمەنە كۆزقاراشنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىدى.
مۇقەددەس جاينى «قۇتقۇزۇش» ئورۇشى كىشىلەرگە، بولۇپ-
مۇ كەمبەغەللەرگە بەخت ئەمەس، بەلكى تۈگىمەس بالايى-
ئاپەت ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار گۇناسىز، پاك باللار
بىزگە بەخت ئاتا قىلىدۇ، دەپ خام خىيال قىلىشاتتى.
بۇ خىل ساددا خىيال خۇسۇسەن يېزىلاردا كەڭ
تارقالغان ئىدى.

مانا ئەمدى، ئەتىيە «خۇدانىڭ ئۆز كارامىتىنى
كۆرسەتكەن» لىگى ھەققىدىكى ھېكايىنى يالغۇز ئۆزىلا
سۆزلىمەيدىغان بولدى، نۇرغۇن جايلاردا يېشى ئۇنىڭ
بىلەن تەڭتۇش بولغان باللارمۇ، ئۇنى دوراپ سۆزلەيدىغان

بولدى. خۇراپى كىشىلەر ئۆز بالىلىرىنى «خۇدانىڭ ئەلچىسى» نىڭ قېشىغا بەس - بەس بىلەن ئاپىرىپ بېرىشتى، بۇئالدانغان بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى 12 ياشتىن تۆۋەن ئىدى. ئۇلار توپ - توپ بولۇشۇپ ئەيسانىڭ سۈرىتى، تۇغ ۋە كىرىست بەلگىلىرىنى كۆتەرگەن ھالدا دۇئا - تەلەپ قوشاقلىرىنى ئېيتىشىپ ئەيتىيەنىڭ قېشىغا كەلدى. ئەيتىيە ئىسمى - جىسمىغا لايىق بالىلار ئەھلى سەلىپىنىڭ باش قوماندانى بولۇپ قالدى. ئۇ كىگىز - گىلەم سېلىنغان ئات ھارۋىلىرىدا ئولتۇرۇپ ماڭغاندا، ئاتلىق كانىۋايلار ئوتتۇرىغا ئېلىپ قوغداپ مېڭىشقا، ئالدىغا ئۇچرىغان كىشىلەر بۆكلىرىنى ئېلىشىپ سالام - تازىم قىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قوشۇنىدا قىرانلارمۇ خېلى كۆپەيدى، بۇنىڭ سېپىگە دېخانلار، شەھەر كەمبەغەللىرى، ئەسەبى پەرىيەرلەر، ئوغرى - قاراقچى ۋە باشقا قانۇنسىز كىشىلەرمۇ قوشۇلدى.

مىلادى 1212 - يىلى ئىيۇندا، بۇ «خۇدانىڭ ئەلچىسى» گە كېلىپ قوشۇلغان بالىلار سانى 30 مىڭدىن ئاشتى. ئۇلارنىڭ ھېچقانداق قورال - يارىغى يوق ئىدى، ئۇلار نۇر، لىئونلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئوتتۇرا يەر دېڭىز ياقىسىدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر - مارسېلغا يېتىپ كېلىپ، بۇ يەردىن دېڭىز سەپىرىگە چىقماقچى بولدى.

بۇ چاغدا تۇمەنلىگەن خەلق خىرىستوسنىڭ بالىلار ئەھلى سەلىپىگە يول ئېچىپ بەرگەن كارامىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن، دېڭىز ياقىسىغا كېلىشتى. نىمە كارامىتى بولسۇن، دېڭىز سۈيى ئادەتتىكىدەكلا قىرغاققا ئۇرۇلۇپ، ھە دەپ بۆزگۈن

ھاسىل قىلىپ تۇرۇۋەردى، بۆلۈنمىدى: ئالدانغان بىرقانچە بالا دېڭىزغا سەكرىگەن ئىدى، ھەيۋەتلىك دولقۇن يۇتۇپ يوق قىلدى.

دەل مۇشۇ چاغدا پۇل دىسە جان بېرىدىغان بىر پاراخوت خوجايىنى يېتىپ كەلدى. ئۇ پىرىستاندا تۇرۇپ كىشىلەرگە:

— خۇدا ئۆزىنىڭ ھەممىگە قادىر قانۇنىي قۇدرىتىنى تېخى باللار ئەھلى سەلىپىگە بەخشەندە قىلمىدى. ئۇ ۋاقىت تېخى يېتىپ كەلمىدى. خۇدانىڭ بىباھا كۆرسەتمىسىنى ئىجرا قىلىپ، مىسىرغا بېرىپ ئۇ يەردىكى يات دىنىدىكىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، مۇقەددەس جاينى قايتۇرۇۋېلىش يولىدا، مەن سىلەرنىڭ دېڭىزدىن ئۆتۈۋېلىشىڭلار ئۈچۈن كېمىلىرىمنى ياردەم قىلىمەن! — دېدى.

بىر قىسىم باللار قورقۇپ دېڭىزغا كىرەلمىدى، كۆپ قىسمى ھېلىقى پاراخوت خوجايىنى بەرگەن كېمىلەرگە چىقىپ جايلىشىشتى.

كېمىلەر مارسېلدىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، قاتتىق بورانغا دۇچكەلدى. كېمىدىن ئىككىسى چېردىن ئارىلغا يېقىن بىر جايدا غەرق بولدى، كېمىدىكى باللارنىڭ ھەممىسى بېلىققا يەم بولدى. قالغان بەش كېمىدىكى باللار مىسىرغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، پاراخوت خوجايىنى ھەممىسىنى قۇل ھېساۋىدا ساتتى. بۇ ئاچكۆز خوجايىن كېيىن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئەمما ئۇنىڭ بىراقلا بېيىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆزى قىزارغان نېمىسلارمۇ ئۇنى دوراپ، شۇنداق ئىشلارنى قىلدى.

گېرمانىيىلىك بىر چەۋەنداز 12 ياشلىق ئوغلىنى دىنىي قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان تۆۋەن قاتلام خەلقنى ئالداشقا كۈشكۈرتتى. ئۇ، ئوغلىنى رېين دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى جايلارغا ئېلىپ كېلىپ، ئەيتىيە قىلغان سۆزگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان سۆزلەرنى قالدۇرۇپ، تەرەپ - تەرەپتە ئالدامچىلىق قىلدى. بۇ خىل تەرىقەت يولىنى تەرغىپ قىلىش ھەركىتى نۇرغۇن كىشىلەرنى بىر مەھەل قايمۇقتۇرۇپ كەتتى، بۇلار ئۇيۇشتۇرغان ئەھلى سەلىپكە قىز - ئوغۇل بولۇپ 20 مىڭ بالا قاتناشتى. بۇ قوشۇن كولوندىن يولغا چىقىپ، رېين دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ، ئالپ تاغلىرىدىن ئۆتتى، تارتمىغان جەۋرى- جاپالىرى قالمىدى. بۇ «مۇقەددەس جەڭچىلەر» نىڭ ئۈچتىن ئىككىسى يول ئۈستىدە ئۆلدى. قېپقالغانلىرى 1212 - يىلى ئاۋغۇستتا، ئىتالىيىنىڭ شىمالىدىكى گېنويەگە يېتىپ كەلدى. رىمغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قېچىپ كەتتى، بىر قىسمى ئىلگىرىلەپ مېڭىۋەردى. ئۇلار بىرىنىنىڭ غەربىگە كەلگەندە، يەرلىك دائىرىلەرنىڭ مۇداخىلە قىلىشى ئارقىسىدا قەللاپلارنىڭ ئېكسپورت قىلىۋېتىشىدىن قۇتۇلۇپ قالدى.

كىشىنى چۆچۈتىدىغان بۇ ئىشلار، تەبىئىكى، رىم پاپىسىنىڭ قۇلىقىغا بېرىپ يەتتى، ئەمما ئۇ مۇنداق رەزىل قىلمىشلارغا قارىتا ھېچقانداق ئەيىپلەش پوزىتسىيىسىدە بولمىدى. ئۇ ئالدانغان بۇ بالىلارنى چوڭ بولغاندا ئەھدەڭلارنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ھەقىقى ئەھلى سەلىپكە قاتنىشىڭلار، دېدى. بىراق ھايات قالغان بالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قايتىش يولىدا، ئاچ - يالىڭاچلىق ۋە كېسەللىك

تۆپەيلى ئۆلۈپ كەتتى. پاپىنىڭ نەزىرىدە بىرقانچە تۈمەن كىچىك بالىنىڭ ئۆلۈشى دېگەن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، بۇ قىرانلارنىڭ ئەھلى سەلىپكە قاتنىشىش قىزغىنلىقىنى قوزغايتتى. دېگەندەك، ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇ يەنە بىر نۆۋەت ئەھلى سەلىپ تەشكىللەپ شەرققە يۈرۈش قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى.



# ئەھلى سەلىپىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەغلۇبىيىتى

روژدېستۋو بايرىمى (خىرىستىيان دىنى رىۋايەتلىرىدىكى ئەيسانىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرلەش بايرىمى. ھەر يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ) غا ئۇن نەچچە كۈنلا قالغان بولسىمۇ، رىمنىڭ ھاۋاسى يەنىلا ناھايىتى ئىسسىق ئىدى. ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، بۇ قەدىمىي شەھەردە ئادەملەر مىغىلدايتتى. ساقچىلار قاتتىق مۇداپىئەدە تۇراتتى، ۋاتىكاننىڭ لاتالاند سارىيىنىڭ ئالدىدا ھەشەمەتلىك بېزەلگەن پەيتونلار تۇرۇپ كەتكەن. بەزىبىر ئىسىلزادىلەر سارايغا ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئۇزايىدىن ناھايىتىمۇ ئالدىراشتەك كۆرۈنەتتى.

ئەسلىدە پاپا ئىننو كېنت III ئەھلى سەلىپنى 5 - قېتىم ئۇزۇن سەپەرگە تەشكىللەپ، «مۇقەددەس جاي» نى مىسىرلىقلار قولىدىن تارتىۋېلىش توغرىلىق بۇ يەردە چوڭ دىنىي يىغىن ئېچىۋاتاتتى. زەردار ئائىلىسىدىن دۇنياغا كەلگەن ئىننو كېنت، پاپا بولۇپ سايلانغان چېغىدا تېخى 37 ياشتىلا ئىدى. ئۇ تەختكە چىققان 1198 - يىلى ئومۇمى



پاپا ئىننو كېنت III

يارلىق چىقىرىپ، ياۋ-
روپا ئەللىرىنى يېڭى
«مۇقەددەس ئۇرۇش» ئې-
لىپ بېرىشقا چاقىرغان
بولسىمۇ، ۋېنېتسىيە،
ئەھلى سەلىپنى يولىنى
ئۆزگەرتىپ، رىم ئىمپېرا-
يىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا
دالالەت قىلغىنى ئۈچۈن،
«مۇقەددەس ئۇرۇش» تا
مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى.
كېيىن، ئۇ ھىلە ـ مىكىر
ئىشلىتىپ، پاپا — قۇ-
ياش، پادىشا بولسا ئاي،
ئاي، قۇياشتىن نۇر ئە-
گەنگە ئوخشاش پادىشانى پاپا ھاكىمىيەتكە ئىگە قىلىدۇ»
دەپ جار سېلىپ، ئەنگلىيە، شىۋېتسىيە، دانىيە قاتارلىق
پادىشالىقلارنىڭ شاھلىرىنى ئۆزىگە باش ئېگىپ خىزمەت
قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ، غەربىي ياۋروپادىكى پادىشالىقلارنىڭ
خاقانى بولۇۋالدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن سەپەر قىلىش ئىرادىسىنى نامايەن
قىلىش مەقسىتىدە، ياۋروپانىڭ نۇرغۇن ئەللىرىدىكى شۆھرەت-
لىك ئەرباپلارنى رىمغا چاقىرىپ يىغىن ئاچتى. بۇ يىغىن-
غا 1500 كىشى قاتناشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە باش
ئېپىسكوپ، ئېپىسكوپلاردىن 400 چە كىشى، پادىشا
ۋەكىللىرى، كارول، كىنەز، گىرافلاردىن ئىبارەت ئەڭ

ھوقۇقلۇق ئەرباپلارمۇ بار ئىدى. بۇ يىغىننىڭ كۆلىمى شۇنداق زور بولدىكى، بۇنىڭدىن 120 يىل ئىلگىرى ئەھلى سەلىپنى تۇنجى قېتىم شەرققە يۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن دىنىي يىغىننىڭ كۆلىمىدىنمۇ زور ئېشىپ كەتتى.

14 - دېكابىر ئىننو كېنت III كۆرەڭلىگەن ھالدا يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا يارلىغىنى ئوقۇپ ئۆتتى:

— بالىلىرىم، مەن كىڭ خىرىستىيانلارنىڭ مۇقەددەس جايىنى دەيۈزلەرنىڭ ئىلكىدىن ئازات قىلىش ئارزۇسى ۋە بۇ قېتىمقى مۇقەددەس يىغىنىمىزنىڭ قارارىغا ئاساسەن، بۇيرۇق قىلىمەنكى، دېڭىزدىن ئۆتۈش ھازىرلىقى پۈتكەن بارلىق ئەھلى سەلىپچىلەر 1217 - يىلى 1 - ئىيۇندا سىتسىلىيە پادىشالىقىغا توپلىنىدۇ. خۇدا خالىسا، شۇ چاغدا ئۇ يەرگە بېرىپ، خىرىستىيانلار قوشۇنىغا كۆرسەتمە بېرىمەن ۋە تىلەك تىلەيمەن.

سارايى تىمتاس ئىدى، پاپا ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، تەلەپپۇزىنى جىددىيلەشتۈردى:

— يات دىندىكىلەرگە قورال - ياراق، تۆمۈر ياكى پاراخوت ياسايدىغان ياغاچ ماتېرىياللىرىنى يۆتكەپ بەرگۈچىلەر دەرھال مۇرتەد قىلىنىدۇ؛ ئۇرۇش پاراخوتلىرىنى يات دىندىكىلەرگە سېتىپ بەرگەن ياكى ئۇلارغا ھەمكارلىشىمەن دەپ مۇقەددەس ئۇرۇشىمىزغا زەرەر يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۆزى شۇ خىل ھەركەتلىرىنى سېزىۋالغۇچىلارغا قۇل قىلىپ بېرىلىدۇ. بۇيرۇق قىلىمەنكى: دېڭىز

ياقىسى شەھەرلەردىكى چېركاۋلار ھەر يەكشەنبە كۈنى ۋە باشقا دىنلارنىڭ بايرام كۈنلىرى مۇشۇ بەلگىلىمىنى ئوقۇپ جاكالاپ تۇرۇشى لازىم. مەن يەنە شۇنى بۇيرۇيمەنكى، بۇنىدىن كېيىنكى غازاتقا تۆت يىل ئىچىدە بارلىق خىرىستىيانلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ قاتناش قورالى ھازىرلىشىمىز ئۈچۈن، كېمىگە ئولتۇرۇپ يات دىندىكىلەر ئىگەللەپ ياتقان شەرققە بېرىشى ياكى باشقىلارنى كېمە بىلەن ئەۋەتىشى مەنئى قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارمۇ دىنىي جەمىيەتتىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ!

پاپا گەرچە 5 - قېتىملىق «غازات»قا قاتتىق چاقىرىق قىلغان بولسىمۇ، بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشقۇچىلار ئىلگىرىكى قېتىملاردىن كۆرۈنەرلىك رەۋىشتە ئازىيىپ كەتتى، پەقەت گېرمانىيىنىڭ جەنۇبىدىكى بىرقانچە كىنەز ھەم ۋەزىرلەر، ئاۋستىرىيە، ۋېنگرىيە ھەم گوللاندىيە قاتارلىق كىنەزلەرلا ئۆز قوشۇنلىرىنى توپلىدى. ئىككىنچى يىلى پاپا كېسەل بىلەن ئۆلۈپ، سىلىتسىيە ئارىلىغا بېرىپ، كىرىست ئارمىيىسىگە كۆرسەتمە بېرىش ۋە تىلەشكە تىلەك ئۇلگۈرەلمىدى، ئەمما يىراققا يۈرۈش قىلىش تەييارلىقى جىددى داۋام قىلىۋەردى.

1217 - يىلى يازدا ئەھلى سەلىپ 5 - قېتىم شەرققە تاجاۋۇز قىلىشنى باشلاپ ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا ئاندىن ئاۋال مىسىرنىڭ دامىئەتارغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى.

دامىئەتار قورغانلىق شەھەر بولۇپ، ئافرىقىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى نىل دەرياسىنىڭ دېلتىسىدىكى بىر تارماق ئېقىنىغا جايلاشقان، ئوتتۇرا دېڭىزدىن مىسىرغا كىرىدىغان بوغۇز ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ ئۈچ رەت سېپىلى ۋە نىل دەرياسىنىڭ

كىچىك ئاراللىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇستەھكەم ئىستىھكاملىرى بار ئىدى. بۇ ئىستىھكاملار كۆۋرۈك ئارقىلىق شەھەر بىلەن تۇتىشىپ تۇراتتى ھەمدە سۇ يولى بىلەن دامئەتارغا كىرىدىغان دۈشمەننى توسىدىغان سانسىزلىغان سىم توساقلار بار ئىدى.

سەلىپچىلەر دەسلەپتە كېمىلەرنى سۇ ئارقىلىق قەلئەگە ھۇجۇم قىلىش ماشىنىسىغا ئۆزگەرتىپ، كېمە ئۈستىگە ئېگىز شوتا ئورنىتىپ، نۇرغۇن ئىستىھكاملارنى ئىشغال قىلدى. بىراق ھەش ـ پەش دېگىچە تومۇز كۈنلىرى باشلىنىپ، نىل دەرياسىدا تاشقىن بولۇشقا، ئەھلى سەلىپكە ۋابا تارقىلىشقا باشلىدى. شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا قۇربى يەتمىدى. ھەر ئىككى تەرەپ بىرقانچە ئاي تىرەكىشىپ، ھېچقايسىسى بىر بىرىنى يېڭەلمىدى. «ئاللانىڭ لەشكەرلىرى» ئۈمىتسىزلىنىشكە باشلىدى. دامئەتارنى مۇھاسىرە قىلغان ئىككىنچى يىلى، ئاۋستىرىيە كىنەزى قاتارلىقلار ھېچنىمىگە قارىماستىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ ياۋروپاغا قايتتى. ئەمما سەلىپچىلەرنىڭ قالغانلىرى قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈشكە ئۇنىمىدى.

بىر كۈنى مىسىر سۇلتانى (ئەك ئالى ھۆكۈمران) ئەھلى سەلىپكە ئەلچى ئەۋەتتى. پاپىنىڭ ئەلچىسى، ئەھلى سەلىپنىڭ قوماندانى قىزىل تونلۇق ئېپىسكوپ پراگ، ئەلچىنى قوبۇل قىلدى.

— ئېپىسكوپ جاناپلىرى، — دەپ سۆز باشلىدى مىسىر ئەلچىسى، — مەن ئەزىز سۇلتانىمىزنىڭ پەرمانىغا بىنائەن دامئەتارنىڭ تېچلىغى ھەققىدە ھەربىرلىرى بىلەن كېڭەشكىلى كەلدىم.

— دامئەتار ئەتىلا مۇقەددەس قوشۇنىمىز ئىلكىگە ئۆتىدۇ، ھەرقايسىڭ ھېلىمۇ تېخى ئۇنىڭ تېچلىقىنى تىلەپ ئولتۇرۇشامسەن؟ — دېدى ئېپىسكوپ كۆرەڭلەپ.

— يوقسۇ جاناپلىرى، پۇقرالارنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن تېچلىق ھەققىدە كېڭەشمەك ۋاجىپتۇر. ئىزىز دىنىڭىزلارنىڭ ئەقىدىسىدىمۇ پۇقراغا رەھىم قىلىش لازىملىقى كۆرسىتىلگەن ئەمەسمۇ؟

— ھىم، — ئېپىسكوپ دىمىغىنى قاقتى، — ئاللاتائالا يات دىندىكىلەرنى قاتتىق جازالاشنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

— بىراق سىلەر دامئەتارنى بىر يىل مۇھاسىرە قىلىپ ياتتىڭلاركى، ھېچقانداق نەتىجە كۆرەلمىدىڭلار.

ئېپىسكوپ، ئەلچىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا مەنسىتمەسلىك بىلەن سورىدى.

— سىلەر قانداق بەدەل تۆلەپ تېچلىقنى قولغا كەلتۈرمەكچى؟

— ئەگەر قوشۇنىڭىزلار مىسىردىن تولۇق چېقىپ كەتسە، ئەزىز سۇلتانىمىز ئىروسالىم پادىشالىقىنى سىلەرنىڭ ئىلكىڭلارغا تاپشۇرماقچى. ئىروسالىمنىڭ سابىق پادىشاسى بۇندىن 13 يىل مۇقەددەم مۇشەررەپ بولغان دىنىڭىزلارنىڭ ئالاھىدە قىممەت باھالىق مۇقەددەس مىراسلىرىنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىدۇ؛ ئۇندىن باشقا يەنە قوشۇنىڭىزلارغا پۇل-دۇنيامۇ ئىنئام قىلىدۇ.

ئەلچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئېپىسكوپنىڭ يۈرەكلىرى ئىختىيارسىز ئويناپ كەتتى. ھەقىقەتەن، ئەلچى ئوتتۇرىغا قويغان شەرت خېلىلا پايدا بېرەتتى، ئەمما ئاچكۆزلۈك قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئېپىسكوپ

نىڭ كۆڭلىگە پۈككىنى يالغۇز «قىممەت باھالىق مۇقەددەس مىراس» لا ۋە ھىلىقى پۇل - دۇنيالا ئەمەس ئىدى. ھەتتا مۇقەددەس شەھەرمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇلارنى قورال كۈچى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇ تېخىمۇ كۆپ نەرسە - كېرەك ئۇندۇرۇۋالماقچى ئىدى.

— ئاللانىڭ مۇھتاجلىغى پۈتكۈل شەرق، — دىدى ئۇ تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، — ئەگەر سۇلتانىڭلار پۈتكۈل مىسىرنى ئاللاغا تۇتسا ۋە ھەم خىرىستىيانغا كىرسە، بىز ئۇنىڭغا تېچلىق ئاتا قىلىمىز.

شەكسىزكى، بۇنداق تەنپەن ئەلۋەتتە بۇزۇلىدۇ. 1219 - يىلى دېكابىرنىڭ باشلىرى ئىدى، ئەھلى سەلىپ، دامىيەتار شەھىرىنى ئاخىرى ئالدى، نەچچە يۈز مىڭ مارك قىممىتىدە غەنىمەت ئالدى، بۇ غەلىبە بىلەن ئېسەڭگىرەپ كەتكەن ئەھلى سەلىپ كاتتىۋاشلىرى دامىيەتارغا ياۋروپادىن ھەمدەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگىچە تۇرۇپ، 1221 - يىلى ئىيۇندا مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرەگە يۈرۈش قىلدى. بۇ چاغدا مىسىر سۇلتانى قايتا ئەلچى ئەۋەتىپ ئەھلى سەلىپ قوماندانلىرىغا ئىلگىرىكى پىكرىنى قەيت قىلغان بولسىمۇ، رەت قىلىندى.

ئىيۇنىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەھلى سەلىپ قاھىرەگە كىرىدىغان يولدىكى مۇھىم ھەربى بازا — ئەلمەنسۇرەگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار تاللىغان ھۇجۇم باشلاش ۋاقتى

دەل نىل دەرياسىدا تاشقىن بولىدىغان مەزگىلگە توغرا
كېلەتتى. ئېيۇلنىڭ باشلىرىدا نىل دەرياسىنىڭ يۇقۇرى
ئېقىنىدىكى رايونلاردا قاتتىق يامغۇر ياغدى، يامغۇر، تاغدىن
ئېتىلىپ چۈشكەن كەلكۈن بىلەن قوشۇلۇپ، يار - جىلغىلار
ئارقىلىق جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ ئاقتى، ھەش - پەش دىگىچە
ئەلمەنسۇرە بەئەينى كۆل بولۇپ كەتتى. ئەھلى سەلىپ
بارگاھلىرى توپان ئاستىدا قالدى. بۇ جاينىڭ سۈيىدىن
خەۋىرى بولغان مىسىر قوشۇنى دەرھال ئەھلى سەلىپنىڭ
يانار يولىنى توسدى. ئەھلى سەلىپ شەرقىي شىمالدىن
دامئەتار بازىسىغا قايتىشىدا مىسىرلىقلارنىڭ ئىككى تەرەپتىن
ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، يېرىمىدىن كۆپرەگى ئۆلدى.

بۇ نۆۋەت ئەمدى ئېپىسكوپ پېراگ ئۆزى يارىشىشنى
تەلەپ قىلدى. بىراق بۇ قېتىم مىسىرلىقلار ئوتتۇرىغا قويغان شەرت-
لەرنى قوبۇل قىلىش نۆۋىتى ئەھلى سەلىپكە كەلگەن ئىدى.
شۇڭا ئۇلار ئىستىلا قىلىنغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان دام-
ئەتاردىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى ۋە 1221 -
يىلى سىنتەبىردە مىسىردىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقىپ
كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئېننوكېنت III قوزغىغان ئەھلى
سەلىپنىڭ 5 - قېتىملىق شەرققە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى
شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولدى.

1228 - يىلىدىن باشلاپ ئەھلى سەلىپ شەرققە
يەنە ئۈچ نۆۋەت تاجاۋۇز قىلغان بولسىمۇ، ھەممىسى دىگۈ-



دەك مەغلۇپ بولدى. شۇندىن كېيىن ئېننوكېنتىنىڭ ۋارىس-
لىرى خىرىستىيان ئەللىرى پادىشالىرىنى قايتىدىن ئۇزۇن
سەپەر قىلىشقا چاقىرىق قىلغان بولسىمۇ، قوشۇن ئۇيۇشتۇرال-
مىدى. 200 يىل داۋام قىلغان، ئىلگىرى - كېيىن
بولۇپ سەككىز قېتىم شەرققە تاجاۋۇز قىلغان ئەھلى سەلىپ
ئۇرۇشى 1291 - يىلى ئەھلى سەلىپنىڭ شەرقتىكى ئەڭ
ئاخىرقى بىر بازىسى — ئوتتۇرا دېڭىز-
نىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ئاككىنى قولدىن
بېرىپ ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇبىيەت بىلەن تاماملاندى.



دەل نىل دەرياسىدا تاشقىن بولىدىغان مەزگىلگە توغرا كېلەتتى. ئىيۇلنىڭ باشلىرىدا نىل دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىنىدىكى رايونلاردا قاتتىق يامغۇر ياغدى، يامغۇر، تاغدىن ئېتىلىپ چۈشكەن كەلكۈن بىلەن قوشۇلۇپ، يار - جىلغىلار ئارقىلىق جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ ئاقتى، ھەش - پەش دىگىچە ئەلمەنسۇرە بەئەينى كۆل بولۇپ كەتتى. ئەھلى سەلىپ بارگاھلىرى توپان ئاستىدا قالدى. بۇ جاينىڭ سۈيىدىن خەۋىرى بولغان مىسىر قوشۇنى دەرھال ئەھلى سەلىپنىڭ يانار يولىنى توسدى. ئەھلى سەلىپ شەرقىي شىمالدىن دامئەتار بازىسغا قايتىشىدا مىسىرلىقلارنىڭ ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، يېرىمىدىن كۆپرەگى ئۆلدى.

بۇ نۆۋەت ئەمدى ئېپىسكوپ پەراگ ئۆزى يارىشىشنى تەلەپ قىلدى. بىراق بۇ قېتىم مىسىرلىقلار ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنى قوبۇل قىلىش نۆۋىتى ئەھلى سەلىپكە كەلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىستىلا قىلىنغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان دامئەتاردىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى ۋە 1221 - يىلى سىنتەبىردە مىسىردىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىننوكېنت III قوزغىغان ئەھلى سەلىپنىڭ 5 - قېتىملىق شەرققە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولدى.

1228 - يىلىدىن باشلاپ ئەھلى سەلىپ شەرققە يەنە ئۈچ نۆۋەت تاجاۋۇز قىلغان بولسىمۇ، ھەممىسى دىگۇ-



دەك مەغلۇپ بولدى. شۇندىن كېيىن ئىننوكېنتىنىڭ ۋارىسلىرى خىرىستىيان ئەللىرى پادىشالىرىنى قايتىدىن ئۇزۇن سەپەر قىلىشقا چاقىرىق قىلغان بولسىمۇ، قوشۇن ئۇيۇشتۇرالمىدى. 200 يىل داۋام قىلغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سەككىز قېتىم شەرققە تاجاۋۇز قىلغان ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى 1291 - يىلى ئەھلى سەلىپنىڭ شەرقتىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر بازىسى — ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ئاككىنى قولدىن بېرىپ ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇبىيەت بىلەن تاماملاندى.



## دانتې ۋە «تەڭرى كۆيلىرى»

مىلادى 13 - ئەسىردە، ئىتالىيىنىڭ شىمالىدىكى فلورېنتسىيە جۇمھۇرىيىتىدە مۇنداق بىر ئادەت تارقالغان ئىدى: ھەر يىلى باھار كېلىپ گۈللەر ئېچىلغاندا ئەر - ئاياللار بىرلىكتە ھەرخىل شەكىلدە يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ بايرامنى تەبرىكلەشەتتى، بىر بىرىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇشاتتى.

مايىنىڭ 1- كۈنى، شەھەردىكى ناھايىتى ئابرويلۇق بىر ئائىلە خوشنا - خولۇملىرىنى چاقىرىپ زىياپەت بەردى، زىياپەتكە سۇنغان بىر ئاقسۆڭەك بىرمۇنچە باللارنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلدى. باللارنىڭ بىرى — ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇلۇغ شائىر دانتې. ئالىگىر ئىدى.

شاتلىقتا چۆمگەن زىياپەت ئەھلى زىياپەت سورۇنىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇشۇۋاتقاندا، توققۇز ياشلىق دانتې ئۆزى بىلەن تەڭتۇش باللار بىلەن ئويۇنغىلى چىقىپ كەتتى.

ساھىپخانىنىڭ قىزى بىياتېلس رەڭگى - رويى كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك نازىنىن قىز ئىدى. ئۇتېخى ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، سۆز - ھەركەتلىرى ئۆز يېشىغا مۇناسىپ بولمىغان دەرىجىدە سىپايە ئىدى. دانتې، قىزنى كۆرۈپلا ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالدى ۋە قىز بىلەن بىللە ئويناپ تاماشا قىلدى؛ بايرامدىن كېيىنمۇ پات - پات كېلىپ

قىزنى يوقلاپ تۇردى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىياترىس، دانتې ئۈچۈن مەنىۋى سەنەم بولۇپ قالدى، بىراق ئۇلارغا باشتىن - ئاخىر قوشۇلۇش نېسىپ بولمىدى، ئەپسۇسلىنارلىقى بىياترىس 24 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ھال دانتېنى شۇنداق بىئارام قىلدىكى، ئۇ كۈن بويى ھەسرەت - نادامەت، قايغۇ - ئەلەم ئىچىدە ياداپ قۇرۇپىلا كەتتى. كېيىن بىياترىسنى خاتىرىلەيدىغان داستان — «تەڭرى كۆيلىرى» نى يېزىش قارارىغا كەلدى.



دانتې

ئەمما داۋالغۇپ تۇرغان سىياسى ھايات ۋە ئۇنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرى تۈپەيلى «تەڭرى كۆيلىرى» ناملىق ئىشقى - مۇھەببەت داستانى سىياسى داستان بولۇپ يېزىلىپ چىقتى. بۇ ئۇنىڭ 20 يىل سۈرگۈن قىلىنغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

دانتې كىچىكىدىنلا ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن ھەم تىرىشچان ئىدى، بولۇپمۇ كىتاب كۆرۈش، شېئىر يېزىشقا خۇشتار ئىدى. ئۇ ۋاقىتنى ناھايىتى ئوبدان ئورۇنلاشتۇراتتى. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق تارىخنى ئوقۇپ تۈگەتكەن ۋە

ئوقۇتقۇچىلاردىن پەلسەپە، ئىلاھىيەت ئۆگەنگەن ئىدى، ئۇ قەدىمقى رىم شائىرى ۋېرگىلىئۇسقا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى تەقلىت قىلىپ، يەرلىك تىل بىلەن شېئىرلار يازاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ياش ۋاقتىدىلا ناھايىتى شۆھرەت قازانغان ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا فلورېنسىيە يىرىك قول سانائەتنى مەركەز قىلغان شەھەر دۆلىتى ئىدى. فلورېنسىيە بانكىلىرى غەربىي ياۋروپانىڭ سودا - سانائەت جان تومۇرى ئىدى، شۇڭا غەربىي ياۋروپادىكى سىياسىي كۈرەش ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر كۆپىنچە فلورېنسىيەدە مەركەزلىك ئىپادىلىنەتتى. دانتې ياش ۋاقتىدا شەھەر خەلقى ئاق گورۇھ، قارا گورۇھ دەپ ئىككى گورۇھقا بۆلۈنەتتى: قارا گورۇھ مۇتەئەسسىپ گورۇھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى شەھەر ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلەرگە مايىل يۇقۇرى قاتلام شەھەر خەلقى ئىدى. بۇلارنىڭ پاپىسى بار ئىدى؛ ئاق گورۇھ ئىلغار شەھەر خەلقىغە ۋەكىللىك قىلاتتى، بۇلارنىڭ تەلىۋى شەھەرنى تامامەن ئەركىن، مۇستەقىل قىلىشتىن، پاپىنىڭ سىياسىغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئىككى گورۇھ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كەسكىن كۈرەش بولاتتى. دانتې گەرچە سۇنغان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىلغار كۈچلەرنى ياقلايتتى ۋە شەھەر خەلقىنىڭ ۋىراچلار جەمىيىتىگە قاتناشقان ئىدى. ۋىراچلار جەمىيىتى سىياسىي جەھەتتىن ئاق گورۇھقا قارايتتى. 1300 - يىلى، دانتې 30 ياشقا كىرگەن يىلى شەھەر باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئىجرائىي ھەيئىتى بولۇپ سايلاندى.

بۇ چاغدا پاپا پۇرسەتنى تۇتۇپ، فلورېنسىيىگە قاراش-
لىق بىر ۋىلايەتنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش قەستىگە چۈشتى.
شەھەر باشقۇرۇش كومىتېتى بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى،
بۇنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن كەسكىن قارشىلىق كۆرسەتكىنى
دانتې ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاق، قارا ئىككى گۇرۇھ
ئوتتۇرىسىدا جىددى كۈرەش باشلاندى. پاپا، فرانسىيە پادىشا-
سىنىڭ ئىنىسىغا كېلىشتۇرۇپ قويۇش نامى بىلەن پۇرسەتتىن پايد-
ىلىنىپ لەشكەر باشلاپ باستۇرۇپ كىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىل-
دى. فرانسىيە ئەسكەرلىرى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىنلا، قارا گۇ-
رۇھقا يانتاياق بولۇپ، كۈچ ئۆيۈشتۇرۇش ئارقىلىق ئاق
گۇرۇھ رەھبەرلىرىنى قىرغىن قىلدى ۋە سۈرگۈن قىلدى.
بۇ چاغدا دانتې، رىم پاپىسى بىلەن چەتئەل قوشۇنىنىڭ
تاجاۋۇزىنى توساش ھەققىدە كېڭەش قىلىۋاتاتتى، نەتىجىدە
پاپا ئۇنىمۇ تۇتتى ۋە ئۆمۈر بويى ئۆز ۋەتىنىگە قايتماس
قىلىپ سۈرگۈن قىلدى.
— ئاھ، پەلەك! بۇ قېرىنداشلىرىمنىڭ بەخت - سائادىتى
ۋە تىنچ - ئامانلىقى ئۈچۈن يۈرەك قانلىرىمنى سەرپ قىلغىنىمغا
بەرگەن جاۋابىڭمۇ؟ — دانتې سەرسانلىق - سەرگەردانلىق تۇرمۇ-
شى داۋامىدا ھەمىشە ھەسرەت بىلەن شۇنداق سوئاللارنى قوياتتى.
دانتې گەرچە مۇشۇنداق بەختسىزلىكلەرگە ئۇچرىغان
بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ سىياسى تەشەببۇسىدىن زادىلا ۋاز كەچمىدى،
سىياسى پائالىيەتلەرنى توختاتمىدى. ئۇ سۈرگۈن قىلىنغان
ئاق گۇرۇھتىكىلەرنى تەشكىللەپ فلورېنسىيىگە قايتىشقا
ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، نەتىجە قازىنالمىدى. كېيىن،
ئۇ تەرەپ - تەرەپكە قاتراشقا باشلىدى، ئالىپ تاغلىرىدىن

پارىژغا كەلدى. پارىژدا پەلسەپە، ئىلاھىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىللە، دەۋر بۆلگۈچ ئۇلۇغ ئەسىرى — «تەڭرى كۈيلىرى» ئىجادىيىتىنى باشلىدى ۋە كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانا يۇرتىغا قايتىشنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتتى.

بۇ پۇرسەت ئاخىرى يېتىپ كەلدى. 1308- يىلى دانتې 43 ياشقا كىرگەندە، ليوكسېمبورگنىڭ كىنەزى مۇقەددەس رىم پاپىسى بولۇپ سايلاندى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇ ئىتالىيىنىڭ مەلۇم بىر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ئەسكەر چىقاردى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دانتې ئىنتايىن خوشال بولدى. ئۇ، پادىشانىڭ كۈچى ئارقىلىق يۇرتى فلورېنسىيىگە قايتىپ كېتىشنى، قارا گۇرۇھنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغان غايىۋى ھاكىمىيەتنى ئورنىتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ئۇ، يەنە ئالىپ تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، جەنۇپقا قاراپ يول ئالدى ۋە پادىشاغا خەت يېزىپ، پادىشانى پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، فلورېنسىيىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئۈندىدى. پادىشا دىگەندەكلا رانتېنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، فلورېنسىيىگە ئەسكەر ئەۋەتتى. بىراق قارا گۇرۇھ قوشۇنى قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، پادىشا ئەسكەرلىرىنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشا ئۆلۈپ كەتتى. دانتېنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە قايتىش ئۈمىدىمۇ يوققا چىقتى.

شۇندىن ئېتىۋارەن دانتېنىڭ سىياسى غايىسى بەربات بولۇپ، سەرسانلىق داۋامىدا مەخسۇس ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشتى ۋە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يېزىلىپ بولمىغان نادىر ئەسىرى — «تەڭرى كۈيلىرى» نى

يېزىپ تۈگەتتى. ئۇ رىيال تۇرمۇشتىكى ئادەمخور تۈزۈمگە
ئىنتايىن نارازى ئىدى. شۇڭا بۇ نارازىلىقى بىلەن غايىسىنى
ئەسىرىنىڭ مەزمۇنىغا سىڭدۈردى.
شۇ چاغدا ئىتالىيىنىڭ شىمالىدىكى مەشھۇر قەدىمقى
شەھەر — راۋېننانىڭ پادىشاسى خېلى ئوبدان تەربىيە
كۆرگەن چەۋەنداز ئىدى. بىلىملىك كىشىلەرنى ئىنتايىن
ھۆرمەتلەيتتى ۋە دانتېغا ئۇزۇندىن بېرى زوقلىنىپ يۈرەتتى.
ئۇ سوغا - سالام ئېلىپ دانتېنى كۆرگىلى باردى. دانتېنى
راۋېنناغا بېرىپ تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. دانتې، راۋېنناغا
بارغاندىن كېيىن، پادىشا ئۇنى ناھايىتى ئىززەتلىدى
ۋە نۇرغۇن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى تارتۇق قىلغاندىن تاش-
قىرى، ئۇنى روھلىنىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا
رىغبەتلەندۈردى. دانتې، راۋېننادا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى بىخە-
رامان ئۆتكۈزۈش بىلەن بىر چاغدا، «تەڭرى كۈيلىرى»
داستانىنىڭ داۋامىنى يېزىپ تۈگەتتى.
«تەڭرى كۈيلىرى»نىڭ بىۋاستە تەرجىمىسى «تەڭرى
ھەققىدە كومېدىيە» بولۇپ، ئەسەرگە مۇنداق ئىسىم قويۇ-
لۇشىدىكى سەۋەپ، ئەسەر قايغۇلۇق دوزاق تەسۋىرىدىن
باشلىنىپ، پارلاق جەننەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، مەلۇم جە-
ھەتتىن كومېدىيە ئالاھىدىلىكىمۇ بار. بۇ داستان جەمى 100
كۇپلېت 14 مىڭ مىسرادىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، نۇر-
غۇن مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، «دوزاق»، «ۋەيلۇن
دوزاق» ۋە «جەننەت» تىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.
داستاندا شائىر 35 ياشقا كىرگەن يىلى بىر چۈش كۆرىدۇ،
چۈشىدە قەدىمىي رىمنىڭ ئەڭ قەدىرلىك شائىرى ۋېرگىل-

مۇسىنىڭ يول باشلىشى بىلەن «دوزاق»، «ۋەيلۇن دوزاق» ۋە «جەننەت» لەرنى ئارىلاپ چىقىدۇ. «دوزاق» گويا ۋارۇنكا بولۇپ، جەمى توققۇز قەۋەتتىن تەركىپ تاپقان، تۆۋەنگە چۈشكەنسېرى كىچىكلەپ كېتىدۇ. بۇ يەردە ھايات ۋاقتىدا گۇنا ئۆتكۈزگەن كىشىلەر ياشايدۇ؛ گۇنايى قانچە ئېغىر بولسا، تۇرىدىغان يېرى شۇنچە تۆۋەن، تارتىلىدىغان جازا شۇنچە ئېغىر بولىدۇ. مەسىلەن، شائىر دوزاقنىڭ 8 - قەۋىتىدە ئۆلۈپ كەتكەن پاپا نىكولاي III نى ۋە تېخى پانى ئالەمدە ياشاۋاتقان، شائىرغا زىيانكەشلىك قىلغان پاپا بونىپىلاس VIII نى كۆرىدۇ. بۇ قانخورلار پۇتى يۇقۇرىغا، بېشى پەسكە قىلىپ يەرگە كۆمۈپ قويۇلغان بولۇپ، يەردىن چىقىپ قالغان ئىككى پۇتى قاتتىق تولغىنىدۇ ۋە تېپىچەكلەيدۇ. بۇنى كۆرگەن شائىر خۇشاللىغىدىن توۋلىۋېتىدۇ: «گۇناغا جازا دېگەن مانا شۇ! بۇلار پانى ئالەمدە چاغدا، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى ئاياق ئاستى قىلىپ، قەبىھلەرنى بېشىغا ئېلىپ كۆتەرگەن. شۇڭا بۇلار ئەبەدىل - ئەبەت جازالىنىشى كېرەك!»



«تەڭرى كويلىرى»دىكى قىستۇرما رەسىم

شائىر «دوزاق» نى ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن «ۋەيلۇن
دوزاق» قا بارىدۇ. «ۋەيلۇن دوزاق» جەنۇبىي يېرىم شاردى-
كى دېڭىزدا لەيلەپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپى ناھايىتى
ھاۋالىق دېڭىز ساھىلى بولۇپ، بۇ يەردە ئاچكۆز، تويماس-
قارنى يامانلار، ھورۇن - يالقاۋلار، ئىچى قارا قىزىل كوزلەر-
گە ئوخشاش گۇنايى يېنىكرەك كىشىلەر تۇرىدۇ. بۇلار
ئوتتا كۆيۈپ، پاكلانغاندىن كېيىن. «جەننەت»كە كىرەلەيدۇ.
شائىر «جەننەت» كە بارىدىغان چاغدا، ئاسماندا
بالىلىق چاغلىرىدا ئاشىق بولغان بىياتىرلس پەيدا بولىدۇ ۋە بىياتىر-
لىسنىڭ يول باشلىشى بىلەن «جەننەت» كە كېلىدۇ. «جەننەت» مۇ
توققۇز قەۋەت بولۇپ، بۇ يەردە ھايات ۋاقتىدا ئاق كۆڭۈل،
سەمىمى ياشىغانلار تۇرىدۇ. بۇلار جەننەتتە مەڭگۈلۈك بەخت
پەيزىنى سۈرىدۇ. 9 - قەۋەتنىڭ ئۈستىدە تەڭرى تۇرىدىغان
تەڭرى ئوردىسى بار بولۇپ، بۇ يەر شۇنداق ھەيۋەتلىك چى-
رايلىقكى، ھەممە يەر قۇياش نۇرى ۋە شاتلىق - خوراملىققا
چۆمگەن. شائىر مانا مۇشۇ يەردىلا ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ غا-
يىۋى دۇنياسىنى كۆرگەندەك بولىدۇ...
«تەڭرى كۈيلىرى»نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئەنە شۇلار-
دىن ئىبارەت. بۇنىڭدا دانتې يوشۇرۇن ئوخشىتىش ۋە
سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ، چۈشنى تەسۋىرلەش
ئۇسۇلى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىق جەمىيەت-
نىڭ تۈرلۈك جىنايەتلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پىچەن
قىلغان، پاپا، راھىبلارنىڭ زوراۋانلىقلىرى، ئاچكۆزلۈكلىرىنى
دادىللىق بىلەن ئېچىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل - پاراس-
تى ۋە غايە - ئىستەكلىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار

قىلغان. بۇ، ئەينى زاماندا قىيىن ھەم قىممەتلىك ئىش ئىدى، يېڭى مەدەنىيەت پىكىر ئېقىمىنىڭ بىخلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

دانتې «تەڭرى كۆيلىرى» ئىجادىيىتىنى 1300 - يىلى باشلاپ، ۋاپات بولۇشتىن سەللا ئىلگىرى تاماملاپ، ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ جەمئى 20 يىل ۋاقىت سەرپ قىلدى.

دانتې، 1321 - يىلى، يەنى 56 ياشقا كىرگەن يىلى، كېسەل بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، 9 - ئايلاردا بۇ ئالەم بىلەن ۋىدالاشتى. راۋېننا خەلقى كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭ تاۋۇتىنى شەھەرنىڭ ئەڭ داڭدار سانىلىدىغان كىشىلىرى كۆتىرىپ، مەلۇم بىر مۇناستىرغا قاراپ ئاستا باراتتى، پۈتكۈل شەھەر خەلقى ھەممىسى دېگۈدەك كوچىلارغا چىقىپ تەزىيە بىلدۈردى. دانتېنىڭ جەسىدى تاش تاۋۇتقا سېلىندى. بۇ تاش تاۋۇت تاھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

دانتې غەربىي ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىشىنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى. ئېنگېلس ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ: «ئۇ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كەنجى شائىرى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېڭى زاماننىڭ تۇنجى شائىرى» دېگەن ئىدى.

## بوكاچۇ

ئەگەر دانتې ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىتالىيىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ شائىرى دېيىلسە، بوكاچۇنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىتالىيىنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ھېكايىچىسى دېيىشكە بولىدۇ.

بوكاچۇ 1313 - يىلى پارىژدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ئىتالىيان، ئانىسى فرانسۇز ئىدى. بوكاچۇ تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاتىسى ئۇنى ئىتالىيىنىڭ فېلورېنتسىيىگە ياندۇرۇپ كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا فېلورېنتسىيىنىڭ دېموكراتىك كەيپىياتى ناھايىتى قويۇق بولۇپ، ياۋروپانىڭ باشقا نۇرغۇن جايلىرىغا ئانچە ئوخشىمايتتى. شۇ سەۋەپتىن، بوكاچۇ كىچىكىدىنلا دېموكراتىيىگە تەلپۈنەتتى. دىنىي جەمئىيەتنىڭ مۇدھىش ھۆكۈمرانلىقىغا نارازى ئىدى. ئۇ 14 ياشقا كىرگەندە، ئاتىسى ئۇنى نېئاپول پادىشالىقىغا سودىگەرچىلىكنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. كېيىنرەك بۇ يەردە يەنە دىنىي جەمئىيەت قانۇنىنى ئۆگىنىپ، جەمئى 12 يىل تۇردى. بۇ جەرياندا ئۇ بىرمۇنچە يەرلەرنى ئايلىنىپ بىلىمىنى ئاشۇردى.

بوكاچچو كىچىكىدىن



بوكاچچو

لا قېتىقىنىپ ئىزدىنىپ ئۆگىنەتتى. يەتتە ياشقا كىرگەندە شېئىر ئۆگىنىشكە كىرىشتى. 20 نەچچە ياشلارغا كىرگەندە بىرقانچە شېئىر توپلام چىقارغان ئىدى. ئۇ 26 ياشقا كىرگەندە ئاتىسىنىڭ ئىگىلىگى سۇنۇپ، بوكاچچو، فلورېنتسىيەگە قايتىپ، سىياسى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى. ئۇ قەتئى تۈردە جۇمھۇرىيەت ھاكىمىيىتى تەرىپىدە تۇرۇپ، فېئودال مۇستەبىتچىلىككە قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن، جۇمھۇرىيەت تەرىپىدىن يەتتە قېتىم دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى بېجىرىشكە تەيىنلەندى. 1351 - يىلى دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى بېجىرىشكە تەيىنلەنگەندە، ئىتالىيىنىڭ سۆرگۈن قىلىنغان دېموكراتىك شائىرى پېتراركىنى تەكلىپ قىلىنغىلى بېرىپ، پېتراركا بىلەن مەڭگۈلۈك دوستلۇق ئورناتتى.

1348 - يىلى فلورېنتسىيەدە ئېغىر ۋابا كېسىلى پەيدا بولۇپ، تۆت ئايدا 100 مىڭ ئادەم ئۆلدى. پۈتكۈل زېمىن قەۋرىستانلىققا ئايلىنىپ كەتكەندەك بولدى. جەسەتلەر كەڭ داللارنى قاپلىدى. بۇ ئاپەت بوكاچچوغا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ 1350 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە

يازغان ھېكايىلەر توپلىمى «ئون كۈنلۈك ئىشلار توغرىسىدا»
دا مۇشۇ ۋەقە ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان.

«ئون كۈنلۈك ئىشلار توغرىسىدا» — ئەينى زاماندا
ئىتالىيە بويىچە ئەڭ نادىر ھېكايىلەر توپلىمى ھېساپلىناتتى.
بۇ ھېكايىلەرنىڭ ۋەقەلىكى جانلىق، قىزىقارلىق بولۇپ،
فېئودالىزىمغا قارشى دېموكراتىك روھ ئۇرغۇپ تۇراتتى. بۇ
ئەسەر شۇ چاغدا دانتېنىڭ داستانى «تەڭرى كۈيلىرى» بى-
لەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان ئەدەبىي ئەسەر ئىدى. شۇڭا
بەزىلەر «ئون كۈنلۈك ئىشلار توغرىسىدا»نى «بەندە كۈيلى-
رى» دەپ ئاتاپ «تەڭرى كۈيلىرى» نىڭ ھەمشىرىسى دەپ
ھېساپلىغان.

ئۇنداق بولسا ئۇ نېمە ئۈچۈن «ئون كۈنلۈك ئىشلار
توغرىسىدا» دەپ ئاتىلىدۇ؟

فلورېنسىيىدە ۋابا كېسىلى تارقالغان كۈنلەرنىڭ مە-
لۇم بىر كۈنى نامازشام مەھەل بىلەن پەرىشان يەتتە قىز
مىچىتكە دۇئا - تالاۋەتكە بارىدۇ. بۇلار بىر بىرى بىلەن
ئۇچراشقاندىن كېيىن، چاكارلىرىنى ئېلىپ ئەزرائىل قولىدىكى
بۇ دەھشەت باسقان شەھەردىن چىقىپ كېتىش قارارىغا
كېلىدۇ، ئىمما ئەرلەرنىڭ ياردىمى بولمىسا بولمايدۇ، دەپ
تۇرۇشىغا، ئۈچ يىگىت يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ يى-
گىت، يەتتە قىز بىرلىكتە چاكارلىرىنى ئەگەشتۈرۈشۈپ، شەھەر
سىرتىدىكى ۋابا كېسىلىدىن خالى بىر جايغا كېتىشىدۇ.

ئۇلار شەھەردىن چىقىپ بىر ھازا يول يۈرگەندىن
كېيىن، كىچىككىنە بىر تاغ كۆرۈنىدۇ. دەل - دەرەخلەر
بىلەن قاپلانغان ياپ - يېشىل تاغدا ئىگىزغىنا بىر ھەشە-

مەتلىك جاي كۆرۈنىدۇ. بۇ جاينىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان ھويلا بولۇپ، ھويلىدىن يەلان باغرى كارىدور، كارىدور تاملىرىدىن ناھايىتى نەپىس ـ نەقىش، سۈپ ـ سۈزۈك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇلاق ۋە كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك گۈل ـ گىيالار كۆزگە تاشلىنىدۇ. گەمىلەردە يەنە نۇرغۇن مەزىلىك ئىسىل شاراپلارنى ئۇچرىتىدۇ.

ئۇلار بۇ جايغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، تۇنجى قىلغان ئىشى، ئون ئادەم ئىچىدىن بىر كىشىنى باشلىق قىلىپ سايلايدۇ. باشلىق سايلانغان كىشى يىگىت بولسا، «خان»، قىز بولسا «خانىش» دەپ ئاتاشنى، ھەرقانداق ئىشنى باشلىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى قارار قىلىشىدۇ. باشلىقنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى بىر كۈن، ئىككىنچى كۈنى يەڭگۈشلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئون ئادەم نۆۋەت بىلەن باشلىق بولىدۇ.

بىرىنچى كۈنى، ئۇلار يېشى ھەممىدىن چوڭ بىر قىزنى «خانىش» قىلىپ سايلايدۇ. ئەملىيەتتە، بۇ قىزنىڭ يېشى 28 دىلا ئىدى. «خانىش»، «قول ئاستىدا» كى قىز ـ يىگىتلەرنى ھەر خىل خىزمەتلەرگە بۇيرۇپ بولغاندىن كېيىن، تۇرمۇش تەرتىۋى ئورنىتىدۇ: ناشتىدىن كېيىن ھەركىم ئۆزى خالىغانچە سەيلە ـ تاماشا قىلىدۇ؛ چۈشتە ھاۋا ئىسسىپ كەتكەندە ھەممەيلەن توپلىنىپ سالقىن جايغا كېلىپ، ھەر كىشى بىردىن ھېكايە سۆزلەيدۇ: كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ھەممەيلەن ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل ئويناپ بولغاندىن كېيىن ئۇخلايدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئون كۈندە جەمى 100 ھېكايە ئېيتى-

لىدۇ. شۇڭا بۇ ھېكايىلەر توپلىمى «ئون كۈنلۈك ئىشلار توغرىسىدا» دەپ ئاتىلىدۇ.

بوكاچچونىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسى پاكىت ئاساسىغا ئىگە ئىدى. بۇ ھېكايىلەر ئاساسەن مۇنداق ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى: بىرى، ئۇنىڭدا فېئودال كۈچلەرگە زەربە بېرىلەتتى، مەسىلەن، فېئودال خان - پادىشالارنىڭ ياۋۇزلۇغى؛ خىرىستىيان دىنىي جەمىيىتىنىڭ جىنايەتلىرى ۋە باشقىلار؛ يەنە بىرى، خەلق ئەركىنلىگى، خۇسۇسەن مۇھەببەت ئەركىنلىگى، خەلقنىڭ ئەقىل - ئىدراك قابىلىيىتى مەدھىيىلىنەتتى. تۆۋەندە بۇنىڭغا مىساللار كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز.


«ئون كۈنلۈك ئىشلار توغرىسىدا» نىڭ قىستۇرما رەسىمى

1 - كۈندىكى 2 - ھېكايە مۇنداق:

پارىژدا ئەرەپخان ئىسىملىك بىر سودىگەر بولۇپ، ئۇ يەھۇدى دىنى مۇخلىسى ئىكەن، خىرىستىيان دىنىغا مۇتلەق ئىشەنمەيدىكەن. ئەمما ئۇنىڭ قەدىناس دوستى يانىنۇ خىرىستىيان دىنىنىڭ تەقۋادار مۇخلىسى ئىكەن. بىر كۈنى يانىنۇ، ئەرەپخانغا: خىرىستىيان دىنىغا ئىشەنمىسەڭ، ئۆلگەن

دە دوزاققا كىرىپ ئازاپلىنىسەن دەپ، ئەرەپخاننى خرىستىيان دىنىغا ئېتىقات قىلىشقا ئۈندەپتۇ. ئەرەپخان: يەھۇدى دىنىلا مۇقەددەس ئۇلۇغ دىن. مەن ئېتىقادىمنى ئۆزگەرتمەيمەن، دەپ يانئۇنى رەت قىلىپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە، يانئۇ، ئەرەپخاننى يەنە خرىستىيان دىنىغا ئېتىقات قىلىشقا دالالەت قىلىپتۇ. ئەرەپخان بۇ قەدىناس دوستىنىڭ سەممى نىيىتىنى نەزەرگە ئېلىپ: ئاۋال پاپا تۇرۇشلۇق جاي — رىمغا بېرىپ، خرىستىيان دىنى راستتىن مۇقەددەس ئۇلۇغمۇ - يوق كۆرۈپ باقايلى، ئەگەر سەن دىگەندەك بولسا، ئېتىقادىمنى ئۆزگەرتىپ خرىستىيان دىنىغا كىرەي، دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يانئۇ تەمتىرەپ قاپتۇ. چۈنكى، ئۇ دىني جەمىيەتتىكىلەرنىڭ پۈتۈنلەي يامان ئىش قىلىدىغانلىغىنى، بۇ ئەھۋالنى كۆرسە ئەرەپخاننىڭ چوقۇم خرىستىيان دىنىغا كىرمەيدىغانلىغىنى بىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ: رىمغا بارمىغان تۈزۈك، يول ئازاۋى تارتىسەن، نۇرغۇن پۇل خەجلىمىسەڭ بولمايدۇ، دەپتۇ.

ئەمما ئەرەپخان زادى بارمىسام بولمايدۇ، دەپ ئاخىرى رىمغا بېرىپتۇ. ئۇ، پاپا ۋە ئۇنىڭ قولقاناتلىرى — قىزىل تونلۇق ئېپىسكوپلارنىڭ ھەر بىر سۆز - ھەركىتىگە دىققەت بىلەن سەپسىلىپتۇ. دىندارلارنىڭ تۇرمۇش ئىستىلىنىمۇ ئەستايىدىل كۈزىتىپتۇ. نەتىجىدە دىني جەمىيەتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى، يۇقۇرىدىن تۆۋەنگىچە يامان ئىش قىلىدىغانلىغىنى، پۇل دىسە جېنىنى بېرىدىغانلىغىنى، ئاچكۆز، تويماس ئىكەنلىگىنى، ئادەم ئېلىپ ئادەم ساتىدىغانلىغىنى، ئاياللارنى

خورلاپ، ئاياق ئاستى قىلىدىغانلىقىنى، ئالدامچىلىق قىلىپ تاپقان پۇلىغا چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ، ئەيش - ئىشرەت قىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا دىنىي جەمىيەت نامىنى سۇيىئىستې مال قىلىپ، دىنىي جەمىيەت ئەمەلىنى يۇقۇرى باھادا ساتىدىغانلىقىنى؛ ئەمەل سېتىۋالغانلارمۇ دىنىي جەمىيەت نامىنى سۇيىئىستىمال قىلىپ، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى قاقتى - سوقتى قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئەرەپخان خىرىس تىيان دىنىي جەمىيىتىنىڭ قارا پەردىسىنى ئېنىق كۆرۈپ پارىژغا قايتىپ كەپتۇ.

ياننۇ، ئەرەپخاننىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بۇ سەپەردىن ھاسىل قىلغان تەسىراتىنى سوراپتۇ. ئەرەپخان: «ئاللا بۇ مەخلۇقلارنى جازاغا تارتىشى كېرەك، بىرىگىمۇ رەھىم قىلماسلىقى لازىم. ئۇلار ھازىر قىلىدىغان يامان ئىش تاپالمىغۇدەك دەرىجىگە يېتىپتۇ!» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

بۇ جاۋاپنى ئاڭلىغان ياننۇ، ئەرەپخان خىرىستىيان دىنى غا ئەمدى چوقۇم كىرمەيدۇ، دەپ ئويلاۋاتقاندا، ئەرەپخان سۆزىنى داۋام قىلىپ: «مەن خىرىستىيان دىنىغا كىرىمەن!» دەپتۇ. بۇ كۈتۈلمىگەن ئىشتىن ئىنتايىن خوشال بولغان يان نۇ، شۇئان ئەرەپخاننى چېركاۋغا باشلاپ بېرىپ چوقۇندۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا «جوھەن» دەپ دىنىي ئىسىم قويۇپتۇ.

بۇ غەلىتە ھېكايە نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئەسلىدە ئوت تۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا خىرىستىيان دىنىي ھۆكۈمرانلىقىدىكى ياۋروپا ئىدى. كىم بۇ دىنغا قارشى تۇرسا، شۇ كىشىنى نەس باساتتى. ھەتتا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىناتتى. بوكاچو ئۆزىمۇ دىندار بولغانلىقتىن، دىننى تامامەن ئىنكار قىلىشى

مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ مەسخىرە قىلىش يولى بىـ
لەن بىر تەرەپتىن، دىنىي جەمىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىنى
پاش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، دىنىي جەمىيەتنىڭ كۈچىنىڭ
زورلۇغىنى، بىراقلا ئاغدۇرۇلمايدىغانلىغىنى، دىنىغا ياقمايدىـ
غانلارمۇ ئۇنىڭغا مۇخلىس بولۇش لازىملىغىنى كۆرسىتىش
بىلەن، ئۇنىڭغا زەربە بېرىدىغان كۈچنى تېخىمۇ ئۇلغايتقان
ئىدى.

4 - كۈندىكى 1 - ھېكايە مۇنداق:

سالېرنودا تاكابىر ئىسىملىك بىر شاھزادە بولۇپ ئۇـ
نىڭ يالغۇز بىرلا قىزى بار ئىكەن، خەقلەر بۇ قىزنى
«پادىشا» دەپ ئاتىشىدىكەن. شاھزادە، قىزىنى ئىنتايىن ياخـ
شى كۆرىدىكەن. شاھزادىنىڭ رەپىقىسى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتـ
كەن بولغاچقا، ئاتا - بالا ئىككىيلەن ئىنتايىن ھەشەمەتلىك
تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، ھامان مىسكىنلىك ھېس قىلىپ، پەقەت
بىر بىرىنى پانا تارتىپلا ياشايدىكەن. «پادىشا» بويىغا يەتـ
كەندە، شاھزادە، قىزىنى ياتلىق قىلىشقا كۆزى قىيماپتۇ. ئۇـ
يان تاللاپ - بۇيان تاللاپ، ئۆزىگە تەڭ كېلەلىگۇدەك بىر
كىنەزنىڭ ئوغلىنى كۈيوغۇللۇققا تاللاپتۇ. ئەپسۇسكى كۈيوغۇل
بىر كېسەل كۆپەسى بولۇپ، توي بولۇپ بىرنەچچە كۈندىن
كېينلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. شاھزادە «پادىشا»نى قايتۇرۇپ كېـ
لىپ، ئىككىنچىلەپ ياتلىق بولغىلى قويماپتۇ. ئەمما ياشلىغى
تازا ۋايىغا يەتكەن «پادىشا» توي قىلماي قانداق ئولتۇراـ
لىسۇن؟ قىز، شاھزادە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى تەپسىلى كۆزىـ
تىپ، ئالى ھوقۇق - مەرتىۋىلىك ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ
ھەممىسى يەپ - ئىچىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان دۆتلەر

ىكەنلىگىنى؛ ئەمما ئۇرنى ناھايىتى تۆۋەن بىر يىگىتنىڭ قەد-
دى - قامەتلىك، تەگدىشى يوق پاراسەتلىك ئىكەنلىگىنى
كۆرۈپتۇ ۋە بۇ يىگىتنىڭ قەلبىگە مۇھەببەت ئۇرۇغىنى
چېچىپتۇ.

يىگىتنىڭ ئىسمى جىسكارد بولۇپ، ئۇ، قىزغا پات -
پات خەت يېزىپ، ھەقىقى مۇھەببەت ئورنىتىپتۇ. بىر كۈنى
«پادىشا» يىگىتكە: ئارقا تاغنىڭ غارىدا بىر يول بارلىغىنى،
بۇ يول بىلەن شاھزادە ئوردىسىنىڭ كەينىدىكى گۈلزارلىققا
چىققىلى بولىدىغانلىغىنى ئېيتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن يىگىت،
غار بىلەن كېلىپ، «پادىشا» بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. ئەمما بۇ
ئىشنى شاھزادە ئۇقۇپ قېلىپ، غار ئاغزىنى ساقلاشقا ئەسكەر
ئەۋەتىپتۇ. جىسكارد غاردىن چىقىش بىلەنلا، ئەسكەرلەر
تۇتۇۋاپتۇ.

شاھزادە، «پادىشا» نىڭ ئالدىغا كېلىپ غەزەپ بىلەن
كايىپتۇ:

— سەن نىمە ئۈچۈن بۇ پەسكەش چاكارنى ياخشى
كۆرىسەن؟ ھەرقايسىڭغا كۆرگۈلۈگۈڭنى كۆرسىتىمەن!

— ئاتا، — دەپتۇ قىز، — بۇرۇن ئۇنى ئەقىللىق،
قولىدىن ئىش كېلىدۇ، دىمىگەنمىدىلە؟ دەرۋەقە، ئۇ كەمبە-
غەل، ئەمما ئۇ ئىسىل خىسلەتلىك ئادەم.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزەپتىن ئۆرتەنگەن شاھزادە شۇئانلا
جىسكاردىنى ئۆلتۈرۈشكە، ئۇنىڭ يۈرىگىنى سۇغۇرۇپ ئې-
لىپ، ئالتۇن رومكىغا سېلىپ «پادىشا» نىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ
بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. قىپ - قىزىل قان تېمىپ تۇرغان يۈرەك-
نى كۆرگەن «پادىشا» قاتتىق قايغۇ ئىچىدە ھۆكرەپ يىغ-

لاپتۇ. ئۇ، يۈرەكنى سۆيۈپ تۇرۇپ: «بۇ ئالتۇن رومكا سىنىڭ تاۋۇتۇڭ بولسۇن» دەپتۇ ۋە ئىلرقىدىنلا ئالتۇن رومكىغا زەھەر قۇيۇپ، بىراقلا ئىچىۋېتىپتۇ. ئۇ جان ئۈزەر ۋاقتىدا ئاتىسىغا: «مەن جىسكارد بىلەن بىر يەرلىكتە ياتىمەن!» دەپتۇ.

بۇ تىراگېدىيە خاراكتېرلىق ھېكايە نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئۇ، ئىنساننىڭ ئازات، ئەركىن بولۇشى لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھۆكۈمرانلىق شۇنداق ئېغىر ئىدىكى، خەلق فېئودال پادىشا، دىنىي جەمئىيەت كۈچلىرى دەستىدىن تىنالمايتتى، قىلچىلىك ئەركىنلىكىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ئىنسانىي ئەركىنلىك ۋە ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، فېئودالىزمنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاشنىڭ مۇھىم تەرىپى ھېساپلىناتتى. بوكاچۇنىڭ بۇ ئەسىرى فېئودالىزمغا قارشى دېموكراتىك ئىدىيە بىلەن تولغان.

«ئون كۈنلۈك ئىشلار توغرىسىدا» يېزىلغاندىن كېيىن، فېئودال كۈچلىرىنىڭ قاتمۇ قات كاشىلىسىغا ئۇچرىدى. بوكاچۇ ئۆزىمۇ تۈرلۈك زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچراپ، يېزىقچىلىقنى تاشلاپ، ئەدىبىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما بۇنىڭ بىلەنمۇ فېئودال كۈچلىرىنىڭ بېسىمىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. 1362 - يىلى، خىرىستىيان دىنىي جەمئىيىتى ئادەم ئەۋەتىپ بوكاچۇغا تىل - ھاقارەت قىلدى ۋە تەھدىت سالدى. بۇنىڭ بىلەن بوكاچۇ بارلىق ئەسەرلىرىنى، جۈملىدىن «ئون كۈنلۈك ئىشلار توغرىسىدا»نىمۇ كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولدى. بەختكە يارىشا دوستى پېتراركانىڭ قاتتىق توسىشى ئارقىسىدا ئۇنداق قىلمىدى.

پېتراركا، مەشھۇر دېموكراتىك شائىر، «14 مىسرالىق شېئىر»نىڭ ئىجاتچىسى، ئۇ ياۋروپا شېئىرىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. 1374 يىلى پېتراركا ۋاپات بولغاندا، بوكاچچۇ روھىي جەھەتتە ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ، ناھايىتى مىسكىن - پەرىشان بولۇپ قالدى. ئىككىنچى يىلى، بۇ ئۇلۇغ ئەدىپمۇ نامراتلىق، مىسكىنلىك ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئوق - يا جىگى

ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدا، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيەنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولسىمۇ، پات - پات توقۇنۇشلارمۇ بولۇپ تۇراتتى. مىلادىنىڭ 10 - ئەسىردىلا فرانك پادىشالىغى بىر مۇنچە كىنەزلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن كۈچلۈكرەكى فرانكىنىڭ غەربىدىكى نورماندىيە كىنەزلىكى ئىدى. نورماندىيە كىنەزلىكىنى راماش بوغۇزى (ھازىر دوۋىر بوغۇزى دەپ ئاتىلىدۇ) ئەنگلىيە پادىشالىغىدىن ئايرىپ تۇراتتى. 11 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا نورماندىيىنىڭ كىنەزى ۋىلىيام ئەنگلىيىنىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، دېڭىزدىن ئۆتۈپ ھۇجۇم قىلىپ ئەنگلىيىنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا لوندونغا بېسىپ كىرىپ، تاج كىيىپ ئۆزىنى ئەنگلىيە پادىشاسى، دەپ ئاتىدى. بۇ ۋەقە تارىختا «نورماندىيە ئىستىلاسى» دەپ ئاتالدى.

12 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ۋىلىيامنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئەنگلىيە زېمىنىنى ئىگەللەش بىلەنلا قالماي،



نورماندىيلىكلەر دېڭىزدىن ئۆتمەكتە

فرانسىيە پادىشاسى بېكىتكەن ۋەزىر دىگەن سالاھىيتى بىلەن فرانسىيىدە فرانسىيە خان جەمەتى ئىگەللىگەن زىمىندىن ئالتە باراۋەر ئارتۇق زىمىننى ئىگەللىۋالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، فرانسىيە پادىشاسى فرانسىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يۈزىسىدىن ئەنگلىيە بىلەن پات ـ پات قوراللىق ئۇرۇش قىلىپ تۇردى.

1328 ـ يىلى فرانسىيە پادىشاسى فىلىپ VI تەختكە ئولتۇردى. بۇ چاغدا ئەنگلىيە پادىشاسى ئېدۋارد III بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى فىلىپ VI نىڭ جىيەن نەۋرىسى دەپ، فىلىپ VI بىلەن پادىشالىق ۋارىسلىق ھوقۇقى تالاشتى. ئەمما بۇ بانا بولۇپ، ھەقىقى تالاش باي ـ ئاۋات توقۇمىچىلىق رايونى فلاندرىيە ئۈچۈن ئىدى. 1337 ـ يىلى دېكابىردا، بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئاخىرى 100 يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش پارتلىدى.

ئۇرۇش يېڭى باشلانغاندا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھەر-
بى پائالىيىتى ناھايىتى ئاستا بولدى، ئەمما 1340 - يىلىغا
كەلگەندە، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى مەلۇم بىر پورت ئەت-
راپىدا فرانسىيە كېمە ئەترىتىنى تارمار كەلتۈرۈپ، دېڭىز بو-
يىچە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى. ئەمما ئارىدىن ئالتە يىل ئۆت-
كەندە، ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى يەنە فرانسىيە زېمىنى-
دا پەيدا بولدى. بۇ ئەھۋالدا فرانسىيە پادىشاسى ئۇلارنى
ئەلۋەتتە تارمار قىلىشى، نومۇسنى ئاقلاپ، دەردىنى چىقىرى-
ۋېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. قۇياش ئەمدى كۆتۈرۈلۈشى بى-
لەن تەڭ، فرانسىيە پادىشاسى قوشۇنغا ئۆزى بىۋاستە قومان-
دان بولۇپ، مەمۇرى ساراي تۇرۇشلۇق جاي ئابېۋىل شەھە-
رىدىن جاراڭلىق ھەربى مارشى ۋە ياڭراق جەڭ دۇمباقلىرى-
نى ياڭراتقان ھالدا يولغا چىقتى.

شەھەردىن چىقىپ تېخى ئالتە-يەتتە ئىنگلىز مىلى ماڭ-
ماي تۇرۇپلا، كىرېسى دەيدىغان بىر كىچىك بازار ئەتراپى-
غا كەلگەندە، ئالدىنقى قاراۋۇل قىسىم: ئالدىمىزدا ئەنگلىيە
ئارمىيىسىنىڭ تۇغى كۆرۈنۈۋاتىدۇ، دەپ جىددى خەۋەر
يەتكۈزدى.

شۇئان فىلىپ VI قىسىملار يۈرۈشنى توختىتىشنى، تۇر-
غان يېرىدە بۇيرۇق كۈتۈشنى بۇيرۇدى. ئەمما نىمە ئۈچۈن-
كىن تاڭ، ئەڭ ئالدىدىكى قىسىم نەۋاق يۈرۈشنى توختاتقان
بولسىمۇ، كەينىدىكى قىسىم توختىماي، ئالدىدىكىلەرنى مې-
ڭىشقا مەجبۇر قىلدى. سەپ قالايمىقانلىشىپ، پادىشا، ئوفىت-
سېرلار قوشۇننى باشقۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ئۆت-
مەيلا، فرانسىيە قوشۇنى تامامەن دېگۈدەك ئەنگلىيە ئارمىيە-

سىگە مەلۇم بولۇپ قالدى.

ئەنگلىيە قوشۇنى ئۈچ رەت جەڭ سېپى تۈزۈپ، ھەممىسى يەرگە يېتىۋالغان ئىدى. بۇلارغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئەنگلىيە شاھزادىسى فرانسىيە قوشۇنىنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھاللا قوشۇنغا ئورنىدىن تۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. بۇلار بىمالال ھالدا ئۆز سەپلىرىنى رۇسلاشتى: ئوق-ياچىلار چاسا سەپ بولدى؛ ئېغىر ئاتلىقلار سەپنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تۇردى؛ ئىككىنچى سەپتىكى ئەسكەرلەر قانات شەكلىدە سەپ بولۇپ، جەڭگە ھازىر بولۇپ تۇردى.

ئەنگلىيە قوشۇنىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن فىلىپ VI نىڭ غەزەپتىن كۆزلىرى قان قۇيغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆز قوشۇنىنىڭ پاتىپاراق بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي ئوفىتسېرلارغا بۇيرۇق قىلدى.

— ئوق - ياچىلار ئالدىغا چىقىپ دەرھال جەڭ باشلىسۇن!

فرانسىيە پادىشاسى بۇ قېتىم 15 مىڭ ئوق - ياچى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى گېنۇيىدىن ئېلىنغان ياللانما ئەسكەرلەر ئىدى. ھەر بىرى مىنۇتىغا تۆت دانە ئوق ئاتالايتتى.

— ئاللىرى گېنۇيىلىك بۇ نىمىلەر: «بۈگۈن ئوق - يا يۈدۈپ كۆپ يول يۈردۇق، ھېرىپ ماجالىمىز قالمىدى، بىردەم ئارام ئېلىۋېلىپ جەڭ باشلىساق» دەيدۇ، — دەپ مەلۇمات يەتكۈزدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ فىلىپ VI نىڭ چىكە تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى - دە، زۇلپىقارىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، يېنىدا تۇر-

غان بىر تۆپ دەرەخنى شارت قىلىپ چېپىپ تاشلىدى:

— بۇيرۇق: دەرھال جەڭ باشلانسۇن، بولمىسا مۇشۇ يەردىلا چېپىپ تاشلايمەن!

بۇ چاغ توساتتىن ھاۋا قاراڭغۇلىشىپ، ئارقىدىنلا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىلىپ، يامغۇر چىلەكلەپ قۇيغاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ھەر ئىككى تەرەپ جىمىپ قېلىشتى.

ئاردىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا چاقماق - يامغۇر توختاپ ھاۋا ئېچىلدى، قۇياش نۇرى پارلىدى. قۇياش نۇرى ئەنگلىيە قوشۇنىنىڭ كەينى تەرىپىدىن چۈشكەن بولغاچ، فرانسىيە قوشۇنىنىڭ كۆزىنى چاقتى.

فىلىپ VI نىڭ جىددى بۇيرۇغىنىڭ تەھلىكىسى ئاستىدا فرانسىيە قوشۇنىنىڭ ئوق - ياچىلىرى يىغىلىپ ھۇجۇم باشلىدى. ئۇلار باشتا سەكرىشىپ - ۋاقىرىشىپ، ئەنگلىيە قوشۇنىنى ھەرنىمىلەرنى دەپ تىللىغان بولسىمۇ، ئەنگلىيە ئارمىيىسى پىسەنت قىلماستىن سېپىنى بۇزماي تۇرۇۋەردى. بۇنىڭ بىلەن فرانسىيە ئوق - ياچىلىرى يەنە ھەدەپ سەكرەپ - تىللاپ، ئاستا - ئاستا ئىلگىرىلىدى. ئەمما ئەنگلىيە ئارمىيىسى مىدىر - سىدىر قىلماستىن تۇرۇۋەردى. ئوق - ياچىلار 3 - نۆۋەت يەنە سەكرەپ چۇقان كۆتەرگىنىچە ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئوق - يادىن شىددەت بىلەن ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى. بىراق بۇلار كۈن نۇرىغا قارشى بولغاچقا، كۆزىنى چېقىپ، ئوقنى نىشانغا تەككۈزەلمىدى.

دەل مۇشۇ پەيتتە ئەنگلىيە شاھزادىسىنىڭ بىر ئېغىز بۇيرۇغى بىلەنلا، ئەنگلىيە ئوق - ياچىلىرى ئالدىغا چىقىپ،

ئوق - يا ئېتىشقا كىرىشتى. بۇلارنىڭ ئوقى ھەم مەركەزلەشـ
كەن، ھەم كۈچلۈك ئېتىلدىكى، فرانسىيە ئوق - ياچىلىرىنىڭ
يۈز - كۆز، كۆكسىلىرىگە يامغۇردەك كېلىپ تېگىپ، ئۇلارنى
شەرمەندىلەرچە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. ئەسلىدە، ئەنگلىـ
يە ئوق - ياچىلىرىمۇ ياللانما ئەسكەر بولسىمۇ، لېكىن بۇـ
لارنىڭ ھەممىسى ئەنگلىيىنىڭ ئۆزىدىن ئېلىنغان ئەسكەرـ
لەر ئىدى ھەم ناھايىتى ئېغىر يالارنى ئىشلىتىشنى بىلەتتى،
ئوقىنىمۇ 350 قەدەمنىڭ نېرىسىدىكى نىشانلارغا خاتاسىز
تەككۈزەلەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوق - يا ئېتىش سۈرئىتى
گېنۇيىلىكلەرنىڭكىدىن تېز بولۇپ، مىنۇتىغا 15 دانە ئوق
ئاتالايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ تۇرغان ئورنى كۈن
نۇرى چاقمايدىغان ئوبدان جاي بولغاچقا، بۇ قېتىمقى
ئوق - يا جېڭىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىدى.

ئۆز ئوق - ياچىلىرىنىڭ پايپېتەك بولۇپ قېچىۋاتقانـ
لىقىنى كۆرگەن فرانسىيە پادىشاسى بۇيرۇق قىلدى:

— ئاۋۇ تۇزكورلار چېپىپ تاشلانسۇن، چېپىپ تاشلانـ
مىسا ماڭا كاشىلا بولۇپ، قوشۇننى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ! —
پادىشانىڭ بۇيرۇغى بىلەن تەڭ بىر ئەترەت ئېغىر ئاتلىق
ئەسكەرلەر ھەدەپ چېكىنىۋاتقان ئوق - ياچىلار قوشۇنىغا
چېپىپ بېرىپ، ئۆز ئوق - ياچىلىرىنى قىر - چاپ قىلدى.
فرانسىيە قوشۇنى تامامەن مالىمانلىشىپ كەتتى.

فرانسىيە قوشۇنىنىڭ سەپلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتكەنـ
لىكىنى كۆرگەن ئەنگلىيە قوشۇنى ئۆتكۈر ئوق - يا ئوقلىرىنى
فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئېغىر ئاتلىقلار قوشۇنىغا ئۈزمەي
ئېتىشقا باشلىدى؛ ئارقىدىنلا ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن پىيادە

ئەسكەرلەر فىرانسىيە قوشۇنى ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۆزى بىلگەنچە قىر ـ چاپ قىلدى. فىلىپ VI ئەھۋالنىڭ چاتاق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەسكەرلىرى بىلەن دەرھال كەينىگە قاچتى.

بۇ ئۇرۇشتا فرانسىيە قوشۇنىدىن 1500 ئادەم ئۆلدى، ئەنگلىيە قوشۇنىدىن بولسا 40 نەچچە كىشىلا چىقىم بولدى.

بۇ مىلادى 1337 ـ يىلىدىن 1453 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان ئەنگلىيە ـ فرانسىيە «يۈز يىللىق ئۇرۇش» نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى مەشھۇر جەڭ ـــ «كرېسى ئۇرۇشى» ئىدى.



ئەنگلىيە ئارمىيىسى فرانسىيە شەھەرلىرىنى قورشىماقتا

## «جاكورىي» قوزغىلىڭى

كرىسى ئۇرۇشىدىن تۆت يىل كېيىن، فرانسىيە پادىشاسى فىلىپ VI، ئەنگلىيەدىن ئەنتىنى ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى جون II تەختكە چىقىپ، ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە بىلەن ئاخىرغىچە جەڭ قىلىشقا بەل باغلىدى. بىراق ئەپسۇسلىنارلىغى شۇكى، 1356 - يىلىدىكى بىر قېتىملىق جەڭدە، ئاتىسى فىلىپ VI گە ئوخشاش ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئەنگلىيە قوشۇنىغا ئەسىر چۈشتى. ئەنگلىيە پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، فرانسىيەدىن نۇرغۇن مال - دۇنيا شۇلۇۋالدى.

بۇ خەۋەر تارقىلىشى بىلەن تەڭ، پۈتكۈل فرانسىيە پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. شاھزادە ئۇرۇش راسخودى توپلاش ۋە پادىشانى پۇل تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىش كويىدا، كەڭ كۆلەمدە مۇستەبىت ئىستىبداتلىق يۈرگۈزۈپ، پارىژ خەلقىنىڭ ئىسيان كۆتىرىشىگە سەۋەپ بولدى. شاھزادە ئىشىنىڭ چاتاقلىغىنى كۆرۈپ، 1358 - يىلى باھاردا پارىژدىن قېچىپ چىقتى ۋە پۈتكۈل پايتەختنى قامال قىلىۋېلىپ، شەھەر خەلقىنى ئاچارچىلىق خەۋپىگە قالدۇردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، دېخانلارمۇ تۇشمۇ تۇشتىن قوزغىلىپ

ئاقسۆڭەكلەر ۋە خوجىدارلارغا قارشى تۇردى. شۇ يىلى ئىيۇنغا كەلگەندە، قوزغىلاڭ تېزلا پارىژ ئەتراپىدىكى ئۆلكىلەرگىچە كېڭىيىپ، فرانسىيىنىڭ شىمالىنى قاپلىدى. قوزغىلاڭچىلار پارىژ خەلقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئورناتتى.

قوزغىلاڭچىلار داھىسى ھەربىي ئىشلار تەجرىبىسىگە باي بىر دېخان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى گىللوم كارل ئىدى. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى ناھايىتى ئاددى بولسىمۇ، خەلقنى قوزغىلاڭغا سەپەرۋەر قىلىشتا ناھايىتى زور چاقىرىق كۈچىگە ئىگە ئىدى.

— دېخان قېرىنداشلار! ئېلىمىز فرانسىيىنى كىم قالايمىقان قىلدى؟ ئاقسۆڭەك، چەۋەنداز، تۆرىلەر (تۆرە - چەۋەندازلارنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى، چەۋەندازلىققا كۆتىرىلىش ئالدىدىكى مەنسەپ!) ئەگەر بىز ئۇلارنى يوقاتساق، ھەممىمىز ياخشى كۈن كۆرىمىز! قېرىنداشلار، مېنىڭ ئارقامدىن مېڭىپ، ئۇلارنىڭ بىرىنى قويماي ئۆلتۈرۈڭلار، بىرىنىمۇ قالدۇرماڭلار! ئوردا - سارايلىرىنى كۆيدۈرۈڭلار، بىرىنىمۇ قويماي كۆيدۈرۈڭلار!

غەزەپكە كەلگەن كىشىلەر تەڭلا چۇقان سېلىشتى:

«ئاقسۆڭەكلەرنى يوقىتايلى، تەل - تۆكۈس يوقىتايلى!»

قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى كۆپىيىپ 100 مىڭ كىشىدىن ئاشقان بولسىمۇ، ناھايىتى تارقاق ئىدى: چۇماق - كالتەك، پىچاق - قىڭراقتىن باشقا قورال - يارىغى يوق ئىدى. ئۇلار ھەمىشە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاقسۆڭەك، قورۇق ئىگىسى ۋە چەۋەندازلارنىڭ قورغان - سارايلىرىغا ئويلىمىغان يەردىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنى قويماي

ئۆلتۈرۈپ، تۇرار جايلىرىنى تامامەن ۋەيران قىلىپ تاشلايتتى، فېئوداللىق مەجبۇرىيەت خاتىرىلىنىدىغان خاتىرە - دەپتەر-لىرىنى كۆيدۈرۈۋېتەتتى. ئاقسۆڭەك، قورۇق ئىگىلىرى قورقۇنىدىن بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ، يىراق - يىراقلارغا قېچىپ بېرىپ پانالىناتتى. قوزغىلاڭچىلار يول بويى قوشۇنىنى كېڭەيتىپ باراتتى. نۇرغۇن شەھەر كەمبەغەللىرىمۇ قوشۇنغا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ زور بولغان بىر قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى 6000 دىن ئاشقان ئىدى. كارل، تارقاق قوشۇننى بىرلەشتۈرۈشكە شۇنچە ھەركەت قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ زا-دىلا مۇمكىن بولمىدى.

تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كەتكەن ئاقسۆڭەك، قورۇق ئىگىلىرى ناھايىتى تېزلا ئويغاندى. تۈرلۈك ئەكسىيەتچىل كۈچلەر تېزلا بىرلەشتى. شاھزادىنىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى ناۋاررا پادىشالىقىنىڭ «ئادەمخور»ى چارلىس، قېيىناتىسى ئەسىرگە چۈشكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پادىشالىق ئورنىنى تارتىۋېلىشنى ئويلاپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە فرانسىيىدە نۇرغۇن ھوجىرىلىرى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ كۆپلەپ ئەسكەر ئەۋەتىپ قوزغىلاڭنى باستۇردى، ھەتتا فرانسىيە بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغان ئەنگلىيە فېئودال قورۇق ئىگىلىرىمۇ فرانسىيىدىكى ئۇرۇق - تۇققانلىرىنىڭ تەلەپ قىلىشى ئار-قىسىدا، قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئادەم ئەۋەتتى.

بىر قېتىم قوزغىلاڭچىلار 300 ئاقسۆڭەك ئايال مو - ئى - راناغا قېچىپ كەپتۇ، شاھزادىنىڭ خوتۇنىمۇ بار ئىكەن دەپ ئاڭلاپ، شۇئان 9000 ئادەم بىلەن ئۇ يەرگە باردى، بۇلار شەھەر تۈۋىگە يېتىپ بارغاندا، شەھەردىكى كەم-

بەغەللەر شەھەر قوۋۇغىنى ئېچىپ بۇلارنى شەھەرگە كىرگۈزۈپ قويدى، ئاقسۆڭەك ئاياللارنىڭ ھەممىسى شەھەردىكى، ئەتراپىنى بىر دەريا دەۋر قىلىپ ئاقىدىغان، ناھايىتى مەزمۇت بىر قورغاندا يېتىپ - قوپاتتى، بۇلار كىيىم - كېچەكلىرى ماتا - خامدىن تىكىلگەن، چوماق كالتەك كۆتەرگەن دىخانلارنىڭ قورغانغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن ۋاقىراپ - جاقىراشتى:

« «جاكۇرېي» لار كەلدى، ۋاي... ‹جاكۇرېي› لار...!»

«جاكۇرېي» — سەھرالىق دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر، دىخانلارنى كەمسىتىپ ئېيتقان سۆز ئىدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان ئىدى.

بۇ چاغدا ئەنگلىيىلىك بىر فېئودال قورۇق ئىگىسى زور بىر تۆركۈم ساقچى ئېلىپ مو - ئى - رانادىكى ئاياللارنى يوقلىغىلى كەلدى. بۇلارنىڭ قورال - ياراقلىرى ناھايىتى ياخشى بولغاچقا، قوزغىلاڭچىلارنىڭ قورغانغا ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تۇيۇقسىز ئاتاكىغا ئۆتتى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ سېپى بەك زىچ، قورال - ياراقلىرى ئوسال بولغانلىقتىن، ئەنگلىيە ساقچىلىرى ئاتاكىغا ئۆتۈشى بىلەنلا، ئۇلارنىڭ ئالدىنقى سېپى قالايمىقانلىشىپ، ھەش - پەش دېگىچىلا بىر بىرىنى دەسسەپ - چەيلىشىپ چېكىندى. بۇ چاغدا مۇداپىئە ئەسلىھەسىنىڭ كەينىگە مۆكۈۋالغان فرانسىيە ئاقسۆڭەكلىرى، چەۋەندازلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ «جاكۇرېي»لارنى غەزەپ بىلەن قىر - چاپ قىلدى. قوزغىلاڭچىلار ئالا - توپىلاڭ ئىچىدە

چېكىنىپ، يول بويى قانلىق قىرغىن قىلىندى. قىرىپ ـ چېپىپ ھېرىپ قالغان ئاقسۆڭەك، ساقچىلار، قوزغىلاڭچىلارنى توپ ـ توپى بىلەن دەريا بويىغا قوغلاپ بېرىپ، دەرياغا چۈشۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ كۈنى «جاكۇرېي»لاردىن 7000 دىن كۆپرەك كىشى ئۆلدى. ئاقسۆڭەك، ساقچىلار شەھەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوت قويۇپ شەھەرنى كۆيدۈردى، شەھەردىكى كەمبەغەللەرنى «جاكۇرېي»لارغا ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن تامامەن ئۆلتۈرۈۋەتتى.

10 ـ ئىيۇن، كارل باشچىلىق قىلغان دېخانلار قوشۇنى «ئادەمخور» چارلېس باشچىلىق قىلغان قوشۇن بىلەن بوۋى رايونىنىڭ مەيلو دىگەن يېرىگە يېقىن بىر جايدا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. دېخانلار قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى 6000—7000، «ئادەمخور» چارلېسنىڭ ئادىمى تەخمىنەن مىڭ كىشىلا ئىدى.

بۇ قېتىم «جاكۇرېي»لار رەتلىك سەپ تۈزدى، تەشكىلىي ئىنتىزامى قاتتىق، قورال ـ جابدۇقلىرى بىر قەدەر ياخشى بولغاچقا، «ئادەمخور» چارلېس يەڭگىللىك بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، كارلنى تەنپەنگە تەكلىپ قىلدى. كارل، دۈشمەننىڭ شىرىن سۆزىگە ئىشىنىپ تەنپەنگە باردى. ئويلىمىغان يەردىن دۈشمەن لاگېرىغا كىرىشى بىلەنلا، چارلېس بۇيرۇق بېرىپ ئۇنى تۇتقۇزدى. ئاقسۆڭەكلەر قىپ ـ قىزىل قىلىپ قىزىتىلغان تۆمۈر ھالقىنى پادىشا تاجىسى دىگەن مانا مۇشۇ، دەپ ئۇنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ، قاتتىق ئازاپلىغاندىن كېيىن، ئۆلتۈرۈۋەتتى. داھىسىنى يوقاتقان قوزغىلاڭچىلار ئاخىرقى ھېساپتا دۈشمەن تەرىپىدىن

بىتچىت قىلىپ تاشلاندى.

شۇندىن كېيىن، ئاقسۆڭەك، فېئودال قوروۋق ئىگىلىرى فرانسىيىنىڭ شىمالىدىكى دېھقانلاردىن ياۋۇزلارچە ئۆچ ئالدى. ئىككى ھەپتە ئىچىدىلا 20 مىڭغا يېقىن ئادەمنى قىرىپ ئۆلتۈردى، قېرى، ئاجىز، ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىكلەرنىڭ ھېچقايسىسى بۇ ۋەھشى قىرغىنىدىن ئامان قالمىدى. بۇلارنىڭ ئۆي - جايلىرى ۋەيران قىلىندى، ئاشلىق - تۈلۈكلىرى كۆيدۈرۈلدى، يېزا - مەھەللىلەر چۆللەشتى.

«جاكورېي» قوزغىلىڭى ھەققىدە ئەينى ۋاقىتتا بىر شائىر مۇنداق نەزمە يازغان ئىدى:

جاكورېيچىلار ئىسيان قىلىپ بۇۋەدا،
ئىسىلزادە جەمەتىنى ئۆلتۈردى.
تالان قىلىپ مال - مۈلكى ۋە جېنىنى،
ئۆي - ۋاقىنى بۇزۇپ، چاقتى، كۆيدۈردى.
ۋادەرىخا، جاكورېيچىلار يېڭىلىپ،
ئىسىلزادە، چەۋەندازلار ئالدى ئۆچ،
ۋالوۋىيادا، پىكاردىدا، شامپاندا.
جاكورېيچىلار بۇ قىسمەتكە كەلدى دۇچ.
مىدنىشى رانا، پارىژدا، ھەر جايلاردا،
جاكورېيچىلار ئۆلتۈرۈلدى ئېسىلىپ.
ئۇرغۇن جەسەت ئېتىزلارغا تاشلاندى،
ئادەم بېشى ھايۋان كەبى كېسىلىپ.
ئاھ، بىچارە شۇ ئاق كۆڭۈل دېھقانلار،
توكەپ كەتتى پاجىئەلىك قىرىلىپ!

«جاكورىي» قوزغىلىڭىدىن ئىككى يىل كېيىن، فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيە تىنچلىق كېلىشىمى تۈزدى، فرانسىيە - ئەنگلىيە 100 يىللىق ئۇرۇشىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ئاخىرلاشتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئەنگلىيە قوشۇنىغا ئەسىر چۈشكەن جون، تۈرمىدە ئۆلۈپ، پادىشالىق تەختىگە شاهزادە چىقتى، ئۇ ئۆزىنى چارلىس V دەپ ئاتىدى. بۇ چاغدا «جاكورىي» قوزغىلىڭىدىن قورقۇپ كەتكەن ئاقسۆڭەكلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن چارلىسنى قوللاپ، ئۇنىڭ هاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىشىگە ياردەم بەردى. چارلىس V ھەربىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، قۇدرەتلىك دېڭىز ئارمىيىسى قۇردى. 1369 - يىلى فرانسىيە قوشۇنى ئەنگلىيە قوشۇنىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، فرانسىيە - ئەنگلىيە 100 يىللىق ئۇرۇشىنىڭ



14 - ئەسىردىكى توپ - زەمبىرەك

2 - باسقۇچىنى باشلىدى. بۇ ئۇرۇشتا فىرانسىيە قوشۇنى توپ-
زەمبىرەكلەرنى كەڭ ئىشلىتىپ، ئەنگلىيە قوشۇنىنىڭ قورغان-
لىرىنى توپقا تۇتتى. ئەنگلىيىنىڭ تاش، ياغاچ قۇرۇلمىلىق
پۇختا قورغانلىرى ئاخىرى بۇزۇلۇپ، فىرانسىيە قوشۇنى
ناھايىتى زور غەلىبە قازاندى. 1380 - يىلىغا كەلگەندە،
چارلىس V ئۆلىدىغان چاغدا، فىرانسىيە قوشۇنى پۈتۈن زې-
مىننى ئاساسەن قايتۇرۇۋالدى. ئەنگلىيە قوشۇنى قەدەممۇ
قەدەم چېكىندى، ئەنگلىيىنى قاتتىق ۋەھىمە باستى. بۇنىڭ-
غا ئۇلاپلا ئەنگلىيىدىمۇ ھەيۋەتلىك دېخانلار قوزغىلاڭلىرى
پارتلاشقا باشلىدى.



# لوندون مۇنارىسىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى

ئەنگلىيە، فرانسىيە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ ئۇرۇش، ئەنگلىيىنىمۇ ھالىدىن كەتكۈزدى. ئۇرۇش پارتلاپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، پۈتكۈل ياۋروپانى قاپلىغان قارا داغ كېسىلى (تارقىلۇچان چۇما كېسىلى) ئەنگلىيىدىكى 3 مىليون 500 مىڭ نوپۇسنىڭ يېرىمىنىڭ جېنىنى ئالدى؛ بۇ ئاز دىگەندەك، ئۈزلۈكسىز ئەسكەرلىككە ئېلىش نەتىجىسىدە، شەھەر، يېزىلاردا ئەمگەك كۈچى ناھايىتى تېز كېمىيىپ كەتتى. ھۆكۈمەت بەلگىلىمىسىدە يېزىلاردىن ياللانغان ياللانمىلارنىڭ ئىش ھەققى تولىمۇ تۆۋەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە: خوجايىندىن ئايرىلغانلارغا قانۇن پانا بولمايدۇ. قاماققا ئېلىنغانلارغا داغمال بىلەن تامغا بېسىلىدۇ، دەپ جاكالانغان ئىدى.

ئەنگلىيە قوشۇنىنىڭ ئۇرۇشتا ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى، ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى بۇ زىددىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى. مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، قوشۇننى كېڭەيتىش ۋە ھەربىي ھازىرلىقنى كۈچەيتىشكە توغرا كەلدى. ۋاھالەنكى بۇ راسخوت سېلىقى يەنىلا دىخانلارنىڭ زىممىسىگە چۈشتى.

يۇقۇرقى ئەھۋاللار خەلقنى، خۇسۇسەن دىخانلارنى

قاتتىق نارازى قىلدى. ھۆكۈمەتكە قارشى كەڭ بىر مەي-
دان كۈرەش دولقۇنى پارتلاش ئالدىدا تۇراتتى.

بۇ چاغدا، شەھەر ۋە يېزىلاردا بىرمۇنچە تەرىققەتچىلەر پەيدا بولدى. ئۇلار خالايىق ئالدىدا دىنىي جەمئىيەتنىڭ زۇلمەتلىكىنى پاش قىلدى. تويىماس - بالاخور فېئودال قوروق ئىگىلىرى ۋە ئۇرۇشقا تايىنىپ بېيىغان ئاچكۆز ئەمەلدارلارنى غەزەپ بىلەن سۆكۈپ: «ئادەم ئاتام يەر تېرىغان، ھاۋا ئانام رەخت توقۇغان چاغلاردا كىم ئاقسۆڭەك ئىكەن، يەر زېمىن خەلقنىڭ. ھەممە ئادەم باراۋەر...» دېدى.

بۇ تەرىققەتچىلەر ئىچىدە سۆزى ھەممىدىن ئۆتكۈر جۇن باللى ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ بۇ نۇقتىئى نەزەرنى تەرغىپ قىلىش بىلەنلا قالماي، خەلقنى توپلىنىپ لوندونغا بېرىپ، پادىشاغا يېڭى تۇرمۇش شارائىتى بېرىش توغرىسىدا تەلەپ قويۇشنى ئۈندىدى.

باللىنىڭ بۇ تەرغىباتلىرى كەنتېبولىر باش ئېپىسكوپى قاتتىق چۆچۈتتى. ئۇ ئىككى قېتىم پەرمان چىقىرىپ باللىنى تۈرمىگە تاشلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تۈرمىدىن چىقىش بىلەنلا يەنە شۇ تەرغىباتىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، تۈرمىگە 3 - قېتىم تاشلاندى. ئەمما بۇ چاغدا ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى كەمبەغەللەرنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كەتكەن ئىدى.

1381 - يىلى مايدا، لوندون ئەتراپىدىكى كېنت ۋىلايىتى ۋە باشقا ۋىلايەتلەردىكى دېھقانلار كىشى بېشىغا تاپشۇرۇلىدىغان باجغا قارشى تۇشمۇ تۇشتىن قوزغىلىپ

ۋات تىلېر ئىسمىلىك بىر كىشىنى ئۆزىنىڭ داھىيسى قىلىپ سايلىدى. تىلېر يېزىلىق تامچى بولۇپ، ھەربىي ئىشلاردىنمۇ بىرئاز خەۋىرى بار، تەشكىللەش ئىقتىدارى ناھايىتى ئۈستۈن ئادەم ئىدى. 10 - ئىيۇن، ئۇ قوزغىلاڭچى دېھقانلارغا باشچىلىق قىلىپ، كېنت ۋىلايىتىنىڭ مەركىزىنى ئىشغال قىلدى ۋە باللىنى تۈرمىدىن قۇتقۇزدى. بۇ ئىككىلەن پايتەخت لوندونغا بېرىپ پادىشا بىلەن كۆرۈشۈش قارارىغا كەلدى ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقە باغلىدى. نەتىجىدە بىرقانچە كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا، مەملىكەت بويىچە 40 ۋىلايەتتىن تەخمىنەن 25 ۋىلايەتتە قوزغىلاڭ پارتلىدى.

12 - ئىيۇن تىلېر، بالل باشچىلىق قىلغان 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇن لوندوندىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر تاغ چوققىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان پادىشا چارلىس II دەررۇ ئۇلارغا ئىككى چەۋەندازنى ئەۋەتىپ «سىلەرگە نىمە لازىم» دەپ سوراتقۇزدى. تىلېر: «بىز پادىشا بىلەن تەنپەن قىلىمىز» دەپ جاۋاپ بەردى. بۇ جاۋاپنى ئاڭلىغان پادىشا نىمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ۋەزىرى، قوشۇمچە باش ئېپىسكوپ كەنتىبولىر سىمون بىلەن مالىيە ۋەزىرى: پادىشا بۇ يالاڭتۆش باندىتلار بىلەن كۆرۈشۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ، تامام قىلىپ ئۇلارنى باستۇرۇش كېرەك، دېدى. بۇنىڭ بىلەن پادىشا ئۇلار بىلەن كۆرۈشمەسلىك قارارىغا كەلدى. ھەممە ۋەزىرلەرنىڭ تەكلىۋى بويىچە شەھەر ئىچىگە — لوندون مۇنارىسىغا موكۇۋالدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قوزغىلاڭچىلار غەزەپتىن ئۆرتەندى ـ دە، ھەممەيلەن بىردەك توۋلىدى:

ــ شەھەرگە بېسىپ كىرەيلى! لوندون مۇنارىسىنى ئىشغال قىلايلى!

ــ باش ئېپىسكوپنى ئۆلتۈرەيلى!

ــ ئاقسۆڭەك بەگ ـ غوجاملارنى چېپىپ تاشلايلى!

شۇنداق توۋلاشقىنىچە 60 مىڭ كىشى دەرھال تاغدىن چۈشۈپ، لوندونغا قاراپ ئېتىلدى، يولدىكى مۇناستىر سوتچى ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ئۇرۇپ ـ چاقتى؛ پادىشا تۈرمىسىنى بۇزۇپ، گۇناكارلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇۋەتتى. ئەتىسى ئۇلار شەھەر يېنىغا يېتىپ بارغاندا، لوندون شەھەر باشلىقى شەھەر قوۋۇقىنى ئەتتۈرۇۋەتكەن ئىدى. ئەمما شەھەر ئىچىدە قوزغىلاڭچىلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، دەرھال قوۋۇقنى ئېچىپ بەردى. قوزغىلاڭچىلار شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، بەزى كىنەزلەرنىڭ سارايلىرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى، ئارقىدىنلا لوندون مۇنارىسىنى مەھكەم مۇھاسىرە قىلىۋالدى.

لوندون مۇنارىسى لوندون شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئېگىز تاغ ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، جەنۇب تەرىپى تايمىس دەرياسىغا تۇتىشاتتى. بۇ مۇنار قورۇلۇشى 1078 ـ يىلى باشلىنىپ 20 يىلدا پۈتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەزمۇت ھەربىي ئىستىھكام، ئەسىل ـ ھەشەمەتلىك ئوردا سارايلار، سۈرلۈك تۈرمىلەر، چېركاۋ ۋە جازا مەيدانى قاتارلىقلار بار ئىدى. پۈتكۈل قورغاننىڭ كۆلىمى 18 ئېنگىلىز موسى بولۇپ، ئىچكى قورغان، تاشقى

قورغان دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنەتتى. تاشقى قورغان تاش بىلەن قوپۇرۇلغان پۇختا سېپىل ئىدى، سېپىلدا توققۇز ئاكوپ ۋە كۆزەتخانا بار ئىدى. ئەتراپىدا كەڭ، چوڭقۇر قوغداش دەرياسى بار ئىدى. ئىچكى قورغان يۇمۇلاق، يېپ‑رىم يۇمۇلاق ۋە چاسا 13 ئېگىز مۇنار ۋە بۇلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان سېپىلدىن تەركىب تاپقان ئىدى. بۇ قەلئەنىڭ مەركىزىي قۇرۇلۇشى بىر ئاق مۇنار بولۇپ، بۇ مۇنارنىڭ شەرقىي غەرب ۋە جەنۇبىي شىمال تەرەپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 30 مېتىردىن كۆپرەك، ئېگىزلىگى 27 مېتىر بولۇپ، ھەممىسى ئاق مەرمەر تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ئىدى. پادىشا مانا مۇشۇنداق پۇختا ـ مەزمۇت قەلئەگە كىرىۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا يۈرىگى پوك ـ پوك ئىدى.



لوندون مۇنارى

بۇ كۈنى كەچتە پادىشا، پادىشا جەمەتىدىكىلەر، خىز-
مەت كۆرسەتكەن ۋەزىر - كېنەزلەرنى مۇنارغا چاقىرتىپ،
تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى كېڭەشىۋاتاتتى. بۇلاردىن بە-
زىلەر مۇنارىدىكى 600 نەپەر قوراللىق ھەم تەجرىبىلىك
ياساۋۇل ۋە 600 نەپەر ئوق - ياچىلارنى يېرىم كېچە-
دە ئەۋەتىپ، زوراۋانلارنى ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ ئۇخ-
لاپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىرىپ تاشلاشنى تەك-
لىپ قىلىشتى؛ بەزىلىرى: بۇ زوراۋانلارنىڭ 20 دىن بىرى-
مۇ ساۋۇت كىيىپ تولۇق قوراللانغان بولۇشى ناتايىن، شۇ-
ڭا ئۇلارنى چىۋىننى قىرغاندەك قىرىپ تاشلاش مۇمكىن،
دېيىشتى. لوندون شەھەر باشلىقى شەھەردىكى بارۇنلار بى-
لەن مۇناسىۋەت باغلاشقا تەكلىپ بەردى. ئۇنىڭ مۆلچەرى-



لوندون مۇنارىسىدىكى ساقچىلار

چە شەھەر ئىچىدىن قورال-
لانغان گىلادىياتورلاردىن
تەخمىنەن 8000 كىشىنى
قوزغاپ چىققىلى بولاتتى.
پادىشا، ھەمدەمچى قو-
شۇن يېتىپ كېلىشتىن ئىل-
گىرى زوراۋانلار مۇ-
نارىغا باستۇرۇپ كىرىپ
قالسا جېنىمنى قانداق
قىلارمەن، دەپ قورقۇپ،
ئاخىرى شەھەر باشلىقىنى
شەھەردىكى قوراللىق
كۈچى بار بارۇنلار بىلەن
مۇناسىۋەت باغلاشقا بەل-

گىلىدى، مۇنار ئىچىدىكى ئەسكەرلەرنى بولسا ۋاقىتىنچە مىدىرلاتمىدى.

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈشتىن باشلاپ، لوندون مۇنارىسىنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى قاتتىق چۇقان كۆتۈرۈشتى:

— پادىشا ئاللىرى دەرھال چىقىپ بىزگە گەپ قىلسۇن!

— پادىشا ئاللىرى يەنە چىقمىسا، مۇنارغا ھۇجۇم قىلىمىز!

— پادىشا ئاللىرى باش ئېپىسكوپ بىلەن مالىيە ۋەزىرىنىڭ بېشىنى دەرھال بىزگە تاپشۇرسۇن!

بۇ غەزەپلىك چۇقاننى ئاڭلاپ جان - ئىمانى چىقىپ كەتكەن پادىشا، كۆپچىلىك ئالدىغا چىقىپ سۆز قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ چىقىپ كۆپچىلىككە سۆز قىلىشقا ماقۇل بولغان بولسىمۇ، مۇنار ئالدىدا سۆز قىلىش ئەپسىز بولغاچقا، كۆپچىلىكنى مەيدانغا توپلىنىڭلار، دېدى.

قوزغىلاڭچىلار تەنتەنە سادالىرىنى ياڭراتقىنىچە مەيدانغا قاراپ يول ئالدى. پادىشا نەۋكەرلىرىگە مۇنار دەرۋازىسىنى ئاچقۇزۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە مۇناردىن چىقتى.

بۇ چاغدا تىلىر بىلەن باللا يېتەكچىلىكىدىكى 400 نەچچە ئادەم مۇنارغا بېسىپ كىردى. بۇلارنىڭ قولىدا چوماق - كالتەك، دات بېسىپ كەتكەن قىلىچ ۋە ئىس تارتىپ قارىداپ كەتكەن ئوق - يادىن باشقا بىر نەرسە يوق ئىدى؛ ۋاھالەنكى تولۇق قوراللانغان ياساۋۇل ۋە ئوق - ياچىلار قورققىنىدىن ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپلا قېلىشتى. قايتۇرما زەربە بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. قوزغىلاڭچىلار ئەزەلدىن

ئۇردىغا كىرىپ باقمىغان بولغاچقا، پادىشانىڭ مۇداپىئە تۇشۇگىگە چىقىپ ئېغىناپ بېقىشتى؛ بەزىلىرى تۇتىقۇچلۇق شوتا بىلەن تار، بىر ئادەم ئاران ماڭالايدىغان مۇنار راۋىغىغا چىقىپ، سۇندۇرۇش مۇمكىن بولغان بارلىق نەرسەلەرنى ئۇرۇپ سۇندۇردى، كۆپچىلىگى چىركاۋغا بېسىپ كىردى.

باش ئېپىسكوپ، مۇنارنىڭ بىر نامازخانىسىدا تەقۋادارلىق بىلەن ناماز ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم، جىمىكى بەندىلىرىڭ سەندىن بەخت ئاتا قىلىشىنى تەلەپ قىلماقتا»، دەپ تەلەپ قىلىۋاتقاندا، تىلىبر، باللارنىڭ قوشۇنى ئۇنى قاتمۇ قات مۇھاسىرە ئىچىگە ئېلىۋالغان ئىدى.

— خەلقىنىڭ زىياندىشى مانا مۇشۇ يەردە! — بالل، باش ئېپىسكوپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن توۋلىدى.

باش ئېپىسكوپ سەجدە سۇپىسىدىن ھايالسىز تارتىپ چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلار ئۇنى نامازخانىدىن غاقىرىتىپ سۆرەپ ماڭدى.

— باللىرىم، سىلەر مېنى نېمە قىلماقچى، مەن نېمە گۇنا قىلدىم؟ — ئېپىسكوپ ئېنىسىز توۋلايتتى.

دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە بالل قىپ - قىزىل كۆزلىرى بىلەن باش ئېپىسكوپقا سىختەك قادالدى ۋە ئۇنىڭ دىنىي تونىدىن قاماپ تۇتقىنىچە:

— بىز سېنى ئۆلتۈرۈپ پادىشانىڭ، دىندارلارنىڭ زىياندىشىنى يوقىتىمىز! — دەپ توۋلىدى.

باش ئېپىسكوپ بېشىدا ئۇيناپ تۇرغان سان - سا-
ناقسىز پىچاق، پالتىلارنى كۆرۈپ لاغىلداپ تىترىگىنىچە،
كىكەچلەپ ئاران - ئاران سۆزلىدى:

— بالىلىرىم، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلار، ئاللا سىلەر-
نى جازاغا تارتىدىغانلىقىنى ئۇقماسىلەر؟ مۇشۇ ئىشىڭلار
ۋەجىدىن ئەنگىلىيە يەنە مۇرتەدلىك (دىنىدىن قوغلاندى
قىلىش جازاسى) گە ئۇچرايدۇ ئەمەسمۇ؟

قوزغىلاڭچىلار: بىز ھېچنىمىدىن قورقمايمىز: بېشىڭ-
نى ئېگىپ، بوينۇڭنى چىقار، كاللاڭنى ئالىمىز! دەپ جاۋاپ
بەردى ۋە ئۇنى يەرگە بېسىپ شۇ يەردىلا چاناپ ئۆلتۈردى.
بۇنىڭغا ئۇلاپلا مالىيە ۋەزىرى قاتارلىقلارمۇ تۇتۇپ كېلى-
نىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ كاللىسى دەرھاللا لوندون كۆۋرۈ-
كى ئۇستىگە ئېسىلدى.

ئەمدى پادىشا ئۇستىدە توختىلايلى. ئۇ مەيدانغا كەل-
گەندىن كېيىن، بىرقانچە تۇمەن قوزغىلاڭچى:

— پادىشا ئالىيلىرى، بىز سىلىدىن بىزگە مەڭگۈلۈك ئەركىن-
لىك ۋە يەر - زېمىن بېرىشلىرىنى تەلەپ قىلىمىز، بىز ئەمدى يان-
چى بولمايمىز، فېئودال قورۇق ئىگىلىرىگە ئىشلەمچى بول-
مايمىز!— دېيىشتى.

— مەن سىلەرنىڭ تەلىۋىڭلارغا چىن دىلىمدىن قو-
شۇلىمەن، — قاقباش پادىشا ئۆزىنى ئەتەي ئېغىر - بېسىق
كۆرسىتىپ سۆزلىدى، — بىراق، سىلەر قايتىپ كېتىۋېرىڭ-
لار. ھەر يۇرتتىن بىردىن ۋەكىل قالسا بولىدۇ، مەن سى-
لەرنىڭ تەلىۋىڭلارنى تەستىقلاپ يارلىق يازدۇراي، يارلىقتا
سىلەر ئۇتتۇرىغا قويغان تەلەپنىڭ ھەممىسى بولىدۇ، مەن

مۆھۈرۈمنى باسمەن؛ بۇ ھۆججەتلەرنى ۋەكىللىرىڭلار ئېلىپ بارىدۇ.

بىرمۇنچە ئاق كۆڭۈل دېخانلار پادىشا بەرگەن ۋەدىگە ئىشىنىپ كەتتى - دە، پادىشا كېچە - كۈندۈزلەپ يازدۇرۇپ چىققان يارلىقنى ئېلىپ، ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ئەمما تىلېر بىلەن باللى بۇ يەردىن شۇنداقلا كېتىپ قېلىشنى خالىمىدى، ئۇلار قېپقالغان 30 مىڭ كىشى بىلەن بىرلىكتە، پادىشا بىلەن بولغان تەنپەننى داۋاملاشتۇردى ۋە: چېركاۋ ھەم ئىبادەتخانىلارنىڭ مەخپى يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، يېرى ئاز دېخانلارغا بۆلۈپ بېرىش؛ فېئودال قورۇق ئىگىلىرىنىڭ بارلىق ئىمتىيازىنى بىكار قىلىش؛ فېئودال قورۇق ئىگىلىرى ئىگەللىۋالغان ئومۇمىنىڭ ئورمىنى ۋە كۆل - ئېرىقلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش قاتارلىق تەرەپلەردە يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىيۇننىڭ 15 - كۈنى تىلېر بىلەن باللى 20 مىڭ ئادەمنى مەيدانغا يىغىپ تاقابىل تۇرۇش چارىسى ئۈستىدە مەسلىھەت ئۆتكۈزدى. دەل بۇنىڭ ئۈستىگە، پادىشا 40 چە ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. تىلېر، قوزغىلاڭچىلارغا قاراپ:

— مەن ئۆزەم يالغۇز پادىشا بىلەن تەنپەن قىلىمەن. سىلەر مەن كۆز ئىشارىتى قىلغان ھامانلا ئوتتۇرىغا چىقىسلەر - دە، پادىشادىن باشقا ھەممىسىنى ئۆلتۈرىسىلەر. ئەمما پادىشاغا ھەرگىز چېقىلمايسىلەر. بىز پادىشا بىلەن پۈتكۈل ئەنگلىيىنى كېزىپ چىقىمىز، پادىشانىڭ چاقىرىقىدىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولىمىز، — دېدى - دە، ئاتقا

مىنىپ پادىشانىڭ ئالدىغا كەلدى.
— پادىشا ئالىلىرى، بىزنىڭ ئۇ تەرەپتىكى ئادەم-
لىرىمىزنى كۆردىلىمۇ؟
— كۆردۇم، — دىدى پادىشا مەيداندىكى تىقما-
تىقما بولۇپ كەتكەن ئادەملەر توپىغا قاراپ.
— بۇلارنىڭ ھەممىسى مىنىڭ قوماندانلىقىمغا بوي
سۇندۇ، ماڭا سادىق بولۇش ھەققىدە قەسەممۇ ئىچىشتى.
جاناپلىرىچە بۇلار ۋە لوندوندىكى تىخىمۇ كۆپ كىشىلەر-
نىڭ ئاسانلىقچە بۇ يەردىن كىتىپ قىلىشى مۇمكىنمۇ؟
— مەن يارلىق يىزىشقا ئادەم بۇيرۇدۇم. بۇلارنى
قايتۇرۇشىڭىز كىرەك.
مۇشۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، تىلىر، پادىشا يىنىدا پادىشا-
نىڭ قىلىچىنى تۇتۇپ تۇرغان مۇھاپىزەتچى چەۋەندازنىڭ
ئۆزىگە مەنسىتمىگەن ھالدا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قال-
دى-دە، غەزەپ بىلەن سۆزلىدى:
— قولۇڭدىكى قىلىچنى ماڭا تاپشۇر!
— ياق، — دىدى چەۋەنداز نەپرەت بىلەن، —
بۇ، پادىشانىڭ قىلىچى، سەن بۇنى تۇتۇشقا يارىمايسەن!
— نىمە؟ سەن مىنى كۆزۈڭگە ئىلمايۋاتامسەن تىخى،
جىنىڭنى ئالمىسام سىنىڭ! — تىلىر شۇنداق دىگىنىچە،
بىلىدىكى شەمشىرىنى سۇغۇردى. دەل بۇنىڭ ئۈستىگە لون-
دون شەھەر باشلىقى 12 نەپەر ئاتلىقنى باشلاپ پادىشا-
نىڭ يىنىغا يىتىپ كەلدى. بۇلار ئۇزۇن چاپان كىيىۋالغان
بولسىمۇ، چاپان ئىچىدىن تولۇق قوراللانغان ئىدى. تىلىر-
نىڭ شەمشەر سۇغۇرغانلىقىنى كۆرگەن شەھەر باشلىقى، پا-

دىشاغا كۆز ئىشارىتى قىلىپ، توپنى يېرىپ تىلىپرنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ھۆ لۈكچەك، پادىشا ئالدىدا شۇنچىۋالا بىېشەملىك قىلامسەن، نىمانچە ھەددىڭدىن ئاشىسەن! — شەھەر باشلىغى شۇنداق دەپ، پادىشاغا كۆز ئىشارىتى قىلدى. پادىشانىڭ «جايلاڭلار بۇنى» دىگەن سۆزى بىلەن تەڭ شەھەر باشلىغى قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، جەھلى بىلەن تىلىپرنىڭ مىڭىسىگە قارىتىپ چاپتى، تىلىپر ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئۈلگۈرمەي دەرھال يەرگە يىقىلغان ئىدى، پادىشانىڭ بىر نەۋكىرى ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ قوسىغىغا قارىتىپ قىلىچ ئۇردى. تىلپر نەق مەيداندىلا جان ئۈزدى.

مەيداننىڭ بىر چېتىدە تۇرغان قوزغىلاڭچىلار تىلپرنىڭ ئۆلگەنلىگىنى كۆرۈپ، دەرھال سەپكە تىزىلىپ، ھۇجۇمغا ھازىرلانغان ئىدى. ئەمما پادىشا دەررۇ ئاتقا مىنىپ ئاما ئىچىگە باردى، ئۇ كۆپچىلىكنى ئالداپ: دالىغا بارساڭلار سىلەر قويغان تەلەپنى ئورۇنلايمەن، دىدى. دامىغا چۈشكەن قوزغىلاڭچىلار ئۇ يەرگە بارغاندا، شەھەر باشلىغى تەشكىللەپ قويغان قوراللىق قوشۇن ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. شەھەر باشلىغىغا پادىشا شۇ مەيداندىلا چەۋەنداز دەپ نام بەردى. شەھەر باشلىغى يۇمشاق - قاتتىق ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ قوزغىلاڭچىلاردىن پادىشانىڭ يارلىغىنى ئالداپ ئېلىۋالدى ۋە ئۇلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ يىرتىپ تاشلىدى؛ ئارقىدىن ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ لوندوندىن قايتۇرۇۋەتتى.

بالىل بىر كونا ئۆيگە يوشۇرۇنۇۋالغان ئىدى، ئۇزۇن

ئۆتمەي ئۇنىمۇ تۇتۇپ چىقىپ ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىشتى. لوندون ئېپىسكوپى ئۇنى ئالدىسام تۆۋە قىلىپ گۇنايىنى ساقىت قىلارمىكىن دىگەن نىيەتتە جازانى ئىجرا قىلىشنى ئىككى كۈن كېچىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. باللى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلدى. ئاخىرىدا، باللىنىڭ قوسىغىنى يېرىپ، پۇت - قوللىرىنى كېسىپ ئاندىن كاللىسىنى ئېلىپ دەھشەتلىك ھالدا ئۆلتۈردى.

شۇندىن كېيىن، پادىشا قوراللىق قوشۇنىنى ئۆزى باشلاپ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيە، مەھەللىلەرگىچە بېرىپ، قوزغىلاڭغا ئىشتىراك قىلغانلارنى تازىلىدى ۋە جازالىدى ھەمدە ئۇلاردىكى يارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالدى. زور بىر تۈركۈم كىشىنى قولغا ئالغان ۋە دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، دىخانلارغا مۇنداق دىدى:

— مەن پادىشا نامىدىن بۇيرۇق قىلىمەنكى، سىلەر ئامان - خۇدا ئۆز يۇرتۇڭلارغا قايتىپ كېتىڭلار، بۇندىن كېيىن، پادىشا ۋە ئەمەلدارلارغا يامان نىيەتتە بولماڭلار ۋە قارشى چىقماڭلار؛ خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. سىلەر ئىلگىرى يانچى ئىدىڭلار، بۇندىن كېيىنمۇ يانچى بولىسىلەر، كۈنۈڭلار ھازىرقىدىن ياخشى بولمايدۇ!

14 - ئەسىردە ئەنگلىيىدە يۈز بەرگەن ئەڭ زور بىر قېتىملىق قوزغىلاڭنىڭ جەريانى مۇشۇنداق بولغان ئىدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا ئاساسلىقى تىلېر رەھبەرلىك قىلغانلىقتىن، تارىختا «تىلېر قوزغىلىڭى» دەپ ئاتالدى.

گەرچە تىلېر قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ فېئودالىزىمغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۈتىنى تۇتاشتۇرغان،

ئەنگلىيە فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىگە قاتتىق زەربە بەرگەن ئىدى. 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئەنگلىيە فېئو- دال يانچىلىق تۈزۈمى، ئاخىرى دېخانلارنىڭ كۈرىشى ئارقىسى- دا چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ، زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەندى.



# جىنناد ياركىنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى كۈرىشى

ئەنگلىيە ـ فرانسىيە 100 يىللىق ئۇرۇشىنىڭ ئىك-
كىنچى باسقۇچىدا، فرانسىيە، قولدىن كەتكەن زىمىنىنىڭ ھەم-
مىسىنى ئاساسەن دىگۇدەك قايتۇرۇۋالدى. بىراق بۇ ياخشى
كۈنلەر ئۇزۇن داۋام قىلالمىدى، پادىشا چارلېس V ئۆلگەن-
دىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىس بولغان چارلېس VI
روھىي كېسەل بولۇپ قېلىپ دۆلەتنى باشقۇرالمىدى. بۇنىڭ
بىلەن ئىككى فېئودال گۇرۇھ ھاكىمىيەت تالىشىپ، بىر
بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى، بۇ گۇرۇھتىن مەغلۇپ بولغان
بىر گۇرۇھ ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئەنگلىيە بىلەن تىل
بىرىكتۈردى. ئەنگلىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىلادى
1415 - يىلى ئاۋغۇستتا 60 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇن
بىلەن يەنە فرانسىيىگە ھۇجۇم قىلىپ، ناھايىتى تېزلا فران-
سىيىنىڭ شىمالى بىلەن پارىژنى ئىشغال قىلىۋالدى. فران-
سىيە شاھزادىسى بىر بۆلۈك قوشۇن بىلەن جەنۇپقا چېكىن-
دى. شۇندىن ئېتىۋارەن، شەرق بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا
دۈشمەنلىك ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

1428 - يىلى ئۆكتەبىردە، ئەنگلىيە قوشۇنى جەنۇپ-
قا يۈرۈش قىلدى. پارىژنىڭ جەنۇبىدىكى ئورلېئان شەھىرى
جەنۇپقا ئۆتىدىغان دەرۋازا ئىدى. ناۋادا بۇ يەر قولدىن كې-

تىپ قالسا، فرانسىيەنىڭ جەنۇبى خەۋپ ئىچىگە چۈشۈپ قالاتتى. ئەنگلىيىگە قارشى كۆرەش قىلىش، فرانسىيە ئۈ-چۈن ئېيتقاندا، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى خاراكتېرىنى ئالاتتى. شۇڭا فرانسىيە خەلقى ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلىپ، تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بەردى. ھەتتا ئاياللارمۇ ئەنگلىيىگە قارشى كۆرەش سېپىگە قاتناشتى.

بۇ چاغدا، فرانسىيە پادىشاسى چارلىس VI ئۆلگەن ئىدى. ئورلېئاننىڭ قورشاۋدا قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئالاقزادە بولغان كىچىك شاھزادە، بىر بۆلۈك ئوردا ۋەزىرلىرىنى ئېلىپ چەت بىر يېزىغا قېچىپ بېرىۋالدى.

1429 - يىلى ئاپرېلنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ياساۋۇل، بىر قىز شاھزادە بىلەن كۆرۈشمەن دەيدۇ، دەپ شاھزادىغا مەلۇم قىلدى. ئىنتايىن ئىچى تىت - تىت بولۇپ تۇرغان شاھزادە قول شىلتىپ، قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىر-دەمدىن كېيىن، ساقچى يەنە كىرىپ كەلدى ۋە: قىز، چار-لىس بىلەن كۆرۈشمىسەم زادى بولمايدۇ، دەۋاتىدۇ ھەم ئور-لېئاننى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزۇش مەسىلىسى توغرىسىدا كەپتۇ، دەپ مەلۇم قىلدى.

— ئورلېئاننى بىر قىز قۇتقۇزالامدىكەن؟ — چارلىس سوغاق كۈلدى، — قىزىق گەپتە - بۇ! ماقۇل كىرگۈزۈڭلار!

بىر دەمدىن كېيىن قىز، چارلىسنىڭ ئالدىغا كەلدى. يېزا ئاياللىرىچە كىيىنىۋالغان بۇ قىزنى كۆرۈپ چارلىسنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى.

— ئىسمىڭىز كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئىسمىم جېننا د يارك.

— ھە، جېنناد يارك. سىز ئورلېاننى قوتقوزماقچىمۇ؟

— شۇنداق، — جېنناد يارك كەسكىن جاۋاپ بەردى، — مەندىن باشقا يەنە بىزنىڭ پارتىزانلىرىمىز ۋە كەڭ خەلق بار.

جېنناد يارك، فرانسىيىنىڭ شامپان ۋە لوررىن دىگەن يەرلىرىگە تۇتاش بىر جايدا، دىخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئىدى. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدا فرانسىيە زىمىنىنىڭ يېرىمى دىگۈدەك ئەنگلىيە قوشۇنىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان، ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۆز يۇرتىنى ئاياق ئاستى قىلغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىدى. ئۇ 15 ياشقا كىرگەندە، پارتىزانلار ئەترىدىگە قاتناشقان، ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدە پەيدىن پەي ياراملىق قوماندان بولۇپ يېتىشكەن ئىدى. ئورلېان شەھىرىنىڭ مۇھاسىرە ئىچىدە قالغانلىغىنى ئاڭلاپ، ئەسكەر باشلاپ بېرىپ، مۇھاسىرىنى بۆسۈش ئۈچۈن، كېچىلەپ يول يۈرۈپ شاھزادە بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن ئىدى. ئۇ پارتىزانلار ئەترىدى ۋە كەڭ خەلقنىڭ ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلىۋېتىشكە بولغان جىددى كەيپىياتى ۋە يۈكسەك جاسارىتىنى چارلىسقا بىلدۈرۈش بىلەنلا قالماي، ئۆزىنىڭ مۇھاسىرىنى بۆسۈش ھەققىدىكى پىلانىنىمۇ تەپسىلى سۆزلەپ بەردى.

مۇشۇ تاپتا چارلىسنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى ئېغىر ئىدى، شۇڭا ئۇ خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈچلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلماي تۇرالمايتتى. ئۇ جېنناد ياركنىڭ قەتئى ھالدا جەڭ قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىغىنى ھەم نەزەر دائىرىسىنىڭ خېلى كەڭ ئىكەنلىگىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ جەڭ قى-

لىش پىلانىغا قوشۇلدى ۋە ئۇنىڭغا بىر قوشۇن بەردى.

تېخى 20 ياشقا تولمىغان جېنناد يارك، شاھزادىنىڭ تاپشۇرۇغىنى ئېلىپ، ئورلېئاننى قۇتقۇزۇش قوماندانى بولدى. ئۇ، ئۇرۇشتا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، ئەرچە كىيىنىپ، سا-ۋۇت - دۇبۇلغا كىيىپ 6000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئورلېانغا قاراپ ئاتلاندى. يولدا ئۇرغۇن دېخانلار ۋە شەھەر كەمبەغەللىرى قوللىرىغا قىلىچ، نەيزە ئېلىپ، ئۇنىڭ قوشۇ-نىغا قاتناشتى؛ بىرمۇنچە كىشىلەر ئۆزلىگىدىن ئۇنىڭ قوشۇنىغا ئاشلىق - تۈلۈك، ئوق - دورا توشۇپ بەردى. قوشۇن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئورلېان شەھىرىنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى.

يىراقتىن قارىغاندا، ئەنگلىيە قوشۇنى ئورلېئاننى چەم-بەرچەس قىلىپ قورشىۋالغانلىقى، شەھەر قىرۋۇغىنى مەھ-كەم ئېتىۋالغانلىقى كۆزگە تاشلىناتتى. فرانسىيە قوشۇنىنىڭ بەزى ئوفىتسېرلىرى گويا شەھەرگە مۇتلەق بېسىپ كىرگىلى بولمايدىغاندەك بوشىشىپ كەتكەن ئىدى. جېنناد يارك، كۆپ-چىلىككە: دۈشمەنىنىڭ ئاكوپلىرى جانسىز، بىزنىڭ باتۇرلىرى-مىز جانلىق. پەقەت بىز كۆپچىلىكتە قەتئى نىيەت، ئىشەنچ، غەيرەت ۋە جاسارەت بولسىلا دۈشمەن ئاكوپلىرى جەزمەن يىمىرىلىدۇ! دەپ ئىلھام بەردى.

ئۇ دۈشمەن پوزىتسىيىسىنى ئەستايىدىل كۆزەتتى ۋە شەھەر ئىچىدىكى قەلئەنى ساقلاۋاتقان قوشۇنغا ئادەم ئەۋە-تىپ مۇناسىۋەت باغلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن جەڭ ھازىر-لىقىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئارقىدىنلا ئەنگلىيە پادىشاسىغا خەت يازدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

> ئەنگلىيە شاھى: سىز ئاللاغا ساداقىتىڭىزنى كۆرسىتىشىڭىز. ئاللا ئەۋەتكەن قىزغا ساداقىتىڭىزنى كۆرسىتىشىڭىز لازىم. بۇ قىز فرانسىيە شاھىنىڭ قېرىنداشلىرىنى (يەنى ئەنگلىيە قوشۇنىغا ئەسىر بولۇپ قالغان كىنەزنى) قۇتقۇزغىلى كەلدى. ئۇ تېچلىق تەنپەنى ئۆتكۈزۈشنى تامامەن ياقتۇرىدۇ. سىلەر فرانسىيەدىن چىقىپ كېتىشىڭلار ۋە بىزنىڭ زېمىنىمىزنى تۆلەپ بېرىشىڭلار كېرەك. ئۇنداق قىلمايەن دېسەڭلار، قىزنىڭ پات ئارىدا بېشىڭلارغا بالا-قازا كەلتۈرۈشنى كۈتۈڭلار!
>
> مەن سىلەرنى فرانسىيە زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن كەلدىم. فرانسىيە زېمىنىنى ئىگەللىۋالدۇق دەپ خىيال ئەيلىمەڭلار. بۇ زېمىن ئۆزىنىڭ ھەقىقى ۋارىسى پادىشا چارلىقا مەنسۇپ. مۇبادا ئاللا ۋە قىزنىڭ مەكتۇبىنى ئىلىك ئالمىساڭلار، بىتچىت قىلىنىش بىلەن ئۆلمەك ئىلىشقا مەجبۇرسىلەر.

ئەنگلىيە پادىشاسى، جېنناد ياركىنىڭ خېتىنى نەزەر كۆزگىمۇ ئالمىدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن جېنناد يارك ئورلېانغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. ئۇ مۇشكۈل خەتەرگە قارىماي سەپنىڭ ئالدىدا يۈرۈپ، ئاكوپلارنى ئارقا-ئارقىدىن ئىشغال قىلدى. ئۇ جەڭدە يارىلىنىپ، قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھۇشىدىن كەتتى. جەڭچىلەر ئۇنى ئۇرۇش سېپىدىن ئېلىپ كېتىپ، جىددى قۇتقۇزۇش ئېلىپ باردى. بۇ چاغدا جەڭ مەيدانىدا يەنە قىر-چاپ سادالىرى ياڭرىدى. جېنناد يارك ھۇشىغا كەلگەندىن كېيىن، قاتتىق ئاغرىق ئازابىغا چىداپ، ئورنىدىن تۇردى-دە، ئېتىغا مىنىپ جەڭ مەيدانىغا قاراپ چاپتى...

فرانسىيە قوشۇنى جېنناد ياركنىڭ يېتەكچىلىكى ئارقىسىدا، باتۇرلارچە جاسارەت بىلەن قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، ئەنگلىيە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىش بىلەن ئورلېئاننى تارتىۋالدى. جېنناد يارك ئېتىغا مىنىپ، جەڭ تۇغىنى كۆتىرىپ قوشۇننى ئېلىپ، غالىپلارچە جاسارەت بىلەن شەھەرگە كىرگەندە، خەلق ئالقىش سادالىرى ياڭراتتى، پۈتكۈل شەھەر قاينام-تاشقىنلىققا چۆمدى.

شۇندىن ئېتىۋارەن جېنناد ياركنىڭ نامى پۈتكۈل فرانسىيىگە داڭ كەتتى، ھەممە ئۇنى «ئورلېئان قىزى» دەپ ئاتىدى.

ئورلېئان ئۇرۇشىدىن كېيىن، جېنناد يارك، شاھزادە چارلېسنىڭ پادىشالىق ئورنىغا ھەقىقى ۋارىسلىق قىلىشىنى پائال قوللاش بىلەن، ئەنگلىيىگە قارشى كۈچلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىتتىپاقلاشتۇردى. شاھزادە چارلېس پادىشالىق ئورنىغا ۋارىس بولغان (چارلېس VII دەپ ئاتالغان) دىن كېيىن، جېنناديارك دەرھال پارىژغا يۈرۈش قىلىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغ ئىشىنى تېز ئورۇنلاشنى تەكلىپ قىلدى. چارلېس ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئۈمىت قىلسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن جېنناد يارك ۋەكىللىگىدىكى خەلق قوراللىق كۈرىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ھىلە ئىشلىتىپ جېننادياركنى سېتىۋېلىش قارارىغا كەلدى.

— سىز ئورلېئاننى قۇتقۇزدىڭىز، — دەپ گەپ ئاچتى ئۇ بىر قېتىم جېنناد ياركقا، — شۇ ئارقىلىق فرانسىيىنىمۇ قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز، سىزگە نىمە لازىم بولسا، توغرىسىنى

ئېيتىۋېرىك.

— ماڭا ھېچنېمە لازىم ئەمەس، پارىژغا يۈرۈش قىلساقلا بولىدۇ!

— پارىژغا يۈرۈش قىلىش دەمسىز؟ ئۇ يەرگە بارىدىغان يوللاردا ئەنگلىيىنىڭ قانچىلىغان ئاكوپلىرىنىڭ بارلىغىنى بىلمەمسىز؟

— پادىشا ئالىيلىرى، — دىدى جىنناد يارك جاۋاۋەن، — بۇ پەقەت سىزنىڭ دۈشمەن ئاكوپلىرى ھەققىدىكى قارىشىڭىز، بۇرۇن دۈشمەن، ئورلېئانىدىمۇ ئاكوپ قۇرغان ئەمەسمىدى؟ ئەمما غەلىبە بىزنىڭ بولدىغۇ! ھازىر ئەسكەرلىرىمىزنىڭ كۆرەش ئىرادىسى ئۈستۈن، ئەنگلىيە قوشۇنىنىڭ بولسا ھالى خاراپ بولۇپ قالدى، بۇ زېمىنىمىزنى قايتۇرۇۋېلىشىمىزغا ناھايىتى ئوبدان پۇرسەت!

جىنناد ياركنىڭ تەلىۋىگە چارلىس VII كۆرۈنۈشتىلا قوشۇلدى، ئەمما ئەمىلىي ياردەم بەرمىدى. شۇنداق بولسىمۇ جىنناد يارك شۇ يىلى ئاۋغۇستتا پارىژغا يۈرۈش قىلدى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، جىنناد يارك قوشۇنى قولدىن كەتكەن بىر قىسىم يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، پارىژ شەھەر يېنىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قوشۇنى يالغۇز كەلگەنلىكى ۋە شەھەرنى ھەرقانچە ھۇجۇم قىلغان بىلەنمۇ ئالالمىغانلىغى ئۈچۈن، ئۇرۇش داۋامىدا ئۇ يەنە يارىدار بولۇپ، پارىژدىن نېرىراقتىكى كومپىيىن شەھىرىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

1430 - يىلى باھاردا، جىنناد يارك قوشۇنى كومپىيىن ئەتراپىدا دۈشمەن ئارمىيىسى بىلەن شىددەتلىك جەڭ



جېنناد ياركنىڭ ئەسىرگە چۈشۈشى

باشلندى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى دۈشمەنلەر قۇدرەتلىك ئەنگلىـ
يە ئارمىيىسى بولۇش بىلەنلا قالماي، يەنە ئەنگلىيە بىـ
لەن ئاشكارا تىل بىرىكتۈرۈۋالغان فرانسىيىنىڭ بىر فېئودالـ
لار گۇرۇھىمۇ بار ئىدى. بۇنداق دۈشمەن كۆپ، ئۇرۇش
شارائىتى ئەپسىز ئەھۋال ئاستىدا، جېنناد ياركلار قوشۇنى
ئۇرۇش قىلغاچ چېكىنىپ شەھەر ئىچىگە كىرىۋالماقچى بولدى.

ئۇ قوماندانلىق قىلغان قوشۇن چېكىنىپ شەھەر ئىچىـ
گە كىرمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، شەھەر دەرۋازىسى تاقىلىپ،
ئاسما كۆۋرۈكمۇ تارتىۋېلىنىپ، چېكىنىش يولى ئۈزۈلۈپ
قالدى. بۇ جىددى پەيتتە، جېنناد يارك ۋە ئۇنىڭ ئەسكەر-
لىرى جاسارەت بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى، ئەمما دۈشمەن كۆپ،

ئۇ ئاجىز بولغانلىقتىن، كۈتۈلمىگەندە ئەنگلىيىنىڭ چۇماقچى-
سى — فرانسىيىلىك بىر فېئوداللار گۇرۇھى قوشۇنىغا ئەسىر-
گە چۈشتى.

ئالتە ئايدىن كېيىن، ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرى جېننا د
ياركنى فرانسىيىلىك فېئودال گۇرۇھنىڭ قولىدىن ئون مىڭ
قاداق ئالتۇنغا سېتىۋالدى ۋە تۆمۈر قەپەزگە سولاپ قويدى.
ئۇ تۆمۈر قەپەز ئىچىدە روھىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن
ئېغىر ناباپ قىلىندى. چارلېس VII ئۇنى قۇتقۇزماي، قول
قوشتۇرۇپ بىر چەتتە قاراپ تۇردى.

جېننا د يارك ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىنمۇ قىلچە تىز
پۈكمىدى. ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرى يامان غەرەز بىلەن
ئۇنى دىنىي سوتنىڭ سوت قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

سوت باشلانغاندىن كېيىن، سوتچى ئۇنىڭ «ئەنزە ئەھ-
ۋالى»نى جاكالىغاندىن كېيىن سورىدى:

— كىم سىزنى ئەرچە كېيىن دىگەن؟

— ئۆز ۋەتىنىمنى قوغداش ئۈچۈن، ئەرچە كىيىنىش
مېنىڭ ئەركىنلىكىم! — دەپ جاۋاپ بەردى جېننا د يارك
مەردانىلىق بىلەن.

— ئەگەر ھۇشىڭىزنى تاپمىسىڭىز، سىزگە ئايال دا-
خان دىگەن گۇناھنى ھۆكۈم قىلىپ، ئوتتا كۆيدۈرۈش جا-
زاسى بېرىمىز.

— فرانسىيە ئۈچۈن مەن ھېچنىمىدىن قورقمايمەن! —
جېننا د يارك، سوتچىنى مەنسىتمىگەن ھالدا جاۋاپ بەردى.

1431 - يىلى 30 - ماي، فرانسىيىنىڭ روئان شە-
ھىرىدىكى مەيداندا ئوت جازاسى تۈۋرۈكى تىكلەندى، ئەترا-

پىغا قۇرۇق ئوتۇنلار تاشلاندى. جېنناد يارك قولىغا كويزا سېلىنغان ھالدا، مەردانىلىق بىلەن جازا مەيدانىغا كەلدى. جاللاتلار قۇرۇق ئوتۇنغا ئوت تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى.

— ھۇ ئايال داخان، سەن يەنە تۆۋە قىلمامسەن! — ئوت جازاسىنى ئىجرا قىلغۇچى سوئال قويدى.

جېنناد يارك سوغاق كۈلۈپ:

— سىلەر مەندەك بىر ئادەمنى كۆيدۈرۈۋەتكەن بىلەن، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر قوزغىلىپ سىلەرنى يوقىتىدۇ! غەلىبە فرانسىيىگە مەنسۇپ!

شۇنداق قىلىپ بۇ ياش قىز قەھرىمان ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن، ھاياتىنى قۇربان قىلدى.

جېنناد ياركنىڭ ھەقىقەت يولىدا مەردانىلىق قىلىشتەك قەھرىمانلىق ھەركىتى، فرانسىيە خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىغا مەدەت بەردى. جايلاردىكى خەلق ئارقا - ئارقىدىن ئۆزلۈگىدىن قوزغىلىپ قولىغا قورال ئېلىپ، ئەنگلىيىگە قارشى كۆرەشكە ئاتلاندى. 1436- يىلى فرانسىيە قوشۇنى پارىژنى قايتۇرۇۋالدى، ئارقىدىن قولدىن كەتكەن جايلارنى ئۈزلۈكسىز ھالدا قايتۇرۇۋالدى. 1454 - يىلى بىر شەھەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئەنگلىيە قوشۇنى فرانسىيىنىڭ قالغان بارلىق جايلىرىدىن تولۇق قوغلاپ چىقىرىلىپ، ئەنگلىيە - فرانسىيە 100 يىللىق ئۇرۇشى، فرانسىيىنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. شۇندىن ئېتىۋارەن، فرانسىيىدە بىرلىككە كەلگەن مۇھىم ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

# ماركو پولو

1298 - يىلى ياز ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ئادرىياتىك دېڭىزىدا بولغان بىر قېتىملىق دېڭىز ئۇرۇشىدا گېنۇيە ئىسكادىراسى ۋېنېتسىيە ئىسكادىراسىنىڭ 25 ھەربىي كېمىسىنى تۇتۇۋالدى - دە، ئىسكادىرا باش قوماندانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋېنېتسىيىلىك 20 نەچچە ئالىي دەرىجىلىك ئەسىرنىڭ ئىسىملىكىنى دەرھال گېنۇيە باش ۋالىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى.

باش ۋالى، ئىسىملىككە كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ، بىر ئىسىم ئۈستىدە تۇرۇپ قالدى.

— ماركو پولو؟ ئىلگىرى جۇڭگوغا بارغان ساياھەتچى ماركو پولو شۇمۇ يە؟

— ھەئە، شۇ ئالىيلىرى، — جاۋاپ بەردى مۇلازىم،— ئۇ ۋېنېتسىيە ئىسكادىراسى «شەرق» پاراخودىنىڭ باشلىقى بولغان.

— ماركو پولو ھازىرقى ئىتالىيىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ساياھەتچىسى، ئۇنى ئوبدان كۈتۈڭلار، ھەرگىز خارلىماڭلار، ھاقارەت قىلماڭلار!

ماركو پولونىڭ ئاتىسى نىكولاي پولو سودىگەر بولۇپ، ماركو پولونى شەرققە بىللە ئېلىپ بېرىپ جۇڭگودا 17 يىل تۇرغان ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ ئوغلىنىڭ ئەسىرگە چۈ-

شۇپ قالغانلىغىنى ئاڭلاپ، كۆپ پۇل كەتسىمۇ پۇل تۆلەپ ئوغلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، دەرھال گېنۇيىگە يېتىپ كەلدى. ئەمما گېنۇيە دائىرىلىرى 20 يىل قامايمىز، دەپ تۇرۇۋالدى. نىكولاي ئامالسىز ۋېنېتسىيىگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. كۆپ ئۆتمەي ماركونىڭ تۈرمىدىن يازغان خېتى كەلدى. خەتتە ناھايىتى ئوبدان كۆتۈلۈۋاتقانلىغىنى، ھەر كۈنى ئۇنىڭ شەرقتە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى ئاڭلاشقا كىشىلەر كىرىپ تۇرىدىغانلىغىنى ئېيتقان ئىدى. ئۇ خېتىدە يەنە روستىيان ئىسىملىك ئاتاقلىق بىر يازغۇچى بىلەن بىر كامېردا تۇرىدىغانلىغىنى، بۇ يازغۇچىنىڭ ياردىمى بىلەن «ماركو پولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دىگەن كىتاپنى يېزىپ كېيىنكى ئەۋلاتلارغا قالدۇرماقچى بولىۋاتقانلىغىنىمۇ ئېيتقان ئىدى. نىكولاي خەتنى كۆرگەندىن كېيىن، ماركونىڭ تەلۋىگە ئاساسەن، ماركونىڭ ساياھەت داۋامىدىكى خاتىرە دەپتىرىنى ئىنىسى مافىيدىن گېنۇيە تۈرمىسىگە ئەۋەتىپ بەردى. تۈرمىدە، ماركو شەرقتە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى...

*

ماركو ئالتە ياشقا كىرگەندە، دادىسى نىكولاي بىلەن تاغىسى مافىي شەرققە سودىگەرچىلىككە بارغاندا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خاقانى قۇبلەينى تاۋاپ قىلغان. ئۇلار ۋەتىنىگە قايتىدىغان چاغدا، قۇبلەي، رىم پاپىسىغا بىر پارچە مەكتۇپ ئەۋەتكەن ۋە پاپىدىن ھۇشيار ئادەمدىن بىرنى جۇڭگوغا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان. نىكولايلار ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندە، يېڭى پاپا تېخى سايلانمىغانلىغى ئۈچۈن، ئۆيىدە

بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان ۋە چوڭ بولۇپ قالغان ماركوغا ھەر كۈنى شەرقتە قىلغان سەپىرى جەريانىدا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ماركودا قىزغىن ئىشتىياق قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن ماركو، دادىسى بىلەن تاغىسىدىن جۇڭگوغا ئالغاچ بېرىشنى قايتا ـ قايتا ئۆتۈنگەن.

1271 ـ يىلى، ماركو 17 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى، نىكولاي بىلەن مافىي ئۇنى جۇڭگوغا ئالغاچ كېلىپ، قۇبلەي تاپشۇرغان ۋەزىپىگە جاۋاپ بەرمەكچى بولۇپ، يېڭى پاپىنىڭ سوغا ـ سالاملىرىنى ئېلىپ، ئۇن نەچچە سەپەردىشى بىلەن بىللە شەرققە يولغا چىقتى.

ماركولار ۋېنىتسىيەدىن يولغا چىقىپ، ئاۋال جەنۇپتىكى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا كەلدى؛ ئاندىن قارا دېڭىزنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، قەدىمقى مەدەنىيەت بۆشۈگى بولغان ئىككى دەريا ۋادىسى ئارقىلىق ئوتتۇرا شەرقتىكى قەدىمي شەھەر باغداتقا يېتىپ كەلدى. باغداتتىن پارس قولتۇقىدىكى پورت خورموزغا كېلىش ئۈچۈن، ئات بىلەن ئىككى ئايچە يول يۈرسە يېتىپ كېلەتتى، كېمە بىلەن ئۇدۇللا جۇڭگوغا كېلەتتى. بۇ دەل باھار تۈگەپ ياز باشلانغان پەسىل بولۇپ، يول بويى بۈك ـ باراقسان گۈل ـ گىياھلارنى تاماشا قىلغاچ، ئات بىلەن يۈرۈپ، يول بويى مەزىلىك قىرغاۋۇل، پاختەك ۋە ئورمان كەكلىكى قاتارلىقلارنى ئوۋلاپ تۇتۇپ يەپ ماڭدى.

بىر كۈنى، ئۇلار بىر بازارغا يېتىپ كەلدى. بازاردا بىر كىشى چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي سېتىۋاتاتتى. بۇ قوينى كۆرۈپ ماركو قىزىقىپ قالدى ـ دە، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ،

قويننىڭ قۇيرۇغىنى دەسسەپ باقتى. قويننىڭ قۇيرۇغى ئۇن
نەچچە كىلوگىرامچە بولۇپ، يەرگە تېگىپ تۇراتتى. بۇنىڭ-
غا مەخسۇس ئىككى چاقلىق غالتەك ياساپ، قۇيرۇقنى غال-
تەككە ئېلىپ قويۇپ، غالتەكنى قويننىڭ ئۆزىگە سۆرەتكۈزۈش-
كە توغرا كېلەتتى. ماركو، قويدىن بىرنى ئېلىپ بەر دەپ
تۇرۇۋالغانلىقتىن، نىكولاي ئۇنى سېتىپ ئېلىپ بېرىشكە مەج-
بۇر بولدى. بۇ ئۇلار ئۈچۈن «بالا - قازا» بولۇپ، كەينىگە
پايلاقچى چۈشىدىغانلىقى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن
ئىدى.

كەچتە ئۇلار دەرەخ تۈۋىدە قونۇشتى ۋە دەرەخنىڭ
كەينىدە بىر ئادەمنىڭ غىل - پال كۆرۈنۈپ قويۇپلا، ئېتىغا مى-
نىپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ قېلىشتى. ئەتىسى سەھەردە
يولغا چىقىپ بىردەمدىن كېيىن، تۇساتتىن ئۇپۇقنى قارا بۇ-
لۇتلار قاپلىدى. بىرقانچە تامچە يامغۇر تامچىلىغاندىن
كېيىن، ھاۋا بىردىن قاراڭغۇلىشىپ، ئەتراپنى
تۇمان قاپلاپ كەتتى. نىكولاي ئىش كۆر-
گەن ئادەم بولغاچقا، ئەھۋالنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى،
شۇڭا ئۇ ھەمراھلىرىغا دەرھال بىر يەرگە توپلىنىپ، كەلگەن
يولى بىلەن قايتىشنى جېكىلىدى. ئەمما سەل ماڭغاندىن
كېيىن، ھېچ تەرەپنى پەرق ئەتكىلى بولماي، جاي - جايىدا
توختاشقا مەجبۇر بولدى، شۇ ئەسنادا ئەتراپتىن ناھايىتى
تېز ماڭغان ئاتنىڭ ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇلارنى بىر
توپ قاراقچىلار ئورىۋالغان ئىدى. قاراقچىلار ئۇلارنى
بىر جايغا يالاپ ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ھەممىسىنى
ئايرىم - ئايرىم قاماپ قويۇشتى.

تۆن نىسپى بولغاندا، تۇمان بارا-بارا تارقىلىشقا باشلىدى، ماركو بۇرۇلۇپ دادىسىنىڭ كەينىگە كەلدى ۋە بىر بىرىگە كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ، بىر بىرىنىڭ قولىدىكى ئاغامچىنى يېشىپ، بىردىن ئاتقا مىنگەن پېتى ئۇچقاندەك چېپىپ قېچىشتى. ئەتىسى چۈش ۋاقتى بىلەن بىر بازارغا يېتىپ كېلىشتى، ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ تۇتۇلۇپ قالغانلىغىنى ئاڭلاپ قاماپ قويۇلغان جايغا يېتىپ كەلگەندە، قاراقچىلار كېتىپ قالغان ئىدى، ماركونىڭ تاغىسىدىن باشقىلارنىڭ ئىز-دېرىكى يوق ئىدى.

ماركو، ماركونىڭ دادىسى ۋە تاغىسى ئۈچەيلەن جەنۇپقا قاراپ يەنە ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، پارس قولتۇغىدىكى پورت خورمۇزغا يېتىپ كەلدى. خورمۇزدا ئىككى ئاي تۇرۇشقان بولسىمۇ، جۇڭگوغا بارىدىغان بىرەر كېمە تاپالمىدى-دە، يەنە قۇرۇقلۇق بىلەن يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

خورمۇزدىن چىقىپ شەرققە قاراپ ماڭغاندا، ئىراندىكى بىر چوڭ قۇملۇقتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ چوڭ قۇملۇقتا ئاندا-ساندا بۇلاق بار ئىدى. ماركولار بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى بىلمىگەنلىكتىن، سۇنى كۆپ ئېلىۋالمىغان ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئېلىۋالغان سۈيى تۈگەپ ئۇسساپ قۇرۇپ كېتىشتى، تۇزلۇق كۆللەردىكى سۇ ياپ-يېشىل بولۇپ، ئاتمۇ ئىچكىلى ئۇنىمايتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ماركونىڭ ئىچ ئۆتكۈ كېسىلى تېخى يېقىندىلا ساقايغاچقا، بەدىنىدە سۇسىزلىق ئېغىر بولغانلىقتىن، تۇزلۇق كۆلدىكى يېشىل سۇنى ئىچىپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ، ئىچ ئۆتكۈ

كېسلى تېخىمۇ ئۆرلەپ كەتتى. مۇشۇنداق مۈشكۈللۈكتە نىكولايغا ئەقىل كىردى - دە، بىر تۇلۇمغا قۇم قاچىلاپ، تۇلۇمنىڭ ئاستىدىن بىرنەچچە تۆشۈك ئېچىش ئارقىلىق ئاددىغىنا سۈزگۈچ قىلىپ، ماركوغا بىرئاز بولسىمۇ سۈزگۈچتە سۈزۈلدۈرگەن ئات سۈيدۈگى ئىچكۈزدى. شۇنداق قىلىپ ئون نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن قۇملۇقتىن چىقىپ ئافغانىستان زېمىنىغا كىرىپ، پامىر ئېگىزلىكىگە قاراپ يول ئالدى.

پامىر ئېگىزلىكى جۇڭگو شىنجاڭنىڭ غەربى، ئافغانىستاننىڭ شەرقىدە ئىدى. بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىردىن كۆپرەك ئېگىز بولۇپ، «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ دەل قىش بىلەن باھار ئالمىشىدىغان چاغ بولۇپ، ھاۋا ئىنتايىن سوغاق، ھەممىلا جاي ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان ئىدى، ئادەم ئىنتايىن شالاڭ ئىدى. ماركولار قار ئۈستىگە چىقىپ قالغان ئارقارلارنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى، بۇ مۈڭگۈزلەرنى ئوۋچىلار ئارقارلارنىڭ گۆشىنى يەپ بولۇپ تاشلاپ كەتكەن ئىدى. بۇ يەر ناھايىتى ئېگىز، ھاۋاسى شالاڭ بولغانلىقتىن، يول يۈرگەندە نەپەس بوغۇلاتتى، پۇت - قول ماغدۇرسىزلىناتتى. ئېگىزلىكلەردە ئوت قالىماق قىيىن، قالىغان تەقدىردىمۇ، ئوت يالقۇنى ناھايىتى كىچىك بولاتتى؛ قازاندا سۇ قاينىغاندەك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاران ئىللىيتتى، گۆش ھەرقانچە ئۇزۇن قاينىغان بىلەنمۇ پىشمايتتى. ئۇلار بۇ «ئۆگزە»دە مىڭبىر جاپا بىلەن 15 كۈننى ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى شىنجاڭنىڭ غەربىدىكى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

قەشقەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن بىرنەچچە يۈز كىلو-مېتىر يىراقلىقتا، قاش تېشى كۆپ چىقىدىغان خوتەن دەيدىغان بىر بازار بولۇپ، ماركو بۇ يەردە بىرتاغ باغرىدىن بەرنەچچە پارچە قاش تېشى تېرىۋېلىپ، يادنامە قىلدى، ئۇلار يول ئاۋۇتۇش ئۇچۇن خوتەن بازىرىدىن ئىككى تۆگە سېتىۋېلىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتمەكچى بولۇپ يولغا چىقتى.

بىر كۈنى كەچتە، ئۇلار بىر يىلقىچىنىڭ كىگىز ئۆيىدە دەم ئالدى. بۇ چاغدا ماركو خالتىدىكى قاش تېشىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلدى - دە، ئېتىغا مىنىپ ئىزلەپ چىقىپ كەتتى. بىردەم ئىزلىگەندىن كېيىن، قاراڭغۇ چۈشۈپ، ھېچ تەرەپنى ئاڭقىرالماي ئېزىپ قالدى. ماركو يۇلتۇزلار ئارقىلىق يۆنىلىشنى پەرق ئېتىۋېلىشنى ئويلاپ، شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزىنى ئەمدى تېپىپ تۇرۇشىغا، يۇلتۇز توساتتىن قارا بۇلۇت ئىچىگە كىرىپ كېتىپ، جاھاننى يەنە قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ماركو قۇملۇقتا تۈنەشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، سەۋەپ بۇ يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى سوغاق بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئېچىقاپ قالغان بۆرە تەھدىت سالاتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ئويلانغانسېرى خاۋاتىرلىنىپ، نىشانىنى تېخىمۇ ئۇقالمىدى.

ماركو ئۇزۇنغىچە قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن، نىكولاي تىت - تىت بولۇپ، بىر ئاتقا مىندى - دە، قاراڭغۇلۇق قوينىدىكى قۇملۇققا قاراپ ماڭدى. ئۇ ماڭار ۋاقتىدا، يىلقىچى تايچىغىنى ئىمىتتىدىغان بىر بايتالنى يېتىلەپ كېلىپ،

چۇلۋۇرنى نىكولاي مىنگەن ئاتنىڭ دۈۋنگۈچىگە باغلاپ بەردى، نىكولاي قۇملۇققا بىرىپ «ماركو...» دەپ بىر ھازا توۋلاپ يۈرۈپ، ئىگىبىر تەسلىكتە ماركونى تاپتى، بىراق بۇ نۆۋەت ئۇ ئۆزى ئېزىپ قالدى. ئۇ ئەس - ھوشىنى يىغىپ چىرايىدا بىردىن تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى: دۈۋنگۈچكە باغلاپ قويۇلغان بايتالنى يېشىۋەتتى. تىپىرلاپ تۇرالماي قالغان ئات، چۇلۋۇرى يېشىۋېتىلىشى بىلەن تەڭلا ئاق ئۆيگە قاراپ چاپتى. ئەسلىدە بايتال تايچىقىنى ئىمىتىشكە ئالدىرايتتى.

ئۇلار قۇملۇقتا بىر يېرىم ئاي يۈرگەندىن كېيىن، قەدىمىي شەھەر دۇنخۇاڭغا يېتىپ كەلدى. يەنە بىرقانچە كۈندىن كېيىن قاش تېشى قاپتىلىدىن ئۆتۈپ، سەددىچىن ئەتراپىغا يېتىپ كېلىپ، خىشى كارىدورى ئارقىلىق ئاخىرى يۇقۇرى ئوردا (يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئىككى پايتەختىنىڭ بىرى، ھازىر ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ دولۇن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ)غا يېتىپ كەلدى. بۇ 1275 - يىلى ياز پەسلى ئىدى. ماركولار ساق تۆت يىلنى سەپەر بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىدى.

نىكولاي ۋە مافىيلار قۇبلەيخاننى تاۋاپ قىلىپ، پاپىنىڭ سوغا - سالاملىرىنى تاپشۇردى ۋە ئۇنىڭغا ماركونى تونۇشتۇردى. خاقان، ياش، ئەقلى - ھوشى جايىدا بولغان ماركونى كۆرۈپ ناھايىتى شاتلاندى. ئۇلارنى ئۇدا بىرقانچە كۈنگىچە ئوردىغا چاقىرتىپ كېلىپ، سەپەر ئۈستىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلىتىپ ئاڭلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا قۇبلەيخان ئۆز ئادەملىرىنى ئېلىپ ئۇلۇغ ئوردا (يۈەن سۇلا-



ماركوپولو، خاقاننى تاۋاپ قىلماقتا

لىسىنىڭ ئىككى
پايتەختىنىڭ بىرى
ھازىرقى بېيجىڭ
شەھىرى) گە قارايت-
تى، ماركولارمۇ بىللە
يولغا چىقتى.

ماركولار، قۇب-
لەيخاننىڭ قەدىرلى-
شى بىلەن يۈەن
سۇلالىسىدە خىزمەت
قىلىپ قېپقالدى.
ماركو ناھايىتى تېز-
لا خەنزۇ تىلى بى-
لەن موڭغۇل تىلل-
رىنى ئۆگىنىۋالدى
ۋە بۇيەردە ئىشقا كىرىشكەندىن تاشقىرى، ھەمىشە خاننىڭ بۇي-
رۇغى بويىچە ھەرقايسى ئۆلكىلەرنى كۆزدىن كەچۈردى
ھەمدە چەتئەللەرگە ئەلچى بولۇپ چىقتى. ئۇ سەنشى،
شەنشى، سىچۇەن، يۈننەن، سەندۇڭ، جېجياڭ، فۇجيەن
قاتارلىق جايلارنى كېزىپ چىقتى، بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە
جەنۇبىي ئوكيان، ۋېيتنام، سۇماترا قاتارلىق جايلارغىمۇ
ئەلچى بولۇپ باردى. نەگىلا بارسا، شۇجاينىڭ يەر - سۇ
ۋە ئادەملەرنىڭ مىجەز - خۇلقى، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات-
لىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، قايتىپ كەلگەندە قۇبلەيخانغا
دوكلات قىلاتتى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆز ۋەتىنىدىن

ئۇزۇن زامان ئايرىلىپ جۇڭگودا ساق 17 يىل تۇردى.

ئەمما ئۇلار بەربىر ۋېنېتسىيەلىك بولغاچقا، هامان ئۆز ۋەتىنىگە قايتىشنى ئويلايتتى. بۇ پۇرسەتمۇ ئاخىرى يېتىپ كەلدى: پارس ئىلخانىيە خانلىغى قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتتى. قۇبلەي، بىر موڭغۇل ئاقسۆڭەكنىڭ قىزىنى مەلىكە قىلىپ تاللىدى ۋە دېڭىز يولى بىلەن ئىلخانىيگە ئاپىرىپ بېرىشنى بەلگىلىدى. يېقىندا جەنۇبىي ئوكيانغا ئەلچى بولۇپ بېرىپ كەلگەن ماركو يولنى پىششىق بىلگەچكە، قۇبلەي، قىزنى ماركولارنىڭ ئىلخانىيگە ئاپىرىپ قويۇپ يېقىن يول بىلەن ۋېنېتسىيەگە قايتىشىنى بەلگىلىدى.

1292 - يىلى ماركولار 600 نەچچە كىشى بىلەن مەلىكىنى قوغداپ ئىلخانىيگە ئاتلاندى. ئۇلار تۆت ماچتىلىق 13 يەلكەنلىك كېمە بىلەن ۋېنجۇ دىگەن يەردىن يولغا چىقتى.

ئۇلار دېڭىزدا ئۈچ ئاي يول يۈرگەندىن كېيىن، ياۋاغا يېتىپ كەلدى. سۇماترادا كېمىلەرنى رېمونت قىلىش بىلەن بەش ئاي ئاۋارە بولدى. مالاككا بوغۇزىغا كەلگەندە قاتتىق بوران چىقىپ، كېمىلەرنىڭ يېرىمىنى دىگۇدەك نابۇت قىلدى. بىر كۈنى هىندىستاننىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى ئەرەپ دېڭىزىدا كىچىككىنە بىر كېمىنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ قالدى. كېمە يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭدىن قاپ - قارا ئىس كۆتىرىلدى.

«دېڭىز بۇلاڭچىلىرى! — دەپ ۋاقىرىدى كېمە باشلىغى، — بۇ ئىس هەمراھلىرىغا بېرىلگەن سىگنال!» دىگەندەك بىردەمدىلا 40 — 50 دانە كېمە ئۇلارنى قورشى-

ۋالدى.

كېمىلەرنىڭ بەزىسى يەلكەننى چىقىرىپ قېچىپ كېتىشنى تەشەببۇس قىلسا، بەزىلىرى قورال ئارقىلىق قارشىلىق كۆرسىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. كېمە باشلىقى بېشىنى چايقىدى:

— ياق، بولمايدۇ! بىزنىڭ كېمىمىز چوڭ. ئۇلارنىڭ كېمىسى كىچىك. تېز ماڭىدۇ، يېتىشىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ كېمىسى شۇنچە كۆپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بىلەنمۇ ئەپلەشمەيدۇ. ئەمما بۇ قاراقچىلار نەرسە - كېرەكتىن باشقىنى بۇلىمايدۇ. شۇڭا بىز بىر ئامال قىلىپ، ئەڭ قىممەتلىك ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى تىقىپ قويساقلا بولىدۇ.

ئەقىللىق ماركو شۇنداق دېگىنىچە بىر دانە هاراق كوزىسىنى تېپىپ كەلدى ۋە گۆھەر - مەرۋايىتلارنى كوزىغا سېلىپ، كوزىنىڭ ئاغزىنى چاپان بىلەن ئوراپ يىپ بىلەن باغلىغاندىن كېيىن، ئاغامچىنىڭ بىر ئۇچىغا باغلاپ سۇغا چۆكتۈرۈپ، ئاغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى كېمىنىڭ رولىغا باغلاپ قويدى.

بۇلاڭچىلار كېمىگە چىقىپ ئۇرغۇن نەرسە - كېرەكلەرنى بۇلاپ - تالىغان بولسىمۇ، ئەمما كېمىگە سۆرىتىپ قويۇلغان كوزىنى زادىلا تاپالمىدى. قاراقچىلار كەتكەندىن كېيىن، ماركوسۇدىكى كوزىنى تارتىۋالدى. گۆھەر - مەرۋايىتلارغا قىلچە زەرەر يەتمىدى.

ئىككى يىل ئىككى ئايدىن كېيىن، ماركولار ئىلخانىنىڭ يېتىپ كېلىپ، قۇبلەيخان تاپشۇرغان مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئورۇنلىدى. ئارىدىن يەنە بىر يىلغا

يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇلار ۋېنېتسىيەگە قايتتى. بۇ 1295 - يىلىنىڭ ئاخىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋېنېتسىيەدىن ئايرىلغىنىغا 24 يىل بولغان ئىدى.

ماركولارنىڭ جۇڭگودىن قايتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر تېزلا ۋېنېتسىيە جۇمھۇرىيىتىگە تارقالدى. ماركولار نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ۋە ئېسىل نەرسىلەرنى ئېلىپ قايتقانلىقى ئۈچۈن، بىردىنلا ۋېنېتسىيە بويىچە زەردار ئائىلىلەردىن بولۇپ قالدى...

1298 - يىلى ۋېنېتسىيە بىلەن گېنۇيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى. ۋېنېتسىيىنىڭ قانۇنى بويىچە، ھەربىر كېمىلەرنى بايلار پۇل چىقىرىپ ياسايتتى. ماركو «شەرق» ناملىق جەڭ كېمىسىنى ياسىدى ۋە ئۆزى بىۋاستە كېمە باشلىقى بولدى، ئەمما يۇقۇرىدا قەيت قىلىنغان دېڭىز ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. بەختكە يارىشا گېنۇيەمۇ ئۇنى 20 يىل قامىماستىن، تۆت يىلدىن كېيىنلا قويۇۋەتتى. ماركو ۋېنېتسىيەگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شەرقتە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى — «ماركو پولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»نى رەتلەشكە كىرىشتى. ئۇ چاغدا جۇڭگونىڭ مەتبۇئاتچىلىق تېخنىكىسى تېخى ياۋروپاغا تارقالمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەممىلا يەردە كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىنى كۆچۈرۈپ ئوقۇشقا باشلاپ، ئۇن نەچچە خىل قولىيازما نۇسخىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. 15 - ئەسىرگە كەلگەندىلا، بۇ ئەسەر رەسمىي كىتاپ بولۇپ بېسىلدى. ياۋروپادىكى بەزى جۇغراپىيىچىلەر ئەنە شۇ «ماركو پولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»دە بايان قىلىنغان

جۇغراپىيە بىلىملىرىگە ئاساسەن، دەسلەپكى «دۇنيا خەرىتە-
سى» نى سىزىپ چىقتى: ئۇنىڭ بۇ ئەسىردە بەرگەن خە-
ۋەرلەر، كېيىنكى كۈنلەردە يېڭى دېڭىز يوللىنىڭ ئېچىلىشى
ئۈچۈن خېلىلا تەسىر كۆرسەتتى.



# ئاڭكور مەدەنىيىتى

مىلادى 1295 - يىلى جۇڭگونىڭ يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كامبودژاغا زىيارەت قىلىش ئۈچۈن، ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. جۇداگۇۋاڭ ئىسىملىك بىر ياش ئەمەلدار كامبودژادىكى ئاڭكور شەھىرى ھەم ئاڭكور ئىبادەتخانىسىنىڭ ناھايىتى داڭلىق ئىكەنلىكىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان ئىدى. ئۇ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئالاقىدار خاتىرىلەرنى كۆرۈپ، ناھايىتى ئاددى خاتىرىلەنگەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىپ يۈرگەچكە، ئوردىنىڭ كامبودژاغا ئەلچى ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، دادىللىق بىلەن تەلەپنامە سۇنۇپ، ئەلچىلەر بىلەن بىللە زىيارەتكە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەلىۋى تەستىقلاندى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللانغىدىن جۇداگۇۋاڭ بىرقانچە ئاخشام ئۇخلىيالمىدى.

2 - يىلى فېۋرالدا، جۇڭگو ئەلچىلەر ئۆمىكى كېمە بىلەن ۋېنجۇدىن يولغا چىقىپ، دېڭىز ياقىسىنى بويلاپ جەنۇپقا يۈرۈش قىلدى. كېمە شىمالىي قولتۇقتىن ئۆتۈپ، جياۋجى ئارقىلىق مېيگۇڭ دەرياسى ئېغىزىغا يېتىپ كەلدى؛ ئاندىن كېيىن كېمىنى يەڭگۈشلەپ، مېيگۇڭ دەرياسىنى بويلاپ ئىلگىرىلىدى ۋە دۇڭسا (پنوم - پېن) كۆلىدىن ئۆتۈپ، شۇ يىلى ئىيۇلدا ئاڭكور شەھىرىگە يېتىپ باردى.

كامبودژا پادىشاسى جۇڭگو ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ زىيا-
رەتكە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ۋەزىرنى شەھەرنىڭ سىرتىغا
چىقىپ كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتتى. جۇداگۇاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمرا-
لىرى ۋەزىر بىلەن بىللە شەھەر دەرۋازىسىدىن كىردى. ئۇ-
لار خەندەكنىڭ تاش كۆۋرۈكىگە چىقىپ، كۆۋرۈكتە كۆرۈنۈ-
شى يىرگىنىشلىك بولغان نۇرغۇن تاش مەئبۇتلارنىڭ ئاي-
رىم - ئايرىم ھالدا ئىككى تەرەپتە يۈكۈنۈپ تۇرغانلىقىنى
كۆردى. تاش مەئبۇتلارنىڭ قوللىرىغا تاشتىن ئويۇلغان
يىردىن چوڭ ئەجدىھا تۇتقۇزۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوي-
رۇقلىرى تۇتاشتۇرۇلۇپ كۆۋرۈككە رىشاتكا قىلىنغان ئىدى.
ئۇلار كەڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، «زەپەر دەرۋازىسى» غا كەل-
دى. جۇداگۇاڭ بېشىنى كۆتىرىپ قارىۋىدى. دەرۋازىنىڭ
ئۈستىدىن تۆت تەرەپكە قاراپ تۇرغان بەش بۇتساتىۋاناڭ
بېشى كۆرۈندى. بۇتساتىۋالار كۈلۈمسىرىگەن ھالدا تۆت
تەرەپكە تىكىلىپ، تىنچ، سۈكۈت ھالىتىدە تۇراتتى. ئۇ، بۇ
بەلكىم كامبودژا پايتەختىنىڭ مۇھاپىزەت ئىلاھىسى بولسا
كېرەك، دەپ ئويلىدى. دەرۋازىنىڭ ئىككى ياقىسىدا ئۈچ باش-
لىق يىردىن تاش مەئبۇت قويۇلغان ئىدى. مەئبۇتنىڭ
چىشى يەرگە تەككەن، بۇ ئورنىغا نىسبەتەن دۆلى قىستۇرۇلغان
بولۇپ، ئىنتايىن جانلىق، قىزىقارلىق كۆرۈنەتتى.

ئەزىز مېھمانلار دەمۇ دەم چېلىنىپ تۇرغان داقا -
دۇمباق ساداسى ئىچىدە دەرۋازىدىن كىردى. شەھەر يولىنىڭ
ئىككى تەرىپىدىكى دەرەخلەرنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرغان
كوچىلاردا ئادەملەر مىژىلداپ يۈرگەن بولۇپ، ئىنتايىن ئاۋات
ئىدى. جۇداگۇاڭ تەرەپ - تەرەپكە كۆزىتىپ، بۇتخانا، مۇ-

نارىلارنىڭ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتىرىپ تۇرغانلىغىنى كۆردى. شەھەر مەركىزىگە كەلگەندە، يەنە بىر غايەت زور بۇددا دىنى ئىمارەتلىرى ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

— نىمە دىگەن ھەيۋەتلىك ھە! — دىدى ھەيران بولغان جۇداگۇاڭ ئىختىيارسىز ھالدا.

— بۇ باشۇ بۇتخانىسى، — دىدى ساھىپخان دەرھال ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ، — بۇ بۇتخانا مۇندىن 300 يىل ئىلگىرى ياسالغان. ئەپسۇسكى، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە چەتئەللىك دۈشمەنلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەچكە، بۇتخانىلار ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان. ھازىر بۇ بۇتخانىنى ئاكۇر پادىشاسى شىيىباۋو VII يېڭىۋاشتىن ياسىدى.

جۇداگۇاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى بۇتخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى. بۇ، بىر بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ 16 گۇمبەز چىقىرىپ ياسالغان كاتتا ئىمارەت گەۋدىسى بولۇپ، ھەر بىر مۇنارىغا نۇرغۇن مەئبۇتلار ئويۇلغان ئىدى، ھەمدە ھەر بىر مۇنارە ئىچىدە ئىگىزلىگى تۆت مېتىردىن ئاشىدىغان بىردىن چوڭ بۇت بار ئىدى. بۇ 16 مۇنارە شۇ چاغدىكى كامبودژانىڭ 16 ئۆلكىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، ھەر بىرسىگە ئورنىتىلغان شىيىباۋو VII نىڭ ھەيكىلى ئۇنىڭ پادىشالىق كۈچ - قۇدرىتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلارغىچە يېتىپ بارغانلىغىنىڭ سىمۋولى ئىدى.

ئۇلار باشۇ بۇتخانىسىدىن ئۆتۈپ شىمال تەرەپتىن ئانچە يىراققا بارمايلا، ھەشەمەتلىك خان سارىيىغا يېتىپ كەلدى. ساراي تامامەن ياغاچتىن سېلىنغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى دىنىي چۈشەنچىسى بويىچە، پەقەت ئىلاھلا تاش

ئىمارەتلەردە ئولتۇراتتى، ئىنسانىنىڭ پەقەت ياغاچ ياكى قومۇشتا ياسالغان ئىمارەتتە ئولتۇرۇشى لازىم ئىدى. شۇڭا پادىشامۇ ياغاچتىن ياسالغان سارايدا ئولتۇرغان ئىدى. پادىشا بۇ يەردە جۇڭگو ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلدى. ئەلچىلەر، پادىشاغا جۇڭگودىن ئېلىپ كەلگەن سوغاتلىرىنى تەقدىم قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۇنياغا مەشھۇر ۋېنجۇ سىرلىق قاچىلىرى، چۆنجۇ ساپال قاچىلىرى، جېنجۇ قەللىسى ۋە مىڭجۇ بورىلىرى بار ئىدى. يەنە نۇرغۇن كەشتە – كىمخاپ ھەم دورا ماتېرىياللىرى قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇنىڭ ھەممىسى كامبودژىلىقلار ياخشى كۆرىدىغان «تاڭ مېلى» (جۇڭگو مېلى دېمەكچى) ئىدى. پادىشا بۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن خوشال بولدى ۋە شۇ مەيداندىلا جۇڭگو ئەلچىلەر ئۆمىكىگە نۇرغۇن قىممەتلىك سوغىلارنى تەقدىم قىلدى.

جۇداگۇاڭ قاتارلىقلار پايتەختتە بىرقانچە كۈن سەيلە قىلغاندىن كېيىن، يەنە ساھىپخانىنىڭ ھەمرالىقىدا ئاڭكور شەھىرىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىن ئاتلىق يولغا چىقىپ، مەشھۇر ئاڭكور ئىبادەتخانىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا باردى.

شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىشى بىلەنلا ھەيۋەت بىلەن تىك قەد كۆتىرىپ تۇرغان مۇنارىلار ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە تاشلاندى. ئاڭكور ئىبادەتخانىسىنىڭ ئەتراپىدىكى سەينا بەش كىلومېتىردىن ئاشاتتى، ئەڭ چېتىگە كەڭ خەندەك ئويۇلغان ۋە ئىككى قاتار تاش سېپىل سوقۇلغان ئىدى. سېپىلنىڭ غەربىدە بىر دەرۋازا بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىرگەندە كەڭ ئازادە ھويلا بار ئىدى. ئاندىن كېيىن، بىرقانچە يۈز مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چوڭ يول ئارقىلىق ئىچكى تام دەرۋازىسىغا يېتىپ بېرىشقا



ئانگكور ئىبادەتخانىسى

بولاتتى. بۇنىڭدىن كىرگەندىن كېيىن ئالدى تەرەپتە ئۈچ سۇپىلىق بەش گۈمبەز بولۇپ، ئوتتۇردىكىنىڭ ئېگىزلىگى ئالتە-يەتتە مېتىر كېلەتتى. ئۈچ سۇپىنىڭ تۆت تەرىپىدە تاش بىنا ھەم ئايلانما كارىدور بار ئىدى.

— بۇ بۇندىن يۈز يىل ئىلگىرى ئۆتكەن سۇلىيبامو II نىڭ قەۋرىسى، — دەپ تونۇشتۇردى ساھىپخان مېڭىپ كېتىۋېتىپ، — ئۇ چاغلاردا مەملىكەت بويىچە ئەڭ مەشھۇر ئۇستىكارلار يىغىلىپ، نەچچە تۈمەن ھاشارچى ئىشلىتىپ، ئون يىل ئىچىدە ئاران بۇ قەۋرە پۈتكۈزۈلگەن ئىكەن.

ئۇلار سۆزلەشكەچ ئايلانما كارىدورنىڭ ئەڭ پەس قەۋتىگە چۈشتى. ئايلانما كارىدور تاملىرى ئىككى مېتىردىن ئېگىز بولۇپ، تۆت تەرەپنىڭ ئۇزۇنلۇغى جەمى 800 مېتىر كېلەتتى. ھەممە تامغا نەپىس تاش قاپارتما نەقىشلەر نەقىش

لەنگەن بولۇپ، مەزمۇنى تولاراق ھىندىستاننىڭ «رامايا-
نا»، «ماھا بھاراتا» داستانلىرىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ ۋەقە-
لىكلىرىدىن ئېلىنغان ئىدى.

— بۇ نېمە؟ — سورىدى جۇداگۇاڭ شەرقىي تامدىكى
قاپارتما نەقىشلەرنى كۆرسىتىپ.

ساھىپخان ئۇنىڭغا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

— بۇنىڭدا ھىندىستان دىنىدىكى ئالەم ئىلاھى پىشنۇ-
نىڭ ئىشى سۆزلەنگەن. ئالۋاستى بىلەن ئىلاھ، سۇت
دېڭىزىنىڭ تېگىدىكى قېرىتماس دورىسىنى ئېلىش ئۈچۈن،
بىرلىكتە شەرتنامە تۈزۈپتۇ. سۇت دېڭىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
بىر تاغدا بىر چوڭ ئەجدىھا يۆگىلىپ ياتقان ئىكەن.
ئالۋاستىلار ئەجدىھانىڭ بىر بېشىدىن تارتسا، ئىلاھىلار
يەنە بىر بېشىدىن تارتىپتۇ، بىر بىرىنى تارتىشىپ، تاغ
چۆگىلەپ كېتىپ، دېڭىزنى قوچۇۋېتىپتۇ...

— ئۇنداق بولسا، بۇ كىم؟ — دەپ سورىدى جۇداگۇاڭ
بىر ئىلاھنى كۆرسىتىپ.

— پىشنۇ دىگەن ئەنە شۇ! — دىدى ساھىپخان، —
تاغ يىمىرىلەي دەپ قالغاندا، پىشنۇ غايەت زور تەڭ-
داشسىز تاشپاقىغا ئايلىنىپ قاتتىق قاسىرىغى بىلەن
بۇ تاغنى كۆتىرىۋاپتۇ، تاغ چۆگىلەۋاتقانلىغى، سۇت دېڭىزى
قوچۇلۇۋاتقانلىغى ئۈچۈن، ھەرخىل گۆھەرلەر دېڭىزدىن لەي-
لەپ چىقىشقا باشلاپتۇ. پىشنۇنىڭ سۆيگۈنى دېڭىز تۇمانىدا
تۇغۇلۇپتۇ، قېرىتماس دورىسمۇ چىقىپتۇ. لېكىن، ئالۋاستىلار
شەرتنامىنى بۇزۇپ، بۇ مېھرىگىيانى ئوغرىلاپ كەتمەكچى
بولۇشۇپتۇ. شۇڭا پىشنۇ ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ، ئاخىرى

ئالۋاستىلارنى يېڭىپ، قېرىتماس دورىسىنى ئېلىپ مانلۇ تېغىغا قايتىپ كەپتۇ...

— ئوھوي، نېمە دېگەن ئوخشىتىپ سىزىلغان ھە! قالتىس ئىكەن، قالتىس! — جۇداگۋاڭ ۋە جۇڭگو ئەلچىلىرى ئۇنى ھەدەپ ماختاپ، ئاجايىپ - غارايىپ ھۈنەر-سەنئەت دۇنياسىغا غەرق بولۇشتى.

جۇداگۋاڭ كامبودژادا توپ - توغرا بىر يىل تۇردى. ئۇ ئاڭكورنى مەركەز قىلىپ، كۆپ قېتىم سەيلە-ساياھەت ھەم زىيارەت ئېلىپ باردى. كامبودژانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئىگەللىدى ۋە ئۆگەندى. ئۇ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن «كامبودژاغا زىيارەت» دېگەن كىتاپنى يېزىپ چىقتى. بۇ كىتاپ ساياھەت خاتىرىسى شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، كىتاپتا قەدىمىي پايتەخت ئاڭكوي ۋە ئاڭكوي ئىبادەتخانىسى قاتارلىق ئىمارەتلەر ئۆز ئەينى خاتىرىلەنگەن، پۈتكۈل ئاڭكور مەدەنىيىتى ئومۇمى يۈزلۈك تونۇشتۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭغا زوقلانغان ھالدا ناھايىتى يۇقۇرى باھا بېرىلگەن بولۇپ، بۇ كىتاپ دۇنيادا ئاڭكور مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرغان تۇنجى ئەسەر بولۇپ قالماستىن، بەلكى كامبودژانىڭ قەدىمىي تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ھۆججەت بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

جۇداگۋاڭ كامبودژادىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇ ئېلىپ بارغان جۇڭگونىڭ لىچىژ مېۋە دەرەخ ئۇرۇغى، بىر تاققا تېرىلدى. كېيىن كىشىلەر بۇ تاغنى «جۇڭگونىڭ لىچىژ تېغى» دەپ ئاتاپ، جۇڭگو - كامبودژا ئەللىرى خەلقلىرىنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دوستلۇق ئالاقىسىنى خاتىرىلەيدىغان بولدى.

# جىڭ خېنىڭ غەربىي ئوكياندا سەپەر قىلىشى

ملادى 1405 - يىلى كەچكۈزنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئىسسىق بەلۋاقتا جايلاشقان زەنپوپورا دۆلىتى (بۈگۈنكى ۋيېت- نامنىڭ جەنۇبىي قىسمى) پايتەختىدە ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق ئىدى، ھەممە ياق خوشال - خوراملىققا چۆمگەن. پۇقرالار توپ - توپ بولۇپ شەھەردىن چىقىپ، دېڭىز بويىغا يېتىپ كەلدى. ئەر - ئاياللار چېچىنى يېڭى گۈللۈك رەخت بىلەن بوغۇپ ئارقىسىغا چۈشۈرۈپ، خۇددى بايراملىقتىكىدەك يېڭى كۆينەكلەرنى كىيىپ، بەللىرىنى رەڭلىك بەلۋاغلار بىلەن باغلىۋالغان ئىدى، چال- غۇچىلار ياڭراق، يېقىملىق داقا - دۇمباقلارنى، نەيلەرنى چالاتتى. قىز - يىگىتلەر خوشال - خوراملىق بىلەن ئۇسۇلغا چۈشتى. زەنپوپورانىڭ پادىشاسىمۇ ئوردىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ كۆن- دۈرۈلگەن چوڭ پىل مىنگەن، ئۈچ تاغ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن تاجىسىنى كىيىپ، گۈل كەشتىلەنگەن گۈللۈك ياغلىقنى ئۇچىسىغا ئارتقان، پۇت - قوللىرىغا ئالتۇن بىلەيزۈك سالغان، چىرايلىق ئۆتۈك كىيگەن، سەككىز ياقۇت كۆز چېكىلگەن چاسا بەلۋېغىنى بېلىگە باغلىغان بولۇپ، ئاجايىپ سەلتەنەت ۋە ھەي- ۋەت بىلەن چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئەمەلدارلار ئارغىماقلىرىنى مىنىپ، پادىشانىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشكەن، 500 لەشكەر

ئالدى-كەينىدىن قوغداپ ماڭغان ئىدى. ئۇلار بىر قولىدا ۋاللداپ تۇرغان قىلىچ تۇتقان، يەنە بىر قولىدا تېرىدىن ياسالغان قالقان تۇتقان بولۇپ، دۈمبىسىگە ساداق-ياچاقلارنى يۈدۈۋالغان ھالدا كۆتىرەڭگۈ روھ بىلەن كېلىۋاتاتتى. قارىماققا زەنپوپورا دۆلىتى بۈگۈن ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلانغاندەك ئىدى.

دەرۋەقە، جۇڭگونىڭ مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئوردا مۇپەتتىشى جېڭ خې باشچىلىقىدىكى دوست ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتكەن بولۇپ، كېمىلەر بۈگۈن زەنپوپوراغا يېتىپ كېلەتتى.

زەنپوپورا — قەدىمىي دۆلەت. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مىلادى 2-ئەسىردە، يەنە ئېلىمىزنىڭ شەرقىي خەن دەۋرىدە دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئورنى ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي جەنۇپ تەرىپىدىكى دېڭىز بويلىرىغا جايلاشقان ئىدى. ئۇ چاغلاردىكى ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي قىسمىدا دېڭىزغا يانداش بولغان ئىككى دۆلەت بار ئىدى: ئۇنىڭ بىرسى شىمالىي ۋيېتنام دۆلىتى، ئۇنىڭ پايتەختى شېڭلۇڭ (بۈگۈنكى خېنېي) ئىدى؛ جەنۇبىي قىسمى زەنپوپورا بولۇپ، پايتەختىمۇ زەنپوپورا دەپ ئاتىلاتتى.

— كەلدى! كەلدى! نەچچە ئون كېمىكەن! — زەنپوپورا شەھىرىنىڭ پۇقرالىرى تەقەززالىق بىلەن ۋاقىراشتى.

كېمىلەر بارغانسېرى يېقىنلاشتى. بۇ كېمىلەر ئەتىرىدى ھەقىقەتەن چوڭ بولۇپ، ئالدى-كەينىدە جەمئىي 62 چوڭ كېمە بار ئىدى. كېمىلەرنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 44 غۇلاچ (100 مېتىردىن ئارتۇق)، كەڭلىگى 18 غۇلاچ بو-



جېڭ خې

لۇپ، 1000 كىشى سى-
غاتتى. ئوتتۇرىھال كېمى-
لەرنىڭ ئۇزۇنلۇغى 37
غۇلاچ، كەڭلىگى 15 غۇ-
لاچ كېلەتتى. ھەر كېمىدە
12 يەلكەن تىكلەكلىك
ئىدى. پۈتۈن كېمە ئەت-
رىتىدە جەمى 27 مىڭ
ئادەم بولۇپ، ماتروسلار-
دىن باشقا، يەنە تۇڭچى
(تەرجىمان)، تېخنىك، دوخ-
تۇر، ئاشپەز ۋە كېمە قوغ-
دىغۇچى ئەسكەر قاتارلىقلار بار ئىدى. كېمە ئەترىتى دەبدەبە بىلەن
قىرغاققا يېتىپ كەلدى، ماتروسلار لەڭگەرنى تاشلاپ بولۇپ،
كۆۋرۈك تاختىيىنى قويدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىككى ئەمەلدا-
رى ھەمراھلىرى بىلەن قىرغاققا چىقتى. ئۇلار تېز مېڭىپ،
زەنپۇپورا دۆلىتىنىڭ پادىشاسى ئالدىغا كېلىپ ئۆزلىرىنى
تونۇشتۇردى:

— بۈيۈك مىڭ پادىشالىغىنىڭ ئەلچىسى جېڭ خې، شاھ
جانابىڭىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى!

— بۈيۈك مىڭ پادىشالىغىنىڭ ئورۇن باسار ئەلچىسى
ۋاڭ جىڭخۇڭ، شاھ جانابىڭىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى!

زەنپۇپورا پادىشاسى شەخسەن پىلدىن چۈشۈپ ئۇلارنى
كۈتۈۋالدى ۋە خوشال ھالدا ئۇلارنى سالامىدىن خالاس
قىلىپ، ئۇلاردىن مىڭ سۇلالىسى پادىشاسىغا سالام يەتكۈزۈپ

قويۇشنى ئۆتۈندى. جېك خې بىلەن ۋاڭ جىڭخۇڭ، مىڭ
سۇلالىسى پادىشاسىغا ۋاكالىتەن زەنپۇپۇرا پادىشاسىغا سوغا
تەقدىم قىلدى. زەنپۇپۇرا پادىشاسى ھەمرالىرىنىڭ نۇرغۇن
پىل چىشى، بۇغا مۈڭگۈزى ھەم چىنەن ئەتىرىسىنى جېك خې
ھەم ئۇنىڭ ھەمرالىرىغا ئىنئام قىلدى. پۇقرالار خوشال ئۇسۇل
ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇغىنى قىزغىن
تەبرىكلىدى.

زەنپۇپۇرا پادىشاسى مېھمانلارنى شەھەرگە تەكلىپ قىل-
دى. جېك خې ھەم ئۇنىڭ ھەمرالىرى شەھەر سېپىلىنىڭ، تاشقى
ئايلانما سېپىل ھەم ئىچكى سېپىل دەپ ئىككىگە ئايرىپ ئىگىز
ھەم مۇستەھكەم سېلىنغانلىغىنى كۆردى. شەھەرگە كىرىپ، ئوردا
ئىمارەتلىرىنىڭ ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ئىكەنلىگىنى كۆردى. ساراي
ھەم ئوردىلار خىش-كاھىش بىلەن سېلىنغان ئىدى ھەمدە
تۈرلۈك ياغاچ ئويما نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن ئىدى، بەزى-
لىرىگە ئۇچار قۇش، بەزىلىرىگە يىرتقۇچ ھايۋان ئويۇلغان
بولۇپ، ھەيۋەتلىك ھەم كۆركەم كۆرۈنەتتى. پادىشا، مېھمانلار-
نى چوڭ سارايدا ھاراققا تەكلىپ قىلدى. زەنپۇپۇرا پادىشالىغى-
دا ھاراق ئىچىش ئادىتى ئالاھىدە بولۇپ، ھەر بەش-ئون كىشى
چۆرىدەپ ئولتۇراتتى، ئوتتۇرىدا چوڭ جام قويۇلۇپ، تۆت-بەش
چى ئۇزۇنلۇقتىكى ئىنچىكە قومۇشنى جامغا تىقىپ، قومۇش ئارقى-
لىق سورۇندىكى كىشىلەر نۆۋەت بىلەن ھاراقنى سۈمۈرەتتى.
ھاراق تەملىك بولسىمۇ، دۇغ بولغاچقا غەلىتە تېتىيتتى. مېھ-
مانلار بىلەن ساھىپخانلار دوستلۇقنى ئورتاق ئىزھار قىلىشىپ،
تاكى تاڭ ئاتقىچە ئولتۇرۇپ خوشال تارقاشتى. ئەسلىدە زەن-
پۇپۇرانىڭ ئادىتىدە چۈشتە ئورنىدىن تۇرۇپ، يېرىم كېچىدە

ئاندىن ئۇخلايتتى؛ تولۇن ئاي چىققاندا بىر قېتىم شاراپ ئىچىپ بەزمە قىلاتتى. بۇ بەلكىم ئىسسىق بەلۋاغدا ياشىغانلىقىنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك.

جېڭ خې ھەم ئۇنىڭ ھەمرالىرى زەنپوپورا شەھىرىدە ئون نەچچە كۈن تۇرۇپ، ئاندىن يولغا چىقتى. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى زەنپوپورا دۆلىتىنىڭ پادىشاسى ئالاھىدە مىڭ سۇلالىسى پادىشاسىغا بىر پارچە خەت يېزىپ، جېڭ خېنىڭ تاپشۇرۇپ بېرىشىنى تاپىلىدى. جېڭ خې قارىسا زەنپوپورا شەھىرىنىڭ قەغىزى بىلەن جۇڭگونىڭ قەغىزى ئوتتۇرىسىدا خېلى چوڭ پەرق بار ئىكەن. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ قەغىزى قوي تېرىسىدىن ياسىلىدىكەن، ئۇلار قوي تېرىسىنى قىرىپ ئىسلاپ بولغاندىن كېيىن، ئىنچىكە قومۇشنى ئۇشلاپ قەلەم قىلىپ، ئاق كۈلنى سىيا قىلىپ خەت يازىدىكەن. جېڭ خې، زەنپوپورا پادىشاسىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، مەكتۇپنى ئېلىپ خوشلاشتى.

كېمە ئەترىدى ئوكياندا يەنە 20 كېچە-كۈندۈز مېڭىپ، ياۋا دۆلىتى (بۈگۈنكى ھىندونېزىيە) گە يېتىپ باردى. ياۋا دۆلىتى چوڭ دۆلەت بولۇپ، يېرى كەڭ، ئادىمى زىچ، قوشۇنلىرىنىڭ قوغدىنىش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. شەھەردە قاتار-قاتار دۇكانلار سېلىنغان بولۇپ، سودا ئىشلىرى ئەۋج ئالغان ئىدى. ياۋا دۆلىتىنىڭ پادىشاسى جېڭ خې ھەم ئۇنىڭ ھەمرالىرىنى قىزغىن قارشى ئالدى. قىزغىن قارشى ئېلىش مەنزىرىسى كىشىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرەتتى، جېڭ خې ھەم ئۇنىڭ ھەمرالىرىنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، ئۇ يەردە نۇرغۇن جۇڭگولۇقلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچى

سى گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن، چاڭجۇ قاتارلىق جايلاردىن ئۇ يەرگە كۆچۈپ بارغان كىشىلەر ئىدى. بۇ كىشىلەر ياۋاغا بېرىپ، يەرلىك پۇقرالار بىلەن ئىناق تۇراتتى، نۇرغۇنلىرى ياۋانىڭ پۇقراسى بولغان ئىدى، شۇ جايلاردا تارقالغان ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئىدى. جېڭ خېمۇ ئىسلام دىنىغا سادىق مۇسۇلمان بولغاچقا، ياۋا ئۇنىڭغا تېخىمۇ سەمىمى بىلىندى.

جېڭ خې ھەم ئۇنىڭ ھەمرالىرى ياۋادا بىر قاتار دوستانە سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. يەرلىك كىشىلەر جۇڭگونىڭ پار-پۇر بۇيۇملىرى ھەم يىپەكلىرىنى ياخشى كۆرەتتى، جېڭ خې ھەم ئۇنىڭ ھەمرالىرى ياۋانىڭ مەرۋايىت، ياقۇت ھەم ئىپارلىرىنى ياخشى كۆرەتتى. ئىككى تەرەپ سودىدا ئادىل بولۇپ، ئوخشاش مەنپەئەت ئالدى.

كېمە ئەترىتى ياۋادىن ئايرىلغاندىن كېيىن، يەنە مالاككوغا (ھازىرقى مالاككا)، سىيام (ھازىرقى تايلاند) قا، سەيلون (ھازىرقى سىرىلانكا) ھەم بۈگۈنكى ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا باردى. قايتىش ۋاقتىدا، كېمىلەردىكى ئەسلىدە جۇڭگودىن ئېلىپ كېلىنگەن ئالتۇن-كۈمۈش، پۇل، پار-پۇر بۇيۇم، مىس، تۆمۈر بۇيۇملىرى يىپەك قاتارلىق نەرسىلەر قارىمۇچ، دوراماتىرىياللىرى قاتارلىقلارغا ئالماشتۇرۇلغان ئىدى. جېڭ خې ھەم ئۇنىڭ ھەمرالىرى 3-يىلى ئەتىيازدا ئاندىن جۇڭگوغا قايتىپ كەلدى.

كېيىن جېڭ خې يەنە ئالتە قېتىم دېڭىز ئارقىلىق چەتكە باردى. ئەڭ يىراققا ماڭغاندا ھازدرقى ئىران، شەرقىي ئافرىقىدىكى سومالى، كېنىيە قاتارلىق جايلارغا باردى. 7-قېتىم سەپەرگە چىققاندا، يەنە، ئالاھىدە ئىسلام دىنىنىڭ دۇ-

قەددەس جايى مەككىگە بېرىپ ھەج قىلدى. ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ مېھرى-مۇھەببىتى ھەم مول ماددى بايلىقلىرىنى ئاسىيا-ئافرىقا ئەللىرىدىكى كەڭ خەلققە يەتكۈزۈپ، ئاسىيا-ئافرىقا خەلقىنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىنى ھەم تۈرلۈك ماددى مەھسۇلاتلىرىنى جۇڭگوغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئۆز ئارا ئالاقە ھەم دوستلۇقنى كۈچەيتتى. ئاسىيا-ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەت خەلقلىرى ئۇردا مۇپەتتىشى جېڭ خېنى ئەسلەيدۇ. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى نۇرغۇن جايلاردا ئۇنىڭغا ئاتىتخاتىرىلەر ساقلانماقتا. ياۋا (ھىندونېزىيە) دا سانباۋ ئىبادەتخانىسى، سىيام (تايلاند) دىمۇ سانباۋ ئىبادەتخانىسى ۋە سانباۋ مۇنارىسى بار. سەيلون (سىرىلانكا) پايتەختى كولومبو مۇزېيىدا جېڭ خې ئۇ يەرگە تىكلەپ قويغان تاش ئابىدە ساقلانماقتا.

ئۇ چاغلاردا، جۇڭگولۇقلار جەنۇبىي دېڭىزنى چېگرا قىلىپ، ئۇنىڭ شەرقىنى شەرقىي ئوكيان، ئۇنىڭ غەربىنى غەربىي ئوكيان دەپ ئايرىيتتى. جېڭ خې بارغان جايلارنىڭ كۆپىنچىسى جەنۇبىي دېڭىزنىڭ غەربى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭ ماڭغان يولىنى، «جېڭ خېنىڭ غەربىي ئوكيانغا سەپەر قىلىشى» دەپ ئاتىدى. جېڭ خېنىڭ ئەسلى پەمىلىسى «ما» بولۇپ خۇيزۇ مىللىتىدىن ئىدى، ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ 3-بالىسى بولغاچقا، كىشىلەر تەرىپىدىن «سانباۋ» دەپ ئاتالغان. ئۇ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خان سارىيىدا ئەمەلدار بولغاچقا، «جېڭ خېنىڭ غەربىي ئوكيانغا سەپەر قىلىشى» تارىختا «سانباۋ مۇپەتتىشنىڭ غەربىي ئوكيانغا سەپەر قىلىشى» دەپ ئاتالغان.

جۇڭگودىن مالاككو بوغۇزى ئارقىلىق ھىندى ئوكيان

ئارقىلىق ئافرىقىغا بارىدىغان يولنى جېڭ خې ۋە ئۇنىڭ
ھەمرالىرى ھەممىدىن بۇرۇن ئاچقان بولۇپ، بۇ ۋەقە پورتو-
گالىيە ساياھەتچىسى د. گامانىڭ ياۋروپادىن ئافرىقىنىڭ
ئۇمىت تۇمشۇغى ئارقىلىق ھىندىستانغا بارىدىغان يولنى تاپقان
ۋاقتىدىن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك بۇرۇن ئىدى ھەمدە گا-
مانىڭ كېمە ئەترىدى ناھايىتى كىچىك بولۇپلا قالماستىن،
كېمىلىرىمۇ بىر قەدەر كىچىك ئىدى، جېڭ خې ۋە ئۇنىڭ
ھەمرالىرىنىڭ بۇنداق كەڭ كۆلەمدە يىراق ئوكيانغا سەپەر
قىلىشى، دۇنيانىڭ دېڭىز قاتنىشى تارىخىدىكى چوڭ ئىجادىيەت،
شۇنداقلا جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيا دېڭىز قاتنىشى ئىشلىرىغا
قوشقان چوڭ تۆھپىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

# ئوتتا كۆيدۈرۈش جازاسى بېرىلگەن پىروفېسسور

مىلادى 1412 - يىلى ئىيۇننىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى مەلۇم بىر كۈنى ئىدى، چېخ پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى پىراگانىڭ بىر ئاۋات كوچىسىدا، تۇيۇقسىز بىر قوشۇن پەيدا بولۇپ قالدى. قوشۇندىكىلەر تامامەن كاتولىك دىنىنىڭ ھەر خىل دىنىي كىيىملىرىنى كىيگەن بولۇپ، بىر مۇھىم دىنىي مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

قوشۇن يول دوقمۇشىغا كەلگەندە بىردەك توختاپ بىر يەرگە يىغىلدى.

— گۇنانى كەچۈرۈم قىلىش تۇمارى تارقىتىلىدىغان بولدى، — ئېپىسكوپچە كىيىنگەن بىر كىشى قولىدا بىر ۋاراق قەغەزنى كۆتىرىپ توۋلايتتى. بۇنىڭغا قىزىققان ئادەملەر قوشۇن ئالدىغا توپلانغان چاغدا، ئۇ گېپىنى قېقىپ، — خالايىق، سىلەر مۇشۇ جىنايى دۇنياغا تۇغۇلدۇڭلار، گۇنادىن خالى بولۇش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن بۇ تۇمار بولسىلا گۇنادىن ساقىت بولىسىلەر. گۇنايىڭلار بولمىسىمۇ، بۇنى ئېلىپ قويساڭلار، كېيىن گۇنا قىلساڭلارمۇ قورقمايسىلەر! — دىدى.

— گۇنانى كەچۈرۈم قىلىش تۇمارىنى پۇلغا سېتىۋالاتتۇققۇ؟ — كىشىلەر توپىدىن بىرسى گۇمانلانغان ھالدا سورىدى.

— ياق، پۇل لازىم ئەمەس! بۇگۈنكى كۈندە پاپا، جاۋىندىكى پۇلنى سىغدۇرالماي قالدى. شۇڭا پۇلسىز تارقاتماقچى! — دېدى ھېلىقى كىشى تېرىكمەستىن. — مانا. بۈگۈنكى كۈندە پاپا ئالىلىرى شەخسەن خالايىققا گۇنادىن كەچۈرۈم قىلىش تومارى تارقاتماقچى. پاپا ئالىلىرى، مەرھەمەت قىلىپ بۇيان چىقسىلا!

گەپ تۈگىشى بىلەنلا پاپىچە كىيىنگەن بىر ئادەم ھېيىققان ھالدا كىشىلەر توپى ئالدىغا كەلدى. كۆپچىلىك ئۇنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى. ئەسلى ئۇ قەغەز دوپپا كىيگەن ئۇزۇن چاپىنى يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان، كالپۇك ئۈستىگە يالغان بۇرۇت چاپلانغان كىشى ئىدى. ئۇ غەلىتە ئاۋاز بىلەن چىقىراپ سۆزلەيتتى:

— ئىبخ باللىرىم! مەن پاپا جون 23 بولىمەن. ياش ۋاقتىمدا دېگىز قاراقچىسى بولغان، كۆپ پۇل يىققان؛ بۈگۈنكى كۈندە سىلەرنىڭ داداڭلار بولدۇم (لاتىنچە «پاپا» دېگەن سۆز «دادا» دېگەن مەنىدە)، پۇلۇم تېخىمۇ كۆپەيدى! بۈگۈن مەن سىلەرگە پۇل خەجلەيمەن، گۇنانى كەچۈرۈم قىلىش تومارىنى پۇلسىز تارقىتىمەن! باللىرىم، تارتىنماڭلار، كېلىڭلار!

— ئوھوي، ئەسلى بىر ئايالكەن - دە! — كىشىلەر قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

— ئوھوي، راست ئايالكەن، سەتەڭكەن!

— ھى ھى، پاھشە ئايال پاپا بولۇپتۇ - دە!

ئەسلىدە بۇ باشقىچە ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلغان نامايىش بولۇپ، رىم ۋاتىكانىنىڭ ئۆز مۇرتلىرىغا گۇنانى كەچۈرۈم قىلىش تومارى تارقىتىشىغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىدى.

ئۇ چاغلاردا كاتولىك دىنىي جەمىيىتى ئىنتايىن چىرىك-
لىشىپ، ھەدەپ پۇل ـ مال توپلاۋاتاتتى. ئەنگلىيە، فرانسى-
يە ئەللىرى «100 يىللىق ئۇرۇش» دەزگەلىدە تۇرغانلىقتىن،
باياشات چىخ، ۋاتىكاننىڭ ئالاھىدە مۇھىم سىپلىق رايونىغا
ئايلانغان ئىدى.

پاپا ئاتالمىش «گۇنانى كەچۈرۈم قىلىش تومارى» بىسىپ،
باھاسىنى بىرقانچە دەرىجىگە ئايرىپ، مۇرتلارنىڭ ئۆز «گۇنا»-
يىنىڭ ئېغىر ـ يەڭگىللىگىگە قاراپ سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى.
بۇنداق قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلار ئەلۋەتتە شەھەر دائىرىلىرىنىڭ
قوغدىشىغا ئېرىشتى. گېرمىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان نامايىش
دەرھال باستۇرۇلدى. لېكىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى نامايىش-
چىلارنىڭ ھەقىقى تەش-
كىللىگۈچىلىرىنى تاپالمى-
دى، گىرىم قىلىپ نامايىش
قىلغان ئۈچ ياشنىلا قولغا
ئالدى.


ھوس

ئەملىيەتتە، بۇ قې-
تىمقى نامايىشنىڭ تەش-
كىللىگۈچىسى پىراگا ئۇن-
ۋېرستىتېتىنىڭ مۇدىرى، بېت-
لىخىم چىركاۋسىنىڭ پوپى
پىروفېسسور جون. ھوس
ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى پىرو-
فېسسور كورىم ئىدى.
ئۇلار ھەقىقى كاتولىك

مۇرتلىرى بولۇپ، دىنىي جەمىيەتنىڭ چىخنى ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇراتتى.

بۇ ۋەقە پەيدا بولغاندىن كېيىن، ھوس ھاياجانلانغان ھالدا دىنىي جەمىيەتنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشىنى پاش قىلدى:

— ھەتتا نامرات مومايىنىڭ يېپىندىكى ئاخىرقى بىر تىيىنمۇ نومۇسسىز پوپ تەرىپىدىن يۇلۇۋېلىندى. ئەگەر ئۇ پۇل تۆۋە قىلىش ئۈچۈن خەجلەنمىسە، ئەيسا توغىچى نەزىرسى ئۈچۈن خەجلىنەتتى. ئەيسا توغىچى نەزىرسى ئۈچۈن خەجلەنمىسە، گۇنايىنى ساقىت قىلىش ئۈچۈن خەجلىنەتتى، گۇنايىنى ساقىت قىلىش ئۈچۈن خەجلەنمىسە، دۇئا - تىلاۋەت ئۈچۈن خەجلىنەتتى؛ دۇئا - تىلاۋەت ئۈچۈن خەجلەنمىسە، دەپنە ئۈچۈن خەجلىنەتتى، ئەجەبا، بۇنداق پوپنى قاراقچىدىنمۇ ھىلىگەر، ۋەھشى دېگىلى بولمامدىكەن؟

ئارقىدىنلا ھوس مۇنۇلارنى ئاشكارا جاكالىدى:

— دىنىي جەمىيەت ھەرگىز مال - مۈلۈككە ئىگە بولۇۋالماسلىقى لازىم، ئاچكۆزلۈك بىلەن مال - مۈلۈك كويىدا بولۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، دىنىي جەمىيەتنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلغاندىلا، ئاندىن نادان، ئاچكۆز شاللاق دىندارلارنى تازىلىغىلى، ھەقىقىي دىنىي جەمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئىت غاجاۋاتقان سۆڭەكنى تارتىۋالغاندىلا، ئىت ئاندىن چىشلەيدۇ. خىرىستوس دۈشمىنى — پاپىغا مەجبۇرلاش ۋاستىسى ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇش لازىم!

ھوسنىڭ سۆزلىرى تېزدىنلا چېخ پادىشاسىنىڭ قۇلىغىغا بېرىپ يەتتى. بۇنىدىن ئىلگىرى، پادىشا ئىچىل تۇردە ھوسنىڭ دىنىي جەمىيەتنى ئىسلاھ قىلىش تەشەببۇسىنى قوللاپ

كەلگەن ئىدى، چۈنكى، دىنىي جەمىيەتنىڭ يەرلىرىنى مۇسادى-
رە قىلغاندىلا ئۆزىنىڭ ھەم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەرلىرىنى كېڭەيت-
كىلى بولاتتى. لېكىن ئۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىسيان كۆتىرى-
شىدىن قورققانلىقتىن، يەنىلا گىرىملىنىپ نامايىش قىلىشقا
قاتناشقان ئۈچ ياشقا ئۆلۈم جازاسى بېرىش توغرىسىدا
بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەمما، ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئۆلۈمنى ئۇزىتىش
ئىشلىرى راۋاجلىنىپ نامايىشقا ئايلاندى. كېيىن پىراگانىڭ
باش ئېپىسكوپى ئاخىرى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يىلتى-
زى، ھوسنىڭ تەشۋىقاتى ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇڭا ئۇ
ھوسنىڭ تەشۋىقاتى بىدئەتچىلىك، دەپ جار سېلىپ، ئۇنى
مۇرتەد (دىندىن چىقىرىش) قىلدى، ئۇنىڭ پايتەختتە ھەر-
قانداق دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىنى مەنئى قىلدى. شۇ
يىلى قىشتا ھوس بىلەن گىرىم، پىراگادىن ئايرىلىشقا مەجبۇر
بولدى. ھوس، چىخنىڭ جەنۇبىدا قېلىپ، داۋاملىق ئۆزىنىڭ
دىنىي تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلدى، گىرىم بولسا، پولشا،
لىتۋا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، سەييارە ۋەز ئېيتتى. ھوس
قاتارلىقلار چىخ تىلىدا دىن تارقاتقاچقا، پۇقرالار ۋە دىخان-
لارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئۇچراپ، بارغانسېرى چوڭ تەسىر
كۆرسەتتى.

ئىككى يىل ئۆتۈپ مەلۇم بىر كۈنى، ھوس دەرھال يولغا
چىقىپ، گېرمانىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى كونىستانتىس (ھا-
زىرقى شۋېتسارىيە تەۋەسىدە)قا بېرىپ ياۋروپا بويىچە چاقىرىل-
غان دىنىي يىغىنغا قاتنىشىش توغرىسىدا بىر بۇيرۇق تاپشۇرۇ-
ۋالدى. گېرمانىيە پادىشاسى ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ كىشىلىك
بىخەتەرلىكىگە ھەم چىخقا ئەركىن قايتىشىغا كاپالەتلىك

قىلدىغانلىغىنى ئۇقتۇردى، ھوس بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ كۆلىمىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىگىنى، دىنىي جەمىيەتنىڭ چىرىكلىگىنى يىغىن ئارقىلىق پاش قىلغىلى بولىدىغانلىغىنى نەزەردە تۇتتى؛ لېكىن ئۇ يەنە بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىگىنى مۆلچەرلەپ، چېختىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى ئالدىنئالا ۋەسىيەت قالدۇرۇپ، ئۆز مۇرىتلىرىدىن ئېتىقادىنى باشتىن - ئاخىر تەۋرەنمەستىن قوغداشنى ئۈمىت قىلدى.

ھوس 1414 - يىلى نويابىردا كونىستانتىنسقا يېتىپ بېرىپ، تۆۋەن قاتلام خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇنى ئۆچ كۆرىدىغان دىندارلار دىنىي يىغىننىڭ، بۇ خەتەرلىك كۇپپارنى دەرھال قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن يىغىننىڭ رىياسەتچىسى دەرھال بۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، مۇنداق ئالدامچىلىق ھەم ساختىپەزلىك ئويۇنىنى ئارقا - ئارقىدىن ئويناپ چىقتى: گېرمانىيە پادىشاسى ئۇنىڭغا ئۆز تامغىسى بېسىلغان كاپالەتنامە بەردى، پاپمۇ ئۇنى دىنىدىن چىقىرىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئەمەلدىن قالدۇردى. لېكىن بىر ئايغا يەتمەي، ئۇنىڭغا ئېغىر كىشەن سېلىپ، شۇ جايدىكى بىر ئىبادەتخانىنىڭ گەمە تۈرمىسىگە تاشلاندى.

دىنىي يىغىن ئالاھىدە سوت تەشكىللەپ، ياۋروپادىكى بۇ مەشھۇر ئىلاھىيەتشۇناس پىروفېسسورنى سوراققا تارتتى. ھۆكۈمدار ھوسنىڭ ئۆز دىنىي قارىشىدىن شەرتسىز ھالدا ۋاز كېچىشىنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ ئۆز كۆز قارىشىنى ئاقلاشقا ھېچقانداق پۇرسەت بەرمىدى. ھوس بۇنى

قەتئىي رەت قىلىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق رەددىيە بەردى. دىنىي سوتنىڭ ھوسقا گەپ تېپىپ بېرەلمەي زۇۋانى تۇتۇلغاچقا، ھوسنى، دىنىي ۋەزىپىسىدىن مەھرۇم قىلغانلىقىنى شەرمەندىلەرچە جاكالاپ، ئۇنى جاللاتلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. ھوس قىلچە قورقماستىن كەسكىن ھالدا مۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى:

— ئەگەر مېنىڭ بوشاڭلىق قىلغانلىق سەۋەنلىكىمدىن خەلقنىڭ ئەقىدىسى تەۋرىنىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنداقتا مەن قايسى يۈزۈم بىلەن خۇداغا جاۋاپ قىلىمەن، مىليونلىغان، ئۇن مىليونلىغان خەلققە قانداق يۈز كېلەلەيمەن؟


گىررىم

1415 - يىلى 6 - ئىيۇلدا، ھوسنى شەھەرنىڭ سىرتىغا يالاپ چىقىپ، ئېچىنىشلىق ھالدا تىرىك تۇرغۇزۇپ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ھوس قولغا ئېلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ شاگىرتى گىررىم قولغا ئېلىندى ھەمدە كونستانتىنسقا يالاپ بېرىپ تۈرمىگە تاشلاندى.

گىررىمنىڭ ئەنزىسى ئاشكارا سوت قىلىندى. ئۇ دىنىي سوت-

قا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سوتنىڭ ئۇنىڭ ئۆز نۇقتىئى-
نەزەرلىرىنى شەرھىلىشى ئۈچۈن بىرسائەت ۋاقىت بېرىشىنى
تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپ رەت قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ مۇن-
داق دېدى:

— بۇ ئادىل بولمىغانلىق. سىلەر مېنى تۈرمىگە قاماپ
قويۇپ، مېنىڭ توپ - توغرا 340 كۈنۈمنى نىجىسلىق، پاس-
كىنىلىق، كويزا - كىشەن بىلەن ئۆتكۈزۈشۈمگە سەۋەپچى
بولدۇڭلار. بىراق نېمە ئۈچۈن مېنىڭ سۆزلىرىمنى بىر سائەت-
مۇ ئاڭلىغىڭلار كەلمەيدۇ؟...

ئۇ تېخى بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلمايلا، سوتتا ئىس-
قىرتقان، يەرگە تەپكەن ئاۋازلار كۆتىرىلدى. ئارقىدىنلا دىن-
دارلار ئارقا - ئارقىدىن يالغان گۇۋالىق بەردى، ھەتتا ئۇ-
زادى ئاغزىدىن چىقىرىپ باقمىغان بەزى سۆزلەرنىمۇ ئۇنىڭغا
تۆھمەت قىلىپ چاپلىدى. گىرىم بۇنى ئاڭلاپ ئېغىر - بېسىق-
لىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— تارىختا قانچىلىغان ياخشى كىشىلەرنىڭ يالغان
گۇۋاچىنىڭ قارىلىشى بىلەن ئادىل بولمىغان ھۆكۈمگە ئۇچ-
رىغانلىقى ماڭا مەلۇم! گىرېتسىيىلىك سوكرات، پىلاتون ۋە
ئۇنىڭ شاگىرتلىرى خىرىستىيان مۇرىتلىرى ئەمەس ئىدى،
ئۇلارمۇ مۇشۇنداق بەختسىزلىككە دۇچكەلگەن؛ خىرىستوسنىڭ
ئۆزى ھەم ئۇنىڭ مۇرىتلىرىمۇ ئادالەتسىز ھالدا كىرىستقا
مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن!

گىرىم ئارقىدىنلا قايغۇلۇق ھېسسىياتى بىلەن ئۇستازى
ھوسنى تىلغا ئالدى:

— پىروفېسسور ھوس ئاق كۆڭۈل، ئادىل، ئەۋلىيا كىشى

ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ توغرا پىكرىدە چىڭ تۇرغانلىقتىن، ھاياتىدىن ئايرىلىشتەك قاتتىق بالايى - ئاپەتكە دۇچكەلدى! لېكىن، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ھالدا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگىنى ئۈچۈن قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ!

گىرىمىنىڭ سۆزلىرى ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ھەم قاتتىق ئەيىپلەشلەر بىلەن ئۈزۈلۈكسىز ئۈزۈلۈپ تۇردى، لېكىن، ئۇنىڭ ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان قەتئىي قىياپىتى زادى بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىدى. ئاخىرىدا، سوت، ھوسقا ئوخشاش ئۇنىڭغىمۇ «ئىدئەتچىلىك گۇناھى» ئۆتكۈزدى دەپ ھۆكۈم قىلىپ، ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بەردى.

1416 - يىلى 30 - مايدا، گىرىم، جازا مەيدانىغا يالاپ بېرىلدى. ئۇ تەمكىنلىك بىلەن كىيىملىرىنى سېلىپ، جازا مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزىدىن سەل ئېگىزرەك مومىغا يۆلىنىپ تۇردى.

جاللاتلار ئالدى بىلەن نەملەنگەن تانا بىلەن ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى مومىغا باغلىدى. ئاندىن پۇت - قولىغا كويزا - كىشەن سالدى؛ ئاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئوتۇن دۆۋىلەپ، ئوتۇنىنىڭ بوش يەرلىرىگە ئۇنىڭ مەيدىسىگە قەدەر قۇرۇق سامان تۆكتى.

— ئوت يېقىلسۇن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئىجراچى ئەمەلدار.

بىر ئەسكەر مەشئەلنى كۆتىرىپ، گىرىمىنىڭ ئالدىغا كەلدى. لېكىن ئۇ بۇ باتۇر پىروفېسسورنىڭ قەتئىي قىياپىتىدىن ھېيىقىپ، بىرئاز ھودۇقتى - دە، ئوت يېقىشقا

پىتىنالىسىدى.

— ئوت يېقىلسۇن! — دىدى ئىجراچى ئەمەلدار يەنە بىر قېتىم بۇيرۇق قىلىپ.

ئەسكەر بىرئاز ئىككىلەندى - دە، گىرىمنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئوت ياقماقچى بولدى. ئۇ ئەمدىلا ئىككى قەدەم چامدىشىغا گىرىم ئېيتتى:

— ئالدىمغا كېلىپ، مۇشۇ يەردىن ئوت ياق، مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇپ ئوت ياق! مەن ئۇنىڭدىن قورقسام بۇ يەردە تۇرمايتتىم!

ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى، گىرىم غەمكىن ئاۋاز بىلەن مۇناجات ئېيتىشقا باشلىدى. ئوت بارغانسېرى لاۋۇلداپ كۆيەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇنىنىڭ پاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. لېكىن گىرىمنىڭ مۇناجات ئاۋازى تا ئۇ باغلىنىپ تۇرغان جاينى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت قاپلىغانغا قەدەر باشتىن - ئاخىر ئۈزۈلمىدى.

ھوس، گىرىملاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى پروفېسسورنىڭ بەدىنى كۆيۈپ كۈل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ روھى كۆيمىدى. ئۇلار ئۆلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، چېخ خەلقىنىڭ تېخىمۇ زور ئوت يالقۇنى — ھوس قوزغىلىڭى ئەۋج ئالدى.

## ھوس جىبگى

يېرىم كېچە، قارا بوران چىقىپ، يامغۇر چېلەكلەپ قۇيغاندەك يېغىۋاتاتتى. چىخىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىر چوڭ يولدا زور قوشۇن شىددەت بىلەن يۈرۈش قىلىۋاتاتتى.

يۈزلىگەن ھارۋىلار قوشۇننىڭ ئالدىدا ماڭماقتا. ھەر بىر ھارۋىغا قېتىلغان ئىككى جۈپ ئاتقا بىر ئات يېتىلىگۈچى ئەسكەر مەسئۇل بولۇپ، بىر ئاتقا مىنگەن ھالدا ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. يەتتە - سەككىز پىيادە ئەسكەر ھارۋىغا يېقىن ئەگىشىپ ماڭغان ئىدى. ھارۋىغا تاختايدىن پەس قىلىپ فوڭ ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا قوغدىنىش توساقلىرى بار ئىدى، ئەسكەرلەر چىقىپ - چۈشۈش ئۈچۈن بىر تەرىپىدىكى توساقنى ئېلىۋەتسە بولاتتى. ھارۋىغا يەنە يېنىك توپ، پىلىمىلىق مىلتىق ۋە باشقا قوراللار، ئوزۇق - تۈلۈك قاتارلىق ئەشيالار قاچىلانغان ئىدى. ھارۋىلارنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى قارىغايلارنىڭ بوراندا چىقارغان شاۋقۇنىغا قوشۇلۇپ، كىشىگە ۋەھىمە سالاتتى!

يامغۇر بارغانسېرى قاتتىق ياققانلىقتىن، قوشۇننىڭ سۈرئىتى ئاستىلاشقا باشلىدى.

— جارچى! — بىر ھارۋىدىن بىر قېرىنىڭ زەئىپ بۇيرۇق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بار، — ئۈستىۋېشى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ

كەتكەن بىر ئەسكەر دەرھال ھارۋىنىڭ قېشىغا ھازىر بولدى.
— بۇيرۇغۇمنى يەتكۈز! قوشۇن تولۇق سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلىسۇن، مەيلى قانداق بولمىسۇن تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى گودېنبورگقا يېتىپ بېرىش كېرەك! خىلاپلىق قىلغۇچىلار ھەربى ئىنتىزام بويىچە جازالىنىدۇ، ھەرگىز رەھىم قىلىنمايدۇ!

بۇ بۇيرۇقنى 60 ياشلار چامىسىدىكى بىر بوۋاي چۈشۈرگەن ئىدى. ئۇ ئىككى كۆزى ئەما بولۇپ، ئورا كۆز، چاچىگا ساقال بوۋاي ئىدى. ئۇ ھوس تەرەپدارلىرى ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى جون زىزكا بولۇپ، پاپا ۋە گېرمانىيە پادىشاسىنىڭ جازاقوشۇنىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، قوشۇن باشلاپ غەرپكە قاراپ يۈرۈش قىلىپ گودېنبورگقا كېتىۋاتاتتى.

دەل مانا مۇشۇ چاغدا، گېرمانىيە پادىشاسىنىڭ قوشۇنلىرى ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدىن يەنى غەرپتىن شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ گودېنبورگقا يۈرۈش قىلىۋاتاتتى. گودېنبورگ چېخ پايتەختى پىراگانىڭ شەرق تەرىپىدىكى مۇھىم بازا ئىدى. گېرمانىيە پادىشاسى ئۇنى قولغا چۈشۈرسە پايتەختكە ھۇجۇم قىلىپ، ھوس تەرەپدارلىرىنى يوقىتىشقا ئەپلىك بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

بۇ گېرمانىيە پادىشاسى سىگىز موندنىڭ 2 - قېتىم ئەھلى سەلىپنى باشلاپ ھوس تەرەپدارلىرىغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىشى ئىدى. 1415 - يىلى ئىيۇلدا، ئۇ پاپا بىلەن بىرلىكتە ھوسنى ئۆلتۈرگەندىن بۇيان، چېخنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرىدىغانلار پەيدا بولدى. 1419 - يىلى ئىيۇلدا، كەڭ كۆلەملىك دېخانلار قوزغىلىڭى ھوسنىڭ ئىسلاھات تۇغى ئاستىدا پارتلىدى. پايتەخت، پىراگا ھوس تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن تىزگىنلەن-

دى. زور تۇركۇمدىكى گېرمانىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى قوغلاپ چىقىرىلدى، چىنخ پادىشاسى قورقۇنچ ئىچىدە ئۆلدى. پادىشالىقنى ئۇنىڭ ئۇكىسى، يەنى گېرمانىيە پادىشاسى قوشۇمچە ئۆتىدى. گېرمانىيە پادىشاسى، هوس تەرەپدارلىرىنىڭ چىنخ پايتەختىنى ئىگەللەپ تۇرۇشىغا ئەلۋەتتە يول قويمايتتى. شۇڭا، 2 - يىلى يازدا نەچچە يۈزمىڭ كىشىلىك قوشۇن باشلاپ كېلىپ پىراگاغا هۇجۇم قىلدى. لېكىن زىزكانىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. گېرمانىيە پادىشاسى مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، بىر يىل تەييارلىق قىلىپ 2 - قېتىم ئۆزى بىۋاستە قوشۇن باشلاپ يۈرۈش قىلدى.



زىزكا قوشۇنغا قوماندانلىق قىلماقتا

بىر كېچە جىددى يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق، زىزكا ئاخىرى ئالدى بىلەن گودىنبورگقا يېتىپ كەلدى. بۇ جاينىڭ يەر شارائىتى ئۇنىڭغا ئىنتايىن تونۇشلۇق بولغانلىقتىن، ئۇ قېىسمىنىڭ شەهەر سىرتىدىكى ئېگىزلىكنى دەرهال ئىگەللىشى

توغرىسىدابۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، هارۋىلارنى ئىگىزلىككە يېقىن دالاغا توختىتىپ قويۇشقا بۇيرۇدى. بىردەمدىلا ئەسكەرلەر زەنجىر بىلەن هارۋىلارنى باغلاپ، يۇ-مۇلاق بازا هاسىل قىلدى. ئاتلار هارۋا بىلەن ياسالغان چەم-بىرەك ئىچىگە توختىتىپ قويۇلدى ھەمدە ئۇ يەرگە يېنىك توپلارنى قۇرۇپ قويدى؛ هارۋىلارنىڭ دۈشمەنگە قارىتىلغان تەرىپىدىكى ئىگىز تاختىلار قالدۇرۇلۇپ، ئۆز تەرىپىدىكى قوغدىنىش تاختىلىرى ئېلىپ تاشلاندى. بۇنىڭ بىلەن سۇپىغا چىقىدىغان ئىشىك هاسىل بولدى. ھەممىسى تەق قىلىپ قويۇلغاندىن كېيىن، ژىژكا لاگىر ئەتراپىغا خەندەك كولاشقا بۇيرۇق قىلدى.

ئاشۇ كۈنى چۈشتىن ئۆتكەندە، گېرمانىيە پادىشاسىنىڭ قوشۇنلىرى گودېنبورگقا يېتىپ كەلدى. ئۇلار شەھەرگە كىرىپ راسا تالان - تاراج قىلغاندىن كېيىن، ژىژكا بازىسىغا شىددەت بىلەن بۆسۈپ كەلدى.

گېرمانىيە پادىشاسىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئالدى بىلەن خەندەكنىڭ توسقۇنلۇقىغا دۇچ كەلدى، بىر قىسىم ئاتلىق ئەسكەرلەر خەندەككە يىقىلدى. ئۇلار قايتا تەشكىللى-نىپ هۇجۇم قىلغان چاغدا ژىژكانىڭ جەڭ هارۋىلىرى تېز-لىكتە زەنجىرلەرنى بوشىتىپ، ئىككى قاتار بولۇپ، ئوتتۇرىغا پىيا-دە ئەسكەرلەرنى تۇرغۇزدى. ئاتلىق ئەسكەرلەر جەڭ هارۋى-سىنىڭ چۆرىسىدە چۆگىلەپ يۈردى. گېرمانىيە پادىشاسىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى، دۈشمەننىڭ مۇداپىئەسى بۆسۈپ تاشلان-دى، دەپ هېساپلاپ، بىراقلا ئالغا قاراپ ئاتاكا قىلدى،

ئۇشتۇمتۇت سىگنال چېلىنىشى بىلەن تەڭ، تۇرغۇن يۇمۇلاق دائىرىلەر شەكىللىنىپ زەنجىرلەر قايتا باغلاندى، بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى مۇھاسىر ئىچىگە قامىلىپ قالدى. بۇ چاغدا ئوتتۇرىدىكى بىر قىسىم پىيادە ئەسكەرلەر بىر قولىغا قالقان، بىر قولىغا ئىلمەكلەرنى ئېلىپ، گېرمانىيىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى ئىلىپ ئاتتىن يىقىتتى؛ بىر قىسىم پىيادە ئەسكەرلەر دەرھال قىلىچ بىلەن چېپىشقا باشلىدى. زىنزكانىڭ ئەسكەرلىرى ھارۋىدىكى ياغاچلارنىڭ ھىمايىسى بىلەن پىلتىلىق مىلتىق، ئۇزۇن نەيزە، پالتا قاتارلىق قوراللار بىلەن دۈشمەننىڭ كۆپلىگەن ئادىمىنى ئۆلتۈردى ھەم يارىدار قىلدى. گېرمانىيىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ھېچقانداق مۇھاپىزەتكە ۋە ياردەمگە ئىگە بولالمىغاچقا، ھارۋىلارنىڭ مۇھاسىرىسىدە ئا-



تابور قوشۇنىنىڭ جەڭ ھارۋىلىرى

لاقزادە بولۇپ كەتتى، بەزىلىرى چىپىپ ئۆلتۈرۈلدى، بەزىلىرى ئات تۇياقلىرى ئاستىدا دەسسىلىپ ئۆلدى.

هارۋا ئىستىهكامىغا قامىلىپ قالغان گېرمانىيە ئەسكەرلىرى مالىمانچىلىقتا نىمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. تۇيۇقسىز يەنە بىر سىگنال چېلىنىش بىلەن تەڭ، زىزكانىڭ يىراقتا تۇرغان ئاتلىق ئەسكەرلىرى باتۇرلۇق بىلەن هۇجۇم قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوڭ هارۋىلارنىڭ بىرلەشتۈرۈلگەن جايىدىن يول ئېچىلىپ، گېرمانىيىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى يوقاتقان زىزكانىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى پەيدا بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، هارۋا ئىستىهكامىنىڭ سىرتىدىكى گېرمانىيە قوشۇنلىرىنى يوقاتتى.

گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ جانلىق كۈچلىرى يوقىتىلغاندىن كېيىن، زىزكا چېكىنىشكە بۇيرۇق بەردى. گېرمانىيىنىڭ دۆت پادىشاسى ئۇلارنى قاچتى دەپ ئويلاپ، ئاتلىق ئەسكەرلەرگە قوغلاش توغرىسىدا قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇلار كۆتۈلمىگەن يەردە زىزكا ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغان هارۋا مۇهاسىرىسىگە چۈشۈپ قالدى. ئەسكەرلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۆلدى هەم يارىلاندى. ئارقىدىنلا زىزكا قوشۇنى گودېنبورگقا جەم بولدى. گېرمانىيە پادىشاسى شەهەرنى كۆيدۈرۈش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، قوشۇنلىرىنى باشلاپ شەرمەندىلەرچە قاچتى. 2 - قېتىملىق جازا يۈرۈشى ئەنە شۇنداق رەسۋاسى چىققان هالدا ئاياقلاشتى.

1424 - يىلىدىن 1433 - يىلى يازغىچە بولغان توققۇز يىل ئىچىدە، گېرمانىيە پادىشاسى يەنە ئۈچ قېتىم ئەهلى سە-

لىپ تەشكىللەپ تاجاۋۇز قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھوس تەرەپدارلىرى ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى.

شۇندىن كېيىن گېرمانىيە پادىشاسى تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، ھوس تەرەپدارلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۇراقسىز ئۇنسۇرلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. ئەسلىدە ئۇ چاغلاردىكى ھوس تەرەپدارلىرىنىڭ ئىچكى قىسمى ئىككى چوڭ مەزھەپكە بۆلۈنگەن ئىدى: ئۇلارنىڭ بىرى، دېخانلار، قول سانائەتچىلەر ۋە باشقا تۆۋەن قاتلام خەلققە ۋەكىللىك قىلىدىغان تابور مەزھىپى بولۇپ (ئۇلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى تابور رايونىدا بولغاچقا، تابور مەزھىپى دەپ ئاتالغان)، رادىكاللار ھېساپلىناتتى، ئۇلار فېئوداللىق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىمتىيازلىق تەبىقە بولمىغان ئەركىن دىنىي جەمىيەت كوممۇنىسى ۋە جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. زىزكا مۇشۇ مەزھەپنىڭ مەشھۇر رەھبىرى ئىدى. يەنە بىرى، ئوتتۇرا، كىچىك فېئوداللار ھەم شەھەردىكى ئوتتۇرا تەبىقىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇقەددەس جامچىلار مەزھىپى ئىدى (ئۇلار ئاددى مۇرىتلارنىڭمۇ دىن تارقاتقۇچىلارغا ئوخشاش «پەيغەمبەر غىزاسى» يىگەندە مۇقەددەس جام بىلەن ھاراق ئىچىشكە ھوقۇقلۇق بولۇشنى تەشەببۇس قىلغاچقا مۇقەددەس جامچىلار دەپ ئاتىلاتتى). دەسلىۋىدە، ئۇلار تابور مەزھىپى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، بىرلىكتە گېرمانىيە پادىشاسىغا قارشى تۇردى، لېكىن زىزكا ئارمىيىسى گېرمانىيە پادىشاسىنىڭ 3 - قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم مەنپەئەتى قاندۇرۇلدى، شۇڭا ئۇلار بىلەن تابور مەزھىپى ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولدى.

1433 - يىلى قىشتا گېرمانىيىدە چاقىرىلغان بىر قېتىملىق دىنىي يىغىن، مۇقەددەس جامچىلار مەزھىپىدىن ئۇرۇشتا دىنىي جەمىيەتلەردىن ئولجا ئالغان مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇۋالماسلىقنى، «پەيغەمبەر غىزاسى» يىگەندە ئاددى مۇرىتلارنىڭمۇ «مۇقەددەس جام» بىلەن مەي ئىچىشىنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇقەددەس جامچىلار ئاشكارا ھالدا گېرمانىيە پادىشاسى تەرەپكە ئۆتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، گېرمانىيە پادىشاسىنىڭ ماددى ياردىمى بىلەن مۇقەددەس جامچىلارنىڭ قوشۇنلىرى تابور مەزھىپىنىڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدى.

ئۇرۇش 1434 - يىلى مايىنىڭ ئاخىرلىرىدا پىراگانىڭ شەرق تەرىپىگە ئانچە يىراق بولمىغان لىپاندا يۈز بەردى. بۇ چاغدا زىزكا، كېسەل بىلەن ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ پروكوپ، تابور ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلدى. ئۇمۇ قەھرىمان ھەم ئۇرۇشتا ماھىر قوماندان بولۇپ، گېرمانىيە پادىشاسى تەشكىللىگەن 4 -، 5 - قېتىملىق جازا يۈرۈشىنى مەغلۇپ قىلغان ئىدى.

چوڭ پروكوپ ئۆز قوشۇنلىرىنى بىر ئىگىزلىككە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ بازىسى ناھايىتى مۇۋاپىق تاللىنىپ، ھارۋا بىلەن ياسالغان مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى تۆپىلىككە جايلاشتۇرۇلدى. مۇقەددەس جامچىلار مەزھىپىنىڭ قوشۇنلىرى ئويمان جايدا قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ توپ - زەمبىرەكلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچى قارشى تەرەپكە قارىغاندا زور دەرىجىدە ئاز ئىدى. مۇقەددەس جامچىلار مەزھىپىنىڭ قوشۇنىدا 25 مىڭ كىشىلىك پىيادە ئەسكەر، نەچچە مىڭ كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەر ھەم

660 دانە هارۋا بار ئىدى. بىراق چوڭ پروكوپنىڭ پەقەت 10 مىڭ كىشىلىك پىيادە ئەسكىرى، 800 كىشىلىك ئاتلىق ئەسكىرى ھەم 360 ھارۋىسىلا بار ئىدى.

ئىككى تەرەپ ئۈچ كۈن خىرىس قىلىپ تۇرۇشتى. لېكىن ھېچقايسىسى ھەركەت قوللانمىدى. 30 - ماي كۈنى تاڭ سەھەر سائەت ئۈچتە، مۇقەددەس جامچىلار مەزھىپى ئاخىرى ھۇجۇمغا ئۆتتى.

مۇقەددەس جامچىلار مەزھىپى، ھارۋا ئىستىھكامى تاكتىكىسىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى تولۇق بىلەتتى. ئۇلارنىڭ پىلانى قارشى تەرەپنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنى ھارۋا ئىستىھكامىنىڭ كەينىدىن ئالداپ چىقىرىپ، سان ئۈستۈنلۈكى قارشى تەرەپنى بېسىش ئىدى. ئۇلار 11 ھارۋا ئەتردى تەشكىللەپ، يالغاندىن تابور قوشۇنىنىڭ لاگىرىغا ھۇجۇم قىلدى. توپ ئوقى يەتكۈدەك ئارىلىققا كەلگەندىن كېيىن، توپ - زەمبىرەك بىلەن قارشى تەرەپنىڭ ھارۋا ئىستىھكامىنى توپقا تۇتتى.

تابور قوشۇنى مەلۇم زىيانغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، زەمبىرەك بىلەن قايتۇرما زەربە بەردى. ئىس - تۈتەك تارقىغاندىن كېيىن، مۇقەددەس جامچىلار مەزھىپى قوشۇنىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى بايقالدى.

چوڭ پروكوپ بۇنىڭ دۈشمەن قوشۇنىنىڭ بىر تاكتىكىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالماي، دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ يالغاندىن چېكىنگەنلىكىنى مەغلۇپ بولۇپ قېچىش دەپ قاراپ، قوغلاپ زەربە بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى:

— ئالغا، دۈشمەن قاچتى! — بىردەمدىلا بۇنداق غەلىبەسادادىسى تۆت ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى.قىسىملار ئالغا

قاراپ شىددەت بىلەن ئېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھارۋا بىلەن ياسالغان مۇداپىئە ئىستىھكامىنىڭ مۇداپىئەسى ئاجىزلاشتى ۋە بۇزۇلدى.

مۇشۇ جىددى پەيتتە مۇقەددەس جامچىلار مەزھەپىنىڭ زور بىر تۈركۈم چەۋەندازلىرى قوغلىغۇچىلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى - دە، قىلىچىمۇ مۇداپىئە كۈچى بولمىغان ھارۋا ئىستىھكامىغا بىرلا چاغدا تۆشمۇ تۆشتىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى.

بۇ چاغدا، چوڭ پروكو دۈشمەنىنىڭ چەۋەندازلىرىنى توساپ تۇرۇشقا كۈچ تەشكىللەپ، خىلمۇ خىل تەدبىرلەر بىلەن ھارۋا ئىستىھكامىنى ساقلاپ قالالىسا مەغلۇبىيەت ۋەزىيىتىدىن قۇتۇلۇپ قېلىش مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇ بۇنداق قىلمىدى.

مۇقەددەس جامچىلار مەزھەپىنىڭ چەۋەندازلىرىدىن كېيىنلا، زور تۈركۈمدىكى پىيادە ئەسكەرلەر ھارۋا ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن ھارۋا ئىستىھكامىنىڭ ئىچىدە شىددەتلىك جەڭ بولدى. بۇ چاغدا چوڭ پروكوپ ۋاپات بولغان ئىدى. شۇڭا تابور قوشۇنى قوماندانلىق بىرلىكىدىن ئايرىلىپ كەتتى - دە، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ئۈستۈن ھەربى كۈچىنىڭ ئاتاكىسىنى توساپ قالالماي، مۇداپىئەدە بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتتى. كەچ كىرگەندە، بازا ئاخىرى مۇقەددەس جامچىلار مەزھەپىنىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن ئىگەللەندى. 18 مىڭ كىشىلىك تابور قوشۇنىدىكىلەردىن 13 مىڭ كىشى ئۆلدى. قالغانلىرى ئەسىر قىلىنغاندىن كېيىن پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاندى.

لىپاندا ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشى چېخ دېخانلار ئۇرۇشى-

نىڭ مەغلۇپ بولغانلىغىدىن دېرەك بەردى. ئەمما، تابور شەھىرى تاكى 1452 - يىلىغىچە بەرداشلىق بەردى. بۇ قېتىمقى ئۇ-رۇشقا ھوس تەرەپدارلىرى رەھبەرلىك قىلغاچقا، تارىختا بۇ ئۇرۇش «ھوس جېڭى» دەپ ئاتالدى.

1436 - يىلى گېرمانىيە پادىشاسى مۇقەددەس جامچىلار بىلەن سۈلھى قىلىپ، ھوس دىنىي جەمىيىتىنىڭ مۇستەقىللىغىنى، باشقىلارنىڭ چېخ دىنىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا بولمايدىغانلىغىنى ئېتىراپ قىلدى، مۇقەددەس جامچىلار مەزھىپى بولسا گېرمانىيە پادىشاسىنى چېخ پادىشاسى دەپ ئېتىراپ قىلدى.

## موڭغۇل خانلىقى

مىلادى 1219 - يىلى كۈز كۈنلىرى ئىدى، خارەزم (شۇ چاغدا هازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمى، ئافغانىستان، شۇنىڭدەك ئىراننىڭ شىمالىنى ئىگەللەپ تۇرغان بىر دۆلەت ئىدى) نىڭ چېگرا شەھەرلىرىدە كەيپىيات بىردىنلا جىددى تۈس ئالدى.

— يامان بولدى! موڭغۇل قوشۇنلىرى بېسىپ كېلىۋېتىپتۇ!

— ئۇلار خۇداغا ئىشەنمەيدۇ، بىز مۇسۇلمانلار زىيان تارتىدىغان بولدۇق!



چىڭگىزخان

خارەزم، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيەتلىك، بايلىقى مول ئىسلام دۆلىتى ئىدى. لېكىن موڭغۇل خاندانلىقى بولسا، يېڭىدىن باش كۆتىرىپ چىققان دۆلەت ئىدى. موڭغۇللار ئەسلىدە كۆچ-

مەن چارۋىچى مىللەت بولۇپ، ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى چوڭ يايلاقلاردا كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋا باقاتتى. كۆچكەن چېغىدا چېدىر ئۆيلىرىنى ئات هارۋىغا شۇ پېتى باساتتى، بۇ خۇددى پۈتۈن كەنت ئۆيلىرى بىلەن يۆتكىلىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. 1206 - يىلى موڭغۇل قەبىلىلىرى چىڭگىزخاننى «ئۇلۇغ خاقان» قىلىپ سايلىغان. شۇنىڭ بىلەن موڭغۇللار بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىپ، تەدرىجى هالدا سىرتقا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىغان. ئۇلار خۇاڭخې ۋادىسىدىكى ئالتۇن خانلىقىنى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى (هازىرقى بېيجىڭ شەهىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى يەرلەرنى) بىر قېتىمدىلا ئىگەللىۋالغان ئىدى. ئەمدىلىكتە نىشاننى غەرپكە قارىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرمەكتە ئىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا چىڭگىزخان ئۆزى باشچىلىق قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا 200 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇن بار ئىدى. كۆڭلى ئەنسىزلىككە چۈشكەن خارەزىملىقلار خىلمۇ خىل مۇلاهىزىلەرنى قىلىشاتتى:

— بىز باتۇر مۇسۇلمان تۇرۇپ، موڭغۇللاردىن يېڭىلەمىزمۇ؟

— موڭغۇللار دۆلەت قۇرغىلى ئاران ئون نەچچە يىل بولدى، بۇرۇن ئۇلارنىڭ يېزىقىمۇ يوق ئىدى، بىز ئۇلاردىن كۆپ ئىلغار تۇرىمىز - دە!

— دەل بىز ئىلغار بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇلار ئالتۇن - كۈمۈش، ئىسىل بايلىقلارنى كۆزلەپ هۇجۇم قىلىپ كەلدى.

— هەي، بۇ ئىشلارنىڭ هەممىسى بىزنىڭ پادىشاھ

مىزنىڭ ئوساللىغىدىن بولۇۋاتىدۇ، موڭغۇل سودا كارۋىنىنىڭ 450 ئادىمىنى نىمشكە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ! شۇنداق قىلىپ بالايى-ئاپەتنى ئۆزى تېرىدى.

خارىزمنىڭ پۇقرالىرى ۋەسۋەسىچىلىكتە قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ پادىشاسى تېخىمۇ بەك ئەندىشىگە چۆمگەن ئىدى. لېكىن، پادىشانىڭ ئەنسىرەۋاتقىنى، موڭغۇللارنىڭ بېسىپ كىرىشى بولماستىن، بەلكى ئۇرۇش پەيتىدە شاھزادىسى بىلەن سەركەردىلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھوقۇقنى تارتىۋېلىش ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئۆزىنىڭ 400 مىڭ كىشىلىك ئەسكىرىنى ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەرگە تارقىتىپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتتى، شۇنىڭدەك، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىمۇ نازارەت قىلىپ تۇردى. لېكىن ھەربى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرمىدى.

خارىزمنىڭ چېگرا شەھىرى موڭغۇل قوشۇنلىرى تەرپىدىن توپ-توغرا بەش ئاي قورشاۋ قىلىندى. شەھەرنى ساقلاۋاتقان قوشۇن ئاران 30 مىڭ بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن ياردەمچى كۈچ ياكى زاپاس ئاشلىقمۇ يوق ئىدى. قەلئە سىرتىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ، سانى 200 مىڭ كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتلىق كارۋانلىرى ئوتتۇرا جۇڭگودىن كۆپ مىقداردىكى مال-بايلىقلارنى توشۇپ تۇراتتى. گەرچە ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى چوڭ پەرقلەنسىمۇ، لېكىن خارىزم قوشۇنلىرى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ بىرەرسىمۇ تەسلىم بولمىدى.

«گۈم-گۈم!» موڭغۇللارنىڭ زەمبىرەكلىرى ئېتىلىشقا باشلىدى. زەمبىرەك ئوقى خارىزم چېگرا شەھەر قەلئەسىنىڭ بىر

تېمىنى ئۆرۈۋەتتى.

«گۈم - گۈم، گۈم!» موڭغۇللارنىڭ زەمبىرەكلىرى يەنە گۈمبۈرلەپ، چېگرىسىنىڭ قەلئەسىدىن بىر چوڭ يوچۇق ئېچىلدى.

— ھۇررا! — موڭغۇل چەۋەندازلىرى ئوردا ھەرىدەك مىژىلدىشىپ شەھەر ئىچىگە ئېتىلىپ كىردى.

موڭغۇللار ئەسلىدە كۆچمەن چارۋىچى مىللەت تۇرسا، ئۇنىڭدىكى ئىلغار زەمبىرەكلەر نەدىن كەلگەن؟ ئەسلىدە تۆت يىل بۇرۇن موڭغۇل قوشۇنلىرى ئالتۇن خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئوتتۇرا ئوردىنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، شۇ يەردىكى خەنزۇلارنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مىلتىق، زەمبىرەك ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى. ئۇلار ھۇجۇم قىلىشتا ئىشلەتكەن بۇ خىل زەمبىرەكلەر چوڭ تىپتىكى



موڭغۇللارنىڭ چېدىرلىق ھارۋىلىرى.

مانچاناق بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغنىڭ شارائىتىدا، دۇنيا ۋەھىمىسى زور بولغان ئۆلغار قوراللاردىن ئىدى.

موڭغۇل ئەسكەرلىرى شەھەرگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، 30 مىڭ كىشىلىك خارەزىم قوشۇنى شەھەر ئىچىدىكى ئىستىھكاملارنى قاتتىق ساقلاپ، يەنە بىر ئايدىن ئارتۇقراق بەرداشلىق بەردى. ئۇزۇق - تۈلۈك، قورال - ياراقلىرى تەل - تۆكۈس ئۈزۈلۈپ، ئاخىرىدا ھەممىسى قۇربان بولدى. ئېيتىلىشىچە، ئەڭ ئاخىرىدائىككى نەپەر ئەسكەر ھايات قالغان بولۇپ، ئۇلار قىلچە باش ئەگمەستىن، ئۆگزىگە چىقىپ تۇرۇپ مۇداپىئەنى داۋاملاشتۇرغان، كاھىشلارنى قورال قىلىپ، موڭغۇل ئەسكەرلىرىگە ئاتقان ئىكەن.

موڭغۇل ئەسكەرلىرى ئارقىدىنلا خارەزىمنىڭ پايتەختىگە قاراپ ئاتلاندى. ئۇ يەردىكى ئەسكەرلەر بىلەن پۇقرالار شەھەرنى قاتتىق قوغداپ، يېرىم يىلغىچە قولدىن بەرمىدى. شەھەر قولدىن كەتكەندىن كېيىن، كوچىلاردا ئۆيمۇ ئۆي دىگۈدەك تالىشىش جېڭى بولدى، بۇ جەڭ يەتتە كېچە - كۈندۈز داۋام قىلدى، ئەڭ ئاخىرىدا شەھەردىكى ئەرلەرنىڭ ئاساسي قىسمى موڭغۇل ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق تۆردە قىرىپ تاشلاندى، ئاياللار بىلەن بالىلار قۇل قىلىندى. موڭغۇل ئەسكەرلىرى پۈتۈن شەھەرنى كۆيدۈرۈش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، ئامۇ دەرياسىنىڭ توغىنىنى بۇزۇپ، شەھەرگە سۇ قويۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر دەۋر گۈللەپ تەرەققى قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە تامامەن ۋەيران قىلىپ تاشلاندى. خارەزىم پادىشاسى ئوتتۇرا دېڭىزدىكى چوڭ بىر ئارالغا قېچىپ بېرىۋالدى ۋە شۇ يەردە

ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتتى.

خارەزىمنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، موڭغۇل قوشۇنى داۋاملىق غەربكە تاجاۋۇز قىلىپ دۇناي دەرياسى ۋادىسىدىكى روسىيە قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، 1227 - يىلى چىڭگىزخان ئۆلدى، موڭغۇللار تۆت خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتتى، بۇ تۆت خانلىقنى چىڭگىزخاننىڭ تۆت ئوغلى ئايرىم - ئايرىم باشقۇردى.

چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۇچىگە جەنۇبىي روسىيە، غەربىي - جەنۇبىي سىبىرىيە، كاسپىي دېڭىزى ۋادىلىرى بەخشەندە قىلىپ بېرىلدى ۋە قىپچاق خانلىقى(ئالتۇن ئوردا خانلىقى) دەپ ئاتالدى. كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى باتو موسكۋاغىچە بېسىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتتى.

2 - ئوغلى چاغاتايغا ئەسلىدىكى قىتاننىڭ تېررىتورىيىسى (ھازىرقى شىنجاڭ ۋە سوۋېتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمى) بەخشەندە قىلىنىپ، چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتالدى.

3 - ئوغلى ئوگۇتايغا موڭغۇلنىڭ غەربىي تەرىپى، يەنى ئېرتىش دەرياسىدىن بالقاش كۆلىگىچە بولغان يەرزېمىنلار بەخشەندە قىلىنىپ، ئوگۇتاي خانلىقى دەپ ئاتالدى (ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ زېمىنلارنى چاغاتاي خانلىقى ئۆزىگە قوشۇۋالدى).

موڭغۇللاردا «كەنجى ئوغۇل ھوقۇققا ۋارىسلىق قىلىش» تۈزۈمى يۈرگۈزۈلىدىغان بولغاچقا، تۆتىنچى ئوغلى مۇڭكەگە موڭغۇللارنىڭ ئەسلى زېمىنى (يېڭىدىن بوي سۇندۇرۇلغان ئالتان خانلىقىنىڭ خۇاڭخې ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زېمىنلىرى) بەخشەندە قىلىنغان بولۇپ، خاقان دەپ ئاتالدى.

باشقا ئۈچ خانلىقنىڭ ھەممىسى مۆڭكە خاقاننىڭ باشقۇرۇ-شىدا بولۇشى كېرەك ئىدى، مۆڭكەنىڭ ئوغلى قۇبلەي كېيىن جەنۇبىي سۇڭنى يوقىتىپ، يۈەن سۇلالىسىنى قۇردى ۋە ئۇلۇغ ئوردا (خان بالىق) نى پايتەخت قىلدى. مۆڭكەنىڭ يەنە بىر ئوغلى خۇلاگۇ ئەسكەر چىقىرىپ، پارس بىلەن باغداتنى بوي سۇندۇرۇپ، غەربىي ئاسىيادا ئىل خانلىقىنى قۇردى.

13 - ئەسىردە موڭغۇللار (ھەرقايسى خانلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ تېررىتورىيىسى پۈتكۈل ئاسىيا ۋە شەرقىي يېرىم ياۋروپانى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز ئىچىگە ئالدى. موڭغۇل ئاتلىق قوشۇنلىرى دۇنيانى ۋەھىمىگە سالىدىغان ئاجايىپ قۇدرەتلىك قوشۇنغا ئايلاندى.

# روسىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى

— زىيارەت باشلانسۇن!

سۇرلۇك بۇيرۇق بىلەنلا، موڭغۇللارنىڭ ئىككى نەپەر ئاتلىق ئەسكىرى چېدىر ئالدىدىكى ئىككى دۆۋە قورۇق ئوتۇنغا مەشئەل بىلەن ئوت ياقتى. شاخ ئوتۇنلار ھەش - پەش دېگىچە تاراسلاپ تۇتىشىپ، ئىككى گۇلخانغا ئايلاندى.

— ئوردىغا كىرسۇن!

2 - قېتىملىق بۇ سۇرلۇك ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر قانچە رۇس كىنەزلىرى تازىم قىلغان ھالدا گۇلخان ئارىسىدىكى تار يولدىن ئۆتۈپ، چېدىر ئوردىنىڭ ئىشىگىگە قاراپ ماڭدى. چېدىرلار سېرىق رەڭدە بويالغانلىغى ئۈچۈن، قۇياش نۇرىدا چاقناپ تۇراتتى.



باتۇ

بۇ كۈنى، موڭغۇل خاقانى باتۇ، رۇس كىنەزلىرىنى چاقىرتىپ كۆرۈشىدىغان كۈن ئىدى. ئىككى گۇلخان ئارىلىغى

دىن ئۆتتۈش — ئەل بولغان رۇس كىنەزلىرى، خاقاننى زىيارەت قىلغاندا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بىر خىل يوسۇن ئىدى. چۈنكى، رىۋايەت قىلىنىشىچە: مۇنداق قىلغاندا زىيارەت قىلغۇچىنىڭ خاقانغا قارىتا بارلىق يامان نىيەتلىرىنى ئوت يۇيۇپ تاشلايدىكەن. ئەگەر كىمكى بۇ يوسۇنغا رىئايە قىلمىسا، ئۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىناتتى.

كىنەزلەر چېدىر ئوردىغا كىرىپلا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ خاقانغا سەجدە قىلىشتى.

باتۇ ئۆزىگە سەجدە قىلىۋاتقان كىنەزلەرگە قاراپ:

— سىلەرگە مەلۇمكى، موڭغۇل ئاتلىرىنىڭ تۇيىغى تەككەن يەرلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا تەئەللۇق بولىدۇ. قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ ھاجىتى يوق. مەن بىر ئاي ئىچىدە سىلەرنىڭ 14 شەھىرىڭلارنى ئىستىلا قىلدىم ۋە كۆيدۈرۈپ تۈگەتتىم. ھازىر موسكۋا، كىيېۋ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ باشقۇرۇشۇم ئاستىدا تۇرۇۋاتىدۇ. سىلەر ئاللىقاچان ماڭا ئەل بولۇپ، ئولپان تاپشۇرۇشقا ماقۇل بولدۇڭلار ھەمدە ھەربىي سېلىقنى ئۈستۈڭلارغا ئالدىڭلار. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرنىڭ ئۆز كىنەزلىكىڭلارنى داۋاملىق باشقۇرۇشۇڭلارغا رۇخسەت قىلىمەن ھەمدە سىلەرگە كەچۈرۈم يارلىغى تارقىتىپ بېرىمەن. ھازىر مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن ئەڭ كۈچلۈك ۋە ماڭا ئەڭ سادىق بولغان كىنەز يارۇسلاۋنى ۋلادىمىرنىڭ ۋە پۈتكۈل روسىيىنىڭ ئۇلۇغ بېگى قىلىپ بېكىتتىم، — دېدى ۋە ئۇلۇغ بەگ قىلىپ بېكىتكەن كىنەزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — سەن پۈتۈن روسىيىنىڭ ماڭا تاپشۇرىدىغان پارىغنى يىغىپ بېرىشكە مەسئۇل بولۇشىڭ

كېرەك! ئەمدى قايتىپ كېتىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.
كىنەزلەر خاقان تارقىتىپ بەرگەن كەچۈرۈمنامىنى تاپ-
شۇرۇۋالغاندىن كېيىن، چېدىر ئوردىدىن قايتىپ چىقتى.
بۇ قېتىملىق زىيارەت مىلادى 1240 - يىلى باتۇ،
كىيېۋنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئېلىپ بېرىلغان
ئىدى. بۇ چاغدا، باتۇ قوماندانلىق قىلغان كۈچلۈك موڭغۇل
قوشۇنى روسىيە زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى بېسىۋالغان بولۇپ،
ئۇزۇن ئۆتمەي كۆلىمى ناھايىتى زور بولغان قىپچاق خانلى-
قىنى تىكلىدى. موڭغۇللارنىڭ ھەممىسى سېرىق رەڭلىك
چېدىردا تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، روسىيىلىكلەرنىڭ ھەممىسى
ئۇلارنى «ئالتۇن چېدىر خانلىقى» دەپ ئاتاشتى. ئالتۇن
چېدىر خانلىقىغا ئولپان تاپشۇرۇش ئۈچۈن، ھەرقايسى كى-
نەزلەر پۇقرالارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە
يۇلۇۋالاتتى. موڭغۇل خاقانىمۇ ھەرقايسى ئاساسلىق شەھەر-
لەرگە ئەمەلدار ئەۋەتىپ، ئولپان يىغدۇراتتى، پۇقرالار،
ئەمەلدارلارنىڭ زالىملىقلىرىنى تىلغا ئالغاندا، تۆۋەندىكىدەك
ھەسرەتلىك ناخشىلارنى ئېيتىشاتتى:

پۇلى يوق بىچارىلەرنىڭ،
بۇلاپ كېتەر پەرزەنتىنى.
گەر بولمىسا پەرزەنتى،
بۇلاپ كېتەر خوتۇنىنى.
خوتۇنىمۇ بولمىسا،
ھەيدەپ ماڭار ئۆزىنى.

80 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، روسىيىنىڭ

ھەرقايسى كىنەزلىكلىرى يەنىلا موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. ئالتۇن چېدىر خانلىقى كىنەز ئۇنۋانىنى يەم قىلىپ، ھەرقايسى كىنەزلىكلەر ئارىسىدا ھەممىشە ماجرا پەيدا قىلىپ، بىرەر كىنەزلىكنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەۋەردى.

1327 – يىلى موڭغۇل خاقانى، ۋولگا دەرياسى ساھىلىدىكى تۋېر دىگەن جايغا قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ يەر موڭغۇل خاقانى تەرىپىدىن ئۇلۇغ بەگ ئالىكساندىرغا بەخشەندە قىلىپ بېرىلگەن ئىدى. موڭغۇل قوشۇنلىرى ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىش بىلەنلا، ھەددىدىن زىيادە تالان - تاراج بىلەن شۇغۇللىنىپ، پۇقرالارنىڭ غەزىۋىنى قوزغىدى. ئۇلۇغ بەگ ئالىكساندىرمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالماستىن، پۇقرالارنى باشلاپ قارشى چىقتى. موڭغۇل قوشۇنلىرى يېڭىلگەندىن كېيىن قېچىپ بېرىپ، ئالتۇن چېدىر خانلىقىغا خەۋەر قىلدى. خاقان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قاتتىق غەزەپكە كېلىپ:

— قېنى، ئادەم بارمۇ! ماڭا دەرھال ئاتنى توقۇپ بېرىڭلار، بارلىق قوشۇن بىلەن ئاتلىنىپ، تۋېرنى دەسسەپ تۈزلىۋېتەيلى، ئالىكساندىرنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويايلى!

دەل مۇشۇ پەيتتە بىر چاكار ئوردىغا كىرىپ:

— خاقانغا مەلۇم قىلىمەنكى، موسكۋا كىنەزى ئىۋان دەرھال كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

بۇ خەۋەر ئېغىزدىن چىقىپ بولۇشى بىلەنلا، ئىۋان

چېدىر ئالدىغا كىرىپ كەلدى ۋە ھاسىرىغان ھالدا يۈكۈنۈپ خاقانغا تازىم قىلدى.

— مەن موسكۋا كىنەزى ئىۋان، جىددى تەرۋزدە خاقاننى زىيارەت قىلىپ، خاقانغا سالامەتلىك تىلەيمەن، خاقاننىڭ ھەممە ئىشلىرىنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكىدەك بولۇشىنى تىلەيمەن! — دىدى ئۇ ۋە يەرگە بىر قېتىم باش ئۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇلۇغ بەگ ئالكساندىر، جانابى خاقاننىڭ ۋەزىرلىرىنى ھاقارەت قىلىشقا پېتىنىپ، پۇقرالارنى كۈشكۈرتۈپ ئىسيان كۆتەردى. گۇنايى ئۈچۈن جۇۋاپىنىمەك كەتسۇن! لېكىن. بۇنچىلىك كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن. خاقاننىڭ ئۆزى قوشۇن تارتىپ ئاتلىنىشقا ئەرزىمەسمىكىن؟! پېقىر گەرچە قابىللاردىن بولمىسامۇ، خاقان ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالايمەن. ئەسكەر چىقىرىپ توپىلاڭنى تىنچىتىپ، خاقاننىڭ مېھرى - شەپقىتىنى ياندۇرسام دەيمەن! — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ يەنە بىر قېتىم يەرگە باش ئۇردى ۋە خاقانغا بىر تاختا قەغەزنى سۇنۇپ، ئۆزرە ئېيتتى، — كەمىنلىرى ئالدىراپ يولغا چىقىپ قالغانلىغى ئۈچۈن تۈزۈك رەك سوغىلارنى تەييارلىيالمىدى. سوغات ئاددى بولسىمۇ خاقانىمىزنىڭ رەنجىمەي قوبۇل قىلىشىنى سورايمەن. توپىلاڭنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ھۆرمەت - ساداقىتىمنى يەنە كۆرسىتىمەن.

ئەسلىدە ئىۋان ئۇلۇغ بەگلىك ئۇنۋانىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىدىدە، كۆپلەپ ئالتۇن - كۈمۈش. مال - بايلىقلارنى خاقانغا، خاقاننىڭ كىچىك خوتۇنلىرىغا ۋە يېقىن ۋەزىرلىرىگە پات - پات تەقدىم قىلىپ، خاقاننىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋې

لىشنى ئىزچىل تۈردە پەملەپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا، بۇ قېتىم ئالېكساندىرنىڭ خاقانغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلۇغ بەگ ئۇنۋانىغا ئىگە بولۇۋېلىش نىيىتى بىلەن ساداقەتلىك بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يەرگە كەلگەن ئىدى. خاقان، ئىۋاننىڭ ئۆزلۈكىدىن خىزمەت كۆرسەتمەكچى بولغانلىقىنى ۋە سوغاتلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ غەزىپىدىن سەل ياندى. سوغاتلار تىزىملىكىنى قوينىغا سېلىپ، ئالاھىدە ئىلتىپات بىلەن ئىۋاننى ئورنىدىن تۇرغۇزدى ۋە:

— سېنىڭ خانلىقتا بولغان ساداقەتلىكىڭ ناھايىتى قىممەتلىك، مەن ساڭا چوڭ مەنپەئەتلەرنى ئىنئام قىلىمەن. سەن دەرھال مېنىڭ بىر بۆلۈك قوشۇنۇمنى باشلاپ، ئالېكساندىرغا جازا يۈرۈش ئېلىپ بارغىن، توپىلاڭ بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، مەن ساڭا ئۇلۇغ بەگلىك ئۇنۋانىنى بېرىمەن.

ئىۋان، موڭغۇل قوشۇنىنى باشلاپ تۋېر كىنەزلىكىنى ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئىشغال قىلدى. ئالېكساندىر، خاقاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ياندۇرقى يىلى ئىۋاننىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ ئۇلۇغ بەگ ئۇنۋانىغا ئىگە بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ خاقاننىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئېلىدىكى زېمىننى كۈچىنىڭ يېتىشىچە كېڭەيتىپ، كۈنسايىن كۈچەيدى. ئىۋان ئۆلگەن چاغدا، ئۇنىڭ موسكۋا كىنەزلىكىنىڭ چېگرىسى زور كۆلەمدە كېڭىيىپ، پۈتۈن روسىيىدىكى ئەڭ كۈچلۈك كىنەزلىككە ئايلانغان ئىدى. ئىۋاننىڭ نەۋرىسى دىمىترى دوسكوي ئۇلۇغ بەگ بولغان ۋاقىتتا، موسكۋا كىنەز-

لىگى ئەڭ قۇدرەت تاپقان مەزگىل ئىدى. دىمىترى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، كىرىمىل سارىيىنى كېڭەيتىپ ياساتتى. قېتىغا ياغاچ ئىشلىنىغان تاملارنى چېقىپ تاشلاپ، تاش تاملارنى سېلىش ئارقىلىق، پايتەختنىڭ قەلئە مۇداپىئەسىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى ۋە ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلارغىچە كېڭەيتتى.

موسكۋا كىنەزلىگى كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان بۇ پەيتتە، ئالتۇن ئوردا خانلىقى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلىنىشقا يۈز تۇتتى. خانلىقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىرمۇنچە مۇستەقىل خانلار بارلىققا كېلىپ، ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىشقا كىرىشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك بولغىنى مامايخان ئىدى. ئۇلۇغ بەگ دىمىترى موڭغۇللارنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، موڭغۇللارنىڭ رۇسلار ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ئۇزۇن يىللىق ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش قارارىغا كەلدى.



كىرىمىل

1380 - يىلى 8 - سېنتەبىردە دىمىترىينىڭ رۇس قوشۇنلىرى موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىر قېتىم قاتتىق تۇتۇشتى.

ئۇرۇش بولغان جاي دون دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى كولىكوۋن دالىسى ئىدى. 8 - سېنتەبىر سەھەردە دىمىترى 150 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، بىر قىسىم قوشۇننى كۆۋرۈك ئارقىلىق، بىر قىسىم قوشۇننى سۇ كەچتۈرۈپ دۇن دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ دالىغا ئېلىپ كىردى. دەريادىن كېچىپ ئۆتكەن قوشۇنلار ئىچىدىن سەرخىل بىر توپ ئەسكەرنى دەريا بويىغا مۆكتۈرۈپ قويدى.

ئەمدىلا تاڭ يورۇشقا باشلىغاندا، ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى سەپلىرىنى تۈزگەن هالدا بۇيرۇق كۈتۈپ، قارىمۇقارشى تۇرماقتا ئىدى. ئۇرۇش مەيدانىدىكى قوشۇنلارنىڭ هەممىسىنى مەركەزلەشتۈرگەندە ئون كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سەپ بولاتتى.

سائەت 6 دە قويۇق تۇمانلار تارقىدى، ئىككى قوشۇن ئېلىشىشقا باشلىدى. دىمىترى ساۋۇت - دۇبۇلغىلارنى كىيگەن هالدا قىلىچىنى ئىگىز كۆتىرىپ، دۈشمەن سېپىگە قاراپ باتۇرلۇق بىلەن ئېتىلماقتا ئىدى.

— كىنەزلەر، خوجىلار، لەشكەرلەر مەن بىلەن ئاتلىنىڭلار!

ئۇنى قوغداۋاتقان سەركەردە تىت - تىت بولۇپ:

— ئۇلۇغ بېگىم، سىز سەپ ئالدىغا بارماڭ، ئارقىدا ياكى ياندا تۇرۇشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن، ئالدىغا بېرىش

گىز ناھايىتى خەتەرلىك! — دەپ جېكىلىدى.

— قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسى ئالغا ئاتلىنىۋاتقاندا مەن قانداقمۇ ئارقىغا ئۆتۈپ تۇرالايمەن؟ — ئۇلۇغ بەگ سۆزلىگەن پېتى توختىماستىن ئالغا ئېتىلدى. بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئەتراپى دۈشمەن جەسەتلىرى بىلەن قاپلىنىپ، يەردە ئات دەسسەپ ماڭغۇدەك بوشلۇقمۇ قالمىدى. موڭغۇل ئەسكەرلىرى ئۇلۇغ بەگنىڭ بەكمۇ باتۇر ۋە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قىيان سۈيىدەك ئۇنىڭغا قاراپ ئۇخچۇپ كېلىشتى. ئۇلۇغ بەگنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە قىلىچ نەيزىلەر تەككەن بولسىمۇ، ساۋۇت - قالقانلىرى پۇختا بولغاچقا ئېغىر جاراھەتلەنمىدى.

دەريا بويىغا مۆكۈنگەن رۇس ئەسكەرلىرى جەڭ باشلىنىش بىلەنلا ئېلىشىشقا ئالدىراپ:

— بىز بۇ يەردە قاچانغىچە كۈتۈپ تۇرىمىز؟ قېرىنداشلىرىمىزغا قانداق ياردەم قىلىمىز؟ — دەپ تەقەززالىق بىلەن كوماندىردىن سوراشتى.

— بىز ئەڭ پايدىلىق پەيتكە كەلگەندە، ئاندىن ھۇجۇمغا ئۆتۈشىمىز كېرەك، — دېدى كوماندىر شامال يۆنۈلۈشىنى سىناپ كۆرۈپ، — قاراڭلار، ھازىر شامال بىز تەرەپكە قاراپ چىقىۋاتىدۇ، شۇڭا بىز ھازىر ھۇجۇمغا ئۆتسەك بولمايدۇ!

سائەت 8 بولغان چاغدا، كوماندىر موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ سەپلىرىنىڭ قالايمىقانلىشقانلىقىنى كۆردى. بۇ چاغدا شامالنىڭ يۆنىلىشىمۇ توساتتىن ئۆزگەردى. كوماندىر پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، تەمكىنلىك بىلەن «ئۇررا!» دەپ بۇيرۇق قىلدى.

مۆكۈنگەن قوشۇنلارنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشى بىلەن، موڭغۇل قوشۇنلىرى ئالدى ـ ئارقىدىن ئىككى تەرەپلىمە زەربىگە ئۇچراپ، تېزدىنلا تىرى ـ پىرەڭ بولۇپ يېڭىلدى. سائەت 9 بولغان چاغدا، مامايخان ئۆزىنىڭ چېچىلغان قوشۇنلىرىنى تىزگىنلەشكە ئامالسىز قېلىپ، قالدۇق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قېچىپ كەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، مامايخان ئۆزى بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىۋاتقان يېڭى خان توختامىشنىڭ قولىدا ئۆلدى.

1382 - يىلى توختامىش موسكۋاغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. دىمترى قوغدىنىشقا ئۈلگۈرەلمەي، ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ شەھەرنى تاشلاپ كەتتى، شەھەردىكى خوجىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شەھەردىن قېچىپ كېتىش نىيىتىدە بولدى. بۇ چاغدا موسكۋا خەلقى، ئۆز ھۆكۈمرانلىرىنى شەھەرنى تاشلاپ قاچتى، دەپ قاراپ، دەرھال قوزغىلاڭ كۆتەردى ھەمدە ئادەم ئەۋەتىپ، شەھەر دەرۋازىلىرىنى مەھكەم ساقلاپ، ھەر قانداق كىشىنى چىقارغۇزمىدى. توختامىشنىڭ ئەسكەرلىرى شەھەرگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە، شەھەر خەلقى دۈشمەنلەرگە قايناقسۇ چېچىپ، تاش ۋە كۆيدۈرگۈچ دورىلارنى تاشلاپ قارشىلىق كۆرسەتتى.

توختامىش قورال كۈچى بىلەن شەھەرنى ئىگەللەشكە ئامالسىز قېلىپ، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئۇ ئادەم ئەۋەتىپ: شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئىمارەتلەرنى بۇزمايدىغانلىقى، پۇقرالارنى بۇلاپ ـ تالىمايدىغانلىقى ھەققىدە قەسەملەرنى قىلدى. لېكىن، موڭغۇل ئەسكەرلىرى شەھەرگە

كىرىش بىلەنلا، خالىغانچە ئوت قويۇپ، قىرغىنچىلىق قىلدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، دىمىترى قايتىدىن ئالتۇن چېدىر خانلىغىغا ئەل بولۇپ، ئولپان تۆلەشكە مەجبۇر بولدى.

كۇلىكوۋو جېڭىدە رۇسلار گەرچە موڭغۇللارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەڭ پەقەت رۇسلار ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىككە كېلىدىغانلا بولسا، موڭغۇل قوشۇنلىرىنى يەڭگىلى بولىدىغانلىغىنى ئىسپاتلاپ بەردى. مۇستەقىللىغىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ تاڭ نۇرى رۇسلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولدى. 15 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى ئىۋان III روسىيىنىڭ كۆپ قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان چېغىدا، موڭغۇل قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئالتۇن چېدىر خانلىغىنىڭ روسىيىدە ئىككى يېرىم ئەسىر داۋاملاشقان ھۆكۈمرانلىغىغا خاتىمە بەردى. 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا روسىيە ياۋروپادىكى بىرلىككە كەلگەن كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندى.

## سېمىزلەر، ئورۇقلار ۋە جۇل-جۇل كىيىملىكلەر

14 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا، ئىتالىيىنىڭ شىمالىدىكى فلورېنسىيە رېسپۇبلىكىسىدا بىر قېتىملىق ئىشچىلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ ناھايىتى تېزلىكتە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن دۇنيا تارىخىدا شەھەر پۇرولېتارلىرى كارخانا ئىگىلىرىدىن ھوقۇق تارتىشتىكى بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ھەرىكەت بولۇپ قالدى.

ئۇ چاغدا فلورېنسىيىنىڭ قوي يۇڭى ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، سوكنا ئىشلەپچىقىرىدىغان 200 دىن ئارتۇق مانافاكتۇرلار بار ئىدى. شەھەرنىڭ باشقۇرۇلۇشىمۇ پەۋقۇلئاددە بولۇپ، شەھەردىكى ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان، ئاقساقاللار كېڭىشى دەپ ئاتىلاتتى. كېڭەشنىڭ ھەيئەتلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغانلار بولۇپ،



فلورېنسىيىدىكى مەمۇرى مەھكىمە

بۇلار ھەرقايسى كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ سايلىمى ئارقىلىق بارلىققا كېلەتتى؛ بۇلارنىڭ باشلىقى «ھەققانى بايراقدار» دەپ ئاتىلىپ، شەھەر مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالاتتى. لېكىن ھەرقايسى كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھوقۇقى بىردەك ئەمەس ئىدى. 21 كەسپىي ئۇيۇشما ئىچىدە، قوي يۇڭى كەسپى، ئاقچا ئىشلىرى، ئادۋوكاتلىق قاتارلىق چوڭ كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىدىن يەتتىسى بار بولۇپ، كىشىلەر بۇلارنى «سېمىزلەر» دەپ ئاتىشاتتى. بۇلارنىڭ ھەر بىر ئۇيۇشمىسىدىن بىردىن ۋەكىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە قاتنىشاتتى. لېكىن تۆمۈرچىلىك، موزدوزلۇق، تام-چىلىق قاتارلىق كىچىك ئۇيۇشمىدىن 14 ى بار بولۇپ، كى-شىلەر بۇلارنى «ئورۇقلار» دەپ ئاتايتتى. بۇلارنىڭ ھەممى-سىدىن ئاران ئىككى ۋەكىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە قاتنىشات-تى. ئادەم سانى ناھايىتى كۆپ بولغان يۇڭ تاراش ئىشچى-لىرى «جۇل - جۇل كىيىملىكلەر» دەپ ئاتىلاتتى. بۇلارنىڭ ئايرىم كەسپداشلار ئۇيۇشمىسى يوق بولۇپ، پەقەت يۇڭچى-لىق كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قارمىقىدا ئىدى، شۇڭا بۇلارنىڭ بىرئازمۇ سىياسى ۋە ئىقتىسادىي ھوقۇقى يوق بو-لۇپ، كەسپ خوجايىنلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ئېكس-پىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرايتتى. بۇنداق ئەھۋال ئۇزۇنغىچە داۋاملاش-قانلىقتىن تۆۋەن قاتلامدىكىلەرنىڭ بۇ خىل ناھەقچىلىقنى ئۆزگەرتىش يولىدا قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشىدىن ساق-لانغىلى بولمايتتى. 1378 - يىلى 7 - ئايدا، ئۇلار ئورۇق-لار ۋە كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىغا كىرمىگەن ئۇششاق قول سانا-ئەتچىلەر بىلەن بىرلىشىپ «سېمىزلەر»گە قارشى قوزغالدى.

بىر كۈنى كەچتە، تۆۋەن قاتلامدىكىلەر خۇپىيانە ھالدا بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھازىر كەچۈرۈۋاتقان ئەھۋالىنى قانداق قىلىپ ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە كېڭەش ئۆتكۈزدى. يۈك تاراش ئىشچىلىرىدىن بىرسى قاتتىق ھاياجان بىلەن مۇنداق دىدى:

— ھازىرقى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل — زورلۇق كۈچ ئىشلىتىپ شەھەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. كۆز ئالدىمىزدىكى پۇرسەت بىزگە ناھايىتى پايدىلىق. ئاقسا-قاللار بىزنىڭ مۇنداق قىلىشىمىزنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ، ئۇلار ھەرقانداق تەدبىر قوللىنىشتىن بۇرۇن، بىز ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىمىز.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بەزىلەرنىڭ روھىي كەيپىياتى كۆتىرىلدى، بەزىلەر ئىككىلەندى، بەزىلەر باش چايقىدى. ھىلىقى ئىشچى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئېتىراپ قىلىمەنكى، بۇ دادىللىق بىلەن ئاتلانغان يول، شۇنداقلا خەۋپلىك يول. لېكىن جىددى زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا، دادىللىق ئېھتىياتچانلىقتا ئايلىنىشى مۇمكىن. نامراتچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بەزى خەتەرلەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز پەقەت «سېمىزلەر» تەييارلىغان تۈرمە ۋە زىندانلارغا نەزەر سالىدىغانلا بولساق، قولىمىزنى چۆشەپ جىم تۇرۇپ بېرىشنىڭ ئۆزىمىزنى قوغداشتىنمۇ خەتەر ئىكەنلىكىنى بىلۋالالايمىز!

كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزىدىن ئىلھاملىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزئارا ئالاقىلىشىشنى، قوشۇن تەشكىللەشنى بەلگىلىدى ھەمدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىش ۋاقتىنى بېكىتتى.

كۆتۈلمىگەندە، بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالدى. 20 - ئىيۇل كەچتە ئاقساقاللار سىمۇن دېگەن بىر كىشىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن قوزغىلاڭ ھەققىدىكى ئىشلارنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى ۋە قوزغىلاڭنىڭ ئەتىسى باشلىنىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۈتۈن شەھەردىكى قوراللىق كۈچلەرنىڭ بۈگۈن كەچتە بىر يەرگە يىغىلىشى ۋە ئەتىسى سەھەردىلا مەيدانغا بېرىپ بۇيرۇق كۈتۈشى ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى ۋە شۇ كۈنى كەچتە مەخپىي ھالدا بىر بۆلۈك ئادەملەرنى تۇتتى.

لېكىن، «سېمىزلەر» سىمۇننى قىيىن - قىستاپ سوراق قىلىۋاتقان چاغدا، بىرەيلەن شۇ ئۆيگە سائەت توغرىلىغىلى بارغان بولۇپ، ئاقساقاللار ئورۇنلاشتۇرغان جىددىي ئىشنى ئۇقۇپ قالدى. ئۇ ئۆيگە بۇ خەۋەرنى دەرھال تارقىتىۋەتتى. شۇڭلاشقا، مەيدان بۇ كۈنى كەچتە مىڭ نەپەر قوزغىلاڭچى تەرىپىدىن ئىگەللىۋېلىندى. باشقا مۇھىم جايلارمۇ تولۇق قوراللانغان قوزغىلاڭچىلار بىلەن تولدى.



فلورېنسىيە دۆلەت باشلىقىنىڭ تۇرار جايى

21 - ئىيۇل تاڭ ئېتىش بىلەنلا، «سېمىزلەر»-

نىڭ قوراللىق قوشۇنلىرى مەيدانغا كېلىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن
ئادەم سانى تولىمۇ ئاز بولۇپ، 80 نەپەرگىمۇ يەتمەيتتى.
بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەپ، مەيدانىنى «جۇل - جۇل كىيىملى-
كلەر» بىلەن ئورۇقلار ئىگەللەپ بوپتۇ، دەپ ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ نۇر-
غۇنلىرى ئۆيلىرىگە مۆكۈۋېلىپ سىرتقا چىقالمىغان. مەيدانغا بار-
غان ھېلىقى كىشىلەرمۇ قورقۇشۇپ دەرھال ئۆيلىرىگە قايىتتى.

بۇ كۈنى قوزغىلاڭچىلار شەھەردە ئاقساقاللار كېڭىشىنىڭ
باشلىقلىرىغا تەۋە بولغان «ئادالەت بايرىقى» نى، ھەرقايسى
كەسپتىكىلەرنىڭ بايراقلىرىنى تارتىۋالدى ۋە ئۇلار ئەڭ يا-
مان كۆرىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆي ماكانلىرىنى كۆي-
دۈرۈۋەتتى. قوي يۇڭى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىگە دائىر
ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. ئەتىسى ئەدلىيە بۆلۈمى
ۋە سوت مەھكىمىسىنى ئىگەللىدى.

ئاقساقاللار كېڭىشىدىكى «سېمىزلەر» قورقىنىدىن مەمۇرى
مەھكىمە ئىچىدىن چىقالمىدى ۋە ئۆزىدە قوراللىق كۈچ
قالمىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلار ۋەكىللىرىنى
ئورگانغا كىرىپ سۆھبەتلىشىشكە تەكلىپ قىلدى.

قوزغىلاڭچىلار ۋەكىللىرى «سېمىزلەر»گە بىرمۇنچە
شەرتلەرنى قويدى: قوي يۇڭى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى
ساھەسىدە چەتئەل سوت ئەمەلدارلىرىنىڭ بولۇشىغا رۇخسەت قىل-
ماسلىق؛ يۇڭ تاراش، ساتراچلىق قاتارلىق ئۈچ خىل يې-
ڭى كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىنى تەشكىللەش ھەمدە بۇلار
ئىچىدىن ئىككى نەپەر ۋەكىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە قاتنىشىش،
كىچىكرەك بولغان 14 كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھاكىمىيەت
يۈرگۈزگۈچى ۋەكىللىرىنى ئاۋالقى ئىككى نەپەردىن ئۈچ

نەپەرگە كۆپەيتىش؛ بۇنىڭدىن سىرت يەنە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىرقانچە شەرتلەرنى قويدى.

ھاكىمىيەت يۇرگۈزگۈچىلەر ئۇلارنىڭ يەنە ۋەقە تۇغدۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، شەرتلەرگە ماقۇل بولدى، لېكىن ئاقساقاللار قۇرۇلتىيىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ تەستىقلىشى لازىملىقىنى ئېيتتى. ئەتىسى سەھەردە دەل يۇقۇرقى شەرتلەر مۇزاكىرە قىلىنىۋاتقاندا، قوزغىلاڭچىلار مەمۇرى مەھكىمىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ، ھاكىمىيەت يۇرگۈزۈۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇ يەردىن كېتىشىنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە، مەمۇرى مەھكىمە قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا كىردى.

سەپنى باشلاپ ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭغان كىشى يۇڭچىلىق كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ، ئىسمى مىكىرلاندۇ ئىدى. ئۇ «ئادالەت بايرىغى» نى قولىدا تۇتۇپ، ئاۋال مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ھۆرمەت زالىغا كىردى. ئۇ زالدا ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە سۆز قىلدى:

— قاراڭلار، مانا بۇ مەمۇرى مەھكىمە، ھازىر سىلەرنىڭ ئىلكىڭلارغا ئۆتتى، بۇ شەھەرمۇ سىلەرنىڭ ھوقۇقۇڭلار ئاستىدا بولىدۇ. ئەمدى سىلەر نېمىلەرنى قىلىشقا تېگىشلىك؟

پاتىپاراق قالايمىقانچىلىقتا بىرسى ئۇنى، بىرسى بۇنى دەپ زادى نېمىلەرنى قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا كۆپچىلىك دەرھال ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمىدى. زېرەك، قابىل ۋە سۆزگە ماھىر مىكىر كۆپچىلىكنىڭ پىكىرىنى بىردەمدىلا ناھايىتى مۇكەممەل ۋە رەتلىك قىلىپ يەكۈنلىدى. شۇنىڭ بىلەن مىكىر «ئادالەت بايرىغى» نىڭ بايراقدارى قىلىپ تەيىنلەندى.

— بولدى، مەن كۆپچىلىكنىڭ سايلىمىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ شەھەرنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولاي. مەن ھازىر شۇنداق قارار قىلىمەنكى: ھازىردىن باشلاپ، قالايمىقانچىلىقنى دەرھال توختىتىپ، تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم! شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوت قويۇشقا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ! سىلەر مەمۇرى مەھكىمە بىناسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا دەرھال بىردانە دار تىكلەڭلار، كىمكى بۇيرۇغۇمغا خىلاپلىق قىلسا، شۇ دارنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرسۇن!

كىشىلەر مىكىرنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن دارنى بىردەمدىلا تىكلەشتى ھەمدە ئۇلار ئادەتتە ئىنتايىن يامان كۆرىدىغان بىر ئەمەلدارنى تۇتۇپ كېلىپ بىر پۇتىدىن دارغا تەتۈر ئاستى. بىردەم ئۆتمەي بۇ ئىجرائىيە ئەمەلدارى ئەتراپتىكى كىشىلەر تەرىپىدىن تىتىپ پارچە - پارچە قىلىۋېتىلدى، پەقەت دارغا چىگىلگەن پۇتىلا داردا قېپقالدى.

مىكىر ئارقىدىنلا ھەرقايسى كەسىپتىكىلەرنىڭ ئىش بېجىرگۈچىلىرىنى يىغىپ يىغىن ئاچتى، يىغىن ئاخىرىدا تۆۋەن قاتلامدىكى پۇقرالاردىن تۆت كىشى چوڭ كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىدىن ئىككى كىشى، كىچىك كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىدىن ئىككى كىشى تاللاپ چىقىپ، بىر مەمۇرىيەت ئۆمىكى تەشكىللەشنى قارار قىلدى.

بۇ قارار ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە چوڭ بىر غوغا كۆتۈرۈلدى. قوزغىلاڭچىلار بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتنىڭ «سىمىزلەر»گە ئىنتايىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپ، يۇڭ تارىغۇچى ئىشچىلار 8 - ئاۋغۇستتا يەنە قولىغا قورال ئېلىپ، مىكىر ۋە يېڭى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەرنىڭ دەرھال تەختتىن چۈشۈشىنى، ئۆزىنىڭ قايتىدىن ھاكىمىيەت تەشكىللى-

شىگە يول قويۇشىنى تەلەپ قىلدى. مىكىر بۇ تەلەپنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزلىرى سەككىز نەپەر ھاكىمىيەت يۈرگۈز-گۈچى سايلاپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، شەھەردە، ئىككى ھا-كىمىيەت بارلىققا كەلدى.

بۇ قېتىم مىكىر ئۆزىنىڭ خائىنلىق ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ «سېمىزلەر» بىلەن قايتىدىن ئەپلىشىپ ۋە ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىدىن پايدىلىنىپ، يۇڭ تاراش ئىشچىلى-رىنىڭ قارشىلىقىنى باستۇردى. ئورغۇنلىغان يۇڭ تاراش ئىش-چىلىرى بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىنلا فىلورېنسىيەدىن قېچىپ كې-تىشكە مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە «سېمىزلەر» قايتىدىن ھا-كىمىيەت بېشىغا چىقىپ، يۇڭ تارىغۇچىلار ئۇيۇشمىسى قاتار-لىق يېڭىدىن قۇرۇلغان ئۈچ كىچىك ئۇيۇشما پۈتۈنلەي تاقىۋېتىلدى.

# كونستانتىنپولنىڭ قولدىن كېتىشى

شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى كونستانتىنپول ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، پۈتۈن شەھەر ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە كۆرۈنىدۇ، شىمال تەرىپى ئالتۇن مۈڭگۈز بوغىزىغا ، جەنۇب تەرىپى مەرمەر دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ. شەرق تەرىپى كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلى بىلەن دېڭىز ئارقىلىق ئايرىلىپ، تۇرىدۇ، پەقەت غەرب تەرىپىلا (ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئاساسىي تەرىپى) قۇرۇقلۇق بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ ، يەر شارائىتى ئىنتايىن مۇھىم.

مىلادى 1453- يىلى 6 - ئاپرېلدا، كونستانتىنپولنىڭ ئاسمىنىدا تۇساتتىن توپ ئاۋازلىرى ياڭراپ، ئىس - تۈتەكلەر كۆتىرىلدى، پۈتۈن شەھەر ئۇرۇش ئوتى بىلەن قاپلاندى. ئەسلىدە ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ سۇلتانى مەخمۇت II، 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ۋە 300 جەڭ كېمىسى بىلەن بۇ قەدىمىي شەھەرنى قورشىۋالغان ئىدى. ئۇ، بۇ مەشھۇر تارىخىي شەھەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ يەرنى ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇشقا ئىرادە قىلغان ئىدى.

قورشاۋ قىلىنىشتىن بۇرۇن، شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پادىشاسى تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ سۇلتانىدىن ئۆتۈنۈپ سوراپ: پايتەختتىن باشقا بارلىق زېمىنلارنى تۈركلەرگە بېرىش ۋە ھەر يىلى ئولپان بېجى تۆلەپ تۇرۇشنى خالايـ



سۇلتان مەخمۇت II

دىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. لېكىن سۇلتان بۇنىڭغا ماقۇل بولماستىن، پادىشانىڭ كونستانتىنپولنى چوقۇم بىرشىنى تەلەپ قىلدى. سۇلھى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، پادىشا نائىلاج ئۇرۇش تەييارلىغىنى كۈچەيتىپ، ئاخىرقى ھايات-ماماتلىق جېڭگە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولدى.

تۈرك قوشۇنلىرى ئاۋال غەرپ تەرەپتىكى قۇرۇقلۇق يولى بىلەن ھۇجۇم قىلدى. شەرقىي رىم قوشۇنلىرى بۇ يەرگە ئىككى قات سېپىل سوققان بولۇپ، سېپىل ئۈستىگە ھەر 100 مېتىرغا بىردىن ئىستىھكام قۇرغان ئىدى. سېپىل سىرتىغا ناھايىتى چوڭقۇر ۋە كەڭ سۇ خەندىكى قېزىلغان بولۇپ، تۈرك ئەسكەرلىرى ئاۋال ئېغىر توپ بىلەن سېپىلنى توپقا تۇتتى. بۇ خىل توپقا سېلىنغان تاش ئوقلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى 500 كىلوگىرام كېلەتتى. بىر مەھەل توپقا تۇتقاندىن كېيىن، ئونمىڭلىغان ئەسكەرلەر سۇ خەندىكىنى تىندۇرۇش مەقسىدىدە ياغاچلارنى كۆتىرىشىپ، غايەت يوغان سوغىلارنى يۇمىلىتىپ سۇ خەندىكىگە قاراپ ئاتلاندى. شەرقىي رىم قوشۇنلىرى ئىستىھكام ئىچىدە ۋە سېپىللارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ماۋسى مىلتىق ۋە تاش ئاتار توپلار بىلەن

داۋاملىق قايتۇرما زەربە بېرىپ تۇردى. نۇرغۇنلىغان تۈرك
ئەسكەرلىرى يارىلىنىپ، سۇ خەندىكىگە يېقىن بارالماي
چېكىندى.

قاتتىق ھۇجۇمدىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن،
تۈرك سۇلتانى مەخمۇت II ئۆز قوشۇنلىرىغا سۇ خەندىكى ۋە
ئىككى قات سېپىلنىڭ ئاستىدىن تېشىپ شەھەر ئىچىگە كىرىش
ئۈچۈن، كېچە-كۈندۈزلەپ لەخمە كولاشقا بۇيرۇق قىلدى،
لېكىن لەخمە پۈتۈپ بولغىچە يەرلىك ئاھالىلەر بۇنى بىلىپ قې-
لىپ دورا بىلەن پارتلىتىپ بۇزۇۋەتتى.

بۇ تەدبىر ئاقمىغاندىن كېيىن، سۇلتان يەنە بىر
تەدبىرنى قوللاندى. بىر كۈنى سەھەردە، شەھەر
ساقلاۋاتقان شەرقىي رىم ئەسكەرلىرى سۇ خەندىكى
ئۈستىدە بىرقانچىلىغان ھەركەتچان ئىستىھكامنىڭ تىزلىك
بىلەن سېپىل تەرەپكە ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقانلىغىنى سېزىپ
قالدى. سىنچىلاپ قارىسا، ئۈستى كالا تېرىسى بىلەن ئورال-
غان، ئوق تەككەندىمۇ ئوت كەتمەيدىغان ھەركەتچان ئىستىھ-
كاملار ئىكەن. تۈرك ئەسكەرلىرى مۇشۇ ھەركەتچان ئىستىھ-
كام ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، ئوت كۈچىنى مەركەزلەش-
تۈرۈپ، شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلماقتا ئىدى. سېپىلغا يېقىن-
لاشقاندا، ھەركەتچان ئىستىھكام ئۈستىدىن شوتىلار كۆتىرىلىش-
كە باشلىدى. شەھەر قوغداۋاتقان كوماندىر بۇنىڭغا تەمكىن-
لىك بىلەن تاقابىل تۇردى، ھەركەتچان ئىستىھكام سېپىل
تېمىغا يېقىنلاپ كەلگەندە، دېۋىرقايغا مىلەنگەن مەشئەللەرنى
ئېتىشقا كوماندا بېرىلدى، ۋە ئۇزۇن توقماقلار بىلەن تۈرك
ئەسكەرلىرىنىڭ شوتىلىرىنى يىقىتىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، تۈرك

لەر يەنە بىر قېتىم چېكىندۈرۈلدى.

تۈركلەر قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلىپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، دېڭىزدا سوقۇشۇپمۇ ئوخشاشلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. بىر كۈنى، كونستانتىنپولغا ياردەمگە كەلگەن تۆت گېنۇيە ھەربى پاراخودى تۈرك دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قامالىلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، مەرمەر دېڭىزىغا كىردى. سۇلتان بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال 140 ھەربى پاراخوت ئەۋەتىپ، توساپ زەربە بېرىشكە كىرىشتى. نەتىجىدە گېنۇيە پاراخوتلىرى تەرىپىدىن بىرمۇنچە پاراخوتلىرى زەربىگە ئۇچراپ چۆكۈپ كەتتى. گېنۇيىنىڭ تۆت پاراخودى ئوڭۇشلۇق بىلەن ئالتۇن مۈڭگۈز قولتۇغىغا كىرىپ كونستانتىنپول پىرىستانىغا يېتىپ كەلدى.

ياردەمچى قوشۇن ۋە تەمىنات يېتىپ كەلگەنلىگىنى كۆرۈپ، پۈتۈن شەھەردىكى ئەسكەر ۋە خەلقلەرنىڭ خوشاللىق سادالىرى ياڭراپ كەتتى. ئۇلار سېپىل ئۈستىدە قاتتىق چۇقان سېلىشتى، تۈرك دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كارغا يارىماس ئىكەنلىگىنى بولۇشىغا ھاقارەت قىلىشتى. تۈركىيىنىڭ بەزى ئالى گېنېراللىرى ئۆزلىرىنىڭ شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت تىركىشىپ شەھەرنى ئالالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، سۇلتاندىن شەرقىي رىم پادىشاسى باشتا ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپنى قوبۇل قىلىپ، قورشاۋدىن قۇتۇلۇشنى ئۆتۈندى.

سۇلتان سۇلھ توغرىسىدىكى گەپلەرگە زادى قۇلاق سالمىدى. ئاچچىقلاپ چىچاڭلىغان، ھالدا ھىلىقى تەكلىپ بەرگەن دېڭىز فلوت قوماندانىنى چاقىرتىپ كەلدى ۋە باستۇرۇپ قاتتىق ئۇردى.

— ئۇرمىسلا سۇلتان، ئۇرمىسلا، مەن ... مەن چو-
قۇم خىزمەت كۆرسىتىپ گۇنايىمنى يۇيىمەن! — دەپ كە-
چۈرۈم سورىدى قوماندان يالۋۇرغان هالدا.

— سەن نىمە خىزمەت كۆرسىتىپ گۇنايىڭنى يۇيى-
سەن؟ — سۇلتان غەزەپ بىلەن سورىدى.

— كونىستانتىنپولنىڭ ئۈچ تەرىپىنىڭ هەممىسى قور-
غان، مېنىڭچە ئالتۇن مۈڭگۈز قولتۇغىدىن ئىش باشلى-
ساق...، — دىدى فلوت قوماندانى ئالدىراشلىقتا هۇشىنى
تېپىپ.

— ئالتۇن مۈڭگۈز قولتۇغى؟ سەن باشقىچە ئىش تۇت-
ماقچىمۇ! ئۇياقنىڭ كىرىش ئېغىزى تۆمۈر زىشاتكىلار بىلەن
قاپلانغان تۇرسا، بىر تال قېيىقمۇ كىرەلمەيۋاتسا، سېنىڭ ئۇ
يەردىن كىرىشكە قانداق ئامالىڭ بار؟

— ياق... ئۇ تەرەپتىن كىرىمىز دىگەنلىگىم ئەمەس...
مېنىڭ بىر ئامالىم بار...

فلوت قوماندانى كىكەچلىگەن هالدا ئۆزىنىڭ پىلانى-
نى ئوتتۇرىغا قويدى. سۇلتان ئاڭلاپ بۇ پىلانىنىڭ خېلى ئو-
رۇنلۇق ئىكەنلىگىنى هېس قىلدى ۋە ئۇنى دەرىلەشنى توخ-
تىتىشقا بۇيرۇق قىلدى ھەمدە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ
يېڭى پىلانىنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇزاكىرە قىلىشقا كىرىشتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن فلوت قوماندانى گېنۇيىلىك بىر
چوڭ سودىگەرنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن هاراقنى را-
سا ئىچىپ بولۇپ، ئاخىرىدا مۇنداق بىر توختام هاسىل قىل-
دى: تۈركىيە ئەسكەرلىرى شەھەرنى ئىشغال قىلغانىدىن كې-
يىن، گېنۇيە سودىگەرلىرىنىڭ گاللاتايدىكى بارلىق يەۋقۇلئاد-

دە ھوقۇقىنى قوغداپ قېلىش شەرتى ئاستىدا، گېنۇيە سودىگەرلىرى تۈركىيە كېمىلىرىنىڭ دېڭىز ئارقىلىق كونىستانتىنىپول بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان، گېنۇيىلىكلەر كونتۇرۇللۇغىدىكى گالاتاي دىگەن يەردىن ئۆتۈپ، ئالتۇن مۈڭگۈز قولتۇغىغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىدىغان بولدى.

ئالدىن بەلگىلىگەن پىلان بويىچە ھەركەت ئېلىپ بارىدىغان كۈنى ئاخشىمى تۈركىيىنىڭ 18 كېمىسى ئالتۇن مۈڭگۈز ئېغىزىدىكى تۆمۈر توساقنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، گالاتاي قىرغىقىغا بېرىپ توختىدى. ئارقىدىنلا ئادەم كۈچى بىلەن كېمىلەرنى سۆرەپ قىرغاققا چىقاردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، قۇرۇقلۇق ئۈستىگە مۇستەھكەم، قېلىن تاختايلارنى ياتقۇزۇپ بىر يول ياسىدى. تاختايلىق يول ئۈستىگە كۆپ مىقداردا كالا يېغى ۋە قوي يېغىنى قېنىق سۈرتۈپ، كېمە سۆرەشكە تولىمۇ قولايلىق قىلىدىغان سۈركىلىش كۈچىنى ئازايتتى. بىر كېچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، كېمىلەرنى غىلتاڭ تاختاي يول ئارقىلىق ئىتتىرىپ ئالتۇن مۈڭگۈز قولتۇغىنىڭ ئىچكىرىسىگە ئېلىپ باردى. تاڭ يورۇشقا ئاز قالغاندا، كېمىلەر تۇشمۇ تۇشتىن سۇغا چۈشۈرۈلۈپ، سەپ تۈزۈپ لەيلەتمە كۆۋرۈك ھاسىل قىلدى ۋە پوتەيلەرنى قۇردى. تۈرك ئەسكەرلىرى مۇشۇ لەيلەتمە كۆۋرۈك ئارقىلىق، كونىستانتىنىپولغا يېڭى ھۇجۇم قوزغىدى.

— ئالتۇن مۈڭگۈز قولتۇغىدا دۈشمەنلەر پەيدا بولۇپ قالدى!

شەرقىي رىم قوشۇنلىرى ئالتۇن مۈڭگۈز قولتۇغىدا تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باق-

مىغان ئىدى. ئۇلار دەرھال ئۆزىگە يېقىن بولغان ئادريانوپول قەلئەسىدىكى مۇداپىئە قىسىملىرىدىن ئەسكەر كۈچى ئاجرىتىپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتى، بۇ يەرنىڭ مۇداپىئەسىنى بولسا ياردەمگە كەلگەن گېنۇيە ئەسكەرلىرىگە تاپشۇردى. شۇنداق قىلىپ شەرقىي رىم قوشۇنلىرىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى چېچىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئادريانوپول قەلئەسىنى مۇداپىئە قىلغان گېنۇيە ئەسكەرلىرى بۇ يەرنىڭ يەر شارائىتىنى ياخشى بىلمىگەچكە، قارشىلىقى بارغانسېرى ئاجىزلاپ باردى.

تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ ئۈزمەستىن توپقا تۇتۇشى بىلەن ئادريانوپول قەلئەسىنىڭ سېپىلىدىن بىر ئېغىز ئېچىلدى.

— باتۇر لەشكەرلەر، سادىق مۇسۇلمانلار! — سۇلتان قوشۇنلارنى شەخسەن ئۆزى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىپ، ئۇلارغا قاراپ ۋاقىرىدى، — بىز بىر ئېغىز ئېچىۋالدۇق! مەن سىلەرگە قۇرۇلۇشلىرى ھەيۋەتلىك، ئادىمى كۆپ بولغان بىر شەھەر ئاتا قىلىمەن، بۇ بولسىمۇ رىمنىڭ پايتەختى، دۇنيانىڭ مەركىزى. خالىغىنىڭلارچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىڭلار، دۇنيانىڭ بايلىرىدىن بولۇپ قالىسىلەر! ئەمدى، مەشئەلنى دەرھال مىلتىغىڭلارنىڭ ئۇچىغا تېڭىپ، باتۇرلۇق بىلەن شەھەرگە بۆسۈپ كىرىڭلار!

مەخمۇت II نىڭ قۇترىتىشى بىلەن، تۈرك ئەسكەرلىرى دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتىن شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى. ئادريانوپول قەلئەسىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان گېنۇيە ئەسكەرلىرى تاقابىل تۇرالماي، دەرھال ئۆزلىرىنىڭ پاراخوت - كېمىلىرىگە چۈشكىنىچە تىكىۋېتىشتى: تۈرك قوشۇنلىرى پۇرسەتتىن پايدى-

لىنىپ ئېغىزدىن بۆسۈپ كىرىپ، شەھەرگە بېسىپ كىردى.
بۇ چاغدا، كونىستانتىنىپول پادىشاسى ئادريانوپول قەلئە-سىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى ئوردىدا تۇرۇپ، ئۇرۇشقا قوماندان-لىق قىلماقتا ئىدى. ئۇ تۈركىيە بايراقلىرىنىڭ شەھەر ئاس-مان بوشلۇغىدا جەۋلان قىلىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ، شۇ ھامان جاسارىتىنى يوقاتتى ۋە ئالدىراشلىق ئىچىدە پادىشالىق تون - سەدىپايىلىرىنى سېلىپ تاشلىدى - دە، ئىشككە قاراپ ئۆ-زىنى ئاتتى. يولغا چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزى بىر قۇچاق بولا-غان نەرسە - كېرەكلەرنى كۆتىرىپ قېچىپ كېتىۋاتقان بىرقانچە تۈرك ئەسكەرلىرىگە چۈشتى - دە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى قىلىچ بىلەن بىر بىرلەپ يىقىتتى. ئۇ ئەمدى-لا ئۆزىنى چەتكە ئالماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، يارىلىنىپ يەر-دە ياتقان بىر تۈرك ئەسكىرىگە يولۇقۇپ قالدى. بۇ تۈرك ئەسكىرى ئۇنىڭ پادىشا ئىكەنلىگىنى تونۇپ قېلىپ، بىردىنلا تىركىشىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، پادىشانى يىقىتىپ، بىر قىلىچ چېپىپلا ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى. پادىشاغا ئەگەشكەنلەر-نىڭ ھەممىسى تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ قېچىشتى. شۇنداق قىلىپ، 51 كۈنلۈك جىددى جەڭ ئارقىلىق، تۈرك قوشۇنلىرى ئاخىرى كونىستانتىنىپولنى ئىشغال قىلدى.
سۇلتانىنىڭ ئاۋالقى ۋەدىسى بويىچە، تۈرك ئەسكەرلىرى شەھەردە ئۇدا ئۈچ كۈن كەڭ كۆلەمدە بۇلاڭ - تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. نۇرغۇنلىغان ئاھالىلەر بۇ-لىنىپ قۇل قىلىندى. كۆركەم - ھەشەمەتلىك ئوردا - سا-رايلار كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. دەۋرلەردىن بۇيان ساقلىنىپ كې-لىۋاتقان قىممەتلىك نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى كۆيۈپ

كۆلگە ئايلاندۇرۇلدى. خىرىستىيان دىنىنىڭ بارلىق بۇتلىرى چېركاۋلاردىن يۆتكەپ چىقىرىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىسلام دىنىنىڭ مېھراپ - تەكچىلىرى ياسالدى. شەھەر بويىچە ھەممىدىن چوڭ بولغان ئايەسوفىيە ئىبادەتخانىسى مۇسۇلمانلار مېچىتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ ياسالدى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى پايتەختىنى كونىستانتىنپولغا يۆتكەپ باردى. كېيىن بۇ شەھەرنىڭ ئىسمىنى ئىستامبۇلغا ئۆزگەرتتى. بۇ ئىسىم تا بۈگۈنكى كۈنگىچە قوللىنىلماقتا.

كونىستانتىنپولنىڭ قولدىن كېتىشى — مىڭ يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ يوقالغانلىغىدىن دېرەك بەردى.



سۇلتان مەخمۇت II ئۆزگەرتىپ ياسىغان مېچىت

**世界五千年（2）**（维吾尔文）
段万翰编著
译者：伊司拉木江　责任编辑：尼沙汗

---

新疆青年出版社出版
（乌鲁木齐市建设路九号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
787×1092毫米　32开本　13.625印张
1985年3月第1版　1985年3月第1次印刷
印数：1——10，300

---

统一书号：M11124·8　定价：1.05元

نومۇرى: M11124·8

باھاسى: 1 يۈەن 5 فۇڭ